215
I207.915/1

مۇھەممەت پولا

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە مۇھاكىمە

(ئەدەبىي ئوبزورلار)

21500014954

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


ساتىرا ۋە يۇمۇر ئۇستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش …………… 1
زوردۇن سابىر ھېكايىلىرىدىكى پېرسوناژلار تەسۋىرى …… 36
زۇلمەتلىك يىللارنىڭ ئىسيانكار شائىرى ………………… 55
شېئىردا ھېكمەت ۋە سەنئەت بولۇشى كېرەك …………… 88
ھىندى ئەدەبىياتىنىڭ پەخرى …………………………… 104
ئاپەتلىك يىللارنىڭ بەدىئىي ئەيىبنامىسى ………………… 122
ئۇ سەنئەت ۋە گۈزەللىكنىڭ ئۆمۈرلۈك شەيداسى ئىدى … 133
ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەنقىد …………………… 141
ئەخلاقىي زەئىپلىكىمىزنىڭ يېڭى بەدىئىي سۈرىتى ……… 163
«قىزىل بىنادىكى لەتىپىلەر» ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز… 171
ئۇ ئەدەبىياتىمىزغا نېمىلەرنى بەردى………………………… 180
تەسىرات چېقىنلىرى……………………………………… 194
دەللىك ۋە ئېنىقلىق ئەدەبىي تەنقىدنىڭ جېنى…………… 226
«ساداقەت»تىن تۇغۇلغان ئويلار ………………………… 251
ئابدۇللا تۇقاي ئىجادىيىتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان
تەسىرى…………………………………………………… 263





图书在版编目(CIP)数据

漫谈维吾尔现代文学：维吾尔文/穆罕默德·普拉提著. 一乌鲁木齐：新疆人民出版社，2009. 10
ISBN 978-7-228-12917-1

Ⅰ. 漫… Ⅱ. 穆… Ⅲ. 维吾尔族一少数民族文学一文学研究一中国一现代一维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ. I207.915

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 190648 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 穆罕默德·普拉提 |
| 责任编辑 | 巴力江·孜帕尔 |
| 责任校对 | 万力·在顿 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·萨力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆金版印务有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 13 |
| 版　　次 | 2009 年 11 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2009 年 11 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—3000 |
| 定　　价 | 33.00 元 |

ئابلىز نازىرى بەدىئىي ئىجادىيىتىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزدا تۇتقان ئورنى ........................................ 271
«شوڭقار» رومانىنىڭ بەدىئىي - ئېستېتىك قىممىتى ئۈستىدە قىسقىچە مۇھاكىمە ........................................ 285
ۋەتەن ئىشقى — ئىلھام بۇلىقى ........................................ 299
بۇ زېمىندا ھەقىقىي ئەدەبىيات يارىتىلماقتا ........................................ 315
شېئىرىيەت — يۈكسەك بەدىئىي سەنئەت ........................................ 340
تارىخىي بىئوگرافىك رومان ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېڭى بەدىئىي ئىزدىنىش ........................................ 365
مەنىۋى يۈكسەكلىكىمىزنىڭ يېرىم ئەسىرلىك بەدىئىي ساداسى ........................................ 379
«ھىجران مۇڭلىرى»دىن كۆتۈرۈلگەن ھەسرەتلىك سادا ... 398



# ساتىرا ۋە يۇمۇر ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

ئۇلۇغ رۇس يازغۇچىسى ن . ۋ . گوگول بەدىئىي ساتىرا ئۈستىدە توختىلىپ : «دۇنيادا ھېچنېمىدىن قورقمىغان كىشى كۈلكىدىن قورقىدۇ» دېگەنىدى . كۈلكە ھەقىقەتەنمۇ ھەممىگە قادىر بولغان بىر خىل شىددەتلىك كۈچ . ئۇ پاك ۋە ئالىيجاناب ئادەملەرنىڭ ھاياتتىكى رەزىللىك ۋە خۇنۇكلۇكلەر ئۈستىدىكى شادىيانە مەسخىرىسى . ساتىرا ۋە يۇمۇر ئاممىۋى تۈسكە ئىگە بولغان مۇشۇنداق قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈلكىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئەڭ يارقىن ئىپادىسى . كۈلكە كىشىلىك ھاياتنىڭ دائىملىق ۋە ئايرىلماس بىر مەزمۇنى بولغىنىدەك ، ساتىرا ۋە يۇمۇرمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىجادىي ئىنكاسى بولغان بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ مۇھىم تۈرلىرىدىن بىرى . ئۇ ھاياتتىكى ھەممە يامانلىق ۋە رەزىللىكلەرنى خەلق غەزىپىنىڭ شىددەتلىك ئېقىنىغا تاشلايدۇ . جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇ بولۇۋاتقان ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي پاكلىقىنى بۇزۇۋاتقان كونا ، چىرىگەن نەرسىلەرنى نەپرەتلىك كۈلكىنىڭ ئوتلۇق يالقۇنىدا ئۆرتەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن رەزىل ، ساختا ، يامان نەرسىلەرنى خەلقئالەم ئالدىدا ئاشكارىلاپ ، گۈزەل ، ياخشى نەرسىلەرنى يارقىن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ . بۇ ئەمەلىيەتتە ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تۈپ مەزمۇنى بىلەن ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنىڭ قايتا نۇرلىنىشى ، ئۇنىڭ ئالىيجانابلىقىنىڭ رېئال ھاياتىي سېلىشتۇرمىلار پەللىسىدە ئەكس ئېتىشى بولۇپ ، ئۇ كىشىلەرنىڭ يېڭى ھاياتىي غايىلەرنى بويلاپ ئىلگىرىلىشىگە ، ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي مۇكەممەللىكىنىڭ يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشىگە ئىلھام ۋە

مەدەت بېرىدۇ . ساتىرا مەزمۇنىدا ئەكس ئەتكەن گۈزەللىك ۋە پاكلىقنىڭ قۇدرەتلىك تەنتەنىسى تەڭداشسىز مەنىۋى كۈچكە ئايلىنىپ ، ھاياتتىكى ھەممە رەزىللىك ۋە پەسكەشلىكلەرنى شەپقەتسىز يېمىرىپ ، ئۇلارنى ھالاكەتلىك تەقدىر بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ .

ساتىرا ۋە يۇمۇر مۇئەييەن بىر جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي تەنقىدىنىڭ بەدىئىي شەكلىدە ئەكس ئېتىشى بولۇپ ، ئاچچىق مەسخىرىلىك كۈلكە ئۇنىڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ مۇھىم ئامىلىدۇر . ئۇ مۇشۇنداق سەزگۈر ، ئەجەللىك كۈلكە ۋە مەسخىرە بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق سىرلىق بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا كىرىپ ، پاك ۋە ھالال ئادەملەرنى يىرگەندۈرۈۋاتقان ھەممە چىرىك نەرسىلەرنى ھەققانىي غەزەپنىڭ قۇدرەتلىك يالقۇنىدا ئۆرتەيدۇ . ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇش زېمىنى ۋە مەنىۋى ، ئەخلاقىي ئاساسىنى ئۇزۇل - كېسىل گۇمران قىلىدۇ . ئۇنىڭدىن ياشاش ۋە ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارى ھەرقانچە يۇقىرى بولغان ، غالىبلىق ئەسەبىيلىكىدە خۇدىنى يوقاتقان ھەرقانداق بىر كۈچلۈك ئىرادە ئىگىسىمۇ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالىشى مۇمكىن ئەمەس . چۈنكى ، ساتىرا ۋە يۇمۇرغا جان ھەم روھ بېغىشلاۋاتقان نەرسە ئاپتورنىڭ ئادەتتىكى رەنجىش ۋە ئاچچىقلىنىش ھېسسىياتى بولماستىن ، بەلكى پۈتۈن بىر دەۋر ، پۈتۈن بىر خەلقنىڭ ئەلەم ۋە يىرگىنىش تۇيغۇسىدىن پەيدا بولغان غەزەپلىك كۈلكە ۋە مەسخىرە ئېقىمىدۇر . شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، ساتىرا گۈركىرەۋاتقان ئوت ، ئۆرلەۋاتقان يالقۇن ، بېسىپ كېلىۋاتقان كەلكۈن ، كۈلكە ۋە مەسخىرە سادالىرى ئىچىدە پارتلاۋاتقان قۇدرەتلىك بومبىدۇر .

ساتىرىك ئەدىب خەلق قەلبىدە ھەرقاچان نۇرلۇق چىراغ ، پەسلىك ۋە رەزىللىكنىڭ ئۆمۈرلۈك دۈشمىنى بولغان ئالىيجاناب ئىنساندۇر . لېكىن ، مەنىۋى دۇنياسى بۇزۇلغان چىرىك ، بىچارە ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە بولسا ئۇ ئەجەل شەپىسى ، ئۆلۈم ۋەھىمىسى . ساتىرىك ئەدىبنىڭ كۈلكە ۋە مەسخىرە قىلىدىغىنى ئىنساننىڭ



مەنىۋى پەسلىكى ۋە ئەخلاقىي زەئىپلىكى ، لېكىن ئۇنىڭ ئېرىشىدىغىنى تۆھمەت ۋە پىتنە - پاساتتۇر . شۇڭا ، ھەقىقىي ساتىرىك ئەدىبنىڭ بارلىققا كېلىشى ساتىرىك پىكىر بىلەن بەدىئىي ساتىرىنىڭ تۇغۇلۇپ ، ۋايىغا يېتىشىدىنمۇ قىيىن . بۇنىڭغا پەقەت پۈتۈن بىر دەۋرلىك رەزىللىكلەرگە جەڭ ئېلان قىلىپ ، ھەممە قارام ، جاھىل ، ياۋۇز كۈچلەرگە ئەجەل چوغىنى چېچىش جاسارىتىگە ئىگە بولغان پاك ۋە ئالىيجاناب ئادەملا ئېرىشەلەيدۇ .

ساتىرىك ئەدەبىيات ئالدى بىلەن رېئاللىققا جىددىي قارايدىغان ، مەنىۋى مۇكەممەللىككە ئىنتىلىشى كۈچلۈك بولغان ، ئۆزىدىكى ئەخلاقىي زەئىپلىكلەرنى سېزىش ۋە ھېس قىلىش ئاڭلىقلىقى پىشىپ يېتىلگەن مەدەنىي مىللەتلەردە راۋاجلانغان بولىدۇ . چۈنكى ، رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش ، ئەخلاقىي يۈكسەكلىككە ئېرىشىشنى ئۆزىنىڭ ھايات ئەقىدىسى قىلغان ئاڭلىق مىللەت ئۆز ھاياتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەنىۋى رەزىللىكلەردىن ئەڭ قاتتىق ، ئەڭ ئۇزۇل - كېسىل يىرگىنىدۇ . چۈنكى ، ئۇلار بۇنداق ئىللەتلەرنىڭ ئۆسۈشى ۋە ئومۇملىشىشىدىن ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى ھالاكىتى ، مىللىي روھ ۋە مىللىي ئەنئەنىسىنىڭ يىمىرىلىش خەۋپىنى كۆرىدۇ . بۇ نەرسە ئۇلارنى غەزەپلەندۈرىدۇ . ئۇلارنى مىسلى كۆرۈلمىگەن مەردلىك ۋە جاسارەتكە ئىگە قىلىدۇ . بۇ دەل ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا پۈتۈن مىللەت خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي تەنقىد روھىنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئۆلۈشىنىڭ مەنىۋى ئاساسى بولۇپ ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارنى يېڭى بىر كۈلكە ۋە مەسخىرىلەر دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ . ئومۇمىي خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتىدىن تۇغۇلغان قۇدرەتلىك ۋە جاسارەتلىك كۈلكە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ساداسىغا ئايلىنىدۇ . شۇنىڭ بىلەن يېپيېڭى بىر ساتىرىك ئالەم ، يەنى كونا دۇنيا ۋە كونا ئەخلاقىي چىرىكلىكلەرنىڭ سەلتەنەتلىك ئەيىبنامىسى بولغان يېڭى بىر ساتىرىك ئەدەبىيات ئوقۇرمەنلەر ئالدىدا نامايان بولىدۇ .

ھەرقانداق بىر مىللەت ھاياتىدا ساتىرىك ئەدەبىيات بەدىئىي

ئەدەبىيات بىلەن بىللە تۇغۇلىدۇ ۋە بىللە راۋاجلىنىدۇ . خۇددى كىشىلىك ھايات كۈلكىدىن ئايرىلالمىغىنىدەك ، بەدىئىي ئەدەبىياتمۇ بەدىئىي ساتىرىدىن ئايرىلالمايدۇ . لېكىن ، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى ھەرقاچان بىردەك بولىۋەرمەيدۇ . يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، بىرەر خەلقتە ئومۇمىي ئىجتىمائىي تەنقىد روھى يېتىلىپ ، كىشىلەرنىڭ ساتىرىك ئېڭى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەن چاغلاردا بەدىئىي ساتىرا زور كۈچ بىلەن راۋاجلىنىدۇ . ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئەقىل - پىكرىنى قاتماللىق ۋە جاھىللىق تۇتۇنى قاپلىغان ، غايە ۋە ئەقىدە نۇرى سۇنغان ، ئۆزىنىڭ تەقدىرى ۋە كېلەچىكىگە بولغان بۇرچ ۋە جاۋابكارلىق تۇيغۇسى سۇسلاشقان چاغلاردا بەدىئىي ساتىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى يوقىلىدۇ .

* * *

ساتىرا ۋە يۇمۇر ئوخشاشلا بەدىئىي ھەجۋىيگە تەۋە بولغان قوشكېزەك ئەدەبىي تۈر . شۇڭا ، ئۇلار بىرمۇنچە ئوخشاشلىقلارغا ئىگە . بىرىنچىدىن ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭلا ئاساسى بەدىئىي روھىي كۈلكە بولۇپ ، ئەكس ئەتتۈرۈش نىشانى تۇرمۇشتىكى تېپىك كۈلكىلىك ھادىسە ۋە شەخسلەردۇر . ئىككىنچىدىن ، ئۇلار ئوخشاشلا جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي ئىجتىمائىي تەنقىد روھىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئىنكاسى بولۇپ ، ئەدىبنىڭ ھاياتتىكى ئىنكارىي نەرسىلەرگە تۇتىدىغان ئېستېتىك پوزىتسىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ . لېكىن ، بۇ ئەھۋالغا قاراپلا ساتىرا بىلەن يۇمۇرنى ئوخشاش بىر نەرسە دېيىشكە بولمايدۇ . چۈنكى ، ئۇلاردا ئەكس ئەتكەن كۈلكە ۋە مەسخىرە ئېقىمىنىڭ بەدىئىي ۋەزنى بىلەن تەسۋىرلىنىۋاتقان سەلبىي ھادىسىلەرنىڭ پاش قىلىنىش ۋە ئىنكار قىلىنىش دەرىجىسى ئوخشاشمايدۇ . بىز ئېيتىپ ئۆتكەن بۇ ئىككى ئامىل ساتىرا بىلەن يۇمۇرنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلىگۈچى ، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن جىددىي پەرقلەندۈرگۈچى تۈپ ماھىيەتلىك نەرسىلەر



بولۇپ ، ئۇلار ساتىرا بىلەن يۇمۇرنى ئايرىم ۋە مۇستەقىل بولغان ئىككى بەدىئىي تۈرگە ئايرىيدۇ .

ساتىرا — ھاياتىي رەزىللىكلەر بىلەن مەنىۋى پەسكەشلىكلەردىن قاتتىق يىرگەنگەن تەشۋىشلىك ئىنساننىڭ غەزەپلىك قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان نەپرەتلىك كۈلكىنىڭ مەھسۇلى . ھاياتتىكى ھەممە خۇنۇك ۋە ساختا نەرسىلەر ئۇنىڭ بەدىئىي ئوزۇقى . ئۇ ئۆزى ياندىشقان ھەممە سەلبىي نەرسىلەرنى كۈلكە ۋە مەسخىرە ۋەزنى بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان ، ھايات تەرەققىياتىغا توسقۇن بولۇۋاتقان كونا ئىدىيە ، كونا مۇناسىۋەتلەرنى ، چىرىگەن ۋە ئۆلۈۋاتقان نەرسىلەرنى ئاچچىق ۋە زەھەرخەندە كۈلكىنىڭ شىددەتلىك ئېقىمىدا غەرق قىلىدىغان جەڭگىۋار ھەجۋىي تۈر . ئۇنىڭ بەدىئىي - غايىۋى پەللىسى پاش قىلىش ۋە ھالاك قىلىشتىن ئىبارەت .

ھەقىقىي ساتىرىك ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئېنېرگىيىسى ئالدى بىلەن قەھرلىك كۈلكىدىن كېلىدۇ . ئۇنىڭدىكى ئاشكارىلاش ۋە پاش قىلىشمۇ ، ئۆلتۈرۈش ۋە ھالاك قىلىشمۇ پەقەت ئاچچىق ۋە زەھەرلىك كۈلكە ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ . شۇڭا ، قەھرى - غەزەپ ، يىرگىنىش ۋە نەپرەت تۇيغۇسى ئەكس ئەتكەن ، جەمئىيەتتىكى سەلبىي ھادىسە ۋە شەخسلەر ئادەتتىكى تۇستە پاش قىلىنغان تەنقىدىي ئەسەرلەر ساتىرا ھېسابلانمايدۇ . ئۇلار پەقەت زەھەرلىك كۈلكە بىلەن يۇغۇرۇلغاندىلا ئاندىن ساتىرا بولىدۇ . ئۇنداق بولسا ساتىرا دېگەن نېمە ؟

جەمئىيەت تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدىغان كونا ئىدىيە ، كونا ئەخلاق قالدۇقلىرىنى ، ئىلغار ھاياتىي غايىلەرگە قارشى بولغان بارچە سەلبىي ھادىسە ۋە شەخسلەرنى غەزەپلىك كۈلكە بىلەن پاش قىلىش ھەم مەسخىرە قىلىش بەدىئىي ساتىرىدۇر . ساتىرىدا ئاچچىق ، زەھەرلىك كۈلكىنىڭ ھالاك قىلغۇچى ئېقىمى خۇددى ئاپەتلىك كەلكۈندەك باشتىن - ئاخىر شىددەت بىلەن دولقۇنلىنىپ ئاقىدۇ . بۇنداق كۈلكە ساتىرىدا بەزىدە ئاپتورنىڭ ۋەقە ، ھادىسىلەر

ئۇستىدىكى بىۋاستە ساتىرىك تەسۋىرىدە ، بەزىدە بولسا سەلبىي پېرسوناژنىڭ ئۆز تىلىدىن ئۆز ھەرىكىتىگە باھا ۋە خاراكتېرىستىكا بېرىشىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ .

ساتىرىنىڭ بەدىئىي ئىپادە قىلىش ۋاستىلىرى باشقا ئەدەبىي تۈرلەرگە ئوخشاشلا كۆپ ۋە خىلمۇخىلدۇر . ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى يەنىلا كىنايە ، كۆپتۈرۈش ۋە مۇبالىغە بولۇپ ، ساتىرا بۇ بەدىئىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ سەلبىي ھادىسە ۋە شەخسلەرنى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدىكى مۇبالىغە يۇكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ ، ئوقۇرمەننى ھەيران قالدۇرىدىغان كۇلكىلىك قىياپەتكە كەلتۈرىدۇ . بۇ خىل ساتىرىك قىياپەت رېئال تۇرمۇشنىڭ ئەسلىي ھالىتىنىڭ تەبىئىي سىلىشتۇرمىسى دائىرىسىدە بەزىدە ھەتتا ئەقىلگە سىغماي قېلىشىمۇ مۇمكىن . لېكىن ، بەدىئىي ساتىرىنىڭ كۈچ ۋە خاسىيىتى ئۇنى بىزگە يەنىلا شۇنچە چىن ، شۇنچە رېئال قىلىپ كۆرسىتىپ ، بىزنى كۇلكە ۋە مەسخىرىلەرنىڭ تېخى ئېچىلمىغان يېڭى دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ . بىز بۇ يەردە بەدىئىي ساتىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىلىرى سۈپىتىدە رۇس شائىرى ۋىلاۋدىمىر ماياكوۋسكىينىڭ «تەخسكەشلىكنى ئۆگەنگۈچىلەرگە دەستۇر» ناملىق شېئىرى بىلەن بۈيۈك رۇس يازغۇچىسى چېخوفنىڭ «خامېلېئون» ناملىق ھېكايىسىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى .

ماياكوۋسكىينىڭ بۇ ساتىرىك شېئىرىدا ئەينى چاغدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئورگانلىرىدىكى مەنىۋى - ئەخلاقىي بۇزۇلۇش ھادىسىلىرى پاش قىلىنىپ ، تەخسكەش خۇشامەتچىلەرنىڭ كەم تېپىلىدىغان يىرگىنچلىك ساتىرىك قىياپىتى سىزىپ بېرىلىدۇ . مانا ، ئاپتورنىڭ قەلىمىدىكى تەخسكەشلىك سەنئىتىنىڭ بىر يۈرۈش ساتىرىك مىزانى :

«دوكلاتچى ۋاقتىغا قويۇش كېرەك چەك !»
تۈيۈقسىز جاراڭلاپ شۇ قاتتىق سادا ،
دوكلاتنى قاق بەلدىن قويغاندا ئۈزۈپ ،



تەلەپ قويدى كەڭ زالنى سىلىپ لەرزىگە :
«بار يىغىن تەرتىپى ھەققىدە سۆزۈم ،
بۇ دوكلات زۇلمەتنى يارغان چولپاندەك ،
نۇر بەخش ئەتتىكى يورۇدى كۆزۈم ،
تەلىپىم داۋاملىق بېرىلسۇن دوكلات ،
ۋاقىت دەپ ئولتۇرماي ۋە ياكى تۇزۇم !»

باشلىق مۇنبەردە ئەزمىلىك بىلەن نۇتۇق سۆزلىمەكتە . پەستە ئۇنىڭدىن بىزار بولغان تاقەتسىز ئامما سالپىيىپ ئولتۇرۇشماقتا . دوكلات بولسا تېخى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس . شۇنداق بىر چاغدا باشلىقنى ھەيران قالدۇرۇپ قەيەردىندۇ بىر جىددىي سادا ياڭرايدۇ : «بەس !» ھېچنېمىدىن ھېيىقمايدىغان دوكلاتچى ئەمدى بىردىن ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ . ئۇ ئازاب ۋە خورلۇق تۇيغۇسى ئىچىدە زالغا كۆز تىكىدۇ . كىمدىندۇر بىچارىلەرچە ياردەم ۋە مەدەت تىلەيدۇ . بۇ دەل سېنىڭ باشلىقىڭغا ئۆزۈڭنى كۆرسىتىشىڭنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى ، بۇنداق چاغدا كېلىشتۈرۈپ قىلغان بىر ئېغىز جاسارەتلىك سۆزۈڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن تۈگىمەس رىغبەت ۋە تەسەللى بولىدۇ ! شۇنىڭ بىلەن سەن چالۋاقىغىنىڭچە ئورنۇڭدىن تۇرىسەن - دە ، تېلىقىقان ۋە ئۈيىقۇسىرىغان ئاممىنى ھەيران قالدۇرۇپ دوكلاتقا لوقما سالغان ھېلىقى ئەدەپسىزنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەيسەن . شۈبھىسىزكى ، شۇنىڭ بىلەن سەن باشلىقنىڭ كۆڭۈل دەپتىرىگە پۈتۈلگەن يارامىلىق غالچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىسەن ، لېكىن سەن بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالساڭ بولمايدۇ . ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئويىدىكىنى تېپىپ ، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامىنى شېرىن خۇشامەتنىڭ زوق ۋە لەززىتى بىلەن تولدۇرۇپ تۇرۇشۇڭ كېرەك . مانا ، ساڭا ئۆزۈڭنىڭ تەخسكەشلىك سەنئىتىڭنى تېخىمۇ ئوبدان نامايان قىلىشىڭ كەم تېپىلىدىغان يەنە بىر قالتىس پۇرسىتى كەلدى :

ماقاله يېزىپتۇ باشلىق دەپ خەۋەر
ئاڭلىغان هامان هېچ بولماستىن هايال ؛
بېسىلغان نۇسخىنى كۆرۈپ چىق دەرهال .
ئۇچراشساڭ باشلىققا كۆزۈڭ ئوينىتىپ ،
يېقىملىق ئاهاڭدا سۆزلە تاڭ بولۇپ :
«سىز يازغان يەكۇننى كۆردۇم قول قويۇپ ،
ئەمەسكەن يەكۇن ئۇ ، ئىكەن بىر رومان !
مېنىڭچە ، يەتكۇدەك چامىڭىز شەكسىز ،
هېچبىر قىينالمايلا يېزىشقا داستان !
«دېۋرىڭغا قارشى» نىڭ ئاپتورى سىزمۇ ؟
ئىكەن بۇ نەرسىڭىز قالتىس يېزىلغان .»

سەن باشلىقىڭنىڭ كۆڭلىنى مۇشۇنچىلىك دەرىجىدە ئاللىدىڭمۇ ، دېمەك ، ئۇ سېنى هېچقاچان ئۇنتۇمايدۇ . ئەمدى ئۇ سېنىڭ ئىسمىڭنى كۆڭۈل دەپتىرىنىڭ ئىككىنچى بېتىدىكى قەدىرلىك كىشىلىرى قاتارىغا تىركەيدۇ . ئۇ سېنى كۈتكەن هەممە نەرسەڭگە ئېرىشتۈرىدۇ . سەندە مەنسەپمۇ ، ئورۇنمۇ ، مەرتىۋىمۇ بولىدۇ . مۇبادا بۇ ئاجايىپ بەختىنىڭ شادلىقى ۋە هاياجىنى بىلەن يۈرىكىڭ يېرىلىپ كېتىپلا قالمىسا ساڭا ئۆمۈر بويى راهەت ـ پاراغەت هەمراھ .

مانا بۇ هەقىقىي بەدىئىي ساتىرا ، هاياتىي رەزىللىكنىڭ كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان مەسخىرىلىك سۈرىتى . سىز ئۇنى ئوقۇپ ئاپتورغا ئەگىشىپ ئاددىي هالدا كۈلۈپلا قويمايسىز ، ئەكسىچە بۇنداق پەسلىك ۋە خۇنۇكلۇكتىن بىر ئۆمۈر يىرگىنچ هېس قىلىسىز . غەزەپ ـ نەپرەتتىن ۋۇجۇدىڭىز لەرزىگە كېلىپ ، ئۇيات ـ نومۇستىن قەلبىڭىز كۆيىدۇ . ئاپتورنىڭ ساتىرىدا ئەكس ئەتكەن مۇبالىغە كۈچىنى دېمەمسىز تېخى ، هەقىقەتەن بىر مۆجىزە ! شۇنچە قۇرۇق ، شۇنچە تەمسىز بىر سەپسەتىنى هېچقانداق هېيىقماي «زۇلمەتنى يارغان چولپان» دەپ ئاتاش ۋىجدانلىق بىر ئادەم ئۈچۈن



قانچىلىك ئازاب ـ هە ! ئورۇن ۋە مەرتىۋە هەلەكچىلىكىدە هالىدىن كېتىۋاتقان ساۋاتسىز نادانىنىڭ يارامسىز بىر پۈتۈكىنى قالتىس رومان دەپ بىلىش ، ئۇنى «دېۋرىڭغا قارشى» نىڭ ئاپتورى بولغان بىر بۈيۈك زاتقا تەڭلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئادەم قانچىلىك دەرىجىدە كاززاپ ۋە مۇتتەهەم بولۇش كېرەك ـ هە ! لېكىن ، ئاپتورنىڭ بۇ ساتىرىك قەهرىمانى جىگىرى بار تىرىك ئادەم سۈپىتىدە بۇنداق يىرگىنچلىك ئىشلارنى هېچقانداق هېيىقماي خۇشاللىق بىلەن ئورۇنداشقا قادىر . مانا بۇ بەدىئىي مۇبالىغىنىڭ تەڭداشسىز كۈچى ، ئۇنىڭ چىنلىق ۋە رېئاللىق تۇيغۇسى بىلەن ئوقۇرمەننى ئىشەندۈرۈش ، ئۇنى يېپيېڭى بىر ئەقلىي دۇنياغا باشلاپ كىرىش قۇدرىتى . قارىسىڭىز ، ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بىر پارچە ساتىرىك شېئىر ، لېكىن ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان غايەت كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىچكى مەزمۇنى ئالدىدا هەرقانداق بىر ساتىرىك داستانمۇ ئاجىز ۋە بىچارە !

«خامېلېئون» چېخوفنىڭ مەشهۇر ساتىرىك هېكايىلىرىنىڭ بىرى . ئۇنىڭدا شەهەر ئامانلىقىغا ئائىت كىچىككىنە بىر ۋەقەنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش جەريانىنىڭ ساتىرىك تەسۋىرى ئارقىلىق چار رۇسىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىككى يۈزلىمە ، تۇتۇرۇقسىزلىقى ، ئۇلارنىڭ پۇل ۋە مەرتىۋە ئالدىدا تىز چۆكىدىغان چىرىك ماهىيىتى ئېچىپ تاشلىنىدۇ . ئەسلىدە ئىت بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بۇ كىچىككىنە كېلىشمەسلىك بىر تەرەپ قىلىش بەكمۇ ئاسان بولغان ئادەتتىكى بىر ئىش ئىدى . لېكىن ، مۇشۇنداق ئەرزىمەس بىر ئىش ئوچۇمىلوفنىڭ ئالدىدا هەل قىلىش بەكمۇ تەس بولغان ئالاهىدە بىر ۋەقەگە ئايلىنىپ قالىدۇ . بۇنى باشقا نەرسە ئەمەس ، دەل ئوچۇمىلوفنىڭ ئۆزگىرىشچان ، تۇراقسىز خاراكتېرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . ئەسلىدە ئوچۇمىلوفنىڭ سىياسىي ، ئەخلاق قارىشى بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان مۇنداق ئىككى خىل ئامىلدىن تۈزۈلگەن : ئۇنىڭ بىرى ، ئۆزى ئەمەل قىلىشى كېرەك بولغان دۆلەت مىزانى بىلەن ئىجتىمائىي ئادالەت تەلىپى . يەنە

بىرى ، پۇلدار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئورنى ۋە مەنپەئىتىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى . قارىماققا بۇ ئىككى ئامىل ئوچۇملوفنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر پۈتۈن نەرسىدەك كۆرۈنىدۇ . ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ ئۆزىنىڭ ھايات مىزانى قىلىپ بىرىنچى ئامىلنى ئەمەس ، بەلكى ئىككىنچى ئامىلنى تاللىغان . ئۇنىڭ نەزىرىدە ھوقۇق ۋە پۇل ـ دۇنيا ھەرقانداق نىزام ۋە ئادالەتتىن كۈچلۈك . مانا بۇ ئۇنىڭ ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ھەق ـ ناھەق ئۆلچىمى ، كىشىلەرنىڭ ھاياتى قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان ئەقلىي تارازىسىدۇر . گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىل روھىي ھالىتىنى كىشىلەردىن يوشۇرۇپ ، ئۇنى ھەر خىل يوللار بىلەن يېپىشقا ئۇرۇنسىمۇ ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ ئاشۇ خىل ھايات ئەقىدىسىگە باشتىن ـ ئاخىر ئەمەل قىلىشقا مەجبۇر . چېخوف ئۆز پېرسوناژىنىڭ ساتىرىك قىياپىتىنى ئوچۇملوفنىڭ دەل مۇشۇ تۈپ خۇسۇسىيىتى ئاساسىدا ئېچىپ بېرىدۇ . ئۇنى كىچىك ، لېكىن ناھايىتى تىپىك بولغان ماھىيەتلىك ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىغا تاشلاپ ، ئۇنىڭ كىشىلىك ئەخلاق ۋەزنىنى سىناپ كۆرىدۇ . ئۇنى قايتا ـ قايتا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان تۇراقسىز پاكىت ۋە تۇراقسىز ھۆكۈملەر ئىچىدە چالغىتىپ ، ئۇنى زىددىيەتلىك روھىي ھالەتلەر بىلەن قىينايدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەسلىدە ناھايىتى ئاددىي ، لېكىن نەزىرىدە بەكمۇ مۇرەككەپ ھېسابلىنىدىغان چۈشىنىكسىز ۋەقەلەرنىڭ ئۆزگىرىشچان مۇھىتىنىڭ ئازابلىق قورشاۋىدا قالىدۇ . ئۇ جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئائىت كىچىككىنە بىر ۋەقەلىكنى بىر تەرەپ قىلىشتەك مۇشۇنداق ئاددىي بىر ئىشتىمۇ ۋەقەلەر تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ قايتا ـ قايتا ئۆزگىرىپ ، ئۆزىنىڭ خۇنۇك ۋە زەئىپ روھىي دۇنياسىنى تولۇق ئاشكارىلايدۇ .

ھېكايە ۋەقەلىكى ئادەتتە كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە چۈشمەيدىغان ، پەقەت تالانتلىق سەنئەتكارلا ھېس قىلىپ يېتەلەيدىغان ئاددىي ، لېكىن ئەھمىيەتلىك ساتىرىك تەپسىلاتلاردىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، ئۇ خۇددى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدەك شۇنچە تەبىئىي ۋە دەبدەبىسىز داۋام



قىلىدۇ . بۇ ھال ھېكايىنى يۈكسەك دەرىجىدىكى چىنلىق ۋە ساددىلىق پەللىسىگە كۆتۈرىدۇ .

«خامېلېئون»دا پەقەت ساتىرىك تۈسكە ئىگە بولغان بىر ئاساسىي ۋەقەلىك بىلەن سەلبىي پېرسوناژنىڭ بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىنىدىغان زىددىيەتلىك نۇتقىلا بار . لېكىن ، ئۇلار ئۆزىگە شۇنچىلىك كەڭ ۋە شۇنچىلىك چوڭقۇر كۈلكە ئېقىمىنى سىغدۇرغان . بۇ ئېقىم مەيىن ، سالماق ، لېكىن قۇدرەتلىك ئىچكى دولقۇنغا ئىگە . ھېكايىنىڭ ھەربىر ۋەقە ، ھەربىر تەپسىلات ، ھەربىر دىئالوگىغا سىڭدۇرۇلگەن بەدىئىي مەسخىرە ساددا ۋە يوشۇرۇن ، لېكىن شۇنچىلىك ئاچچىق ۋە ھالاكەتلىك . پەقەت مۇشۇنداق يالقۇنلۇق كۈلكىلا ئوچۇملوفتەك يۆنىلىشكە قاراپ ئىش كۆرىدىغان شامالپەرەس شەخسلەرنىڭ دۇنياۋى ساتىرىك تىپىنى يارىتىشقا قادىردۇر .

يۇقىرىدا بەدىئىي ساتىرا ئۈستىدە قىسقىچە مۇھاكىمە ئېلىپ باردۇق . ئەمدى بەدىئىي يۇمۇر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى .

ھاياتتىكى سەلبىي ھادىسىلەر كۆپ ۋە خىلمۇخىل ، ئۇلار مەزمۇن ۋە خاراكتېر يېقىدىن ئوخشاشمايدىغان خاسلىققا ئىگە . بەزى سەلبىي ھادىسىلەر كىشىلەرنى مەنىۋى تەرەپتىن چىرىتىپ ، رەزىللىك ۋە خۇنۇكلۇكلەرنىڭ پۈتۈن جەمئىيەت دائىرىسىدە ئاپەتكە ئايلىنىشىغا يول ئاچىدىغان جىنايەتلىك خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ . بەزى سەلبىي ھادىسىلەر بولسا ئادەتتىكى ئەخلاقىي مەسىلىلەرگە تەۋە بولغان ، جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى پاكلىقىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدىغان ، تېخى ئومۇمىي تۈس ئالمىغان بولىدۇ . بەدىئىي يۇمۇر دەل مۇشۇ ئىككىنچى خىلدىكى سەلبىي ھادىسىلەرنى ئۆزىنىڭ تەنقىد ئوبيېكتى قىلىدۇ . بۇنىڭدا ئۇ نىشان قىلغان ۋەقە ، ھادىسىلەرنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئىنكار قىلىشنى ، ئۇنى مەسخىرىلىك كۈلكە بىلەن ھالاك قىلىشنى مەقسەت قىلمايدۇ ، بەلكى ئۇنىڭدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەنىۋى زەئىپلىكلەرنى تۈگىتىشنى تەرغىب قىلىدۇ . يۇمۇرنىڭ ئاساسىي قورالىمۇ خۇددى ساتىرىغا

ئوخشاشلا ھەجۋىي كۆلكىدۇر . لېكىن ، بۇ كۆلكە ئۇنداق زەھەرخەندە ، ئۇنداق مەسخىرىلىك كۆلكە ئەمەس . ئەكسىچە ئوقۇرمەننى شادلاندۇرىدىغان ، ئىللەتلىك شەخسنى ئۇيات ، نومۇس تۇيغۇسىغا كەلتۈرىدىغان ساددا ، يۇمۇرلۇق كۆلكىدۇر . چۈنكى ، يۇمۇرنىڭ ۋەزىپىسى ئىللەتلىك شەخسنى ھېسسىي جەھەتتىن ئۆلتۈرۈش ئەمەس ، بەلكى ئۇنى مەنىۋى ، روھىي ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈشتۇر . دېمەك ، يۇمۇر جەمئىيەتتە ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئاپەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن مەنىۋى ، ئەخلاقىي نۇقسانلارنى تۈگىتىشنى مەقسەت قىلىدىغان بەدىئىي تەنقىدتۇر . يۇمۇردا كۆلكە ئىزچىل داۋاملىشىشىمۇ ، بەدىئىي دولقۇننىڭ كۆتۈرۈلۈشى ياكى پەسىيىشىگە ئەگىشىپ بەزىدە كۆرۈنۈپ ، بەزىدە كۆرۈنمەي قېلىشىمۇ مۇمكىن . لېكىن ، شۇ نەرسە ئېنىقكى ، يۇمۇردىكى كۆلكە ئىزچىللىقىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ بەرىبىر يۇمۇرنىڭ بەدىئىي ئېنېرگىيىسى سۈپىتىدە ئەسەردە باشتىن - ئاخىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى كېرەك . بەدىئىي يۇمۇر خۇددى ساتىرىغا ئوخشاشلا ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى تۈر ۋە ژانىرلىرىدا يارىتىلىپ ، جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر ئېچىپ بېرەلەيدۇ . شۇڭا ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى ئۈچۈن ئېيتقاندا بەدىئىي ساتىرىدەكلا مۇھىمدۇر . بىز بۇ يەردە بەدىئىي يۇمۇرنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى سۈپىتىدە رۇس يازغۇچىسى چېخوفنىڭ «شادلىق» ھېكايىسى بىلەن شائىر تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ «ساڭ مۇدىرىنىڭ زىيانداشقا قارشى ئاجايىپ تەدبىرى توغرىسىدا قوشاق» ناملىق شېئىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى :

«شادلىق» — چېخوفنىڭ نام - ئاتاق ھەلەكچىلىكىگە بېرىلگەن ، ساددا ، كەم ئەقىل ئادەملەر ھەجۋىي قىلىنغان ھېكايىلىرىنىڭ بىرى . بۇ ئەسەرنىڭ باشلىنىشىمۇ ، ئاخىرلىشىشىمۇ شۇنچىلىك قىزىق ۋە ئاجايىپ .

كېچە سائەت ئون ئىككى ، مەھكىمە خىزمەتچىسى مىتا كولداروف ھاياجانلانغان ھالدا ھودۇققىنىچە ئۆيگە كىرىپ كېلىدۇ .



ئۇ ئاللىقاچان ئۇخلاپ بولغان ئىنى - سىڭىللىرىنى ئويغىتىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىدۇ - دە ، خۇشاللىقىدىن ھالىدىن كەتكەن بەختلىك ئادەمدەك ئۆزىنى ساپاغا تاشلايدۇ . شادلىق ۋە ھاياجاندىن ئۆزىنى يوقاتقان مىتا بىر ھازادىن كېيىن نەپسىنى توختىتىپ ، تېخىچە ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالماي ھاڭۋېقىپ ئولتۇرغان ئاتا - ئانىسىنى ئەيىبلەشكە باشلايدۇ :

«سىلەر ياۋايى ئادەمدەك ياشايسىلەر ، گېزىت ئوقۇمايسىلەر ، گېزىتلەرگە شۇنداق ئاجايىپ خەۋەرلەر بېسىلىدۇكى ، زادى قويۇۋېرىڭ ! بىرەر ۋەقە سادىر بولدىمۇ ، بولدى . دەررۇ ھەممىگە ئايان ، گېزىتتىن ھېچ نەرسىنى يوشۇرۇپ بولمايدۇ . ئاھ ، تەڭرىم ! ئاخىر ھازىرغىچە مەشھۇر ۋە تونۇلغان ئادەملەرنىلا گېزىتلەرگە يېزىشاتتى . ئەمدى مېنىمۇ يېزىشىپتۇ !»

ئۇلار مىتانىڭ يېنىغا ئالدىراش يىغىلىشىپ ، ئۇ تەنتەنە ۋە ئىپتىخارلىق ئىچىدە يانچۇقىدىن چىقارغان گېزىتكە تەلمۈرۈپ قارىشىدۇ . ئاتا ئوغلىنىڭ قولىدىن گېزىتنى ئېلىپ ، كۆرسىتىلگەن جايدىن باشلاپ ئوقۇيدۇ :

«29 - دېكابىر كەچقۇرۇن سائەت ئون بىردە مەھكىمە خىزمەتچىسى دىمىترى كولداروف مارىيە بىروننايا كوچىسىدىكى كوزىخىن دېگەننىڭ ئۆيىگە جايلاشقان قاۋاقخانىدىن چىقىۋېتىپ مەست ھالدا…»

ئاتا ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مىتا تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ . ئۇ بۇ ئاجايىپ خەۋەرنى تېخىمۇ كەڭ ۋە تېخىمۇ ئەمەلىي ئىزاھلاپ ئۆتۈش مەقسىتىدە ئالدىراپ سۆز قاتىدۇ :

« — سىمىيون پېتروۋىچ بىلەن ئىچىشكەندۇق… ھەممىسىنى يازغان - ھە ، ئازراقمۇ چۈشۈرۈپ قويمىغان . قېنى ئۇ يېقىنى ئوقۇڭ ، ئۇ يېقىنى !»

ئاتا تامىقىنى قىرىپ قويۇپ ئوقۇشنى داۋام قىلىدۇ : «مەست ھالدا مۇدۇرۇپ كېتىپ ، يوخنو ناھىيىسى دورىكىنو يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىۋان دىروتوف دېگەن دېھقاننىڭ چانىسى ئالدىغا

يىقىلغان . ئات ئۆركۈپ كېتىپ كولداروفنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتكەن ـ دە ، موسكۋالىق ئىككىنچى دەرىجىلىك سودىگەر سىتېپان لوكوف چۈشكەن چاننىنى بېسىپ ئۆتۈپ ، كوچا بويلاپ چېپىپ كەتكەن . ئاتنى قاراۋۇللار تۇتۇۋېلىشقان . ھوشىدىن كەتكەن كولداروف ساقچى مەھكىمىسىگە ئېلىپ بېرىلىپ ، دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلدى . زەربىنىڭ ئوڭ يەلكىگە كېلىپ تەگكىنى ئېنىقلاندى... يۈز بەرگەن ۋەقە ھەققىدە مەلۇمات يېزىلدى . ئات تېگىدە قالغان كولداروفقا تىببىي ياردەم كۆرسىتىلدى . »

ئاتا ئوقۇشتىن توختاپ ئوغلىغا تەنە ۋە تەنبىھ نەزىرىدە قارايدۇ . مىتا بولسا ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلماستىن ، مەغرۇرانە ھالدا ئورنىدىن تۇرىدۇ ـ دە ، ئالدىراپ ئىزاھ بېرىپ دەيدۇ : «يەلكەڭگە ھۆل لاتىنى باس ، دېيىشتى . ھە ، ئوقۇدىڭىزمۇ ، مانا بىز ئەنە شۇنداق ئادەممىز ! ئەمدى مانا پۈتۈن رۇسىيىگە داڭقىم كەتتى . قېنى ، گېزىتنى ماڭا بېرىڭ !»

مىتا سۆزىنى تۈگىتىپ ، قاسقان شەپكىسىنى كىيىدۇ ـ دە ، بۇ ئاجايىپ خەۋەرنى تونۇش ـ بىلىشلىرىگە يەتكۈزۈش مەقسىتىدە ئالدىراپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ .

مانا قاراڭ ، ھېكايە قەھرىمانى. شۇنچىلىك زەئىپ ، بىچارە ئادەم . ئۇ ئۆز نامىنىڭ گېزىتكە چىققانلىقى ، ئەمدى ئۆزىنى ھەممە كىشىنىڭ بىلىدىغانلىقى بىلەن خۇش . لېكىن ، ئۆزىنىڭ بۇ ئۇياتلىق قىلمىشىنىڭ گېزىت ئارقىلىق پۈتۈن رۇسىيىگە تارقىلىپ كەتكەنلىكى بولسا ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ . ئۇنىڭغا نام ـ ئاتاق ھەممىدىن قىممەت . نامىڭ چىقتىمۇ ، دېمەك ، تونۇلغان ئادەملەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغىنىڭ شۇ . ئۇنىڭ ئالدىدا ھەرقانداق ئۇيات ۋە قەدىر ـ قىممەت دېگەنلەر بىر پۇل !

كولداروف ھەقىقەتەن كەم تېپىلىدىغان تىپىك سەلبىي پېرسوناژ ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىرمۇنچە ئۇياتلىق ئىللەتلەر بار . لېكىن ، بۇ ئىللەتلەر ئىجتىمائىي ئاپەت تۈسىنى ئالمىغان ،



ئەجەللىك ئەخلاقىي پەللىگە يەتمىگەن ، پەقەت شەخسنى پەسلەشتۈرۈشكىلا قادىر بولغان مەنىۋى زەئىپلىكتىن ئىبارەتتۇر . شۇڭا ، چېخوف ئۆز قەھرىمانىنىڭ بۇ ئىللەتلىرىنى ئوقۇرمەنگە شادلىق تۇيغۇسى بېغىشلايدىغان شادىيانە كۈلكە نېگىزىدە ئېچىپ بېرىدۇ . ئۇنى ئوچۇملوفتەك زەھەرلىك ۋە ھالاك قىلغۇچى مەسخىرىلىك كۈلكىنىڭ يالقۇنلۇق ئوتىغا تاشلىمايدۇ . پەقەت كولداروفنىڭ مەنىۋى زەئىپلىكىدىن ، ئۇنىڭ دىتسىزلىقى ۋە كەم ئەقىللىقىدىن كۈلىدۇ . بۇ كۈلكە ئاچچىقلىنىشنىمۇ ، ئېچىنىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ، ئەيىبلەش بىلەن تەلەپچانلىقنى تەبىئىي ھالدا ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ھەقىقىي پاك ، ئىنسانىي كۈلكىدۇر . ھەقىقىي بەدىئىي يۇمۇر مانا مۇشۇنداق ساددا ، سەمىمىي ، ئۆزگىچە بىر خىل ھەجۋىي مۇھىتتىلا بارلىققا كېلىدۇ .

شائىر تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ «ساڭ مۇدىرىنىڭ زىيانداشقا قارشى ئاجايىپ تەدبىرى توغرىسىدا قوشاق» ناملىق شېئىرى ناھايىتى قىزىق بىر سەلبىي ۋەقەلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان : قانداقتۇر بىر سەۋەب بىلەن ئامبارچى توختىنى پېشكەللىك بېسىپ ، ئىسكىلاتتىكى ئاشلىق كەم چىقىدۇ . بۇ دۈشمەننىڭ ئىشىمۇ ياكى بىرەر نائەھلىنىڭ چاقچىقىمۇ ، توختى ھەرقانچە ئويلاپمۇ بۇنىڭ تەكتىگە يېتەلمەيدۇ . ئاخىر ئۇ باشلىقىدىن ئەقىل ۋە مەسلىھەت سوراپ ئۇنىڭ يېنىغا كىرىدۇ . باشلىق دېگەن باشلىق ـ دە ! ئۇ ھېچقانداق ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا توختىغا ئاجايىپ بىر مەسلىھەت بېرىپ ، ئۇنى غەم ـ ئەندىشىدىن بىر يولىلا خالاس قىلىدۇ :

ئاڭلاپ بۇنى ئادىل چوڭ ،
كايىپ كەتتى توختىنى :
شۇ ئىشقىمۇ ئالامسەن ،
باشلىقىڭنىڭ ۋاقتىنى ،
ئۆپچۆرەڭدە نېمە تولا ،
غاقىلدىغان غاز تولا .

ئىككى مىڭ جىڭ ئاشلىقنى ،
يەپ كەتكەنمۇ نەق شۇلا .
زىيان سالدى ئاشلىققا ،
دېمەك ، غازمۇ زىيانداش ،
يارىمايدۇ بىخۇدلۇق ،
كۆزۈڭنى ئاچ قېرىنداش .

مانا ھەقىقىي ئەقىل - پاراسەت ! باشلىقنىڭ ئېيتقىنى ھەقىقەتەن توغرا ، ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىقىغا زىيان سالغانىكەن ، دېمەك ، ئۇ ئۇزۇن تۇمشۇقلارمۇ زىيانداش . شۇنداق قىلىپ ، ئۇ پاراسەتلىك باشلىقنىڭ مەسلىھىتىگە كۆنۈپ بۇ زىيانداشلارنى بىر - بىرلەپ تۇتۇپ سولاشقا باشلايدۇ .

ئۇلار غەلىبە مەستخۇشلۇقىدا كېرىلىپ يۈرگەن بىر ئەتىگەنلىكى «مەھبۇسلار»نىڭ ئىگىلىرى بىردىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇلارنى تۇشمۇتۇشتىن تالاشقا باشلايدۇ ، ئامال قىلالمىغان توختى ئاخىر سولاقنى ئېچىۋېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ :

جېدەل يەنە ئۇلغايدى ،
ما چاتاقنى كۆرۈپ تۇر :
ئوتتۇز «مەھبۇس» ساق چىقتى ،
يىگىرمىسى ئۆلۈپتۇ .

كىشىلەرنىڭ غەزىپى چېكىگە يېتىدۇ . ئۇلار توختى بىلەن باشلىقنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ ئاچچىق تىل - ھاقارەتلەرگە كۆمۈۋېتىدۇ . لېكىن ، باشلىقنى بوش كېلىدۇ دەمسىز ؟ ئۇ مۇنداق چاتاقچىلارنى كۆپ كۆرگەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەقىقەتمۇ ، پرىنسىپمۇ ئۇنىڭ قولىدا . ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ھەيۋە بىلەن توۋلايدۇ :



زىيان سالدى غازلىرىڭ ،
ھۆكۈمەتلىك ئاشلىققا .
دەرھال تەدبىر كۆرمىسە ،
گەپ كەلمەمدۇ باشلىققا .
رەنجىشمىگىن مېنىڭدىن ،
مەن ئورۇنلۇق قايىندىم .
قورقىدىغان يېرىم يوق ،
پرىنسىپتىن تايمىدىم .

ئەسلىدە ئامباردىن كەم چىققان ئاشلىقنى ھەقىقىي زىيانداشلارنىڭ يەپ تۈگەتكەنلىكى ئېنىق ، بۇنى باشلىقنىڭ بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس . لېكىن ، شۇنداق تۇرۇپمۇ ئۇ يەنە نېمىشقا مۇشۇنداق غەلىتە يولنى تاللىۋالىدۇ ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئېنىق : بىرىنچىدىن ، يۇقىرىنىمۇ ، كىشىلەرنىمۇ بۇ سەۋەبكە ئىشەندۈرۈش ئاسان . ئىككىنچىدىن ، ئۆزىنى تېخى چۈشىنىپ يەتمىگەن ساددا ئادەملەرگە ھەرقانداق نەرسىنى ئارتسا ، ئۇلارنى ھەرنېمە دەپ ئەيىبلىسە بولىۋېرىدۇ . مانا مۇشۇ ساددا ، ئەخمىقانە ئوي باشلىق خاراكتېرىنىڭ ساتىرىك يادروسى . ئاپتور ئۇنىڭ مانا مۇشۇنداق مەنىۋى ئاجىزلىقىنى ، ئۇنىڭ دىتسىز ، كالتە پەملىكىنى ئۆز بەدىئىي تەنقىدىنىڭ نىشانى قىلىپ ، ئۇنى ئۆزىنىڭ يۇمۇرغا تويۇنغان ساددا ، شوخ كۈلكىسى بىلەن جانلاندۇرىدۇ . ئۇنى بىر - بىردىن قىزىق ، بىر - بىردىن كۈلكىلىك بولغان غەلىتە ۋەقەلەر مۇھىتىدا ھەرىكەتلەندۈرۈپ ، ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكەت ، ھەربىر سۆزىگە ئىجادىي ، ھەجۋىي رەڭ بېرىپ ، ئۇنى ئۇيات ، نومۇس تۇيغۇسىدا قىينايدۇ . ئاپتورنىڭ ئۆز قەھرىمانىغا بولغان بۇ ئېستېتىك مۇناسىۋىتى ۋەقەلىكنىڭ ئەسلىي مەزمۇنى بىلەن باشلىق خاراكتېرىنىڭ ماھىيىتىگە بەكمۇ ماس كېلىدۇ . چۈنكى ، باشلىق جەمئىيەتتىكى رەزىللىك ۋە خۇنۇكلۇكلەرنىڭ تەسىرىدە ھايات ئىرادىسى بوشىشىپ ، مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى يوقاتقان

ئادەتتىكى بىر بيۇروكرات ، شۇڭا ئۇ زەھەرخەندە مەسخىرىنىڭ ئەمەس ، بەلكى ساددا يۇمۇرلۇق كۈلكىنىڭلا بەدىئىي نىشانى بولۇشى كېرەك .

ئەمدى ساتىرىك ئەدەبىيات تەركىبىگە كىرىدىغان يەنە بىر بەدىئىي تۈر مەسەللەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى . مەسەللەر ئىجتىمائىي تۇرمۇش زىددىيەتلىرىنىڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن نەرسە - كېرەكلەر ئالىمىگە كۆچۈرۈلۈشىنىڭ مەھسۇلى . ئۇنىڭدا مۇھىمى ، كىشىلەردىكى ئالدامچىلىق ، ۋاپاسىزلىق ، ماختانچاقلىق ، ئىككى يۈزلىمىلىك ، مۇتتەھەملىك ۋە مۇناپىقلىق ئىللەتلىرى پاش قىلىنىپ ، ئەخلاق ۋە ئادالەت مەسىلىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ . مەسەلنىڭ ۋەقەلىك ئاساسى كۈلكىلىك ھادىسىلەر بىلەن ئىبرەتلىك ۋەقەلەردىن ئىبارەت بولۇپ ، كۈلكە ۋە يۇمۇر ئۇنىڭ ئوخشاشلا مۇھىم ئامىلى ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا ، مەسەللەر ئۆزىدە ئەكس ئەتكەن بەدىئىي كۈلكىنىڭ ئېقىمى ۋە خاراكتېرىگە قاراپ ساتىرىك مەسەل ۋە يۇمۇرلۇق مەسەل دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ .

ئۇلۇغ رۇس مەسەلچىسى ئى . ئا . كرىلوفنىڭ «بۆرە بىلەن قوزىچاق» ناملىق مەسەلى بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئەڭ ياخشى ساتىرىك مەسەللەرنىڭ بىرى . مەسەل ۋەقەلىكى ناھايىتى ئاددىي ، لېكىن شىددەتلىك بولۇپ ، ھاياتىي مەنىگە شۇنچىلىك باي . ئۇنىڭدا يارىتىلغان كۈلكە مۇھىتى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە كەڭ ۋە ئەلەملىك . ئۇنىڭغا ئاپتورنىڭ ھايات ئادالەتسىزلىكلىرى ئۈستىدىكى ھەسرەتلىك شىكايىتى ، ئاجىز ۋە بىچارىلەرنىڭ ئازابلىق نالە - زارىدىن لەززەت ، خۇشاللىق ھېس قىلىدىغان شەپقەتسىز كىشىلەرگە بولغان ئوتلۇق غەزەپ - نەپرىتى سىڭدۈرۈلگەن .

يازنىڭ تومۇز ئىسسىق بىر كۈنى ، قىزىغان كوكاتلىق دالا ، تەبىئەتنىڭ سېخىي نېمەتلىرىگە ئەمدىلا ئۆگىنىشكە باشلىغان يۇمران قوزا ئۇسسۇزلۇق تەشنالىقىدا ئېرىققا قاراپ كېلىۋېتىپ ئاچلىقتىن ھالسىرىغان بىر قېرى بۆرىگە ئۇچراپ قالىدۇ . ھاياتقا ئەمدىلا كۆز ئاچقان ، ھېچ نەرسىدىن خەۋىرى بولمىغان قوزا ئۆزىنىڭ ھېچقانداق



ئەيىبىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپ ، ئۇنىڭدىن رەھىم - شەپقەت تىلەيدۇ . لېكىن ، قوزىنىڭ بۇنداق ياۋاش ۋە بىچارىلىكىدىن غەزەپلەنگەن بۆرە ئۇنىڭ تۈگىمەس كونا جىنايەتلىرىنى ساناشقا باشلايدۇ :

— دېمەك ، مېنىڭ گېپىم يالغان ؟
بۇ گۇناھىڭ ئۈندىن يامان !
دۇنيادا يوق بۇنداق بوھتان !
توختا ، تېخى سەن بەچچىغەر ،
ئۈچ يىل بۇرۇن شۇنداق زەھەر ،
بىر گەپ قىلغان ئىدىڭ ماڭا ،
كۆرسىتىمەن ئەمدى ساڭا .

ئەسلىدە بۇ يەردە گۇناھسىز قوزىنى ئەيىبلەپ تۆھمەت قىلغۇچىمۇ ، يالغان جىنايەت بىلەن ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىغۇچىمۇ بۆرىنىڭ ئۆزى ئىدى . لېكىن ، ئەسلىدىلا كۈچلۈك ۋە قەھرلىك بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرى يەنىلا توغرا ۋە يوللۇق . بۇنداق تەڭسىزلىكنىڭ سىرىنى تېخى تولۇق چۈشىنىپ يەتمىگەن قوزا بولسا ئوخشاشلا ئاجىز ۋە بىچارە . شۇڭا ، ئۇنىڭغا يەنىلا بۆرە ئالدىدا باش ئېگىپ ، ياۋاشلىق بىلەن ئۆزىنى چۈشەندۈرۈشتىن باشقا يول يوق :

— ئۆتكەن يىلى تۇغۇلدۇمغۇ ؟
— ئۇنداق بولسا ئاكاڭدۇر ئۇ .
— نە ئاكام بار ، نە ئۇكام بار ؟
— گەپ توقۇما ئەي بەچچىغەر !
ئۇرۇقۇڭدۇر ، ئايمىقىڭدۇر ،
بىرەر ئاغزى مايمىقىڭدۇر .
ئۇلاردىنمۇ تانارسەنمۇ ،
تانماق شۇنچە ئوڭايمۇ ؟

لېكىن ، قوزىچاقنىڭ ئەدەپ بىلەن ئېيتقان گەپلىرى ، ھەممە يېلىنىش ۋە شەپقەت تىلەشلىرى بۆرىگە قىلچە كار قىلمايدۇ . ئۇ تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ ، ئۆز ھاياتىدىكى ھەممە كېلىشمەسلىك ، گۇمان ۋە ئەندىشىلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى قىلچە ھېيىقماي ئۇنىڭغا ئارتىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئۆز مەقسىتىنى «قانۇنلاشتۇرۇپ » ، ھېچقانداق گۇناھى بولمىغان بىچارە قوزىچاقنى تۇتۇپ يالمايدۇ .

راستىنى ئېيتقاندا ، مەسەلدە ئالاھىدە بىر كۈلكىلىك ۋەقەمۇ ، ئوقۇرمەنگە ئۆزگىچە تەسىرات بېغىشلايدىغان بىرەر گەۋدىلىك ساتىرىك تەسۋىرمۇ يوق . لېكىن ، ئۇنىڭدا كىشى قەلبىنى چەكسىز نەپرەت ۋە مەسخىرە تۇيغۇسى بىلەن تولدۇرىدىغان قۇدرەتلىك كۈلكە ۋە ساتىرا ئېقىمى بار . بۇ ئېقىم مەسەلدىكى بۆرە ئوبرازىدا ئومۇملاشتۇرۇلغان رېئال ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ، ئۇنىڭ زوراۋانلىق ۋە مۇتتەھەملىك ئاساسىغا قۇرۇلغان خاراكتېر ئۆزگىچىلىكى بىلەن تىرىكچىلىك مەنتىقىسىگە سىڭدۈرۈلگەن . بۇ ئېقىم مەسەل ۋەقەلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ، خاراكتېرلار تىركىشىشىنىڭ ئۆتكۈرلىشىشىگە ئەگىشىپ بارغانچە كۈچىيىپ ، ئاخىرىدا شىددەتلىك ساتىرىك دولقۇنغا كۆتۈرۈلىدۇ . ئۆز قىلمىشىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ قائىدە ۋە نىزامغا چۈشۈرەلمەي تاقەتسىزلەنگەن ئاچ بۆرىنىڭ ئاخىر نەپسى بالاسىغا بېرىلىپ ، ئۆزىنىڭ ھايات ماھىيىتى بىلەن تىرىكچىلىك ئادىتىنى پاش قىلىپ ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزلىرى بولسا مەسەلدىكى بۇ ساتىرىك دولقۇنغا تېخىمۇ قۇدرەتلىك كۈلكە ۋە مەسخىرە ساداسى بېغىشلايدۇ :

«سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتىم بارمۇ ،
قورساق ئاچسا تاماق دېگەن تاللىنارمۇ ؟
ئەيىبىڭ شۇكى ، ئۇچراپ قالدىڭ ئاچ قالغاندا ! »
شۇنداق قىلىپ ، قوزىچاقنى يەر جاڭگالدا .



«ئارسلان ۋە ماركا» ئاتاقلىق رۇس شائىرى سېرگېي مىخايىلكوفنىڭ ئاجايىپ مەسەللىرىنىڭ بىرى . ئۇنىڭدا قىزىقارلىق بىر تىپىك ۋەقەلىكنىڭ كۈلكىلىك بەدىئىي تەسۋىرى ئارقىلىق تۇرمۇشتا ياشاش ئىقتىدارى بولمىغان زەئىپ ۋە بىچارە ئادەملەرنىڭ مۇقەررەر يولۇقۇشى مۇمكىن بولغان ھالاكەتلىك تەقدىرى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ .

ھۆركىرىشى بىلەن جاھاننى لەرزىگە سالىدىغان قەھرىلىك ئارسلان . ئۇ ئورماندىكى ھەممە ھايۋانلارنىڭ شاھى ، جىلغا ۋە دالالارنىڭ دائىملىق ھۆكۈمرانى . كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەلۇم بىر ھايۋان ئوينىشىپ ئۇنىڭ دۇمبىسىگە تامغا بېسىلىپ ، ئىمزا چېكىلگەن «ئېشەك » دېگەن ماركىنى چاپلاپ قويىدۇ . بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا غەزەپ ئوتى لاۋۇلداپ يانىدۇ . ئۇ دەسلەپتە دۇمبىسىدىكى بۇ ھاقارەتلىك ماركىنى يىرتىپ تاشلىۋەتمەكچى بولىدۇ . لېكىن ، تامغا بېسىلغان مۇنداق ھۆججەتلىك ماركىنى يىرتىپ تاشلاش ئۇچۇن ناھايىتى چوڭ جۇرئەت ۋە تەۋەككۇلچىلىك كېرەك ـ دە ! شۇنىڭ بىلەن بۇنداق خورلۇقتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرەر چارىسىنى تاپالمىغان بىچارە ئارسلان بىر توپ ھايۋانلاردىن ئەقىل ۋە مەدەت تىلەپ كۆرمەكچى بولىدۇ . ئۇ بىرىنچى بولۇپ ياۋاش ۋە ۋاپادار ئىتتىن ئۆزىگە بولغان باھاسىنى ئېيتىپ بېقىشىنى سورايدۇ . بۇ ئاۋارە ئىت ھېچقانداق ھېيىقماي مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ :

قانۇنغا سالغاندا سىزنى ، ۋە لېكىن
ئېشەكلەر توپىغا ئەزاسىز جەزمەن .

غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان ئارسلان راستچىل ۋە رايىشلىقى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان كېنگۇرۇدىن سورايدۇ .

كېنگۇرۇ دېدىكى : تېشىڭىزنى راست
ئارسلان بەلگىسى تۇرىدۇ ئوراپ .

نەق قايسى بەلگىلەر ، بۇنىسى ماڭا
قاراڭغۇ تۇرىدۇ ، كۆزۈمنى توراپ .

بۇنىڭدىن ھەيران قالغان ئارسلان پەرىشانلىق ئىچىدە ئويلايدۇ : شۇنچە كۆپ ھايۋانلار ئىچىدە مېنىڭ ئارسلان ئىكەنلىكىمنى بىلىدىغان بىرەرى چىقماسمۇ؟ ياق ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ راست سۆزلەيدىغان ھالاللىرىمۇ بار . مانا ، مۇنۇ ھەممىگە كۆنىدىغان ۋاپادار ئېشەك ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ، لېكىن ئېشەكنىڭ جاۋابى ھەممىدىن شەپقەتسىز ۋە ھاقارەتلىك بولۇپ چىقىدۇ :

ئويلىدى بىر ھازا ، سۆزلىدى ئېشەك ،
چىقاردى ھەيۋەتلىك شاھانە يەكۈن :
سەن تېخى ئەمەسسەن ئېشەكنىڭ ئۆزى ،
قالغانسەن شاھلىقتىن بۇرۇنلا پۈتۈن .

شۇنداق قىلىپ ، ئارسلان ھېچقانداق مەسلىھەت ۋە مەدەتكە ئېرىشەلمەيدۇ . ئۆزىنىڭ ھەممە ئۈمىد ۋە ئىشەنچلىرى خۇددى شامال سوققان توزغاقتەك كۆككە ئۇچۇپ تۈگىگەن بۇ شاھ ئاخىر تەقدىرگە تەن بېرىپ ، ئەلەم ۋە ھەسرەت بىلەن كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە باشلايدۇ .

ئارسلان جۇدىدى يوقىتىپ سىياق ،
ھەركىمگە يول بېرەر ئەمدى ئالدىراپ .
بىر كۈنى سەھەردە ئارسلان غارىدا ،
تۇيۇقسىز بىر ئېشەك قالدى ھاڭگىراپ .

ھەيۋىسى بىلەن ھەممىنى تىترىتىپ كەلگەن بىر قۇدرەتلىك ئارسلاننىڭ بىردىن ئېشەككە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ ياق .



بۇ ئاپتورنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە فانتازىيىسىنىڭ مەھسۇلى ، ئەلۋەتتە . لېكىن ، مەسەل ۋەقەلىكى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدىن قارىغاندا بۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا قالغان ئارسلاننىڭ ئېشەك دەرىجىسىدە پەسلىشىپ كېتىدىغانلىقى ئېنىق .

ھاياتتا ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ ، مۇئەييەن غايە ۋە ئۈمىد بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقان ھەرقانداق بىر كىشى ئۆز - ئۆزىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئىشىنىشى ، بېسىپ كېلىۋاتقان ھەرقانداق پالاكەت ۋە پاجىئەلەرگە مەردانە تاقابىل تۇرالايدىغان جاسارەتكە ئىگە بولۇشى ، ئۆز تەقدىرىنى پەقەت ئۆزىلا يارىتىدىغان غەيرەت ۋە ئىرادىگە ئىگە بولۇشى لازىم . مۇشۇنداق روھ ۋە پەزىلەتكە ئىگە بولغان كىشىلا ھەرقانداق ھايات قايناملىرى ئىچىدىمۇ ئۆزىنىڭ ياشاش ۋە مەۋجۇت بولۇش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالالايدۇ . ئەكسىچە ، ئۇ باشقىلارنىڭ شەپقەت ۋە ئىلتىپاتىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ ، ئۆزىنىڭ ھايات تەقدىرىنى ئېگىزدا شەكىللەنگەن خىيالىي كۈچلەر بىلەن باغلىسا ، ئۆزىنى بېسىپ كېلىۋاتقان شەپقەتسىز رېئاللىق بىلەن دادىل كۈرەش قىلىپ ، ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىك ھالىتى بىلەن كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنى قوغدىمىسا ، ئۇ ئۆزىنى ئاڭلىق ۋە ئىختىيارىي ھالدا ھالاك قىلغان بولىدۇ . بۇ مەسەل مانا مۇشۇنداق ھاياتىي ھەقىقەتنىڭ ساددا ۋە پەمسىز بىر ئارسلاننىڭ يۇمۇرلۇق كۈلكە نېگىزىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئەلەملىك تەقدىرى مىسالىدا روشەن يورۇتۇپ بېرىلىشىدۇر .

بىز يۇقىرىدا ساتىرىك ئەدەبىياتنىڭ ساتىرا ، يۇمۇر ، مەسەل قاتارلىق ئۈچ ئاساسىي تۈرى ئۈستىدە توختىلىپ ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي تەنقىد ئېقىمىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى ، چىن ۋە غەزەپلىك ھاياتىي كۈلكىنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ مۇھىم ئامىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتۇق . ئۇنداق بولسا ساتىرىك ئەدەبىياتتا

ھەجۋىي كۆلكىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى سۇندۇرۇپ ، بەدىئىي ساتىرىنى ھالاك قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىللار قايسىلار ؟

بىرىنچى ، ساتىرىك پېرسوناژلارغا قىلىنغان باللارچە پەند - نەسىھەت ، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ ، ئۇلارنى ۋىجدان ۋە ئىنساپقا ئۈندەش .

رۇس يازغۇچىسى گوگول مۇنداق دەيدۇ : «ساتىرىنىڭ نىشانى ئىنساننىڭ پەزىلىتى ئەمەس ، بەلكى ئىنساندىكى يىرگىنىشتۇر . » ئېنىقكى ، مەلۇم نەرسىدىن يىرگىنىش تۇيغۇسى بولغانىكەن ، يەنە كېلىپ ئۇ ھەممە ئۈچۈن ئورتاق بولغان ئاشكارا كۈلكىگە ، يەنى زەھەرلىك ۋە مەسخىرىلىك كۈلكىگىلا ئايلانغانىكەن ، ئۇنىڭ ئۇ يىرگىنچلىك نەرسىگە شەپقەت ۋە ھېسداشلىق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس . بەدىئىي ساتىرىمۇ خۇددى شۇنداق . ئۇ ئۆزىنىڭ تەنقىد ۋە پاش قىلىش نىشانى بولغان ھەرقانداق سەلبىي نەرسىگە شەپقەت ۋە ھېسداشلىق نۇقتىسىدىن ياندىشالمايدۇ . ئەكسىچە ئۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدىغان ئاچچىق ۋە زەھەرلىك كۈلكىنىڭ يالقۇنلۇق ئېقىمىدا ئۆرتەپ ، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ مەنىۋى - ئەخلاقىي ئاساسىنى ئۈزۈل - كېسىل بەربات قىلىدۇ . بەدىئىي ساتىرا پەقەت شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ بەدىئىي غايىۋى مەقسىتىگە تولۇق يەتكەن بولىدۇ . ئەكسىچە ، ئۇ ئۆزىنىڭ زەھەرلىك ، ھالاك قىلغۇچى كۈلكىسى ئورنىغا شەپقەت ۋە ھېسداشلىق تۇيغۇسىنى دەسسىتىپ ، سەلبىي پېرسوناژنىڭ ئەپتىگە قاراپ تۇرۇپ پەند - نەسىھەت قىلىشقا باشلىسا ، ئۇ ئۆزىنىڭ كۈلكە ۋە يۇمۇردىن تۇغۇلغان قۇدرەتلىك سېھرىي كۈچىنى يوقىتىدۇ . ھەممە رەزىل ۋە پەسكەش نەرسىلەرنىڭ ياشاش ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش زېمىنى بۇرۇنقىدەكلا ساقلىنىپ قالىدۇ . بۇ نەرسە ئەمەلىيەتتە ساتىرىنىڭمۇ ئۆلگەنلىكىنىڭ بېشارىتىدۇر .

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتمەي بولمايدۇكى ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدىكى ئەخلاقىي تەرەپتىن بۇزۇلغان يارىماس



بىر ئادەمنى ياخشى گەپ بىلەن يامان يولدىن قايتۇرغىلى بولمىغىنىدەك ، ھاياتىي رەزىللىكنىڭ تىپى بولغان ساتىرىك پېرسوناژنىمۇ پەند - نەسىھەت بىلەن يېڭى ئادەم قىلىپ چىققىلى بولمايدۇ . شۇڭا ، ساتىرىك ئەسەردە پەقەت ساتىرىك پېرسوناژنىڭ سەلبىي ئىش - ھەرىكەتلىرىلا يېزىلىشى ، ئۇ باشتىن - ئاخىر غەزەپلىك كۈلكە ئىچىدە نامايان بولۇشى ، كۈلكە ۋە مەسخىرە يالقۇنىنى خىرەلەشتۈرىدىغان ھەرقانداق نەرسە ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلمەسلىكى كېرەك . ساتىرىك ئەسەر ھېچقاچان ساتىرىك پېرسوناژ ئۈچۈن ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئۇنىڭغا ھەمنەپەس بولغان سەلبىي شەخسلەر ئۈچۈن يېزىلمايدۇ . چۈنكى ، ئۇلار بەدىئىي ساتىرىنىڭ نىشانى قىلىپ تاللىۋېلىنغان ، ۋىجدان ۋە ئەخلاق سوتىدا ۋىجدانىي ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان ئادەملەردۇر . شۇڭا ، بەدىئىي ساتىرا ھاياتتىكى پاك ۋە ھالال ئادەملەر ئۈچۈن ، ساتىرىدا كۈلكە قىلىنىۋاتقان ئۇياتلىق ھايات يولىغا تېخى كىرىشكە ئۈلگۈرمىگەن كىشىلەر ئۈچۈن ، بەدىئىي ساتىرىدىن ھەقىقىي بەھرىلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ، ئۇنىڭ تەربىيە ۋە تەسىرىدە ئۆزىدىكى مەنىۋى ئاجىزلىقلارنى تۈگىتىپ ، تېخىمۇ پاك ۋە تېخىمۇ ئالىيجاناب ھايات يولىغا كىرىشكە قادىر بولغان كىشىلەر ئۈچۈن يېزىلىدۇ .

ئىككىنچى ، ساتىرىدىكى سەلبىي پېرسوناژلارنى ئەپتىگە قاراپ تۇرۇپ تىللاش ، سۆكۈش ، ئۇلارنى بەدىئىي ئەدەبىياتقا يات بولغان قوپال سۆز ۋە ئىبارىلەر بىلەن ھاقارەتلەش .

تىل - ھاقارەت ئەزەلدىن سەنئەت ھېسابلانغان ئەمەس . ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى تىل - ھاقارەت ماھىيەتتە ئاپتورنىڭ ئەخلاقىي زەئىپلىكى بىلەن مەنىۋى ئاجىزلىقىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولۇپ ، ئۇ ئوقۇرمەنلەرنى ئاپتور ۋە ئەسەردىن بىزار قىلىش رولىنى ئوينايدۇ . شۇڭا ، ساتىرىك ئەسەر تىل - ھاقارەتتىن قاچىدۇ . ھەقىقىي ساتىرىك ئەدىب تۇرمۇشتىكى سەلبىي

ھادىسە ۋە شەخسلەرنى، رەزىللىك ۋە خۇنۇكلۇكلەرنى مۇئەييەن بىر غايىۋى مەقسەتتە تىپىكلەشتۈرۈپ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئۆز پېرسوناژنى سىياسىي - سىنىپىي مۇھاكىمىلەر دۇنياسىغا باشلاپ كىرىپ، ئۇنىڭ ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي ۋەزنىنى تىل - ھاقارەتلەر تارازىسىدا ئۆلچەپ كۆرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئادىمىيلىكىنى خورلاپ، شەخسىيىتىنى پەسلەشتۈرمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۆز قەھرىمانىنىڭ سەلبىي ئىش - ھەرىكەتلىرىنى، كۆلكىلىك ئوي - خىياللىرىنى، كىشىلەرنى غەزەپلەندۈرىدىغان باشقا ھەر خىل رەزىل قىلمىشلىرىنى ساتىرىك ئامىللار ۋاستىسىدە ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ خۇنۇك روھىي دۇنياسىنى ئەمەلىي ھالدا چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ.

بىز شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ساتىرىك ئەسەردە مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ئادەتتىكى بىر جانلىق ئوبراز بىلەن جايىدا تاللانغان كىچىككىنە ۋەقەلىكنىڭ قۇدرىتىمۇ ھەرقانداق تىل - ھاقارەتتىن كۈچلۈكتۇر. چۈنكى، ساتىرىغا سىڭدۈرۈلگەن تىل - ھاقارەت كۆن بويى يېنىپ ھېچ نەرسىنى قىزدۇرالمايدىغان يارامسىز كۆمۈرنىڭ تاشلاندۇق ئۇۋۇقى بولسا، ساتىرىك رەڭگە تويۇنغان كىچىككىنە بىر تىپىك ۋەقەلىك گرامدىن مىڭلاپ كالورىيە ئىسسىقلىق ۋە ئېنېرگىيە بېرىدىغان خىسلەتلىك ئۇراندۇر. شۇڭا، ئۇ ھەرقانداق ھاياتىي رەزىللىكلەرنى دەپنە قىلىشقا، ئۇلارنى غەزەپلىك كۈلكىنىڭ قۇدرەتلىك يالقۇنىدا كۆيدۈرۈپ تۈگىتىشكە قادىر.

ئۆز پېرسوناژلىرىغا ئېستېتىك تەنقىد ۋە بەدىئىي كۈلكە نۇقتىسىدىن ياندىشىپ ئۇلارنى ئەسلىي ھالىتى ۋە ماھىيىتى بويىچە چىن ۋە سەممىي تەسۋىرلەپ بېرىشتە گوگول، چېخوف، ماياكوۋسكىيلارنى بەدىئىي ئۇستاز دېيىش كېرەك. ئۇلار ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ مەنىۋى سۈپەتلىرىگە ئۆز يېنىدىن ھېچ نەرسە قوشمىغان. ئۇلارغا ھېچقانداق غەيرىي خاراكتېرىستىكىلارنى



بەرمىگەن. ئۇلارنىڭ ساتىرىك پېرسوناژلىرى ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ تەبىئىي تەرەققىياتى نېگىزىدە ئۆز خاراكتېرىنى ئۆزلىرى ئاچىدۇ. مېنىڭچە، ساتىرىك ئەدىبنىڭ ئۆز پېرسوناژلىرىغا بولغان ئېستېتىك مۇناسىۋىتى ئەنە شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن ئۇ ئەسەر ئۆزى كۈتكەن بەدىئىي - غايىۋى مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

ئۇنداق بولسا ئەڭ ياخشى ساتىرىك ئەسەرلەر قانداق بەدىئىي، مەنىۋى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك؟

ساتىرىك ئەسەرلەر ئادەتتە ھايات رېئاللىقىغا نىسبەتەن بىر خىل بەدىئىي بېشارەت بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ساتىرىك ئەدىبنىڭ ئەقىل ۋە ۋىجدانىغا نىسبەتەن بىر ئەمەلىي سىناقتۇر. شۇڭا، ئۇنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمۇ، باھالىغۇچىلىرىمۇ كۆپ بولىدۇ. بۇ ھال بەدىئىي ساتىرىغا تېخىمۇ كۆپ تەلەپ ۋە ئۈمىدلەرنى يۈكلەيدۇ. پۈتۈن بىر دەۋر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ بۇنداق ئۈمىد ۋە ئىشەنچىنى ئاقلاش بولسا ھەرقانداق ساتىرىك ئەدىبكە ئاسان چۈشمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ساتىرىك ئەدىب ئۆزىگە ھەرقاچان تەلەپچان بولۇشى، ساتىرىك ئىجادىيەتنىڭ سىر - ھېكمەتلىرىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن يېڭى قانۇنىيەتلەرنى تېپىپ ۋە يەكۈنلەپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئاڭلىقلىقى بىلەن بەدىئىي ماھارىتىنى تىنىمسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك.

بەدىئىي ساتىرا يۇكسەك دەرىجىدە تىپىك بولۇشى لازىم.

تىپىكلىك — بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتىدۇر. ئەدەبىي ئىجادىيەت قانۇنىيەتلىرىنى ياخشى بىلىدىغان ۋە ئۇنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرگەن ئەدىب رېئال تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدىن ماھىيەتلىك ۋەقە، ھادىسىلەر بىلەن ئەھمىيەتلىك تەپسىلات ۋە خاراكتېرلەرنى تاللاپ تىپىكلەشتۈرۈپ، ئوقۇرمەن تېخى ھېس قىلىپ يەتمىگەن يېڭى بەدىئىي مەنزىرىلەرنى يارىتىپ، كىشىلەرنىڭ پىكىر ۋە چۈشەنچىسىنى يېڭى ئەقلىي

مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىدۇ. بەدىئىي ساتىرىدا تىپىكلىكنىڭ بۇ ئومۇمىي تەلىپى تېخىمۇ مۇھىم بەدىئىي ئامىل ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ساتىرىك ئەدىب تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىگە چوڭقۇر كىرىپ، سەلبىي ھادىسە ۋە شەخسلەر بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىشى، ئۇلاردىن مۇئەييەن ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولغانلىرىنى تاللاپ ئومۇملاشتۇرۇشى، شۇنداقلا ئۇلارنى يېڭى، ئىجادىي تەپسىلاتلار بىلەن بېيىتىپ، ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان تىپىك كۈلكە مۇھىتى يارىتىشى كېرەك. بەزى ساتىرىك ئەسەرلەردە ھەجۋىي تۈسكە ئىگە بولغان ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەرنىڭ يوقلۇقى، شۇنداقلا ئۇلاردا ئوقۇرمەننى ئۆزىگە تارتىدىغان مەسخىرىلىك كۈلكە مۇھىتىنىڭ يارىتىلمىغانلىقى كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلارنىڭ بەدىئىي تىپىكلىك باسقۇچىدىن ئۆتمىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇنى ئىشەنچلىك ئېيتىش كېرەككى، ئەڭ ياخشى ساتىرىك ئەسەر ئەڭ كەڭ ھەجۋىي ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئەڭ چوڭقۇر ساتىرىك تىپىكلەشتۇرۇشنىڭ مەھسۇلى. بىز يۇقىرىدا ماياكوۋسكىينىڭ «تەخسىكەشلىكنى ئۆگەنگۈچىلەرگە دەستۇر» ناملىق ساتىرىك شېئىرىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. شېئىردا تەسۋىرلەنگەن ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ بەدىئىي تىپىكلىك دەرىجىسىنىڭ شۇنچىلىك يۇكسەكلىكى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ پۈتۈنلەي يېڭى ۋە ئىجادىي تۈسكە كىرگۈزۈلگەنلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. شېئىر ئوقۇرمەنگە خۇددى ھاياتىكى ھەممە تەخسىكەش خۇشامەتچىلەرنىڭ مەنىۋى رەزىللىكلىرى بىلەن روھىي پەسكەشلىكىنىڭ خۇددى بىرنەچچە بەتكىلا جايلاشتۇرۇلغان ئىنچام ساتىرىك سۈرىتىدەك بىلىنىدۇ.

ساتىرىك ئەسەرلەر ھەرقاچان يېڭى ۋە ئىجادىي بولۇشى كېرەك.

يېڭىلىق ۋە ئىجادىيلىق ساتىرىك ئەسەرلەرنىڭ جېنى. ئۇ پەقەت مۇشۇ خۇسۇسىيىتى بىلەنلا ئۆزىنىڭ بەدىئىي ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ھەرقايسى قاتلام ۋە تەبىقىلەرنىڭ روھىي



دۇنياسىغا كىرىپ، جەمئىيەت خاراكتېرلىك ئومۇمىي بەدىئىي تەنقىد مۇھىتىنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ. ياخشى ساتىرىك ئەسەر تېما، مەزمۇن، شەكىل جەھەتلەردە ئوخشاشلا يېڭى ۋە ئىجادىي بولىدۇ. ئۇ ھېچقانداق ۋاقىتتا ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ تەكرارلىمايدۇ. تالانتلىق ساتىرىك ئەدىب ھاياتنى ئۆزگىچە ۋە ئالاھىدە نۇقتىدىن كۆزىتىپ، ئۇنىڭدىكى ساتىرىك قىممەتكە ئىگە بولغان ۋەقە، ھادىسىلەرنى ماھىرلىق بىلەن تېپىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنى ھاياتىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تېما ۋە مەزمۇن يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، ئۆزگىچە بىر خىل جانلىق شەكىلدە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر ئەسىرى ھاياتىي رەزىللىكلەرنىڭ يېڭى بىر مەسخىرىلىك كۆرۈنۈشى، ئۇنىڭ تېخى مەلۇم بولمىغان ئىجادىي ساتىرىك مەنزىرىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ساتىرىك ئەدىبنىڭ ھەر قېتىملىق كۈلكىسى يېڭى بىر ساتىرىك مۇھىتنىڭ ئېچىلغانلىقىدىن بېشارەت بولۇپ، ئۇ ساتىرىك ئەدىبنىڭ ھاياتتىكى سەلبىي ھادىسە ۋە سەلبىي شەخسلەر ئۈستىدىكى بەدىئىي ئىزدىنىشىگە، ئۇنىڭ خاراكتېر ۋە شەخسىيىتىنىڭ قوشۇلۇشىدىن بارلىققا كېلىدىغان ئۆزگىچە ھەجۋىي تۈس ۋە ئېقىمغا ئىگە بولىدۇ.

چېخوفنىڭ «خامېلېئون» ھېكايىسى يېڭىلىق ۋە ئىجادىيلىقنىڭ ناھايىتى ئوبدان مىسالىدۇر. ئالدى بىلەن ئەسەرنىڭ تېماتىك مەزمۇنى يېڭى ۋە ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇنىڭدا يۆنىلىشكە قاراپ ئىش كۆرىدىغان شامالپەرەس شەخسلەرنىڭ كۈلكىلىك ساتىرىك تىپى يارىتىلغان. بۇنىڭدا ئىت بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئادەتتىكى بىر ۋەقەلىك ھېكايىنىڭ تۈگۈنى قىلىنىپ، ئەسەر ۋەقەلىكى ئىتنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاش ۋە ئۇنىڭغا قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا راۋاجلاندۇرۇلغان. ئوچۇملوف دەل مۇشۇنداق ئۆزگىرىشچان پاكىت ۋە ۋەقەلىكلەرنىڭ مەركىزىگە قويۇلۇپ، ئۇنىڭ خۇنۇك ۋە زەئىپ روھىي دۇنياسى ئۆز - ئۆزىدىن ئاشكارىلىنىشنىڭ ناھايىتى

جانلىق ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنغان . نەتىجىدە ئۇ ئۇچۇملۇفنىڭ سىمۋوللۇق خاراكتېرىگە ئىگە بولغان پەلتوسىنى ئىككى قېتىملىق سېلىپ ، كىيىشى ۋە بىر - بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان تۆت قېتىملىق دىئالوگلۇق نۇتقى ئارقىلىق ناھايىتى قۇدرەتلىك ئۆزگىچە بىر كۈلكە ئېقىمىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ خاراكتېر ماھىيىتىنى ئۇزۇل - كېسىل ئېچىپ تاشلىغان . قارىماققا ئەرزىمەس ئىشتەك كۆرۈنىدىغان ، بەكمۇ ئادەتتىكىچە بىر كىچىككىنە ۋەقەلىك چېخوفنىڭ سېھىرلىك قەلىمىدە دەۋرىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان غايەت زور ئىجادىي ساتىرىك مەزمۇنغا ئىگە بولغان .

ساتىرىك ئەسەر يۇكسەك دەرىجىدىكى چىنلىق ۋە ھەققانىيلىق پەزىلىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك .

چىنلىق ۋە ھەققانىيلىق ساتىرىك ئەسەرنىڭ ھاياتقا سادىق بولغان ياكى بولمىغانلىقىنىڭ ، ئۇنىڭدا مۇئەييەن ئىجتىمائىي مەزمۇن ئەكس ئەتكەن ياكى ئەتمىگەنلىكىنىڭ تۈپ ئالامىتىدۇر . رېئال ھاياتتا ئىجابىي ھادىسىلەر بىلەن سەلبىي ھادىسىلەر دائىم بىللە ياشايدۇ . ئۇلار قارىمۇقارشىلىقنىڭ تەبىئىي بىرلىكى سۈپىتىدە ھەرقاچان بىللە مەۋجۇت بولۇپ ، جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن مەنىۋى ، ئەخلاقىي قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ . مۇبادا ساتىرىك ئەدىب ھاياتتىكى ئىجابىي ھادىسىلەرنىڭ ئومۇمىيلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىگە قادىر بولغان مەنىۋى كۈچىنىلا كۆرۈپ ، سەلبىي ھادىسىلەرگە تېگىشلىك نەزەر ئاغدۇرمىسا ، ئۇلارنىڭ ھايات ۋە ئادەملەرنى چىرىتىش ۋە كاردىن چىقىرىش خەۋپىنى تولۇق ھېس قىلىپ يەتمىسە ، ئۇ چاغدا ئۇ ھەقىقىي ھالدا چىن كۆڭلىدىن غەزەپلىنىپ كۈلەلمەيدۇ . ئەكسىچە ، ئۇ جەمئىيەتتىكى ئىجابىي ھادىسىلەرنى نەزىرىدىن ساقىت قىلىپ ، سەلبىي ھادىسىلەرنى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ خاراكتېر ۋە ماھىيىتىنىڭ ئورنىغا دەسسەتسە ، ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى پەقەت ھايات نىشانىنى يوقاتقان ئۈمىدسىز قەلبىنىڭ ئاچچىقلىنىش ۋە زارلىنىشىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ . بۇ



ئىككى خىل ئەھۋال ئوخشاشلا بەدىئىي ساتىرىنى چىنلىق ۋە ھەققانىيلىقتىن مەھرۇم قىلىپ ، جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ، ئىدىيىۋى قۇرۇلمىسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى بۇزىدۇ . شۇڭا ، ساتىرىك ئەدىب ئالدى بىلەن ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىشى ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشى ، تۇرمۇشتىكى گۈزەللىك ۋە ياخشىلىقلارغا چوڭقۇر مۇھەببەت قويغان ۋە ئۇنىڭدىن دائىم ئۈمىدۋار بولغان ھالدا ، رەزىللىك ۋە خۇنۇكلۇكلەردىن ئاڭلىق ۋە تەبىئىي ھالدا يىرگىنىشى كېرەك . ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا ھايات پاكىتلىرىنى بۇزماسلىقى ، رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى بۇرمىلىماسلىقى ، بولۇپمۇ ھايات ئاساسى بولمىغان ئەھۋالدا ، ئۇتتۇرۇقسىز ۋەقە ، ھادىسىلەرنى ياساپ چىقماسلىقى لازىم . بىز شۇنى ياخشى بىلىشىمىز كېرەككى ، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ ئومۇمىيلىقى ، ئۇنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا كۈچلۈك ۋە غالىبلىقى ھاياتنىڭ تۈپ ماھىيىتى . ھەرقانداق پەسكەشلىك ۋە رەزىللىك ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان زەئىپ ۋە بىچارىدۇر . ھاياتنىڭ مەزمۇن ، ماھىيىتىنى مۇشۇنداق چۈشەنگەن ئۈمىدۋار ، ئىرادىلىك ئادەملا ھاياتنى خىرەلەشتۈرۈپ تۇرغان خۇنۇكلۇك ۋە رەزىللىكلەر ئۈستىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن غەزەپلىنىپ كۈلەلەيدۇ .

ساتىرا كۈچلۈك مىللىي پۇراققا ئىگە بولۇشى كېرەك .

مىللىيلىق بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭلا ئەمەس ، بەلكى بەدىئىي ساتىرىنىڭمۇ قىممەتلىك پەزىلەتلىرىدىن بىرى . ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا مۇئەييەن بىر مىللىي تۇرمۇش بىرلىكى دائىرىسىدە تۇغۇلۇپ ، ئۆزى تەۋە بولغان مىللەتنىڭ مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي روھى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان مىللىي تۇرمۇش چۈشەنچىسىنى ئۆزىگە تەبىئىي ھالدا سىڭدۈرىدۇ . ئۇنىڭ خاسلىققا ئىگە بولغان مىللىي تۇرمۇشى ، مىللىي ئادەت ۋە مىللىي خاراكتېرى ، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىندىۋىدۇئال تۈستە ئايان بولۇپ تۇرىدىغان مىللىي ھېس - تۇيغۇسى ئۇنىڭدا ئۆز ئىپادىسىنى

تاپىدۇ . ئۇ ئەنە شۇنداق پەزىلەتلىرى بىلەن ئۆز ئوقۇرمەنلىرىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىپ ، ئۇلارنىڭ مىللىي ئىجتىمائىي تەنقىد ئېڭىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرىدۇ .

بىز دەۋاتقان بۇ مىللىيلىق ساتىرىك ئەسەرنىڭ شەكىل ۋە فورمىسىدىلا ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ پىكىر ۋە مەزمۇنىدا ، ۋەقەلىكلەر تەرەققىياتىنىڭ خاسلىق ۋە ئۆزگىچىلىكىدە ، ئەسەردىكى ساتىرىك كۈلكىنىڭ روھى ۋە خاراكتېرىدە ئەكس ئېتىدۇ . قىسقىسى ، ئۇ ئاپتورنىڭ ئادەتتىكى ئوي - خىيالدىن تارتىپ مۇرەككەپ ساتىرىك تەپەككۇرىغىچە ، ساتىرىك پېرسوناژنىڭ ئەڭ ئاددىي بىر تىنىقىدىن تارتىپ ، ئۇنىڭ مەنىۋى - ھېسسىي پائالىيىتىنىڭ ئەڭ ئۆتكۈر ، ئەڭ دولقۇنلۇق پەللىلىرىگىچە سىڭىپ كېتىدۇ .

ساتىرىدا قۇدرەتلىك خىيال ۋە تەسەۋۋۇر بولۇشى كېرەك .

ساتىرىك ئەدەبىياتنىڭ ئىجادىي ماتېرىياللىرى ، ئۇنىڭ پاكىت ۋە تەپسىلاتلىرى ، ئۇنىڭ پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان بەدىئىي مەزمۇن قۇرۇلمىسى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ھېچقاچان تەييار ۋە بىر پۈتۈن ھالدا بولمايدۇ . ئۇنى ساتىرىك ئەدىب رېئال ھايات كۆرۈنۈشلىرى ئاساسىدا ئۆزىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىغا تايىنىپ يېڭىدىن يارىتىدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ خىيالى ۋە تەسەۋۋۇرى بىلەن تۇرمۇشنىڭ ئەسلىي قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ ، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ تۈزۈلۈش تەرتىپىنى يېڭىلايدۇ . رېئاللىقنىڭ تەبىئىي چەكلىمىسى دائىرىسىدىن چىقىپ ، ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى يېڭى خىسلەتلىك غايىۋى ئالەمگە كىرىدۇ . بۇ ماھىيەتتە ئەدىبنىڭ ھەقىقىي تەپەككۇر ئەركىنلىكى ئالەمگە قەدەم قويغانلىقى بولۇپ ، ئۇ بۇ سېھىرلىك ئالەمدىن رېئال ھاياتتا بولمىغان بىرمۇنچە يېڭى نەرسىلەرنى تاپالايدۇ . ئۇ بۇ نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ھاياتىي چۈشەنچىلىرى بىلەن تۇرمۇش تەسىراتلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ ، رېئال ھايات كۆرۈنۈشلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ باي ، تېخىمۇ قايناق يېڭى



بىر ساتىرىك تۇرمۇش مەنزىرىسىنى يارىتىدۇ . تالانتلىق ساتىرىك ئەدىب مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا يۈكسەك خىيال ۋە تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ، ئۆز تەسەۋۋۇر كۈچىگە تايىنىپ ھەممە نەرسىنى جانلاندۇرالايدىغان ، ئۆزىدە بولمىغان نەرسىلەرنى ئەقلىي مۇقەررەرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرەلەيدىغان ئالاھىدە قۇدرەت ئىگىسىدۇر . ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا رېئاللىق بىلەن تەسەۋۋۇرنىڭ تەبىئىي بىرلىكى زېمىنىدا يارىتىلغان ئىجادىي بەدىئىي ئەسەرلەر ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى ئۆزىگە خاس كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇقتا ئېچىپ بېرەلەيدۇ .

ساتىرىك ئەسەرنىڭ تىلى جانلىق ، روشەن ۋە ئوبرازلىق بولۇشى كېرەك .

ساتىرا بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاشمايدۇ . ئۇنىڭدا ھەممە نەرسە تۇيۇقسىز يانغان چاقماقتەك مۆئەييەن بىر ۋاقىت ئىچىدە تۇغۇلۇپ تۈگەيدىغان جىددىي ۋە ئۆتكۈر كۈلكىنىڭ بىردەملىك قىزىقىغا يېغىلغان بولىدۇ . شۇڭا ، ئۇ ھەرقانداق مۇھاكىمە ۋە سىلىشتۇرمىلارسىز ئوقۇرمەن قەلبىگە دەل ۋە توغرا يېتىپ بېرىشى كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن ساتىرىك ئەسەرنىڭ تىلى روشەن ، ئېنىق بولۇشى كېرەك . ئۇنى بەدىئىي ئەدەبىياتقا ئەقىل ۋە تەشنالىق بىلەن ياندىشقان ھەرقانداق بىر كىشى چۈشىنەلەيدىغان بولۇشى ، جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي ئىجتىمائىي تەنقىد ئېڭىمىغا تەبىئىي ھالدا سىڭىشىپ كېتەلەيدىغان كەڭلىك ۋە ئاممىۋىلىققا ئىگە بولۇشى لازىم . ساتىرىك ئەدەبىياتنىڭ تەنقىد نىشانى بولغان سەلبىي نەرسىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىشتا قوللىنىلىدىغان ساتىرىك تەپسىلاتلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئەسلىدىنلا مۆئەييەن ئېنىقلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ . شۇڭا ، ئۇنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان تىلمۇ ساددا ۋە يارقىن بولۇشى ، ھەرقانداق سۈنئىي رەڭ ۋە تۇتۇقلۇق پەردىلىرىگە ئورالماسلىقى لازىم . ساتىرىك ئەدەبىياتنىڭ تىلى جانلىق ۋە ھەرىكەتچان بولۇشى ، ۋەقەلەر

تەرەققىياتى بىلەن پېرسوناژلار خاراكتېرىگە مۇناسىپ بولغان خاسلىق ۋە ماسلىشىشچانلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك . ئۇ ساتىرا مەزمۇنىنىڭ ئېچىلىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ يېڭى مەنە ۋە يېڭى روشەنلىك تېپىشى ، ساتىردا يارىتىلغان بەدىئىي مۇھىتتەك سېھىرلىك ۋە جىلۋىگەر بولۇشى لازىم . ئوبرازچانلىق ساتىرىك تىلنىڭ ئەڭ مۇھىم پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى . چۈنكى ، ئۇ ئوبرازچانلىققا ئىگە بولغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭدا يارىتىلىۋاتقان ساتىرىك ئوبراز شۇنچىلىك تېپىك خۇنۇكلۇكتە گەۋدىلىنىپ ، ساتىرىك كۈلكە شۇنچە مەركەزلىك ، شۇنچە ئوتلۇق پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ . شۇڭا ، ساتىرىك ئەدەبىياتنىڭ تىلى رەڭدار بولۇشى ، ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسە گۈزەللىك ۋە ئىجادىي سەنئەت تۈسىدە ئەكس ئېتىشى ، ئۆزىگە خاس جىددىيلىك ۋە ئۆتكۈرلۈكى بىلەن نىشانغا دەل ۋە توغرا تېگىدىغان بولۇشى كېرەك . ساتىرىك تىلنىڭ بىزدىكى ئەڭ ياخشى بەدىئىي ئۈلگىسى ئەخمەتشاھ قارىقاشىنىڭ «سالامنامە» ئەسىرىدۇر . ئۇنىڭدا ھەممە نەرسە شۇنچىلىك ئېنىق ، شۇنچىلىك يارقىن . ئۇنىڭدىكى ھەربىر شېئىرىي پىكىر كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئۆتكۈر ھەجۋىي ئوبرازچانلىققا ، شۇنچىلىك قايناق ۋە قۇدرەتلىك ساتىرىك يالقۇنغا ئىگە . ئوقۇرمەن ئۇنى ھەرقانداق ۋاقىتتا ئوخشاشلا شوخ ۋە يۇمۇرلۇق كۈلكە بىلەن ئوقۇيدۇ .

ھەقىقەتەنمۇ ساتىرا ئىنساننىڭ مەنىۋى ، ئەخلاقىي بۇزۇلۇشى تۈپەيلىدىن ھاياتىي گۈزەللىكلەرنىڭ نابۇت بولۇشىغا چىدىماي ، ئازابتا قان بولغان ئەلەملىك قەلبنىڭ ھەسرەتلىك كۈلكىسىدۇر . ئۇنىڭ مەركىزىدە مۇھەببەت ، ئېچىنىش ۋە تەشۋىش ياتىدۇ . شۇڭا ، ساتىرىك ئەدىب ھايات ۋە ئادەملەرگە قانچىلىك يېقىن بولسا ، ئۇنىڭ ئەلەملىك قەلبى كىشىلەرگە بولغان مۇھەببەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسىغا قانچىلىك باي بولسا ، ئۇنىڭ ھاياتتىكى رەزىللىك ۋە چاكىنىلىقلاردىن نەپرەتلىنىشى ۋە يىرگىنىشى شۇنچىلىك كۈچلۈك



بولىدۇ . تەبىئىيكى ، بۇنداق قەلبتىن ھايات گۈزەللىكلىرىنى سۆيۈش ۋە قەدىرلەش جاسارىتىگە ئىگە بولغان چىن ۋە ھەققانىي كۈلكە تەبىئىي ھالدا ئۇرغۇپ چىقىدۇ . مانا بۇ ھەقىقىي ساتىرا بىلەن ھەقىقىي ساتىرىك ئەدىبنىڭ تۇغۇلىشىدۇر .

ھەقىقىي ساتىرىك ئەدىب ئالدى بىلەن پاك ۋە ئالىيجاناب ئىنسان بولۇشى ، ئۇنىڭ قەلبىگە ئۇلۇغۋار غايە ، تەۋرەنمەس ئېتىقاد ، رەزىللىكلەرگە تىز پۈكمەيدىغان جۇرئەت ۋە ئادالەت تۇيغۇسى ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇشى كېرەك . ئۇ بىردەملىك ئاچچىق ۋە رەنجىش ۋەسۋەسىگە بېرىلىپ بوغۇلۇپ زارلانغۇچى ئەقىدىسىز قەلەمكەشلەردىن ئەمەس ، بەلكى ئۆز خەلقىنىڭ ئەلەم ۋە تەشۋىشىدىن تۇغۇلغان قۇدرەتلىك سادانى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ، ھەممە رەزىللىك ۋە مۇناپىقلىقلار ئۈستىدىن ئۇلۇغۋار نەپرەت بىلەن غالىبانە كۈلەلەيدىغان جاسارەتلىك سەنئەتكار بولۇشى لازىم .

2002 - يىلى 5 - ئاي

# زوردۇن سابىر ھېكايىلىرىدىكى پېرسوناژلار تەسۋىرى

بەدىئىي تەسۋىر ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى . ئۇ ئوبرازلىق ۋە ھېسسىياتلىق بەدىئىي تىل ئارقىلىق پېرسوناژ ، ۋەقە ، شارائىتلارنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىنى تىپىك ۋە كونكرېت تەسۋىرلەپ ، ئوبرازنىڭ روھىي دۇنياسى بىلەن ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى جانلىق ۋە يارقىن ئېچىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ . بەدىئىي تەسۋىر ئۆزىنىڭ يورۇتۇش دائىرىسىگە قاراپ پېرسوناژ تەسۋىرى ، مۇھىت تەسۋىرى ، تەپسىلات تەسۋىرى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ . بۇنىڭ ئىچىدىكى پېرسوناژ تەسۋىرى بىۋاسىتە پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىشتا قوللىنىلىدىغان بىر خىل بەدىئىي تەسۋىر بولۇپ ، ئۇ پورترېت تەسۋىرى ، روھىي ھالەت تەسۋىرى ، دىئالوگ ۋە ھەرىكەت تەسۋىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇنىڭدا مۇھىمى پېرسوناژنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىنى تۇتۇشقا ماھىر بولۇش ، خاسلىق بىلەن ئومۇمىيلىقنى ئىجادىي بىرلەشتۈرۈپ ، پېرسوناژنىڭ خاراكتېر ئىندىۋىدۇئاللىقىنى يارقىن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ . پېرسوناژ تەسۋىرىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ مۇكەممەللىكىگە ، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ . شۇڭا ، پېرسوناژ تەسۋىرى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ھەل قىلغۇچ ئورۇن تۇتىدۇ . بىز بۇ پىكرىمىزنى يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ ئۆز ھېكايىلىرىدە پېرسوناژلار تەسۋىرىنىڭ بەدىئىي تەلەپلىرىنى قانداق ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق دەلىللەيمىز . مۇھاكىمىمىز پېرسوناژ تەسۋىرىنىڭ بىز ئالاھىدە مۇھىم دەپ



قارىغان تۆۋەندىكى ئۈچ مەزمۇنىنى ، يەنى روھىي ھالەت تەسۋىرى ، دىئالوگ تەسۋىرى ۋە ھەرىكەت تەسۋىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ .

روھىي دۇنيا تەسۋىرى پېرسوناژ تەسۋىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ ، پېرسوناژنىڭ ئالاھىدە مۇھىت ۋە شارائىتتىكى ئىرادىسى ، ئارزۇسى ، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ، تۇيغۇ ۋە كەچۈرمىشلىرى قاتارلىق مەنىۋى پائالىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ . ئۇنىڭدا ئىجابىي پېرسوناژنىڭ قەلب گۈزەللىكى بىلەن سەلبىي پېرسوناژنىڭ چىرىكلىكى ۋە رەزىللىكى ، پېرسوناژنىڭ روھىي ھالىتى بىلەن خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى تولۇق ئايان بولىدۇ . روھىي دۇنيا تەسۋىرى ئادەتتە پسىخىك تەسۋىر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىپ ، پېرسوناژنىڭ تىلى ، نۇتقى ، ھەرىكىتى ، قىياپىتى ، چىراي ئىپادىسى ، خىيالى ۋە چۈشى قاتارلىق بىرمۇنچە تەرەپلەرنى تەسۋىر ئوبيېكتى قىلىدۇ . دېمەك ، ئۇ بىۋاسىتە ئادەمنىڭ ئۆزىگە ، ئۇنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىغا مۇراجىئەت قىلىپ ، ئادەمنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى بىلەن پېرسوناژنىڭ «قەلب دىئالېكتىكىسى»نى ئېچىپ بېرىدۇ . تەسۋىرلىنىۋاتقان پېرسوناژ پەقەت شۇ چاغدىلا مۇئەييەن ئىجتىمائىي - بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولغان ھاياتىي پېرسوناژغا ، جەمئىيەت ۋە تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولغان جانلىق ئادەمگە ئايلىنالايدۇ . روھىي ھالەت تەسۋىرىدە پېرسوناژ پسىخىكىسىنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ ھالىتىنى ، ئۇنىڭ مەنىۋى پائالىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بىلەن ئىچكى توقۇنۇشىنىڭ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن مەزگىلىنى تاللاپ تەسۋىرلەش كېرەك . چۈنكى ، مۇنداق چاغدا ئۇنىڭدىكى ھەممە ھاياتىي سۈپەتلەر تولۇق ئايان بولىدۇ . مۇبادا ئاپتور ئۆز پېرسوناژىنىڭ روھىي دۇنياسى بىلەن مەنىۋى پائالىيىتىنىڭ مۇشۇنداق مۇرەككەپ ھالىتىنى ، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى تىپىك ۋە كونكرېت ئېچىپ بېرەلەيدىغان مۇشۇنداق جانلىق كۆرۈنۈشنى تاللاپ تەسۋىرلەپ بېرەلمىسە ، پېرسوناژنىڭ

ئادەتتىكى روھىي ھالىتىنى ، ئۇنىڭ بىردەملىك قىزىقىشى ۋە چېچىلىشى بىلەن ئۆتكۈنچى ئوي ـ خىياللىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ھەلەكچىلىكىگە باغلىنىپ قالسا ، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ پېرسوناژى ئۆزى تىرىك ، روھى ئۆلۈك ئادەمگە — ھېچقانداق بەدىئىي قىممىتى بولمىغان جانسىز پېرسوناژغا ئايلىنىپ قالىدۇ . زوردۇن سابىرنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالاھىدە قىزىقىشىنى قوزغىغان بىر قىسىم ھېكايىلىرىگە نەزەر سالساق ، ئۇنىڭ بۇ مەسىلىنى ئەمەلىي ھالدا ھېس قىلىپ يەتكەنلىكىنى ، روھىي دۇنيا تەسۋىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ، ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئۆزگىچە خاس پىسخىك نازۇكلۇقتا ئېچىپ بېرىش يولىدا تىرىشىپ ئىزدەنگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «تارىم» ژۇرنىلىدا ئۇنىڭ يېزا تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلانغان «قوشنىلار» ، «ئامەت» ، «ئىھ ، توپىلىق يول» ، «ئۇنتۇمايمەن ، گۈلسارە» قاتارلىق بىرمۇنچە ھېكايىلىرى ئېلان قىلىندى . ئاپتور بۇ ھېكايىلىرىدە پىسخىك تەسۋىر ئۇسۇلىنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىپ ، ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ مۇرەككەپ مەنىۋى توقۇنۇشلار مۇھىتىدىكى روھىي ھالەتلىرىنى جانلىق ۋە كونكرېت گەۋدىلەندۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرىنى روشەن يورۇتۇپ بەردى . ئۇ ئۆزىنىڭ دېھقان خاراكتېرىنى يورۇتۇشقا بېغىشلىغان «قوشنىلار» ناملىق ھېكايىسىدە بىر ـ بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل پېرسوناژ ئوبرازىنى ياراتقان . ساددا ۋە ئاق كۆڭۈل دېھقان سالى ئەمگەك ۋە ھالاللىقنى ئۆزىنىڭ ئائىلىۋى بەخت ۋە ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنىڭ مەنبەسى دەپ قارايدۇ . ئۇنىڭ قوشنىسى ، پېشقەدەم دېھقان جامى بولسا سالىنىڭ ئەكسىچە بىشەملىك ۋە ئالدامچىلىق بىلەن ئامەت ۋە ئابرۇيغا ئېرىشمەكچى بولىدۇ . ھېكايە ۋەقەلىكى مانا مۇشۇنداق ئىككى خىل خاراكتېرنىڭ جىددىي توقۇنۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا راۋاجلىنىپ ، يېزا ھاياتى بىلەن دېھقان تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ، ئەڭ ماھىيەتلىك كۆرۈنۈشلىرىگە بېرىپ تاقىلىدۇ ، سالىنىڭ ھالال



ئەمگەك بىلەن بېيىشى ، ئىگىلىكىنىڭ كۈنسېرى گۈللەپ ـ ياشنىشى ، ئۇنىڭ دېھقانلارغا خاس ھالاللىق ۋە كۆڭلى توقلۇق بىلەن خاتىرجەم ياشاپ ئائىلىۋى بەختىنىڭ پەيزىنى سۈرۈشى جامىنىڭ كۆڭلىنى ھەسەتخورلۇق ۋە كۆرەلمەسلىك قويۇنى بىلەن تولدۇرىدۇ . ئۇ سالىنى ۋە باشقىلارنى ئالداپ ، كوللېكتىپنىڭ مال ـ مۈلكىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىدۇ . ئوچرىغانلا نەرسىنى ئۆيىگە توشۇپ ، ئامبىرىنى دۇنياغا توشقۇزىدۇ . لېكىن ، ئۇنىڭ ھەسەتخورلۇق بىلەن تولغان بالاخور نەپسى يەنىلا قانمايدۇ . ئاخىر ئۇ رەسمىي دۈشمەنلىك قىلىشقا ئۆتۈپ ، نەۋرىسىنىڭ قولى ئارقىلىق سالىنىڭ ھويلىسىغا ئوت قويىدۇ . لېكىن ، ئوت سالىنىڭ ھويلىسىغا ئەمەس ، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ ئامبىرىغا تۇتىشىپ كېتىدۇ . ئۇ بىرىنچى قېتىم ھاياتىنىڭ ئەڭ ئېغىر ، ئەڭ رەھىمسىز جازاسىغا ئۇچرايدۇ . شۇ يېرى تېخىمۇ قىزىقكى ، ئۇ بۇ ئۇياتلىق بالادىن سالىنىڭ قۇتۇلدۇرغانلىقى ، ئۇنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش جەريانىدا يارىلانغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنىلا بىشەملىك قىلىپ ، ئۇنىڭغا «ئامبىرىمغا ئوت قويدى» دەپ تۆھمەت قىلىدۇ . سالىچۇ ؟ ئۇ جامىنىڭ ھەرقانچە چوڭ خورلۇق ۋە تۆھمەتلىرىگە ئۇچرىسىمۇ ، ئۇنىڭغا يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئېچىنىش ۋە كۆيۈمچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىۋېرىدۇ . كۈنلەر ئۆتىدۇ ، ئىشلار بارغانسېرى جامىنىڭ زىيىنىغا ھەل بولۇشقا باشلايدۇ . ئۇنىڭ تارلىق ۋە ئىچى قارىلىقى بىلەن جاھىللىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكى بىر خىل مەنىۋى ئوغا بولۇپ ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ ، ئىرادە ۋە ئىشەنچىنى سۇندۇرۇپ تۈگىتىدۇ . شۇنداق بىر چاغدا ئۇنى ھاياتىنىڭ تېخىمۇ ئېغىر ، شەپقەتسىز بىر مەسخىرىسى كېلىپ باسىدۇ : ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەتكەن قىزى سالىنىڭ ئوغلى بىلەن تېپىشىپ ، ھېچقانداق خەت ـ خەۋەرسىز توي قىلىۋالىدۇ . دېمەك ، جامىنىڭ ھەممە ھايات ئىرادىسى ، ئەقىدە ۋە ئېتىقادى ، زورلۇق ۋە تەكەببۇرلۇقى ، قۇۋلۇق ۋە شۇملۇقى — ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن مۇقەددەس ھېسابلىنىدىغان ھەممە نەرسىسى ھاياتنىڭ شىددەتلىك ئېقىمى بىلەن

تۇرمۇشنىڭ شەپقەتسىز پاكىتلىرى ئىچىدە تۇنجۇقۇپ تۇگەيدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى بىلەن يارامسىزلىقىنى — ھېچقانداق ھاياتىي قىممىتى بولمىغان بىچارە ئادەملىكىنى بىرىنچى قېتىم تولۇق ھېس قىلىدۇ . لېكىن ، ئۇ يەنىلا تۇرمۇش ئادىتى بىلەن ھايات ئەقىدىسىدىن كەچمەيدۇ . ئەكسىچە ، ئۆزى ھېس قىلىپ يەتكەن بۇ ئاچچىق تۇرمۇش ھەقىقىتى ، شەپقەتسىز ھاياتنىڭ كۈلكە مەسخىرىسى ئۇنىڭدا سالىغا نىسبەتەن تېخىمۇ زور نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. ئاپتور جامىنىڭ روھىي ھالىتى مۇشۇنداق مۇرەككەپ زىددىيەتلىك ھالەتكە قەدەم قويۇپ ، ئۇنىڭ قەلبىنى ئازاب ۋە خورلۇق بىلەن جاھىللىق ۋە قاراملىق تۇتۇنى قاپلىۋالغان بىر چاغدا ، يەنى ئىچكى توقۇنۇشى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن بىر چاغدا مۇنداق پسىخىك تەسۋىرنى بېرىدۇ :

«لېكىن ئامال قانچە ، توي بولۇپ بولغان ، ھېچكىم ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماس بولۇۋالغان مۇنۇ كۇنلەردە ئۇ قايسىبىرىنى توسۇۋالالايتتى . ئوغلى دادىسىغا گەپ قىلمايلا سالىنىڭ گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپتۇ ، بالىلىرىمۇ سالىنىڭ بالىلىرى بىلەن مەكتەپكە بېرىپ ، كېلىدۇ . كىم بىلىدۇ ، يەنە نېمىلەر بولىدۇ تېخى ؟ قارىمامدىغان ، ئاۋۇ ھويلىغا ھېچنېمىنى يېقىن يولاتمايدىغان ئىتى چېغىدا سالىنىڭ ئىتى بىلەن دوست ، توخۇلىرى بولسا ئۆي ئايرىمايدۇ… »

«نەس جاھان ، نەس باسقان دۇنيا» دەپ زارلىدى ئۇ بوستاندىكى كارىۋاتتا ئولتۇرۇۋېتىپ ، قاتتىق ئۇھ تارتىپ ، «بۇنىڭ نەسلى قۇرۇغۇچە مېنىڭ نەسلىم قۇرۇيدىغان ئوخشايدۇ ، ‹كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ › دېگەن شۇ . پېشانىنىڭ كاجلىقى ـ دە ، باياشاتلىق بولۇپ مۇنۇ سالىدەكلەرنىڭ ئوشۇقى ئالچۇ چۈشكىلى تۇردى . ئەسكى ـ تۇسكىگە قاراشقا ھېچكىمنىڭ كۆزى يوق . كىچىك ئىسكىلاتتىكى كونا ـ يالغاننىڭ بازىرى چىقسا بولاتتى . مەمۇرچىلىق بولسا ئەسكىگە بازار يوق . ئىلاھىم ، بىر ئاچارچىلىق بولسا ئىدى . شۇ چاغدا مۇنۇ سالىدەكلەر ئۇششۇك



چۈجىسىدەك قانىتىم ئاستىغا چۈكۈلداپ كىرىشەتتى . ‹يەرگە بىر نۆۋەت ، ئەرگە بىر نۆۋەت › ، مېنىڭمۇ تىلىكىم ئىجابەت بولۇپ ، مەمۇرچىلىق كۆتۈرۈلۈپ ، قەھەتچىلىك باشلىنار ئىلاھىم… »

خىيال ۋە مونولوگ تۇسىدە بېرىلگەن بۇ پسىخىك تەسۋىردە پېرسوناژنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى زىددىيەتلىك روھىي ھالىتى ، ئىچكى توقۇنۇشى بىلەن ئازابلىق ھېس ـ تۇيغۇلىرى بەكمۇ ئېنىق جانلىق ئەكس ئەتكەن . جامىنىڭ رەھىمسىزلىك ۋە نەپسانىيەتچىلىك ئۆزئارا بىرلىشىپ كەتكەن خۇنۇك روھىي دۇنياسى ، ئۇنىڭ ئاچچىق ۋە ئەلەم بىلەن تولغان ھەسرەتلىك ئوي ـ خىياللىرى ئۆزگىچە خاس بەدىئىي روشەنلىكتە ئايان بولغان . دېمەك ، دەل ۋە جايىدا بېرىلگەن كىچىككىنە بىر پسىخىك تەسۋىرى پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ ئېچىلىشىدا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە رول ئوينىغان .

زوردۇن سابىرنىڭ يېزىلاردىكى رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يەنە بىر ھېكايىسى «ئۇنتۇمايمەن ، گۈلسارە» دىمۇ پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىپ بېرىلگەن ناھايىتى كۆپ پسىخىك تەسۋىرلەر بار . ئۇلاردا مەنزىرە بىلەن ھېسسىيات ، ھەرىكەت بىلەن مۇھاكىمە ، تەسۋىر بىلەن كەيپىيات قاتارلىقلار ئۆزئارا بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ ، پېرسوناژ تۇيغۇسىدىكى ھەممە نازۇكلۇق ۋە مۇرەككەپلىكلەر ئالاھىدە بىر خىل سەنئەتلىك جانلىنىشتا ئايان بولىدۇ .

ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى ، زىيالىي يىگىت نىجات ئۆز يۇرتىغا دەم ئېلىشقا كېلىپ ، بېيىغان دادىسىنىڭ ھارۋىكەش يىللىقچىسى ئەمەتجان بىلەن ئۇچرىشىدۇ . يېزا تۇرمۇشى بىلەن ئۇبدان تونۇشلۇقى بولمىغان بۇ ئاق كۆڭۈل ياش بۇ ساددا دېھقاننىڭ يوقسۇزلۇق مۇڭى قاپلىغان كۆرۈمسىز ئۆيىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ : «جۇل ـ جۇل ، مەينەت يوتقان ـ كۆرپىلەر ئارتىلغان» پاكار كۇمىلاچ تام ، «ئېغىق ئۆڭكۈرىدەك كۆرۈنىدىغان» ، «قاراڭغۇ زەي ئۆي» ، «ياپيالىڭاچ ، ئۇستۇۋېشى مەينەت» كىر يۇزلۇك بەش بالا ، «ئىچكى جۇل ـ جۇل ، دۈلىسىغا ياماق

چۈشكەن» ئەسكى كۆڭلەككە ئورالغان ئورۇق ۋە رەڭسىز ئايال . بۇ كۆڭۈلسىز مەنزىرە نىجاتنىڭ ياشلىق قەلبىنى ئازاب ۋە قورقۇنچ تۇيغۇسى بىلەن تولدۇرىدۇ ، ئۇ يېزا تۇرمۇشىنىڭ مۇشەققىتىنى ، دېھقان خەقنىڭ چىدام ۋە قانائەتچانلىقى بىلەن ئەمگەك ۋە ھالاللىققا بېرىلگەن پاك ئىنسانىي قەلبىنى ئەمەلىي ھالدا چۈشىنىپ يېتىدۇ . ئاپتور ئۆز پېرسوناژىنىڭ مۇشۇ چاغدىكى روھىي كەچۈرمىشىنى ، ئۇنىڭ ھۆرمەت ، قايىللىق ، ئېچىنىش ۋە ئازاب تۇيغۇلىرى ئۆزئارا بىرلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ روھىي ھالىتىنى پسىخىك تەسۋىر ۋاستىسى بىلەن مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ :

«ئېھ ، قانائەتچان دېھقان ، تۇرمۇشنىڭ لەززىتى بىرلا خاتىرجەملىك دەپ قارايدىغان ساددا ئادەم ! بۇ دۇنيادا ئىنسان بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك راھەت ـ پاراغەتنىڭ تۈرلىرى نەچچە مىڭ ، نەچچە مىڭ ! سېنىڭ مۇنۇ پاكار جىگدىلەر ئارقىسىدا مۇساپىر مومايدەك مۆكۈلىنىپ تۇرغان پاكار قاراڭغۇ ئۆيۈڭگە نېمە ئۈچۈن نەچچە مىڭ خىلنىڭ بىرەرى يولاپ قويمايدۇ ؟ باشقىلارنىڭ بالىلىرى پاكىز ، توق ، ئۇلار كىچىك تۇرۇپلا چەت ئەل تىلى ، ئىلىم ـ بىلىم ئۆگىنىمەكتە ، جەمئىيەت ، تەبىئەت سىرلىرىنى بىلىشكە قىزىقماقتا . سېنىڭ مۇنۇ توپىغا مىلەنگەن يالىڭاچ بالىلىرىڭ بولسا نان غېمىدە ، ئۇلارنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى مايىلىق ، ئىسسىق تاماققا ئىنتىزار ، ئۇلار ياخشى كىيىنىشنى ، ساياھەت قىلىشنى ، ئويۇن كۆرۈشنى ئارزۇمۇ قىلمايدۇ . بەخت مانا مۇشۇلارغا تازا زۆرۈر ئىدى . لېكىن ، قېرىشقاندەك بەخت بۇلاردىن باتنۇۋالغان .

نىجات شۇلارنى ئويلىدى ـ دە ، يانچۇقىدىن بىر يۈەنلىك پۇللارنى چىقىرىپ بالىلارغا بىردىن تۇتقۇزدى .»

بۇ پارچىدا تەسۋىرمۇ ، ھېسسىياتمۇ ، كۆرۈنۈشمۇ ، مۇلاھىزىمۇ بار . ئۇنىڭدىكى تۇيغۇ ۋە خىياللار بەكمۇ ئېغىر ، بەكمۇ ئازابلىق بولۇپ ، پېرسوناژنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى روھىي كەيپىياتى ناھايىتى دەل ۋە توغرا ئەكس ئەتكەن . نەتىجىدە پېرسوناژنىڭ



ئىدىيىۋى خاراكتېرى يېڭى بىر روشەنلىككە ئېرىشكەن .

دىئالوگ تەسۋىرى پېرسوناژ تەسۋىرىنىڭ مۇھىم مەنزىرىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇنىڭدا نۇتقىلىق ھالدا پېرسوناژ تىلىنىڭ ، يەنى تاشقى نۇتقىنىڭ بەدىئىي سۈرىتى سىزىپ بېرىلىدۇ . ئۇنىڭدا چوقۇم ئىندىۋىدۇئال بولۇش ، ئوبرازلىق بولۇش ، جانلىق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ . ئىندىۋىدۇئال بولۇش دېگىنىمىز ، پېرسوناژ تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس بولۇشىنى ، ئۇنىڭ خاراكتېر ئۆزگىچىلىكىنىڭ مۇقىم ۋە تەبىئىي مەھسۇلى سۈپىتىدە باشقا ھەرقانداق پېرسوناژ تىلىدىن روشەن پەرق قىلىشى لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ . ئوبرازلىق بولۇش دېگىنىمىز ، پېرسوناژ تىلىنىڭ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ، تۈز ۋە ئادەتتىكى بايانى ئەمەس ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر نېگىزىدە ئىجادىي جانلاندۇرۇلۇشى بولۇشى لازىملىقىنى ، ھەرقانداق پىكىر ۋە كۆزقاراشنىڭ ئوقۇرمەندە يېقىملىق ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسى پەيدا قىلالايدىغان ئالاھىدە بىر خىل بەدىئىي تۈستە ، يەنى سەنئەت ۋە ئوبراز تۈسىدە بايان قىلىنىشى لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ . جانلىق بولۇش دېگىنىمىز ، پېرسوناژ تىلىنىڭ ئالدى بىلەن خەلق تىلى ، تۇرمۇش تىلىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەكلىكىنى ، ئوقۇلۇشى بىلەن تەڭلا ئوقۇرمەننىڭ ئېڭىغا بېرىپ قۇيۇلىدىغان ساددىلىق ۋە روشەنلىككە ئىگە بولۇشىنى ، ھەرقانداق ۋاقىتتا پېرسوناژ تۇيغۇسىنىڭ تەبىئىي ئىپادىسى ، ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ ئۆز نەرسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن كىتابىي تىلدىن ، يەنى ئەندىزىگە چۈشۈرۈلگەن مەتبۇئات تىلىدىن روشەن پەرق قىلىشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ . پېرسوناژ تىلى پەقەت يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ، يەنى ئالاھىدە مەزمۇن ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ، يېڭى ۋە جانلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىغا ئىگە بولغاندىلا ئاندىن پېرسوناژنىڭ تۇرمۇشى ، ھەۋىسى ، ئادىتى ، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ، خاراكتېر ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى كونكرېت ئەكس ئەتتۈرۈپ ، ئۇنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى چوڭقۇر يورۇتۇپ

بېرەلەيدۇ .

يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ ھېكايىلىرىدىكى دىئالوگ تەسۋىرلىرىگە نەزەر سالساق ، يۇقىرىقى بەدىئىي تەلەپلەرنىڭ تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇلغانلىقىنى ھېس قىلىمىز . ئۇنىڭ پېرسوناژلىرىنىڭ ھەربىر جۈملە سۆزىدىن شۇ پېرسوناژنىڭ ئۆزىنى — ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى ، ھېس - تۇيغۇسىنى ، ئارزۇ ۋە ئىنتىلىشىنى ، قايغۇ ۋە خۇشاللىقىنى كۆرەلەيمىز . ئۇلار ئۆزىنىڭ پىكىر جەھەتتە ئوچۇقلۇقى ، ھېس - تۇيغۇلىرىغا بولغان سەممىيلىكى ، ھايات ئەقىدىسىگە بولغان سادىقلىقى ، خاراكتېر توقۇنۇشى بىلەن مەنىۋى تىركىشىش ھالەتلىرىدىكى قەتئىيلىكى ، قىسقىسى ، ئۆزى قانداق بولسا شۇنداق ياشاپ ، شۇنداق پىكىر قىلىدىغانلىقى بىلەن بىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ .

ئۇنىڭ «ئېھ ، توپىلىق يول» ناملىق ھېكايىسىدە ئېغىر ۋە پەرۋاسىزلىقى بىلەن «بەز» دەپ نام ئالغان قېرى ۋە كۆرۈمسىز دېھقان روزى بىلەن پۇلخۇمار ، گۈزەل چوكان گۈلئايشەمنىڭ قىزىقارلىق مۇھەببەت سەرگۈزەشتى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ . ئاپتور ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقان چاغدىكى تۇيغۇ ۋە تەسىراتلىرىنى دىئالوگ تەسۋىرى ئارقىلىق تۆۋەندىكىچە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ :

« — خېنىم بالىكەنلا ، بەك چىرايلىقكەنلا ، بىزدەك دېھقانغا ئاش بولالىمۇ ، — گۈلئايشەمنىڭ كۆلكىسى تۈگىگەندىن كېيىن روزەك بەز ئايالدىن سورىدى .

— خەق سىلىنى بەز دەيدىكەن ، ماڭىمۇ بەزلىك قىلالىمۇ ؟

— تويىدىن پۇل تاپىدىغان خەق بەز بولمىسا بېيىمايدۇ ، خېنىم !

— سىقىپ ، سىقىمىدىن چىققاننى يالا دېسىلە ، سىلىگە ئاش بولمايمەن . ھەممە گەپنى ھامام ئېيتقاندۇ ، ھامامنىڭ دېگىنىگە كۆنسىلە ، مەنمۇ سىلىنى قېرى كۆرمەيمەن !...

— كۆنگەچكە ئالدىلىرىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندىمەن ، خېنىم !



گۈلئايشەم روزەك بەزنىڭ يالاڭ ئاياغ ، تۆگە تاپىنىدەك پۇتلىرىغا ، چاڭ باسقان يۇڭلۇق مەيدىسىگە ، كىچىك ، ئورۇق يۈزىگە ياراشمىغان كەكە ساقىلى بىلەن ئىنچىكە بۇرۇتىغا ، تەر تەپچىرەپ تۇرغان قىڭراقتەك ئورا كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قارىدى . بۇرۇندىن باشقا بۇ گەۋدىدە گۈلئايشەمگە ياققۇدەك ھېچ نەرسە تېپىلمىدى . ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى - دە :

— تويىنى چوڭ قىلالا ؟ — دېدى .

— جۇۋان تويى بولغاندىكىن چېغىدا بولا !

— مەن ئېتىزدا ئىشلىيەلمىسەمچۇ ؟

— ئالتە بالىغا ئانا بولۇپ ئۆيدە ئولتۇرۇپ بېرەلا !

— زېرىكسەمچۇ ؟

— زېرىكسىلە ئىش قىلالا .

— بالىلار ئۆگەيلىسە قانداق قىلىمەن ؟

— بالىلار كالىنى ئانا دېگۇدەك بولدى ، ئۆگەيلەمدۇ ؟ ماڭا ئايال بولمىسىمۇ بولىۋېرەتتى ، بالىلارغا ئانا بولمىسا بولمايدىكەن .

— بالىلارنى باشقۇرامدىمەن ؟

— شۇنداق .

— پۇلنىچۇ ؟

— بانكا باشقۇرىدۇ . »

بۇ قۇرلارنى ئاپتور يېزىۋاتىدۇ دېگەندىن كۆرە ، مىجەز ، خاراكتېر يېقىدىن ئوخشىشىمايدىغان ئىككى تىرىك ئادەم سۆزلىشىۋاتىدۇ دېگەن تۈزۈك . چۈنكى ، بۇ قۇرلاردا روزەك بەزمۇ ، گۈلئايشەممۇ ئوخشاشلا ئۆزىگە خاس ئادەت ۋە كۆزقاراشقا ئىگە بولغان ئىندىۋىدۇئال ئادەم سۈپىتىدە قەد كۆتۈرىدۇ . روزەك بەز ئۆز لايىقىغا باشتىن - ئاخىر سادda ، پەۋاسىزلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ . لېكىن ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش چۈشەنچىسى بىلەن ھايات ئەقىدىسىدە جاھىللارچە چىڭ تۇرىدۇ . گۈلئايشەمچۇ ؟ ئۇ روزەك بەزنى مەنسىتمەيدۇ ، لېكىن ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ، ئۇنى بويسۇندۇرۇش يولىدا جان - جەھلى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ .

دئالوگنىڭ بىرىنچىسىدە گۈلئايشەمنى كۆرۈپ ئەندىكىپ كەتكەن روزەك بەز سۆزىنى بەكمۇ كۈلكىلىك بولغان غەلىتە بىر سوئالدىن باشلايدۇ . لېكىن ، بۇ ئاددىي سوئال روزەك بەزنىڭ گۈزەل ۋە شوخ بىر چوكاننى كۆرۈشتىن پەيدا بولغان هاياجىنى ۋە خۇشاللىقىنى ، ئۆزىنى چۈشىنىشتىن كەلگەن ئەندىشە ۋە ئىشەنچسىزلىكىنى بەكمۇ ئوبدان يورۇتۇپ بېرىدۇ . گۈلئايشەم بولسا روزەك بەزنىڭ بۇ سوئالىغا ئوخشاشلا سوئال بىلەن جاۋاب بېرىدۇ . ئۇنىڭ بۇ سوئالىدىن ئۆزىنىڭ روزەك بەزنى مەنسىتمەيۋاتقانلىقى ، ئۇنىڭ هەۋەس ۋە قىزىقىشىدىن خورلۇق هېس قىلىۋاتقانلىقى ، لېكىن پۇل - دۇنياغا بولغان ئامراقلىقى تۈپەيلىدىن ئالدىدا ئولتۇرغان بۇ كۆرۈمسىز كىشىگە خۇش مۇئامىلىدە بولۇپ ، ئۇنىڭ هاياجانلىق قەلبىگە تېخىمۇ زور ئىشق ئوتىنى سېلىشقا تىرىشىۋاتقانلىقى بىلىنىدۇ . روزەك بەزچۇ ؟ ئۇ گۈلئايشەمگە كۆڭۈل ئېيتىپ ، ئۆزىنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمايدۇ . ئەكسىچە هايات ئەقىدىسى كەمسىتىلىپ ، شەخسىيىتى كۈلكە قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە بىردىن سەگەكلىشىپ ، ئۆز تۇرمۇش يولىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى ، يەنى بەز بولمىسا بېيىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئۆزىنىڭ غۇرۇرى ۋە قەتئىيلىكىنى ئىپادىلەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن گۈلئايشەم مەنمەنلىك ۋە پەرۋاسىزلىقىنى تاشلاپ ، روزەك بەزنىڭ سۆزى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشقا كۆچىدۇ . ئىككىنچى دئالوگدا گۈلئايشەمنىڭ كونا خۇيى قايتىدىن قوزغىلىپ ، ئېڭىدا ياشلىق ۋە گۈزەللىك بىلەن قېرىلىق ۋە كۆرۈمسىزلىكنىڭ يېڭى ئازابلىق سېلىشتۇرمىسى پەيدا بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ روزەك بەزنى ئىرادە ۋە ئەقىدە يېقىدىن بويسۇندۇرۇشنىڭ يېڭى هەلەكچىلىكىگە بېرىلىپ ، ئۇنىڭغا چوڭ ۋە ئالاهىدە توي قىلىش تەلىپىنى قويىدۇ . لېكىن ، روزەك بەز ئۆزىنىڭ گۈلئايشەمگە بولغان ئەسلىي قارىشى بىلەن ئۇنىڭ ئاياللىق قىممىتىنى ئەدەپ بىلەن چۈشەندۈرۈپ ، ئۇنىڭ تەلىپىنى يەنە بىر قېتىم رەت قىلىدۇ . گۈلئايشەم ئىشەنچ ۋە غۇرۇر ئېگىزلىكىدىن يەنە بىر قېتىم چۈشۈشكە مەجبۇر



بولىدۇ . لېكىن ، ئۇ روزەك بەزنى بويسۇندۇرۇش خىيالىدىن يەنىلا كەچمەيدۇ . ئۇ ئۇستىلىق بىلەن بىرمۇنچە يېڭى تۇرمۇش تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، روزەك بەزنى يول قويۇشقا قىستايدۇ . روزەك بەز ئۇلارنىڭ هەممىسىگە كۆنىدۇ : گۈلئايشەمنىڭ ئائىلىدە خالىغىنىچە ياشىشىغا ، ئۆي ئىشلىرىنى ئىختىيارىچە باشقۇرۇشىغا ، ئىگىلىككە ئۆز ئالدىغا خوجايىنلىق قىلىشىغا تولۇقى بىلەن رازى بولىدۇ ، هەتتا ئانىسىز قالغان ئالتە بالىسىنىڭ هاياتىي تەقدىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشتىنمۇ يانمايدۇ . لېكىن ، پۇلغا كەلگەندىچۇ ؟ ئۇنى بانكىنىڭ باشقۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، گۈلئايشەمنىڭ يولىنى يەنە بىر قېتىم ئېتىپ ، ئۇنىڭ ئۈمىد ۋە ئىشەنچ چىرىغىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۆچۈرىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، روزەك بەز ئۆزىنىڭ دېهقانلارچە غۇرۇرى ۋە قەتئىيەتلىكى ، مەنىۋى تەرەپتىكى پاكلىق ۋە سەمىمىيلىكى بىلەن گۈلئايشەمنى بويسۇندۇرۇپ ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئېغىر ۋە مۇشەققەتلىك تۇرمۇش يولىغا كىرىشكە كۆندۈرىدۇ . گۈلئايشەم هەسرەت ۋە ئەلەمنى پۇلغا بولغان ئامراقلىقتىن كەلگەن تەسەللىسى بىلەن بېسىپ ، هېچقانداق قىزىقى بولمىغان كۆرۈمسىز بىر ئادەمگە تېگىشكە مەجبۇر بولىدۇ .

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ، ساددا ۋە يەڭگىل خەلق تىلى بىلەن قىسقا ۋە ئىخچام بەدىئىي جۈملىلەردىن تۈزۈلگەن بۇ دئالوگ ئۆزىگە ناهايىتى زور ئىچكى مەزمۇننى سىغدۇرغان . ئۇنىڭدا هاياتنىڭ زوق - شوقى بىلەن كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ مەزمۇن ماهىيىتى ، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر تىركىشىشى بىلەن ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى بېسىپ چۈشۈش يولىدىكى يوشۇرۇن ، لېكىن شىددەتلىك ئىچكى هەرىكىتى تولۇقى بىلەن ئەكس ئەتكەن . دېمەك ، ئاپتور دئالوگ تەسۋىرى ئارقىلىق ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرى بىلەن ئۇلارنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روهىي دۇنياسىنى جانلىق ۋە چوڭقۇر ئېچىپ بېرىش مەقسىتىگە يەتكەن .

هەرىكەت تەسۋىرى پېرسوناژنىڭ مۇئەييەن شارائىت ۋە

بەلگىلىك مۇناسىۋەت مۇھىتىدىكى ئىش - ھەرىكىتىنىڭ جانلىق ۋە ئوبرازلىق سىزىپ بېرىلىشىدۇر . پېرسوناژنىڭ ھەرىكىتى پېرسوناژ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ گەۋدىلىنىشى ۋە كونكرېتلىشىشى بولۇپ ، ئۇ ھەرقاچان مەلۇم بىر ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ . شۇڭا ، ھەرىكەت تەسۋىرىدە پېرسوناژنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئەڭ ياخشى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرەلەيدىغان تىپىك ئىش - ھەرىكەتلەرنى تاللاپ تەسۋىرلەش ، ئوبرازنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ جانلىق ۋە ماھىيەتلىك كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدە ئېچىپ بېرىش كېرەك . ئادەتتىكى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى بىلەن تىرىكچىلىك ئۇششاق - چۈششەكلىرىنى ، ھاياتىي تىپىكلىكى بولمىغان ئۆتكۈنچى ۋەقە - ھادىسىلەرنى ھەرىكەت تەسۋىرى دائىرىسىگە سۆرەپ كىرىشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم . تەسۋىرلىنىۋاتقان پېرسوناژ ھەرىكىتى خاسلىق ۋە تىپىكلىككە ئىگە بولۇشى ، ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ تەبىئىي مەھسۇلى بولۇشى ، ئەڭ كىچىك بىر ھەرىكەتمۇ مۇئەييەن بىر مەزمۇنغا — كەم بولسا بولمايدىغان بەدىئىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك . ئۇ جانلىق ۋە قىزىقارلىق ، مۇرەككەپ ۋە دولقۇنلۇق بولۇشى ، ئوقۇرمەن كۈتمىگەن نەتىجە بىلەن ئاخىرلىشىشى ، پېرسوناژنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتى بىلەن بىرلىككە ئىگە بولۇشى لازىم .

يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئىھ ، توپىلىق يول» ناملىق ھېكايىسىدىكى تۆۋەندىكى ھەرىكەت تەسۋىرىنى كۆرۈپ باقايلى . ئۇنىڭدا ئېغىر ۋە ئازابلىق تۇرمۇش بىلەن ھارارەتسىز مۇھەببەتنىڭ تەمسىز نېمەتلىرىدىن زېرىككەن شوخ ۋە گۈزەل بىر ئايالنىڭ — «يېڭى مۇھەببەت شامىلىنىڭ غىدىقلىشى»غا ئەسىر بولغان گۈلئايشەمنىڭ ئۆزگىچە بىر ئىشقىي ھەۋەس يولىغا قەدەم قويغان ۋاقىتتىكى ئالاھىدە ھەرىكىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن :

«ئۇ شېرىن مۇرادى ھاسىل بولمىغان بىر چۈشنىڭ تۇرتكىسى بىلەن تۇندە ئويغاندى . ئۇ يېنىدا ياتقان ئېرىنىڭ خورىكىدىن بىزار



بولۇپ ، كۆڭلەكچان ، يالاڭ ئاياغ مېڭىپ سىرتقا چىقتى ، دالا ئايدىڭ ، قارامتۇل دەرەخلەر گويا قېنىق كۆك تاۋاردىن لىباس ئارتقاندەك ، يىراقلاردىكى قارىيىپ تۇرغان مەھەللىلەرنىڭ ئۇستىگە ئاق تارتىلغاندەك ، گىرىمسەن ئېتىزلار ئاشۇ داكا ئاستىدا ئۇخلاۋاتقاندەك ، بۇ سىرلىق كېچىدە يالغۇز گۈلئايشەمنىڭ يۈرىكىلا بىر خىل ئەندىكىش ، سېغىنىش بىلەن تېپىرلاۋاتقاندەك قىلاتتى . گۈلئايشەم ئوڭ ياڭىقىنى ئالىقىنىغا قويۇپ ، كېچىنىڭ سالقىن ھاۋاسىدىن لەززەتلىنىپ كۆتەك ئۇستىگە ئولتۇردى . شۇ چاغدا دەرەخلەر ئارىسىدىكى قوي قوتىنى تەرەپتىن ئاستا ، يېقىملىق ناخشا ئاڭلاندى . ناخشا مۇڭلۇق ، تاتلىق ئىدى . گۈلئايشەم ناخشىچىنىڭ يېنىغا كېتىپ بېرىپ : ‹سەمەت قويچى ، سەن بەلكىم مېنى دەپ ئۇخلىمىغانسەن ، يەر ئاستىدىن قاراشلىرىڭ باشقىچە ئىدى . ئېيتقان ناخشىلىرىڭ ماڭا ئاتالغان بولسا مەن سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزەي › دېدى .

قويچى بىمەھەل كەلگەن خوجايىنىنى كۆرۈپ قاتلانما كارىۋات ئۇستىدىن چاچراپ تۇرۇپ گەدىنىنى سىلىدى .

— كىم سېنى ئۇخلاتمايۋاتقان ، سەمەتۋاي ، — ئايال ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى .

— قويلار ، ئاچا ، قويلار ! — سەمەت داجىدى ، گۈلئايشەم ئۇنىڭ قولىدىن تۇتتى .

— ساراڭ ، قورقما ، خوجايىنىڭ قېرى ئىتتەك مەلەق ئۇيقۇدا !

— كىرىپ كەتسىلە ، ئاچا ، — دېدى سەمەت تىترەپ ، — ئۇنداق قىلمىسىلا ، نامەھرەم بولىدۇ ، خوجايىنىنىڭ تۇزىنى ھالاللاپ يېگىلى قويسىلا .

— ساراڭ ، — دېدى گۈلئايشەم كاسىلداپ تىترەۋاتقان يىگىتنىڭ قولىنى سىلىكىپ قويۇۋېتىپ ، — ئادەمنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ نېمىگە كاركىرايسەن ئەمىسە ؟ »

بۇ پارچىدا ، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن بەدىئىي تەلەپلەر

ئۆزىگە خاس بىر خىل ئىجادىي تۇستە، يەنى ئوقۇرمەننى قىزىقتۇرىدىغان ھەرىكەتچان بەدىئىي تەسۋىر تۇسىدە گەۋدىلەندۇرۇلگەن. ئۇنىڭدا مۇھىتمۇ، ھەرىكەتمۇ، قىياپەتمۇ، ھالەتمۇ، ھېسسىياتمۇ، ئومۇمەن ھەرىكەت تەسۋىرىدە زۆرۈر بولغان ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇلار شۇنداق بىرخىل مۇقىملىق ۋە بىرلىك ھالىتىدە كىرىشتۇرۇلگەنكى، ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ تەۋرەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنى ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم جىنايەتلىك ئىشقا قەدەم قويۇۋاتقان نومۇسچان ئايالنىڭ روھىي ھالىتىگە ماس بولغان سىرلىق ۋە ۋەھىملىك كەيپىيات بىلەن ئارزۇ ۋە ئەقىدە يولىدا ھېچ نەرسىدىن قايتمايدىغان قورقۇمسىز چوكاننىڭ كەسكىنلىك ۋە قەتئىيلىكى تۇتۇپ تۇرىدۇ. تەسۋىرگە سىڭدۇرۇلگەن كۆچلۈك ئىچكى مەزمۇن، پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ ئومۇمىي مەنتىقىسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھەرىكەت ۋە ھېسسىياتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇقەررەرلىك ھالىتى ئۇلارنى بىر پۈتۈن بەدىئىي سەھىپىگە ئۇيۇشتۇرىدۇ.

يۇقىرىقى مۇلاھىزىلىرىمىزدىن شۇ خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، يازغۇچى زوردۇن سابىر ئۆزىنىڭ ھېكايىچىلىق ئىجادىيىتىدە پېرسوناژ تەسۋىرىنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنىڭ ماھىيەتلىك تەرتىپلىرى چىن ۋە ھەققانىي يورۇتۇپ بېرىلگەن بىرمۇنچە ئىجادىي ئەسەرلەرنى ياراتتى. ئۇ بۇ ئەسەرلىرىدە پېرسوناژ تەسۋىرىنىڭ پېرسوناژ خاراكتېرى بىلەن بولغان بىردەكلىكىگە ئېرىشىپ، ئۇنىڭغا پېرسوناژنىڭ ئۆز سۆزى، ئۆز ھەرىكىتى، ئۆز چۈشەنچىسىنى تەبىئىي ھالدا سىڭدۇرۇۋەتتى. نەتىجىدە ئۇنىڭ ياراتقان ئوبرازلىرى يېڭى ۋە تىپىكلىكى، مەزمۇن دەللىكى ۋە بەدىئىي ئېنىقلىقى بىلەن ئوقۇرمەننى جەلپ قىلىدىغان، ھاياتىي ھېكمەت ۋە پىكىر چوڭقۇرلۇقى بىلەن زېھىن ۋە ئەقىلنى ئاچىدىغان ئىجادىي بەدىئىي ئوبرازلاردىن بولۇپ قالدى. بۇ يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ دەۋر تۇرمۇشىنىڭ قاينام ـ تاشقىنىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇنىڭ مەزمۇن



ماھىيىتىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنى جانلىق ۋە ئىجادىي يورۇتۇپ بېرىش يولىدا تىرىشىپ ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەم ۋە ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى بىۋاسىتە يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدىغان پېرسوناژ تەسۋىرىگە ئالاھىدە كۆچ چىقىرىپ، ئۇنى ئاڭلىق ۋە ئىجادىي قوللىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ »

يۇقىرىقىلار بىزنىڭ يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ يېقىنقى يىللار مابەينىدە ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم ھېكايىلىرىنى ئوقۇش ۋە مۇلاھىزە قىلىشتىن ئالغان ئومۇمىي تەسىراتىمىز بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئايرىم ئەسەرلىرىدە ساقلانغان بەزى كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى يوققا چىقىرىۋېتەلمەيدۇ، بۇ كەمچىلىكلەر ئەڭ ئاۋۋال بۇ ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار تەسۋىرىنىڭ ھايات رېئاللىقى بىلەن خاراكتېرلەر چىنلىقى پرىنسىپىغا ئۇيغۇن بولمىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىللىق 9 ـ سانىدا ئۇنىڭ «ئايدىڭ كېچە» ناملىق ھېكايىسى ئېلان قىلىندى. ھېكايىدە مۇنداق بىر ۋەقە تەسۋىرلەنگەن: يىگىرمە يىلدىن ئوشۇق ئۆمرى «سول» يېزا سىياسىتى مۇھىتىدا ئىشلەش ۋە ھوقۇق تۇتۇش بىلەن ئۆتكەن پېشقەدەم شۇجى ساتتار ئۆز يېزىسىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ قاتتىق بىئارام بولىدۇ. ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى ئويلاپ ئازابلىنىدۇ. كىشىلەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ، ھۆكمىنىڭ ئاقمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىن غەزەپلىنىدۇ. قىسقىسى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بارلىققا كېلىۋاتقان ھەربىر يېڭى شەيئى، كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى ھەربىر يېڭى كۆرۈنۈش ئۇنىڭغا گويا ئالەمنىڭ ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئۇ ھەسرەت ۋە زارلىنىش ئىچىدە ئۆزىنى قىيناۋاتقان ھەممە يېڭى نەرسىنى يوقىتىشقا، ئۆمۈر بويى ئېسىدىن چىقمايدىغان ئامەتلىك كۈنلىرىنى قايتا تىكلەشكە ئۇرۇنىدۇ. دېمەك، ئۇ ئوقۇرمەن ئالدىدا «سول» سىياسىي

لۇشيەن بىلەن كونا تۇرمۇش قالدۇقلىرىغا پۈتۈن بارلىقى بىلەن باغلانغان، ھاياتتا شۇنىڭ ئۈچۈن ياشاپ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈشنى شەرەپ بىلىدىغان ساددا مۇھەببەت تۇيغۇسىدىكى قارام بىر ئادەم بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل ئىدىيىۋى خاراكتېرى «سول» لۇشيەن دەۋرىدە ئۆزىنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن زەربە يەپ خورلانغان، ئۇنىڭ نەزىرىدە سوتسىيالىزمنىڭ تىنچىماس دۈشمىنى ھېسابلىنىدىغان زىيالىي ياش نىياز بىلەن بولغان زىددىيەتتە مەركەزلىك ئەكس ئېتىدۇ. ئۇ نىيازنىڭ زاۋۇت قۇرۇپ يېڭىدىن قەد كۆتۈرگەنلىكى، سىياسىي تەرەپتىن قەدىرلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنلىكىدىن غەزەپلىنىدۇ، ئۇ نىيازنى ئۆمۈرلۈك دۈشمىنى ھېسابلايدۇ. مانا، ئاپتورنىڭ بۇ ھەقتە يازغان قۇرلىرى: «نىياز دېگەن ئىسمنى ئاڭلىسىلا ساتتارنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىدۇ، قۇيقا چېچى تىك تۇرىدۇ. ئۇ ھەتتا ئۇرۇق – تۇغقانلىرىنىڭ بىرەرى بالىسىغا ‹نىياز› دەپ ئىسىم قويغان بولسا، ئۇ بالىغىمۇ ئۆچلۈك قىلىپ، تۇغقىنىغىمۇ قارىغۇسى كەلمەيدۇ.» گەرچە ساتتار نىيازنى شۇنچىلىك دەرىجىدە يامان كۆرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ، پېيىنى قىرقىشقا قۇربى يەتمەيدۇ. ئاخىر ئۇ يۇقىرىدىن ياردەم ۋە پاناھ تىلەپ، ناھىيە ھاكىمىنىڭ ئىشخانىسىغا بارىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ساتتاردا ئوقۇرمەن كۈتمىگەن ئاجايىپ زور بىر ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھەممە چۈشەنچە ۋە ئەقىدىسىدىن بىردىنلا ۋاز كېچىپ، نىيازنىڭ قۇيمىچىلىق زاۋۇتى ئۈچۈن بىر ماشىنا چويۈن تەييارلاپ، خۇشاللىق بىلەن يېزىسىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ ماشىنىنىڭ ئۈستىدە يانپاشلاپ ياتقىنىچە تولۇن ئايغا مۇنداق پىچىرلايدۇ: «يەنە ئۈچراشتۇق، نېمانچە خۇش چىرايسەن؟ يا بولمىسا سەنمۇ ماڭا ئوخشاش ئابلا ھاكىمنىڭ كىچىك ماشىنىسىغا چۈشۈپ، يېڭىلىقلارنى كۆرۈپ، كونىلىقنى تاشلىدىڭمۇ؟ گادىرماش تۈگۈچلەرنى يەشتىڭمۇ؟ ھەي، ئاي! بىلمىگەن بولساڭ بىلىۋالغىن، نىيازغا ئوخشاش يېڭى تىجارەتچى، يەككە



ئوقەتچىلەرنى قوللاشمۇ كوممۇنىستلارنىڭ بۇرچى ئىكەن، جاھان ئۆزگىرىپتۇ. سەن ئېگىزدە، مەن پەستە قاپتىمەن.»

دېمەك، ئۆزىنىڭ ھايات يولىنىڭ توغرا ۋە مۇقەددەسلىكىگە شۇنچىلىك چوڭقۇر ئىشەنگەن، ھەرقانداق ۋاقىتتىمۇ ھايات ئەقىدىسىدىن كەچمەيدىغان، جاھىل ۋە قارام بىر ئادەم ھاكىمنىڭ بىر قېتىملىق ئەمەلىي تەربىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەنلا ئۆزگىرىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ نەپرەتلىك دۈشمىنىنىڭ ياردەمچىسى ۋە قوللىغۇچىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. يېڭى ئىدىيە، يېڭى چۈشەنچە ئۇنىڭ ئاڭ ۋە زېھنىنى يورۇتۇپ، ئۇنى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئىستىقباللىق يولىغا باشلاپ كىرىدۇ.

گەرچە ئاپتور ئۆز پېرسوناژىدىكى بۇ خىل ئىدىيىۋى ئۆزگىرىشنى ئوبرازلىق تىل ۋە قىزىقارلىق بەدىئىي تەسۋىرلەر ۋاستىسى بىلەن ئۆزگىچە بىرخىل فورمىدا يورۇتۇپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن پېرسوناژدىكى بۇ خىل غەلىتە ئۆزگىرىش ئوقۇرمەننى بەربىر ئىشەندۈرەلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدىكى، ئاپتور ئالدى بىلەن ئۆز پېرسوناژىنىڭ خاراكتېر مەنتىقىسىنى چىڭ ئىگىلىيەلمىگەن، ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە باشتىن – ئاخىر سادىق بولۇپ، ئۇنىڭ ھايات يولى بىلەن ئىدىيىۋى روھىي ھالىتىنىڭ بەدىئىي مۇقەررەرلىكىنى چىن ۋە ھەققانىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرمەي، ئەكسىچە ئۇقۇم، چۈشەنچىگە بېرىلىپ، ئۆزىنىڭ ساددا ئىدىيىۋى ھېسسىياتى بىلەن ئادەتتىكى تۇرمۇش تەسىراتىنى پېرسوناژنىڭ خاراكتېر مەنتىقىسى ئورنىغا دەسسەتكەن. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئاپتورنىڭ پېرسوناژ تەسۋىرى — ئۇنىڭ تىلى، ھېسسىياتى، ھەرىكىتى قاتارلىقلارغا بولغان ئېستېتىك باھاسى پېرسوناژنىڭ خاراكتېر ئۆزگىچىلىكى بىلەن بىردەكلىككە ئېرىشەلمەي، پېرسوناژ رېئاللىق ئاساسى يوق، مۇرەككەپلىكتىن خالىي، ئەقىدە ۋە ئىرادە كۈچى ئاجىز، بوش ۋە جانسىز پېرسوناژغا ئايلىنىپ قالغان.

بىز باشتا توختىلىپ ئۆتكەن جامى ئوبرازىنى بىر ئەسلەپ

كۆرەيلى . ئۇ تۇرمۇش رېئاللىقى ئىچىدىن ئۆسۈپ چىققان چىن ۋە ھەققانىي ئوبراز بولغانلىقى بىلەن بىزنى تەسىرلەندۈردۇ . ئۆزىنىڭ ھايات ئەقىدىسىگە بولغان سادىقلىقى ، ئىش - ھەرىكىتىدىكى قەتئىيلىكى ، پىكىر ۋە كۆزقارشىدىكى جاھىللىقى ، قىسقىسى ، ئازاب ۋە خورلۇقتىن بوغۇلۇپ ، ھالسىراپ يىقىلغان چېغىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇ ۋە ئىرادىسىگە توسقۇن بولىدىغان ھەرقانداق نەرسىلەرنى يىمىرىپ تاشلاش قابىلىقى بىلەن ياشايدىغان تىرىك ئادەم بولغانلىقى بىلەن ئۇزاققىچە ئېسىمىزدە ساقلىنىپ قالىدۇ . ۋەھالەنكى ، ساتتار ئوبرازى پۈتۈن بىر تارىخىي دەۋرنىڭ بەدىئىي مەھسۇلى بولغانلىقى ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقىنىغا قارىماي ، ئۇنىڭدا جامەدىكىدەك جانلىقلىق ۋە مۇرەككەپلىك تېپىلمايدۇ . ئوقۇرمەنىنىڭ كۆز ئالدىدا يېزىلاردىكى ھەر خىل ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر بىلەن يېڭى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا توسقۇن بولىدىغان مۇئەييەن ئىجتىمائىي كۈچ سۈپىتىدە گەۋدىلەنمەيدۇ . شۇڭا ، ئۇنى كونا ئىدىيە ، كونا مۇناسىۋەتلەر شارائىتىدا يېتىلگەن قاتمال بىر سىياسىي ئادەمنىڭ يېڭى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر مۇھىتىغا دۇچ كەلگەن چېغىدىكى مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك روھىي ھالىتىنىڭ ئىجادىي بەدىئىي تەسۋىر زېمىنىدا ئەكس ئەتكەن ئوبرازلىق ئىنكاسى دېيىشكە بولمايدۇ :

1985 - يىلى 12 - ئاي



# زۇلمەتلىك يىللارنىڭ ئىسيانكار شائىرى

بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر بۇرۇنقى ۋەھىملىك بىر ئەتىيازدا ، يەنى 1933 - يىلى 3 - ئايدا خەلق كۈرىشىنىڭ ئوت - يالقۇنى بىلەن قاپلانغان قەدىمكى تۇرپاندا ئەبەدىي ئۇنتۇلمايدىغان بىر قانلىق ۋەقە يۈز بەردى . تۇرپان دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ ئون يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان مەخپىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى مىللەتارىست شېڭ شىسەينىڭ باندىت قوشۇنى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ ، تۇرپان بازار ئىچىدە ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى . بۇ كىشىلەر ئىچىدە ئاشۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە رەھبىرى — ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ بار ئىدى . ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆلۈمى جاھالەت ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئومۇمىي خەلق كۈرىشى ئۈچۈن ، شۇنداقلا باي ۋە قەدىمىلىكى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان شانلىق ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىمىز ئۈچۈن غايەت زور يوقىتىش بولدى .

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چىڭ خاندانلىقى ھاكىمىيىتى ئومۇميۈزلۈك ھالاكەتكە قاراپ يۈزلەنگەن ، فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ زۇلمى چېكىگە يەتكەن زۇلمەتلىك يىللاردا دۇنياغا كەلدى . ئۇنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى ئېغىر ئەمگەك ، جاپالىق تۇرمۇش دەستىدىن مىجىلغان دەردمەن خەلقنىڭ ئاھۇ زارى ئىچىدە ئۆتتى . خورلۇق ، قاششاقلىق بىلەن جاھالەت ۋە تەڭسىزلىكنىڭ ئەلەم - ھەسرىتى ئۇنىڭ بالىلىق قەلبىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇردى .

شىنجاڭنىڭ يەرلىك خاقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئامەتلىك تەختكە يېقىندىن ئولتۇرغان مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن چىڭ خاندانلىقى

ئەمەلدارلىرىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن ئەكسىيەتچى سىياسەتلىرىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلىپ ، خەلقنى بېسىپ ۋە باشقۇرۇشنىڭ بىرمۇنچە يېڭى تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ ، شىنجاڭنى سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇمنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى ئۇچىقىغا ئايلاندۇردى . ئۇ يەرلىك فېئوداللار بىلەن مۇتەئەسسىپ دىندارلارنى ئالاھىدە ئىمتىياز بىلەن تەمىنلەپ ، پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ خەلقنى تالان - تاراج قىلىشىغا تېخىمۇ كەڭ يول ئېچىپ بەردى . يېڭىلىق ۋە ئىلغارلىقنىڭ ھەرقانداق يولىنى ئېتىپ ، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى دېموكراتىك ھەرىكەتلەرنىمۇ شەپقەتسىز باستۇردى . جاھالەت ۋە مۇتەئەسسىپلىك قاراڭغۇلۇقى ھەممە يەرنى قاپلىدى . شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ ئىجتىمائىي شارائىتتا ، يەنى فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەر غالجىرلىشىپ خۇدىنى يوقاتقان ، زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە دەستىدىن ھالىدىن كەتكەن ئەمگەكچى خەلق ئامالسىزلىقتىن قىينىلىپ ، تىرىكچىلىك كويىغا چۈشۈپ قالغان ئېغىر شارائىتتا ئىجادىيەت سېپىگە قەدەم قويدى . سىياسىي بىپەرۋالىق ، تەقدىرگە تەن بېرىش ، ھەممىگە سەۋر - تاقەت قىلىش ئۇ چاغدىكى مۇتلەق كۆپ كىشىلەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر خىل روھىي ھالەت ئىدى . شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ خىل پاسسىپ روھىي ھالەتنىڭ بارغانچە كېڭىيىپ ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي مەنىۋى كېسەللىكىگە ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ تۈپ ئىجتىمائىي سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدەندى . ئۇ بۇ خىل روھىي ھالەتنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ تۈپ سەۋەبلىرى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ خەلقنى ئېزىش ۋە باستۇرۇش سىياسىتىدىن باشقا ، نادانلىق ، قالاقلىق ، مۇتەئەسسىپلىك ھەم خەلق تۇرمۇشىدا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ھەر خىل ناچار ئىللەتلەر ئىكەنلىكىنى كۆردى . تەبىئىيكى ، بۇنداق قالاق ئىجتىمائىي شارائىتتا ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ، يەنى مەنىۋى تەرەپتىن قاششاق ، پەزىلەت ۋە خاراكتېر جەھەتتىن بۇزۇلغان زەئىپ ئادەملەرنىڭ سىياسىي ئارام ۋە تىرىكچىلىك



ھالەكچىلىكتىن باشقا غېمى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئۇلارنىڭ جەمئىيەتنى چۈشىنىش ۋە ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش يولىدا بىرەر ھەرىكەت قىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تېخىمۇ قىيىن ئىدى . شۇڭا ، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خەلقنى ئويغىتىش ئارقىلىق ھەر خىل فېئودال ، دىنىي بويۇنتۇرۇقلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ، ئۇلارنى يېڭىلىق ۋە ئىلغارلىققا جەلپ قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئەڭ شەرەپلىك بۇرچى دەپ قارىدى . بۇ خىل كۆزقاراش كېيىنچە ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ ئاساسى ، باي ۋە جەڭگىۋار شېئىرىي ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى .

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ خىل تېمىدىكى شېئىرلىرىدا ئاساسەن كونىلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكنى شەپقەتسىز پاش قىلىپ ، قالاق ۋە بولمىغۇر تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن يامان ئەخلاق ، ناچار ئىللەتلەرنى كەسكىن تەنقىد قىلدى . غەپلەت ئۇيقۇسىدا چۈشەكەپ ياتقان ئادەملەرنى ئويغىنىشقا ، ھەممىگە كۆنۈپ ئۆگەنگەن بىپەرۋا كىشىلەرنى سەزگۈرلۈك ۋە ھەرىكەتچانلىققا ئۈندىدى . ئۇلارنى مەۋجۇت رېئاللىقنى ئۆزگەرتىپ ، جەمئىيەت ۋە تۇرمۇشنى يېڭىلاش يولىدىكى ئۇلۇغ كۈرەشكە دالالەت قىلدى . ئۇنىڭ «ئىستىمەس» ، «ئۈزۈلمەس ئۈمىد» ، «باردۇر» ، «غەزەپ ۋە زار» ، «ئويغان» ، «ھار» قاتارلىق بىرمۇنچە شېئىرلىرىدا بۇ خىل مەزمۇن بەكمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن .

شائىرنىڭ 1921 - يىلى يېزىلغان «باردۇر» ناملىق شېئىرى ئۇنىڭ دەسلەپكى يىللاردىكى مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسىگە ئەڭ ياخشى ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر . ئۇنىڭدا ئاپتور مىللەتنىڭ يۈكسىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇن بولۇۋاتقان كونىلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكلەرنى كۈچلۈك قامچىلاپ ، ئېكسپىلاتاتور سىنىپلار تەرىپىدىن خەلق تۇرمۇشىغا سىڭدۈرۈلگەن يامان ئادەت ، ناچار ئەخلاق ھادىسىلىرىنى ھەممە ئىجتىمائىي پالاكەتچىلىكلەرنىڭ يىلتىزى سۈپىتىدە قاتتىق قارىلايدۇ . تۇرمۇش

پاكىتلىرىنىڭ جانلىق ۋە تىپىكلىكى ، ھەجۋىي تۇسنىڭ قويۇق ۋە ئۆتكۈرلۈكى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان بۇ شېئىر جاھالەت ۋە نادانلىقنىڭ ساتىرىك ئەيىبنامىسى ، ئويغىنىش ۋە مەنىۋى مۇكەممەللىكنىڭ ئوبرازلىق دەۋەتنامىسى سۈپىتىدە جاراڭلايدۇ :

«جاھالەت سەمەرىسىدىن بىزگە بىر كۈن كۆپ جاپا باردۇر ،
ئېيتىڭىزچۇ ، بۇگۈنكى ھالىمىزنىڭ قايسىبىرىدە ساپا باردۇر ؟
زامانىنىڭ ھالىدىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرماقنىڭ ئورنىغا ،
بىرىنى شاڭيو سايلاپ ، ئارقىدىن دەۋايىمىز باردۇر .
دوستلۇق ھەم ئىتتىپاقلىق نىشانى قالمىدى بىزدە ،
يېڭى باشنى كۆتۈرگەننى ئۇرۇپ يىقىتقانىمىز باردۇر .
ئويۇن - چاقچاق تۇپەيلىدىن دوستلار ئارا بىئەپ بولساق ،
ياراشتۇرۇپ قويۇش نەدە ، ئارىغا ئوت ياققانىمىز باردۇر .
خۇشامەت بابىدا بىزدىن بۆلەك ئۇستىسى ھەم كەمدۇر ،
قۇۋۇلۇغۇ شۇملۇق بىلەن رەڭمۇرەڭ يالغانىمىز باردۇر .
بوۋىلار شۆھرىتىنى ، غەيرىتىنى ھېچ سېغىنماسمىز ،
قېلىپ غەپلەت جاھالەتتە يۇمۇپ كۆز ، پو ئاتقانىمىز باردۇر .
ھۈنەر بىلەن سانائەتتە «يېتىشتۇق» ، ئەمدى ، ئىش پۈتتى ،
ئۇماچ ئىچمەككە خۇمداندا ھېچبىر قۇيغانىمىز باردۇر .
«ئىت ئۇرغاننى تونۇر» دەپ بار ئىدى بىر تەمسىلى ،
لويى ، ئامبال ۋە دارىن دەپ ، سىمىز باققانىمىز باردۇر .
قىزىل كۆزلۈك ، كۆرەلمەسلىك ۋە يا ئۆزى قىلالماسلىق ،
قىلاي دەپ بەل باغلىغانلارغا تۈرلۈك - تۈمەن بوھتانىمىز باردۇر .»
(«ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 8 - ئاي نەشرى ، 13 — 15 - بەتلەر )

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، شائىر خەلق تۇرمۇشىدىكى ئاشۇنداق بولمىغۇر ئەخلاقىي ئىللەتلەر بىلەن مەنىۋى



زەئىپلىكلەرنى تەنقىد قىلغان چېغىدا ، ھەرگىز ئۆزىنى خەلقتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويمايدۇ . ھەممىنى بىلگۈچى ، ھەممىگە پاراسەت ئاتا قىلغۇچى دانا ۋە ئاقىل سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ ، خەلققە پەند - نەسىھەت قىلمايدۇ . ئەكسىچە ، ئۆزىنى شۇ ئاجىز - بىچارە خەلقنىڭ ئاددىي بىر ئەزاسى ، ئۇنىڭ ۋاپادار پەرزەنتى ھېسابلاپ ، ئاشۇ مەنىۋى قاششاقلىقلارنىڭ جاۋابكارى سۈپىتىدە ئۆزىنىمۇ بىللە ئەيىبلەيدۇ . ئۇنىڭ نومۇس ۋە ئېچىنىش ھېسسىياتى بىلەن تولغان قەلبى ۋىجدان ئازابىدا قىينىلىدۇ . ئۇنىڭ ئاچچىق ئەلەم ، تەڭسىز ھەسرەت بىلەن تولغان مىسرالىرىدىن ئۆز خەلقىگە بولغان قىزغىن مۇھەببەت ، تەڭداشسىز ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ .

شائىر ئۆزىنىڭ «ئىستىمەس» ناملىق شېئىرىدا يۇقىرىقى مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى «باردۇر» شېئىرىغا پۈتۈنلەي ئوخشاشمىغان ھالدا يېڭى ۋە ئۆزگىچە بىر خىل ئىدىيىۋى مەزمۇن نېگىزىدە ئېچىپ بېرىدۇ . ئۇ بۇنىڭدا نادانلىقتىن قۇتۇلۇش ، ئىلىم - پەن ئىگىلەشتەك ئومۇمىي مەزمۇنلار دائىرىسىدىن چىقىپ ، جەمئىيەتنىڭ رېئال ئەھۋالى بىلەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ كونكرېت تۇرمۇش ھالىتىگە نەزەر ئاغدۇرىدۇ :

«يەپ زەھەر بولدى كېسەل ، ئەھۋالىدا كۆپتۇر خەتەر ،
مىللىتىم جان چىقسىمۇ ، داۋالىنىشنى ئىستىمەس .
باشقىلار كۆكتە ، دېڭىزدا ئۈزدى شوخ پەرۋاز قىلىپ ،
بىزگە كەلسە بىر قوتۇر ئېشەك مىنىشنى ئىستىمەس .
ئىزدىدى ھۆما قۇشنى كۈندە ئاسمانغا قاراپ ،
ئىزدىگەنلەر باشىغا ھۆما قونۇشنى ئىستىمەس .
مىللىتىم تارتقان ئازابقا كۆڭۈل قانداق چىدار ،
ئەل غېرىب ئىڭرايدۇ ، ئەمما تەۋرىنىشنى ئىستىمەس .»
(«ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 8 - ئاي نەشرى ، 67 - ، 68 - بەتلەر )

ئاپتور بۇ مىسرالىرىدا خەلقنى چۇشەپ كېلىۋاتقان كونىلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىككە بولغان بىزارلىقىنى جانلىق ئەكس ئەتتۇرۇپ، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى ئاڭلىقلىق ۋە پائالىيەتچانلىقنى تەرغىب قىلىدۇ. زۇلۇم ۋە زورلۇق دەستىدىن پەرياد چېكىۋاتقان بىچارە ئادەملەرنىڭ ئۆز ئەھۋالىنى ياخشىلاش كويىدا بولمىغانلىقىدىن زارلىنىدۇ. تەقدىرگە تەن بېرىپ، ھەممىگە شۈكۈر - قانائەت قىلىپ، كۈن ئۆتكۈزۈشتەك تەقدىرچىلىك كۆز قارىشىنى قاتتىق سۆكىدۇ. ئاپتور شېئىرىدا ئۆز دەۋرى كىشىلىرىنىڭ بىخودلۇق ۋە ھەممىگە پەرۋاسىز قاراشتەك روھىي ھالىتىنى «ئۆيگە ئوغرى» كىرسىمۇ، «ئىز تېپىشنى ئىستىمەس» لىكىدەك تىپىك ۋە ئوبرازلىق پىكىر بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ، سەزگۈرلۈك ۋە ھەرىكەتچانلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، ھاياتىي غەيرەت ۋە جاسارەتنى ئۇلۇغلايدۇ.

ئاپتورنىڭ بۇ خىل مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسى ئۇنىڭ 1927 - يىلى يازغان «غەزەپ ۋە زار» ناملىق شېئىرىدا تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەكس ئېتىدۇ. ئۇنىڭدا شائىر كونىلىق ۋە نادانلىق ئاسارىتىدىن ئازاب چېكىۋاتقان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى جەمئىيەتتىكى رېئال ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر بىلەن باغلاپ، ئۇنى سىنىپىي زۇلۇم نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى تېخىمۇ يۈكسەك ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە قىلىدۇ. زۇلۇم ئوكيانىنىڭ «تاغ كەبى دولقۇنلىرى»دا لەيلەپ، ۋەھىمە ۋە ئەندىشە تۇمانى ئىچىدە قايمۇقۇپ يۈرگەن خەلقنى نىشاندىن ئاداشماي، خەتەرلىك قايناملارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، «پاراغەت ئارىلى»غا يېتىشكە، ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ يېڭى جاراڭلىق سىگنالىنى ياڭرىتىپ، ئازاد ۋە ئەركىن يېڭى دۇنيا قۇرۇشقا چاقىرىدۇ. شائىرنىڭ شېئىرىدا ئەكس ئەتكەن يېڭىلىق ۋە ئىلغارلىق كۆزقارىشى، قالاق ۋە ئازابلىق تۇرمۇش ئۇستىدىن قىلغان شىكايىتى خەلقنىڭ ئازادلىق ۋە ئەركىنلىك ئىدىيىسى بىلەن، شۇنداقلا غايە ۋە ئىستىقبالى بىلەن



تەبىئىي بىرلىشىپ كېتىدۇ.

«باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق،
مەن مىسال يالاڭ ئاياغ، دەسسەپ تىكەن ماڭارمەن.
ئىلىم - پەندىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت، خەۋپ - خەتەر،
ھالىمىز قۇلدىن بەتتەر، قانداق چىداپ تۇرارمەن.
تىل - ھاقارەت، تەنە - دىخمار، ۋاي داد، بۇ جاننى قىيىندى،
ئەمدى نە قىلماق كېرەك، ئەجەبمۇ بولدۇم خارمەن.
زۇلۇمنىڭ ئوكيانىدىن تاپماي پاراغەت ئارىلى،
تاغ كەبى دولقۇندا لەيلەپ، ھەققە ئاھ ئۇرارمەن.
دەۋر جەبرىدىن ئىسىت! ھالىڭغا ئۇيغۇر ۋايىكىم،
جاننى ئالىقانغا ئېلىپ چىق، تاپمايسەن باشقا چارىسەن!»

(«ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 8 - ئاي نەشرى، 34 - ، 35 - بەتلەر)

شائىرنىڭ مەرىپەتچىلىك تېمىسىدا يېزىلغان يۇقىرىقى بىر قاتار شېئىرلىرىدىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىزكى، ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراش ۋە چۈشەنچىلىرى ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن يۈكسەك ۋە مۇكەممەل بولغان، مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسى ناھايىتى ساپ، دېموكراتىك ئىدىيىلەرگە باي بولۇپ، يېڭىلىق ۋە ئىلغارلىققا ئىنتىلىش قىزغىنلىقى بىلەن تولۇپ تاشقان. ئۇ بۇ ھەقتىكى شېئىرلىرىدا ئەمدىلا شەكىللىنىپ كېلىۋاتقان مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ گۈللىنىش ۋە روناق تېپىش ئارزۇسىنى، سىياسىي سەھنىگە چىقىشتىكى ھەۋەس ۋە قىزغىنلىقى بىلەن فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە بولغان قارشىلىق ۋە نارازىلىقىنى ئەمەس، بەلكى كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ دەرد - ھەسرىتىنى، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى بىلەن دەۋرنىڭ تەلەپ - ئېھتىياجىنى ئەكس ئەتتۇرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسىنى ئادەتتىكىچە ئىلىم - پەنگە بېرىلىش،

يېڭىلىق ۋە تەرەققىياتقا ئىنتىلىش، خەلققە ئاز - تولا ئارام بېرىدىغان ئاددىي ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن چەكلەپ قويمىغان. ئەكسىچە، بۇ ئىدىيىسىنى رېئال ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ سىرىنى چۈشىنىش، تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيەتلىك تەرەققىياتىنى بىلىش، ئىنقىلابىي كۈرەش ئارقىلىق دۇنيانى ئۆزگەرتىپ، ئازاد ۋە بەختىيار يېڭى ھايات قۇرۇشتىن ئىبارەت ئالىيجاناب مەقسەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۆز دەۋرىدە ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ، كونىلىق ۋە خۇراپاتلىق ئىسكەنجىسىدە قالغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئويغىنىش ۋە ئۇيۇشۇشىغا ئالاھىدە زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئەينى چاغدا ئۇلارنىڭ ۋەھىمە، دىلغۇللۇقنى تاشلاپ، مەردانىلىك بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، جاھالەت، زۇلۇم پەيدا قىلغان ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ «بېشىنى كېسىپ، قېنىنى چېچىشى»غا ئىلھام بەرگەن.

1920 - يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا كەلگەندە شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. خەلقنىڭ قارشىلىقى ۋە نارازىلىقىنى شەپقەتسىز باستۇرۇپ، جەمئىيەتنى بىر مەزگىل تىنچىتقان مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن كۆرەڭلىكتە خۇدىنى يوقىتىپ، خەلقنى ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنىڭ تېخىمۇ زەھەرلىك ۋاستىلىرىنى ئىشقا سالدى. ئۇ يەرلىك خەلقلەرنى بۆلۈش ۋە پارچىلاش، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا نىزا پەيدا قىلىش، ئىقتىسادىي تەرەپتىن شەپقەتسىز بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، سىياسىي جەھەتتە بوغۇش ۋە باستۇرۇشتەك جىنايى قىلمىشلىرىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈردى. جەمئىيەتتە ئەكسىيەتچى فېئوداللىق تۈزۈم بىلەن ئاچ كۆز ئەمەلدارلارغا قارشى يېڭى كۈرەش ئوندۇرمىلىرى پەيدا بولدى. بۇ خىل ئىجتىمائىي رېئاللىق شائىرنى ئىدىيە ۋە دۇنيا قاراشتا تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈپ، ئۇنى ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى يېڭى تېماتىك كەڭلىككە ئېرىشىپ، تېخىمۇ جەڭگىۋار ئىدىيىۋى مەزمۇنلار بىلەن



بېيىدى. ئىنقىلابىي كۈرەش، جاسارەت ۋە قەھرىمانلىق، غايە ۋە ئۈمىد، ئەركىن ۋە ئازاد يېڭى دۇنيا قۇرۇش ئىستىكى شائىرنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتكەن ئەلەم ۋە ھەسرەت، مۇڭ ۋە قايغۇ، ئازاب ۋە تەنھالىق تۇيغۇسىنىڭ ئورنىنى ئەمدى غەزەپ ۋە نەپرەت، ئىشەنچ ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى، يەنى ھاياتنى يېڭىلاش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش ئىرادىسىگە كەلگەن جاسارەتلىك ئادەمنىڭ ئىنقىلابىي شىجائىتى ئىگىلىدى.

ئۇ بۇ يىللاردا يېزىلغان شېئىرلىرىدا ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئىپادىلەشتە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئۇسۇلنى قوللاندى. بىرى، جەمئىيەتتىكى رېئال ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە بىۋاسىتە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق، خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتى بىلەن ئۇلارنىڭ غايە ۋە جاسارىتىنى توغرىدىن - توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىك ھادىسىلىرىنى شەپقەتسىز پاش قىلىپ، خەلقنى ئازادلىق ۋە ئەركىنلىك يولىدىكى ئۇلۇغ كۈرەشكە دەۋەت قىلىش يولى، يەنە بىرى، مۇھەببەت ۋە سېغىنىش ھېسسىياتىنى مەركەز قىلىپ، يار، چېچەك، پەرى، گۈل ۋە باھارغا ئوخشاش سىمۋوللۇق خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان ھاياتبەخش شەيئىلەرنى مەدھىيىلەپ، جاپاكەش خەلقنىڭ ئازادلىق ۋە ھۆرلۈككە بولغان تەلپۈنۈشىنى، گۈزەل كېلەچەك، بەختىيار ھاياتقا بولغان سېغىنىش ۋە ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش يولىدىن پايدىلاندى. ئۇنىڭ «يەجۇجى - مەجۇجى»، «بىر پىيالەكىنىڭ خەمىكى»، «ھار»، «ئۈزۈلمەس ئۈمىد»، «زۇلۇمغا قارشى»، «ياز تۈنى»، «يېقىن بولدى»، «چىراغ»، «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»، «كۆكۈل خاھىشى» قاتارلىق شېئىرلىرى دەسلەپكى ئۇسۇل بىلەن، «سېغىنىش»، «باھار چېچىكىدىن بىر تەسىر»، «پىغان»، «ئۈمىد تەبەسسۇمى»، «ئۇيغۇر قىزى»، «ئىشق - مۇھەببەت»، «ھىجران»، «مۇرەببەلەر»، «ئارمان» قاتارلىق شېئىرلىرى كېيىنكى ئۇسۇل بىلەن يارىتىلغان شېئىرلاردۇر. ئۇ

بۇ شېئىرلىرىدا مەيلى قايسى ئۇسۇلنى قوللانسۇن ، قانداق فورما ۋە شەكىلدىن پايدىلانسۇن ، ئوخشاشلا تۇرمۇشنى ئەيىبلەش ۋە رەت قىلىش نۇقتىسىدىن ، بېغىشلاش ۋە ئىسيانكارلىق نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ ، كونا دۇنيا ۋە كونا تۇرمۇشنى شەپقەتسىز پاش قىلىپ ، قالاق ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ چىرىك ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىدى . ئازادلىق ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كېرەكلىكىنى ، بۇنىڭ ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىدىغان ئىنقىلابىي ئىرادە بولۇشى لازىملىقىنى ، زۆرۈر تېپىلغاندا بۇ يولدا ئۆلۈشنى ئۆزى ئۈچۈن شەرەپ ۋە بەخت دەپ بىلىدىغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلىدى . شائىرنىڭ 1925 - يىلى يېزىلغان «بىر پىلەكنىڭ خەمكى» ناملىق شېئىرى ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئەسەرلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر . ئۇنىڭدا شائىر ئايدىڭ كېچىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان بىر دەردمەن يىگىتنىڭ قىياپىتىنى تەسۋىرلەيدۇ . ئۇ شائىرغا ئۆزىنىڭ ۋەھىمىلىك بىر چۈش كۆرگەنلىكىنى ، قاۋانغىمۇ ، ئالۋاستىغىمۇ ئوخشىمايدىغان غەلىتە بىر مەخلۇققا يولۇقۇپ ، قورققىنىدىن ئېغىر بىر ئاغرىققا گىرىپتار بولغانلىقىنى ، چۈشىدە ئۇچراشقان خىزىرنىڭ ئېيتقىنىغا ئەمەل قىلىپ ، گۈل ھىدىدىن داۋا ئىزدەپ ، باغقا قاراپ ماڭغانلىقىنى ، لېكىن ئۇ باغدا ئۆزى كۈتكەن گۈل چېچەكلىرىگە ئەمەس ، بەلكى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بولغان بىر يىرگىنچلىك ھايۋانغا دۇچ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ . بۇنى ئاپتور مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ :

«تىترىدى ئەزالىرىم ، سوقتى يۈرەكلەر شۇ زامان ،
بېشىمغا ئۆرلەپتۇ سەپرا ئاغرىقى ئۇندىن يامان .
قارىسام ، غەلىتە ھايۋان باغقا ئىكەن پاسىبان ،
چوڭلۇقى ئىت بىرلە تەڭ ، خۇنسا ئىكەن جىنسى قاۋان .



مەن بۇنى كۆرگەچ دېدىم : «نەدىن كېلىپتۇ بۇ بالا
بۇ مەرەزدىن ساقلىسۇن ھەر بەندە ، مۆمىننى خۇدا...
باغۋەن كۆرسە بۇ نىجىسنى باغقا يول قويماس ئىدى ،
ئۆلتۈرەتتى قايىنىغان سۇغا بېسىپ ، سويماس ئىدى .
ئەلھەزەر ئەيلەپتىمەن ئۇنىڭ قاباھەت تۇرقىدىن ،
چۆچۈپ ئويغاندىم شۇئان مەن سەسكىنىپبان ئۇيقۇدىن .»

چۈشىدە كۆرگەن بۇ كارامەتنىڭ تەكتىگە يېتەلمىگەن ھېلىقى دەردمەن يىگىت بۇ ۋەقەگە تەبىر بېرىشنى شائىردىن سورايدۇ . شائىر ناھايىتى ئىخچام ۋە مەنىلىك قىلىپ مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ :

«ئەي ئاداش ، چۈشۈڭدە كۆرگەن شۇم پەلەكنىڭ تەقدىرى ،
ئوڭۇڭدا كۆرگەنلىرىڭنىڭ چۈشۈڭدىكى بىر تەمسىلى .»
(«ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 8 - ئاي نەشرى ، 27 - ، 28 - بەتلەر )

ئاجايىپ ئۆتكۈر ئاللىگورىك تۈس ، ئاچچىق غەزەپ ۋە مەسخىرە بىلەن سۇغىرىلغان بۇ شېئىردا تەسۋىرلەنگەن ھېلىقى يىرگىنچلىك ھايۋان — خۇنسا قاۋان كىم؟ بۇ دەل شىنجاڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانى مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن بىلەن ئۇنىڭ زالىم ئەمەلدارلىرىدۇر . شېئىرنىڭ ئېپىك قۇرۇلمىسى بىلەن ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغان بەدىئىي دېتاللار گەرچە پانتاستىك تۈسكە ئىگە بولغان خىيالىي ۋەقەلەردىن ئىبارەت بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئەينى يىللاردىكى شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنىڭ جانلىق كارتىنىسى ، ياڭ زېڭشىن ۋە ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنىڭ خاراكتېر ۋە ماھىيىتىنىڭ ئەڭ تىپىك ئوبرازلىق تەسۋىرىدۇر . بۇ شېئىردىن بىز شائىرنىڭ ئۆز دەۋرى ھاياتىغا بولغان نارازىلىقىنى ، مەۋجۇت تۈزۈمگە بولغان نەپرىتىنى ،

ئىنقىلابىي كۆرەشتە ئۆزى بىلەن تەقدىرداش بولغان ئاڭلىق ئادەملەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتىن پەيدا بولغان خۇشاللىق ۋە ئىپتىخارلىقىنى كۆرىمىز .

شائىرنىڭ «ئۈزۈلمەس ئۈمىد» ناملىق يەنە بىر شېئىرىمۇ يۇقىرىقى شېئىرغا ئوخشاشلا ئەكسىيەتچىلەرنى قاتتىق پاش قىلغان ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلاب ئوتىنى ئۆچۈرۈش يولىدىكى ئەخمىقانە ئۇرۇنۇشلىرىنى ئاچچىق مەسخىرە قىلغان ئىلھامبەخش شېئىردۇر . ئۇنىڭدا خەلق كۈرىشىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن ئازادلىق تېڭىنىڭ مەڭگۇ ۋە مۇقەددەس ئىكەنلىكىگە بولغان چەكسىز ئىشەنچ تولۇپ تاشقان :

«قۇياشنىڭ تەمكىنى باردۇر ، ساچۇر نۇرىنى داۋام ئەيلەر ،
سۇباتى يوق بۇلۇتلارغا ئۇنىڭ كەيپى بۇزۇلغايمۇ ! ؟ »
قۇياشقا دالدا قىلماقلىق ئەقىلسىزلىق دەلىلىدۇر ،
سېنىڭ بۇ يۇپقا بۆز خالتاڭ بىگىزلەرنى يوشۇرغايمۇ ! ؟

(«ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 8 - ئاي نەشرى ، 36 - بەت )

شائىرنىڭ 1927 - يىلى يېزىلغان «غەيرىتىڭدىن ئايلىناي» ناملىق شېئىرى شائىرنىڭ زۇلۇم ۋە خورلۇق بىلەن تولغان جاھالەتلىك دۇنيا ئۈستىدىن قىلغان غەزەپلىك شىكايىتى ، جاپاكەش خەلقىنى كۈرەش ۋە قەھرىمانلىققا ئۈندىگەن يالقۇنلۇق چاقىرىقنامىسىدۇر . كۈي ۋە قوشاق شەكلىدە يېزىلغان بۇ شېئىر ھەممىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ ، ھەممە نەرسىدىن قۇرۇق قالغان ئامەتسىز خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى كىشىدە كونكرېت تۇيغۇ پەيدا قىلىدىغان تىپىك شېئىرىي كارتىنىلاردا ئومۇملاشتۇرىدۇ . شېئىر مەزمۇنىنىڭ كىشىدە ئۇيات ۋە نومۇس تۇيغۇسىنى قوزغايدىغان ئۆتكۈر ۋە ئازابلىق تۇرمۇش پاكىتلىرىدىن ،



ئوقۇرمەننى قۇللۇق ھاياتتىن ئۆلۈمنى ئەلا كۆرۈشكە يېتەكلەيدىغان ئاچچىق ۋە ئەلەملىك ھېسسىياتتىن قوپۇرۇلغانلىقى بىلەن گويا يالقۇنلۇق كۈي ، جەڭگىۋار خىتاب بولۇپ جاراڭلايدۇ :

«ھەممىنى قۇلۇم قىلسا ،
ھايۋاندەك زۇلۇم قىلسا ،
دەپسەندە - كۇكۇم قىلسا ،
ۋىجدان قانداق چىدىغاي !

دەرد ئۈستىگە دەرد كەلدى ،
كەلگەندىمۇ زەپ كەلدى ،
زەرداب چۈشتى يۈرەككە ،
بۇ جان قانداق چىدىغاي !

غېمىمىزنى يەيلى بىز ،
نېمە دېسەك دەيلى بىز ،
قول قوشتۇرۇپ ، لەببەي ! دەپ ،
نە قىلسا قاراپ تۇرماي .

ئۇيغۇر ئېچىپ كۆزۈڭنى ،
تونۇتۇپ قوي ئۆزۈڭنى ،
قاچان بولسا بىر ئۆلۈم ،
غەيرىتىڭدىن ئايلىناي . »

(«ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 8 - ئاي نەشرى ، 45 - بەت )

شائىرنىڭ يۇقىرىقى مەزمۇندا يېزىلغان يەنە بىر شېئىرى — «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتى

ئاغدۇرۇلۇپ ، جىن شۇربىنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەن جاھالەتلىك يىللاردا يارىتىلغان . ئاپتور بۇ شېئىرىدا خەلقنىڭ بېشىدىكى سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي خورلۇقنىڭ تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ، ئىنقىلاب بورىنىنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ . ئۇ گەرچە «تۆت تەرەپتىن ئىت قاۋاپ» تۇرغان ۋەھىمىلىك تۇرمۇشتا ياشاپ ، ئازاب قايناملىرىدا «تۇنجۇقۇپ» يۈرگەن بىر ھالسىز دەردمەن بولسىمۇ ، لېكىن يۈرىكىنىڭ يەنىلا «زوقلىنىپ» سوقۇۋاتقانلىقىنى ، چاناپ مىڭ پارە قىلىۋەتسىمۇ ، ئوخشاشلا ياشاپ ، كۈرەش قىلىش ئىرادىسىدىن قايتمايدىغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ :

«جان ئۆلۈم خەۋپىدە قالدى ، كۆزلىرىمدىن ياندى ئوت ،
ئۆلمىسەم غازى ، ئەگەر ئۆلسەم شېھىتلەردىن ھېساب .
كۆرگۈلۈكنى كۆرگۈلۈك يا ئابدۇخالىق ئۆلگۈلۈك ،
ئىككىسىنىڭ بىرىگە تۇرماق ، ھەر جانغا بولسۇن شۇ خىتاب . »
(«ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 8 - ئاي نەشرى ، 69 - بەت )

بۇ مىسرالار ئەينى يىللاردىكى ئېچىنىشلىق رېئاللىقتىن قەلبى ئۆرتەنگەن ئىسيانكار شائىرنىڭ غەزەپلىك ئەيىبنامىسى ، شۇنداقلا كىشىلىك قەدىر - قىممىتى ، غايە ۋە ئىرادىسىنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسىدۇر .

شائىرنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى يورۇتۇشقا بېغىشلانغان يۇقىرىقىدەك شېئىرلىرىنىڭ زور بىر قىسمىنى مۇھەببەت ، ۋاپا ۋە سېغىنىش ھېسسىياتىنىڭ لىرىك تەسۋىرى ئارقىلىق ئاساسىي ئىدىيە ئېچىپ بېرىلگەن جەڭگىۋار شېئىرلار تەشكىل قىلىدۇ . شائىر بۇ شېئىرلىرىدا جەمئىيەتتىكى رېئال مۇناسىۋەتلەرنىڭ روھى ۋە خۇسۇسىيىتى ، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن كەلگەن جانلىق تەسىراتنى مۇھەببەت ۋە ئىشقتا سىمۋوللۇق



مەزمۇنغا ئىگە بولغان ئايرىم شەيئىلەر بىلەن پەرى ۋە ۋاپادار يار ئۈستىگە مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ . ئۇ پەرى بىلەن مۇڭدىشىدۇ ، چوغدەك يېنىپ تۇرغان گۈل - چېچەكلەرگە ھەسرىتىنى تۆكىدۇ . ئۆز ۋاپادارىنىڭ سېغىنىش ئوتىدا كۆيىدۇ . ۋىسال ئىشقىدا گۈلخان بولۇپ يانىدۇ . سۆيگەن يارىنىڭ بىر بۆسە ، بىر تەبەسسۇمى ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك قۇل بولۇش ، ۋاپا ۋە ساداقەت يولىدا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ جان بېرىشتەك ئىشقىي مەردانىلىكنى ئۇلۇغلايدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكنى ، جاسارەت ۋە ئۈمىدۋارلىقنى مەدھىيىلەش مەقسىتىگە يېتىدۇ . بىز شائىرنىڭ ئاجايىپ لىرىك شېئىرلىرىنىڭ بىرى بولغان «ئارمان» نىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرىدىن كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىن :

«قىلما ناز جانىم چىقار ، بابۇ كەرەم ئاچقىل ماڭا ،
جان خەتەرلەر خەۋپىدە ، كۆڭلۈم تەلەپ دىدارىدۇر .
بىر كۆرۈپ ئۆلسەم يۈزۈڭنى مەندە ئارمان قالمىغاي ،
كەلمىگەي تەرىپكە تىل ، كۆڭلۈم بەسى ئاۋارىدۇر .
كۆيگىنىم گۇناھ بولۇپ ، دوزاخقا كىرسەم ئاقىۋەت ،
دوزاخ ئىچرە سەن ئۈچۈن كۆيمەككە جان تەييارىدۇر .
ئىزدىگەننى ئىزدىمەيدۇ بۇ كۆڭۈلنىڭ خاھىشى ،
ئىزدىمەسنى تولا ئىزدەپ يېگىنىم ئازارىدۇر .
ھەقىقەت لازىسى ئاچچىق ، سەپەر قاتتىق ئۇزۇن يولدۇر ،
ئاقسا قان ، كېسىلسە باش ، دىدار تەلەپ قارارىدۇر .
ئابدۇخالىق ، قىل پىدا جان ، بەلۋاغنى ئالماپ ئىككى چىگ ،
‹جاندىن كەچ ، جانانغا يەت › بۇ بەكمۇ ئەلا چارىدۇر . »
(«ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 8 - ئاي نەشرى ، 73 - ، 74 - بەتلەر )

بۇ يەردە شائىرنى مۇنچىلىك ھاياجان ۋە ئىزتىراپقا سېلىۋاتقان زادى نېمە ؟ كىشىلەردە بولىدىغان ئادەتتىكى كۆيۈك ئازابىمۇ ؟ ياق .

دىدارلىشىش تاقەتسىزلىكىدە يېنىۋاتقان ئاشىق يىگىتنىڭ ھەۋەس ، ئىنتىلىشىمۇ؟ ياق . ناز ۋە كەرەشمە بىلەن شائىر دىلىنى خۇن قىلىپ ، داۋاسىز تاشلاپ كەتكەن گۈل سۈپەت پەرىنىڭ شەپقەتسىزلىكىمۇ؟ ياق . ئەمىسە شائىر دىلىدا مۇنچىلىك قۇدرەتلىك لىرىك يالقۇن پەيدا قىلغان نەرسە نېمە؟ ئۇ جانان ۋە ئۇنىڭ ئىشقىدا يانغان ئاشىق يىگىتنىڭ مۇھەببەت تۇيغۇسى ۋە ئۇنىڭ لىرىك تەسۋىرى ئاستىغا يوشۇرۇنغان ئازادلىق ، ھۆرلۈك ئىدىيىسى بىلەن مەردلىك ۋە جاسارەت يالقۇنىدۇر .

شائىرنىڭ مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلىرى ئىچىدە پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ، لىرىك ئىپادىلىرىنىڭ يارقىنلىقى ، زۇلۇمدىن باغرى قان بولغان جاپاكەش خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەنلىكى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان يەنە بىر شېئىرى «ھىجران» دۇر . شائىر بۇ شېئىرىدا ئۆز غايىسىدىكى ئازاد ۋە ئەركىن يېڭى دۇنيانى «كىشى ئەقلىنى لال» قىلغۇچى «گۈل يۈزلۈك» پەرىگە ، ئۆزىنى بولسا ئۇنىڭ ئىشقىدا يانغان «باغرى خۇن» ئاشىققا ئوخشىتىدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆسنىدە تەڭدىشى بولمىغان «شېرىن سۆزلۈك» مەشۇقىنىڭ كىشى قەلبىنى ئەسىر قىلغۇچى گۈزەل جامالىنى ئىشتىياق بىلەن مەدھىيىلىگەن چېغىدا ، غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىقنىڭ دولقۇنلۇق قايىنىمىدا ئۈزىدۇ . يارسىز ئۆتكەن كۈنلىرىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتى بىلەن جۇدالىق ئازابىدىن قاقشايدۇ :

«ئەۋرىشىم يۇمشاقلىقى قۇندۇزغا ئوخشاش قارا ساچ ،
ئاق ، سۈزۈك يۈزلۈك يەنە ئالما مەڭزلىكتۇر قۇياش .
قارا كۆز يادەك مۇقەۋۋەس ، يېڭى ئايدەك قارا قاش ،
قۇرۇماس يادى بىلەن ئىككى كۆزۈمدە ئەسلىي ياش .
ئوتىدا كۆيمەكتىن ئۆزگە تاپمىدىم ھېچبىر ئامال ،
‹ھىجرى دوزاختىن يامان › دەپ راست ئىكەن ئۇشبۇ ماقال .



ئايرىلىپ سەندىن ئىست ! ۋەيرانە بولدى خانۇ مان ،
باغلىرىم دەپسەندە بولدى ، چەيلەندى ، يېدى قاۋان .
ھەممە يەرگە يامرىبان ، بەرمەس ئارام يىلان ـ چايان ،
مىسلى بولدى بىر قىيامەت ، كۆز ئالدىمدا بۇ جاھان .
كەل جېنىم ، ھالىمغا باق ، نەچارە ۋە نەدۇر ئامال ،
قاتتى باشىنىڭ ئىچى ـ تېشى ، ئىشقىڭدىمەن ئاشفتە ھال .»
( «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى ، 55 ـ ، 56 ـ بەتلەر )

شېئىر مانا مۇشۇنداق روشەن ئىجتىمائىي قاراتمىلىقتا ئىگە بولغان ھارارەتلىك مىسرالار بىلەن داۋاملىشىدۇ . ئاخىرىدا سېغىنىش ۋە ۋىسال ئۈمىدى بىلەن دولقۇنلانغان شائىر ھەممە ئىشقىي ئەلەملىرىنى ئۇنتۇپ ، شادلىق تۇيغۇسىغا چۆمگەن ئۈمىدۋار ئاشىق سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ـ دە ، ئۆز ـ ئۆزىگە مۇنداق دەپ خىتاب قىلىدۇ :

«ئابدۇخالىق ، خانۇ مانىڭنى بېزەت ، قولۇڭغا ئال ،
‹ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار › ، قوپ باھار سازىنى چال .»
( «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى ، 55 ـ ، 56 ـ بەتلەر )

شۇنداق قىلىپ ، شائىر ئاشىق يىگىتنىڭ ئۆز يارىغا بولغان ئىشەنچ ۋە سېغىنىشى ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھۆرلۈك ۋە ئازادلىققا بولغان تەلپۈنۈشىنى ، يارسىزلىقنىڭ ئەلەم ۋە ھەسرىتى ئارقىلىق ئەينى يىللار تۇرمۇشىنىڭ ئېچىنىشلىق قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ ، جاپاكەش خەلقنى جەڭ ۋە كۈرەشكە ئۈندەپ ، ئۆزىنىڭ غايە ۋە ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدۇ . شائىرنىڭ تىلىنىڭ ئېنىق ۋە ئوبرازلىقلىقى ، تەسۋىرلىرىنىڭ يارقىن ۋە رەڭدارلىقى ، لىرىكىسىنىڭ قايناق ۋە جىلۋىدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەننى ھەيران

قالدۇرىدىغان «ئۇيغۇر قىزى» دېگەن شېئىرىمۇ مۇھەببەت تەسۋىرى ئارقىلىق مۇئەييەن ئىجتىمائىي مەزمۇن يورۇتۇپ بېرىلگەن ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر. شېئىرنىڭ مەركىزىدە ئۆز خەلقىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ياخشى كۆرىدىغان ۋەتەنپەرۋەر شائىرنىڭ غۇرۇر ۋە ئىپتىخارى تۇرىدۇ. شائىر شېئىرىدا ئۆزى بىلەن قانداش ۋە دىلداش بولغان ساپ ۋە ساددا ئۇيغۇر قىزىنىڭ ئاجايىپ نەپىس شېئىرىي پورترېتىنى سىزىدۇ. ئۇ ئۆز قەھرىمانىنىڭ يۈزىنى تولۇن ئايغا، كۆزىنى نۇرلۇق چىراغقا، كىرپىكلىرىنى يۈرەككە قادالغۇچى نەيزىگە ئوخشىتىپ، ئۇنى گۈزەللىك ۋە پاكلىقنىڭ مۇقەددەس سىمۋولى سۈپىتىدە قۇياشقا تەڭلەشتۈرىدۇ. ئۆزىنى بولسا ئۇنىڭ ئىلتىپاتىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ، قان - ياش تۆكۈپ تۇرغان ۋاپادار ئاشىق ئورنىغا قويىدۇ:

«ساچلىرىڭ رەقىبلىرىڭ كۆڭلى كەبى بىر سىر قارا،
ئەۋرىشىمدەك يەلپۈنۈپ، سالدى كۆڭۈلگە جىق يارا.
قوللىرىڭنىڭ ئاقلىقى، سۈزۈكلۈكىدىن نۇر چىقۇر،
بۇ قوپال قولۇم بىلەن تۇتسام قولۇڭغا ھۇر چىقۇر.
بويلىرىڭ زىلۋالىقى سەرۋىگە ئوخشار، ئەي قەمەر،
كۆرمىدىم ھېچبىر چىرايلىق ساڭا ئوخشاش بىر نەپەر.
قاتتى قالدى قارىغان يەردە سېنىڭ بۇ شائىرىڭ،
تىلىسەڭ قىلغىل مۇسۇلمان، تىلىسەڭ مەن كاپىرىڭ.»
(«ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 8 - ئاي نەشرى، 2 - بەت)

بۇ يەردە شائىرنىڭ مۇنچىلىك قايناق ھېسسىيات بىلەن مەدھىيىلەۋاتقىنى يالغۇز گۈزەل ۋە نازاكەتلىك ئۇيغۇر قىزى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئوتلۇق مۇھەببەتلا ئەمەس، بەلكى شۇ قىزنىڭ لىرىك پورترېتىدا ئومۇملاشتۇرۇلغان پۈتكۈل پاك ۋە ئالىيجاناب ئايياللار — شائىرنىڭ ئانا سۈتىدەك ئاق قەلبىنى ئۇلۇغۋار غايە ۋە



تىلەكلەر بىلەن تولدۇرغان خاسىيەتلىك ئانىلار ۋە ئۇلارغا بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببەتتۇر. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، شائىرنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئارزۇلىرىنىڭ مۇناسىپ ۋارىسى ۋە مىراسخورى قىلىپ يېتىشتۈرگەن ئۇلۇغ خەلققە بولغان ھۆرمەت ۋە مۇھەببەتتۇر.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئىشقىي مۇھەببەت تېمىسىدا «قايدىسەن»، «خەير، كۆرۈشەرمىز»، «بىۋاپا»، «ئىنتىزارلىق»، «ئىشق - مۇھەببەت»، «يۈرەك - باغرىم ئېزىلدى»، «ئۈمىد تەبەسسۇمى»، «بەختىگۈل»، «مەرسىيە» قاتارلىق بىرمۇنچە شېئىرلارنى يازدى. شائىر بۇ شېئىرلىرىدا ئۆز سۆيگۈنىگە سادىق ۋاپادار ئىنساننىڭ بەخت ۋە گۈزەللىككە بولغان تەلپۈنۈشىنى، ئۇنىڭ مۇھەببەت ھېسسىياتىغا سىڭگەن ئەڭ پاك، ئەڭ نازۇك ھاياتىي تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلىدى. نىكاھ ۋە مۇھەببەت ئەركىنلىكى بولمىغان جاھالەتلىك ھاياتنىڭ ئىشق - زارى بىلەن تۇرمۇش ئەلىمىدىن قىسىلغان بەختسىز ئادەمنىڭ مۇھەببەتتىكى دەرد - ھەسرىتىنى ئىزھار قىلدى. ئىشق ۋاپادارلىقىدا ئۆزىنى يېگانە ھېسابلايدىغان، كۆزىدىن «ياش ئېقىپ»، «بېغىرىدىن قان تېمىپ» تۇرغان ھالەتتىمۇ سۆيگۈ ئەقىدىسىدىن قايتمايدىغان، مۇھەببەت زۇلمىتى ئىچىدىن ۋىسال ئۈمىدىنى كۆرۈپ، شادلىق ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىدا ياندىغان ئۈمىدۋار ئاشىقنىڭ پاك روھىي دۇنياسى بۇ شېئىرلارنىڭ مەدھىيە تېمىسى بولدى.

بۇ جاھان تار كەلدىمۇ، ھەمراھ بولۇش ھار كەلدىمۇ،
دەردى دەۋران ئۈستىگە ئىشقىڭنى قوشقان قايدىسەن؟
سەنسىز زۇلمەتتۇر جاھان، نۇر ئېمەر سەندىن قاچان؟
سەن ئۈچۈن تىكىلدى جان، بولمامسەن قالقان، قايدىسەن؟
(«ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل 8 - ئاي نەشرى، 23 - بەت)

تۇنلەردە دائىم تارتۇرمەن ۋايىم ،
دەردىڭ قىلىپتۇر دوزاخنى جايىم .
كۆيۈپ كۈل بولدۇم ، سۆيۈپ قۇل بولدۇم ،
كەلتۈر يادىڭغا بىزنى ھەم جانىم .
(«ئىشق ـ مۇھەببەت»تىن)

ئىشق ئوتىدا كۆيگۈچە ، خۇمداندا كۆيگەن ياخشىراق ،
بىۋاپا يارنىڭ ئوتى دوزاختا بولغاي ـ بولمىغاي .
بىر كۆرۈپ قالدىم نەكۈن ، ئىككىنچى نېسىپ بولمىدى ،
ئۈز ئۈمىد دېسەم كۆڭۈلگە ، تېخىمۇ يالتايمىغاي .
(«بىۋاپا»دىن)

شائىرنىڭ بۇ مىسرالاردا ئەكس ئەتكەن تۇيغۇ ۋە تەسراتى شۇنچىلىك ئېغىر ۋە ئازابلىقكى ، ئۇ گويا تۇندە ياڭرىغان ھەسرەتلىك مۇزىكىدەك ئوقۇرمەن قەلبىنى ئېزىدۇ . ئېنىقكى ، بۇ «دەۋران دەردى»گە ئىشق ئەلىمىنىڭ قوشۇلۇشىدىن پەيدا بولغان تەڭداشسىز ھەسرەتتىن ، ھايات ۋە تەقدىر شەپقەتسىزلىكىدىن بوغۇلغان بەختسىز مۇھەببەتتىن كەلگەن . ئۇ مىسرالاردا ئەكس ئەتكەن ئۈمىد ۋە ئىشەنچ تۇيغۇسى بولسا ئالدى بىلەن پەلەك ۋە تەقدىرنىڭ ھەرقانداق كاجلىق ۋە رەھىمسىزلىكىنى بېسىپ چۈشىدىغان كۈچلۈك ۋە ئىرادىلىك ئادەمنىڭ يېڭىچە مۇھەببەتكە تەلپۈنۈش ۋە ئۇنى يارىتىش ئىرادىسىدىن تۇغۇلغان .

شائىرنىڭ ئىشقىي مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان شېئىرلىرى ئىچىدە ، ئۇنىڭ مەزگىلسىز ئالەمدىن ئۆتكەن ۋاپادار ئايالىغا بېغىشلاپ يازغان مەرسىيىسى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . بۇ شېئىر شائىرنىڭ مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى ، يەنى ئۇنىڭ مۇھەببەت ۋە ۋاپا توغرىسىدىكى يېڭىچە پىكىر ۋە كۆزقاراشلىرىنى ، ئۇنىڭ ھايات ۋە ئادەملەرگە بولغان مۇھەببەت ۋە ئېتىقادىنى ، ئۇنىڭ ئەخلاقىي يۈكسەكلىكى بىلەن



چىدام ۋە ئۈمىدۋارلىقنى تىپىك ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ :

«ياخشىلاردىن ياخشىراق بىر بىباھا يولداش ئىدىڭ ،
مەجنۇننىڭ لەيلاسىدەك دەرداش ئىدىڭ ، سىرداش ئىدىڭ .
بۇ جاھاننىڭ لەززىتىگە سەن ئىدىڭ تەم بەرگۈچى ،
ھەم گۈزەل بىر مەنزىرە بولسا ، ئاڭا يەم بەرگۈچى .»
(«مەرسىيە»دىن)

شائىر بۇ مىسرالىرىدا ئۆز رەپىقىسىنى ، يەنى ئۆمۈرلۈك ئاشىقى بولغان ۋاپادار يارىنى ئادەتتىكى ئائىلىۋى ھەمراھ ، كۆيۈمچان مەزلۇم سۈپىتىدە تەسۋىرلىمەيدۇ ، بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەقىدە ۋە چۈشەنچە دائىرىسىدىن چىقىپ ، ئۇنى ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ تۈۋرۈكى ، ئۆزىنىڭ بەخت ۋە خۇشاللىقىنىڭ مەنبەسى دەپ قارايدۇ . ئۇنى ھايات يولىدا تەڭدىشى بولمىغان بىباھا يولداش ، ئۆزىنىڭ قايغۇ ۋە خۇشاللىقىنى ئەڭ ئوبدان بىلىدىغان ۋاپادار سىرداش سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ ، كىشىلىك تۇرمۇشقا لەززەت ۋە تەم ، ھايات كۆرۈنۈشلىرىگە رەڭ ۋە گۈزەللىك بېغىشلىغۇچى خاسىيەتلىك كۈچ يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرىدۇ . شېئىرنىڭ كېيىنكى مىسرالىرىدا شائىر ئۆز رەپىقىسىنىڭ ئاشۇ پەزىلەتلىرى بىلەن ئۇنىڭ چېچەككە قونغان شەبنەمدەك ساپ ۋۇجۇدىدا مۇجەسسەملەنگەن پاكلىق ، ساداقەتلىك ، ياخشىلىق ، رەھىمدىللىك ئالامەتلىرىنى مۇھەببەتنىڭ ئەلەم ۋە لەززىتىگە تولۇق بولغان شېرىن ئەسلىملىرى زېمىنىدا گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ . ئۇنىڭ مەزگىلسىز ئۆلۈمى شائىرنى قايغۇ ، مۇسىبەتنىڭ پايانسىز چۆلىگە تاشلايدۇ . تەنھالىق ئازابىدا قەلبى داغلانغان شائىر «ئالىي روھ» ئىگىسى بولغان ۋاپادار مەشۇقىنى ئىپلاس ۋە مۇناپىق ئادەملەرنىڭ يىرگىنچلىك ئايىغىدا بۇلغانغان ۋە دەپسەندە قىلىنغان ھاقارەتلىك ھاياتتا ياشاشنى نومۇس ۋە خورلۇق ھېس قىلىپ ئەرشكە سەپەر

قىلغان پەرىزات سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ بىلەن پىراق ئوتىدا مەڭگۈ بىللە كۆيۈپ، بىللە ياشايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۇزاق ۋە مۇشەققەتلىك تۇرمۇش سەپىرىدە ئۆزىگە كۈچ ۋە تەسەللى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

«غۇنچىغا كىم ئاغرىماس، كەتسە سېچىلماستىن قۇرۇپ،
ياكى بىر ياش گۈل توزۇپ كەتسە ئېچىلماستىن تۇرۇپ.
گۈل ئىدى، كەتتى لېكىن شاخىدا خارە يوق ئىدى،
سۆھبىتىدىن ئەسلىي دىلدا زەررە يارە يوق ئىدى.
تاشلىدىڭ جىسمەن گۈلۈم، روھەن هامانە بىللە بول،
ھەم يىراقتۇر، ھەم ئېغىر تۇرمۇشتا قالغان ئۇشبۇ يول.»
(«مەرسىيە»دىن)

شائىر شېئىرنى ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغان سۆيۈملۈك مەشۇقىنىڭ، يەنى جاهانغا ئەمدى كېلىشى مۇمكىن بولمىغان ئالىي سۈپەتلىك يارىنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمگە بولغان چەكسىز ئېچىنىش ۋە ئۇنىڭ باهار ئاپتىپىدەك پاك بولغان ئالىيجاناب روھىغا ئارام ۋە تىنچلىق تىلەش ھېسسىياتى بىلەن تولغان تۆۋەندىكىدەك مىسرالار بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ:

«ياش ئېلىپ كەتتى خۇدا، بەك قىسقا قىلدى ئۆمرىنى،
جەننەت ئىچرە ئەيلىسۇن ئالتۇن سارايدا ئورنىنى.
بەندىلىك بىرلە ئەگەر بولسا ئۇنىڭدا مەئسىيەت،
سەن غەفۇردۇرسەن خۇدايا ئەيلىگەيسەن مەغپىرەت.»
(«ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، 57 — 60 ـ بەتلەر)

بۇ شېئىر شائىرنىڭ ئۆز رەپىقىسىنىڭ نامىغا ئاتىغان ئادەتتىكى مەرسىيىسى ئەمەس، بەلكى ئىنسانىي مۇھەببەتكە



ئوقۇغان قايغۇلۇق مەدھىيىسىدۇر، شۇنداقلا ئىشقىي ۋاپادارلىق بىلەن ھاياتىي گۈزەللىكتىن مەھرۇم بولغان ماتەملىك قەلبىنىڭ لىرىك زارى، ھىجرانلىق دىلىنىڭ قايغۇلۇق بايانىدۇر. ئۇ كىشىگە گويا گۈلشىنىدىن ئايرىلغان ھەسرەتلىك بۇلبۇلنىڭ ئەلەملىك پىغانىنى، ئۆمرىدىكى ئەڭ ئېغىر مىنۇتلارنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرادىلىك ئادەمنىڭ ئۈنسىز يىغا، ئازابلىق ئۆكسۈشىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇ كىتابخاننى ھايات ۋە قەلب گۈزەللىكى بىلەن مۇھەببەت ۋە ۋاپانىڭ يېڭى، رەڭدار لىرىك لەۋھەلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ.

*　　*　　*

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ غايىسى، ئىنسانىي پەزىلىتى، تۇرمۇش ۋە سەنئەتكە بولغان يېڭىچە قارىشى ئىپادىلەنگەن «كۆكۈل خاھىشى» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازغان:

«مەن زېرىككەندە قەلەم ئەڭ ياخشى بىر سازىم مېنىڭ،
ئېيتىڭىزچۇ، ئۇشبۇ تۇرمۇش تەڭ ئەمەسمۇ خان بىلەن.
ئابدۇخالىق، ئۇشبۇ يولدىن قايتما بېشىڭ كەتسىمۇ،
ئەلنى قىل غەمدىن خالاس، قىلىچنى بوياپ قان بىلەن.»
(«ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، 71 ـ بەت)

شائىر ئۆز خەلقىگە بەرگەن بۇ تەنتەنىلىك قەسىمىنى شەرەپ بىلەن ئورۇندىدى. ئۇ ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر مۆجىزە ھېسابلىنىدىغان ئاجايىپ قەلىمىنى ئىشقا سېلىپ، كونىلىق، مۇتەئەسسىپلىك، تەڭسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىك شەپقەتسىز پاش قىلىنغان، ئازاد ۋە ئەركىن يېڭى دۇنيا قۇرۇش ئىستىكى قىزغىن

مەدھىيىلەنگەن يالقۇنلۇق شېئىرلارنى يېزىپ، خورلانغان خەلقنى ئويغىتىپ، ئۇلارنى زۇلۇم ۋە جاھالەتكە قارشى يېڭى كۈرەشكە تەييارلىدى. ئۇنىڭ چاقماقتەك نۇرلۇق، كەلكۈندەك قۇدرەتلىك ئاجايىپ شېئىرلىرى كونا دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ھامىيلىرىنى ۋەھىمە ۋە ساراسىمىگە سېلىپ، ئېزىلگەن خەلقنىڭ كۈرەش روھىغا غايەت زور ئىلھام بەردى. شائىر ئۆزىنىڭ خەلق تەقدىرى بىلەن مۇستەھكەم باغلانغان جەڭگىۋار ئىجادىيىتى ۋە كەسكىن، مۇرەككەپ كۈرەشلەر ئىچىدە ئۆتكەن يالقۇنلۇق ھاياتى ئارقىلىق يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا مەڭگۈ ئۆچمەس شانلىق سەھىپە قالدۇردى. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىدىيە ۋە ئىجادىيەت جەھەتتە قانداق قىلىپ مۇنداق يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى؟ بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئەڭ ئاۋۋال شائىر ياشىغان ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تۇرمۇش سەرگۈزەشتىدىن، ئۇنىڭ ئەخلاق ۋە خاراكتېر ئىندىۋىدۇئاللىقىدىن ئىزدەش كېرەك.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەكسىيەتچى چىڭ خاندانلىقىنىڭ سىنىپىي زۇلمى كۈچەيگەن، يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودال ئىجتىمائىي ھالەتتىن ھەممە كىشى بىزار بولۇپ، فېئودال خانلىق تۈزۈمى ھالاكەتكە يېقىنلاشقان مۇرەككەپ يىللاردا تۇغۇلۇپ، مىلىتارىست ياڭ زېڭشىنىنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتى تىكلەنگەن ئاپەتلىك يىللاردا ئۆستى. ئۇ زۇلۇم ۋە زورلۇقتىن ھالسىزلانغان جاپاكەش خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتى بىلەن ئۇلارنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە ياشاۋاتقان ئەمەلدار، لويىلارنىڭ ئەيش - ئىشرەتلىك چىرىك تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇلارنىڭ زالىملىقى، ئاچ كۆزلۈكى، خەلقنى ئېزىش ۋە تالان - تاراج قىلىشتا ھېچ نەرسىدىن يانمايدىغان ياۋۇز تەبىئىتى ئۇنىڭغا تولۇق ئايان بولدى. بۇ خىل تەڭسىز ئىجتىمائىي شارائىت، قاششاقلىق ۋە ئادالەتسىزلىك بىلەن تولغان ئېچىنىشلىق تۇرمۇش رېئاللىقى ئۇنىڭدا كونا تۈزۈم ۋە مەۋجۇت تەرتىپلەرگە نىسبەتەن قاتتىق



نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ، ئېزىلگەن خەلققە نىسبەتەن كۈچلۈك مۇھەببەت ھېسسىياتىنى پەيدا قىلدى. شائىرنىڭ دادىسىغا ئەگىشىپ كۆپ قېتىم چەت ئەلگە چىقىشى، رۇسىيىنىڭ تاشكەنت، شەمەي، موسكۋاغا ئوخشاش تەرەققىي تاپقان شەھەرلىرىدە بولۇشى، ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىشى، باشقا خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات دەرىجىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشى ئۇنى كونىلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكتىن يىرگىنىش، يېڭىلىق ۋە ئىلغارلىققا ئىنتىلىش روھىغا ئىگە قىلدى.

شائىرنىڭ ئىلغار دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئالاھىدە رول ئوينىغان يەنە بىر مۇھىم ئامىل شۇكى، ئۇ ئۆسمۈرلۈك يىللىرىدىن باشلاپلا جاپاكەش خەلقنىڭ مەۋجۇت تۈزۈمگە بولغان نارازىلىقىنىڭ، ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى ئېلىپ بارغان ھەر خىل كۈرەشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. 20 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى تۇرپان ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىلەر نىسبەتەن كەڭرەك تارقىلىپ، سىياسىي، مەدەنىي ئويغىنىش دەۋرىگە بۇرۇنراق قەدەم قويغان، خەلقنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت ۋە يەرلىك فېئوداللارغا قارشى قوراللىق كۈرىشى كۆپرەك مەركەزلەشكەن رايونلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ يەردە 1912 - يىلى ئېزىلگەن دېھقانلارنىڭ ئەمەت تاماق باشچىلىقىدىكى قوراللىق قوزغىلىڭى پارتلاپ، مورى ۋە گۈچۈڭ رايونلىرىغىچە كېڭەيدى. قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ 1913 - يىلى قوزغالغان تۆمۈر خەلىپە باشچىلىقىدىكى قوراللىق قوزغىلىڭىمۇ تۇرپان رايونىدا ناھايىتى قىزغىن ئاۋاز قوشۇشقا ئېرىشتى. 1931 - يىلى باشلانغان، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئومۇمىي خەلق كۈرىشىدە تۇرپان خەلقى ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپ، ئىنقىلابنىڭ پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە كېڭىيىشى ۋە ئومۇملىشىشىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خەلقنىڭ بۇ خىل كۈرەشلىرىنى ئۆز

كۆزى بىلەن كۆرۈپ ياكى ئاڭلاپ ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي روھى بىلەن قەھرىمانلىق جاسارىتىدىن مەدەت ۋە ئىلھام ئېلىپ ، ئۆزىدە ئۇلۇغ غايە ۋە سۇنماس ئىرادە يېتىلدۇردى .

يۇقىرىقى بىر قاتار ئامىللار شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئىدىيە ۋە دۇنيا قاراش جەھەتتىن تېخىمۇ يۇكسەلدۇرۇپ ، خاراكتېر ۋە ئەخلاق - پەزىلەتتە تېخىمۇ تاۋلاپ ، ئۇنى ئىلغار ئىنتىلىشلەر بىلەن ئۇلۇغۋار غايىلەر يولىغا باشلىدى .

بەدىئىي ئەدەبىيات ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى مەسىلىسىدە شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پۈتۈنلەي يېڭى ، ئۆزگىچە يول تۇتتى . ئۇ ئەدەبىياتنى خەلقنى ئويغىتىش ۋە ئۇنى تەربىيىلەشنىڭ ، ئۇلارغا ھايات ھەقىقەتلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇتۇپ ، ئۇلارنى ئۆز ئەھۋالىنى ياخشىلاش ۋە ئۆزگەرتىش يولىدىكى ئۇلۇغ كۈرەشكە جەلپ قىلىشنىڭ كۈچلۈك قورالى دەپ قارايتتى . يېڭىلىق ۋە ئىجادىيلىق ، مىراس ۋە ئەنئەنىلەر بىلەن چەكلىنىپ قالماسلىق ، ئالدىنقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئالدىدا مەڭدىمەي ، ئىجادىيەتتە يېڭىچە يول ئېچىش ئۇنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى ئىدى . ئۇنىڭچە ، ئىنسان بەدىئىي پىكرىنىڭ ئەڭ پارلاق مېۋىلىرىنىڭ بىرى بولغان شېئىر جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي رېئاللىقىنىڭ چىن ۋە ھەققانىي ئىنكاسى بولۇشى ، ئىنسان قەلبىدىكى ئەڭ پاك ، ئەڭ نازۇك تۇيغۇلارنى ئەكس ئەتتۇرۇشى ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى بىلەن ئىشەنچ ۋە جاسارىتىنى كۈيلىشى ، جاھالەت ئاسمىنىدا پارتلىغان قۇدرەتلىك بومبىدەك ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ جىنايى ئۇۋۇلىرىنى تىترىتىپ ، ئۇلارنى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە سەرسان قىلىشى لازىم ئىدى . بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال شېئىرنىڭ ئۆزى مەزمۇن ۋە شەكىل يېقىدىن خەلققە يېقىن بولۇشى ، ئۆز دەۋرىنىڭ رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشى ، شائىرنىڭ ھەممە بەدىئىي - غايىۋى مەقسىتى ئوقۇرمەنگە تولۇقى بىلەن يېتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى . شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىدە بۇ تۈپ پرىنسىپلارغا باشتىن - ئاخىر ئەمەل قىلدى .



ئۇ ئىسلامىيەت روھى بىلەن دىنىي ئەقىدىچىلىكنى مەزمۇن قىلغان ئەنئەنىۋى مەدرىسە تەربىيىسى دائىرىسىدىن چىقىپ ، يېڭىلىق ۋە ئىلمىيلىققا ئىنتىلىپ ، رۇس ۋە خەنزۇ تىللىرى ئارقىلىق تەرەققىي تاپقان خەلقلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈپ ، ئۆزىنىڭ نەزەر دائىرىسى بىلەن بەدىئىي پىكىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى .

ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى رېئاللىقتىن يىراق بولغان خىيالىي نەرسىلەر ، مەئىشەت - ئىشقىي ھەۋەسلەر ، شۈكۈر - قانائەت ۋە تەقدىرچىلىك كۆزقارىشى ، مەدھىيە ۋە قەسىدىچىلىككە ئوخشاش پاسسىپ روھىي ھالەتلەر دائىرىسىدىن چىقىرىپ ، خەلق ھاياتى بىلەن رېئال مۇناسىۋەتلەرنى كۆزىتىش ۋە ئۆگىنىشتىن كەلگەن ئەمەلىي تەسىرات ۋە چىن ھېسسىياتقا باغلىدى . شۇڭا ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئەلەم نىداسى ، غەزەپ كەلكۈنى ، ئۈمىد ۋە جاسارەت خىتابى بولۇپ ياڭراپ ، خەلقنىڭ قوزغىلىشى ۋە ئۇيۇشۇشىدا غايەت زور رول ئوينىدى . ئۇنىڭ ئاھاڭغا سېلىنغان بىرمۇنچە شېئىرلىرى ئۆز ۋاقتىدىكى ئەنئەنىۋى بايرام ۋە مەرىكىلەردە ، مەكتەپ ۋە باشقا ئاممىۋى سورۇنلاردا ناخشا قىلىپ ئېيتىلغان . جۈملىدىن ، ئۇنىڭ ئەركىنلىك ، ئازادلىق غايىسى بىلەن ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق مەدھىيىلەنگەن «ئاچىل» شېئىرى خەلقنىڭ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان قوراللىق كۈرىشىدە مارش ۋە خىتاب بولۇپ خىزمەت قىلدى .

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ شەكلى مەسىلىسىدە كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىللىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ ، خەلق قوشاقلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ ، يېڭى جەڭگىۋار شېئىرىي مەزمۇننى ئىپادىلەشكە ماس بولغان ، خەلققە يېقىن ۋە ئاسان ئۆزلىشىدىغان يەڭگىل ، ساددا ۋە ھەرىكەتچان شېئىرىي شەكىللەرنى قوللىنىش يولىدا تىنىمسىز ئىزدەندى . ئۇ شېئىرىي تىلدا ئەرەب ، پارس تىللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قورشاۋىنى بۇزۇپ ، چاغاتاي تىلى

ۋارىسلىقىدىن قول ئۈزۈپ، خەلقىنىڭ جانلىق تىلىغا، ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە ھېسسىياتىنى ئەڭ ئوبدان ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان، ئىپادە قىلىش كۈچىگە ئەڭ باي بولغان ئوبرازلىق تۇرمۇش تىلىغا مۇراجىئەت قىلدى. ئۇ ناھايىتى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى، مۇرەككەپ ھادىسە ۋە كۆرۈنۈشلەرنى، كىشىلەر مۇناسىۋىتىگە يوشۇرۇنغان سىرلىق ئىچكى مەزمۇنلارنى، نازۇك ۋە مۇرەككەپ ھېس - تۇيغۇلارنى ئاددىي ھەم چۈشىنىشلىك ئىبارە ۋە ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان روشەن بەدىئىي ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەن ئېنىق ۋە كونكرېت بايان قىلىپ بەردى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مىللىي شېئىرىيىتىمىزنى مەزمۇن، تىل، شەكىل ۋە فورما يېقىدىن كۆرۈنەرلىك ھالدا يېڭىلاپ، ئۇنى يېڭى ئىجتىمائىي شېئىرىي مەزمۇن بىلەن ساددا ۋە ھەرىكەتچان شېئىرىي فورمىغا ئىگە قىلىپ، ئۇنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش سەۋىيىسىنى يېڭى بىر يۇكسەكلىككە كۆتۈردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ناھايىتى زور ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىجادىي ئەمگىكى ۋە ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي شېئىرىيىتىمىزنى يېڭىلاش ۋە ئىسلاھ قىلىش يولىدىكى تىنىمسىز ئىزدىنىشى يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا يېڭى جەڭگىۋار روھ بېغىشلاپ، ئۇنى دەۋرنىڭ ساداسى، خەلق ئىرادىسىنىڭ قۇدرەتلىك يالقۇنىغا ئايلاندۇردى.

ئەدەبىي ئەخلاق ۋە سەنئەتكارلىق جۈرئىتى يېقىدىن ئېيتقاندا، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا بىر شانلىق ئۈلگە تىكلىدى.

ئەدەبىي ئەخلاق — ئەدىبنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ مىزان ۋە ئۆلچىمى بولۇپ، ئۇ شائىرنىڭ ھاياتقا ۋە ئەدەبىيات ئىشىغا بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ساپ ۋە سەمىمىيلىكىدە، ئەدەبىي قاراش ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي رېئاللىقى بىلەن بولغان بىردەكلىكىدە، خەلقنىڭ ھېس - تۇيغۇ، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى چىن ۋە ھەققانىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشىدە،



قىسقىسى، خەلقنىڭ غايىسى بىلەن ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئەقىدىسىگە ئاخىرغىچە سادىق بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ.

سەنئەتكارلىق جۈرئىتى بولسا، ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەقىقەت مەيدانىدا، خەلق مەنپەئىتى مەيدانىدا تۇرۇشنى، يېڭى، ئىلغار نەرسىلەرنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، كونا، ئەكسىيەتچى نەرسىلەرنى پاش قىلىشتا جۈرئەتلىك بولۇشنى، ھەرقانداق ۋاقىتتا غايىنى ۋە ئىستىقبالنى سۆزلەيدىغان شىجائەتكە ئىگە بولۇشنى، ھەيۋە ۋە دوق قىلىشلار ئالدىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئەقىدە ۋە ئېتىقادىدىن كەچمەيدىغان قەھرىمانلىق جاسارىتىگە ئىگە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئۆزىنى خەلق ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ھەرقانداق ۋىجدانلىق ئەدىب ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەخلاق ۋە پەزىلىتىگە، يەنى سەنئەتكە بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ پاك ۋە سەمىمىيلىكى بىلەن ھاياتنى كۆزىتىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى جاسارەت ۋە قىزغىنلىقىغا تايىنىپ، رېئاللىقنى چىن ۋە ھەققانىي ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆز ئىجادىيىتىنى خەلقنىڭ ساداسى ۋە دەۋرنىڭ تىنىقىغا ئايلاندۇرۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىشىگە مۇناسىپ تۆھپە قوشىدۇ.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتنى ئەزەلدىن ۋىجدان ئىشى، قەلب بۇيرۇقى دەپ قارىدى. ئۇ ئەدەبىياتنى شەخسىي غەرەزگە يېتىشنىڭ، نام - شۆھرەت قازىنىشنىڭ، ئورۇن ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشىشنىڭ، ئەمەلدارلارنىڭ نەزىرىگە چۈشۈش ۋە ئۇلارنىڭ ئىنئامىدىن بەھرىمەن بولۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىشنى سەنئەت ۋە ئۇنىڭ ئىجادچىسى بولغان خەلققە قىلىنغان ئەڭ چوڭ ھاقارەت دەپ ھېسابلىدى.

ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا راست گەپ قىلدى. ھەقىقەت ۋە ئەقىدە ئالدىدا تەۋرىنىشنى نومۇس ھېسابلىدى. ئۇ غايە ۋە ئېتىقاد يولىدا جان بېرىشكە رازى بولدىكى، شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ئىش كۆرىدىغان ئەقىدىسىز نەزمىكەشلەردىن بولۇشنى خالىمىدى. ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا خەلقنىڭ غايە ۋە ئۈمىدىگە سادىق بولۇپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچ بىلەن قەھرىمانلىق

جاسارىتىنى كۆيلەپ ، ئۆز ئىجادىيىتىنى كۈرەش قورالى ، جەڭ سىگنالىغا ئايلاندۇردى .

— ئۇ پۈتۈن ئۈمىدىنى خەلققە ۋە ئۇلارنىڭ پارلاق كېلەچىكىگە باغلىدى . ئۇنىڭ نەزىرىدە خەلقتىن باشقا ھېچقانداق قۇتقۇزغۇچ خۇدا يوق ئىدى . شۇڭا ، ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى خەلقنى مەدھىيىلەشكە ، ئۇلارنى ئويغىتىش ۋە تەشكىللەشكە بېغىشلىدى . خەلقنى ئۆز كېلەچىكىنى ئۆزى يارىتىشقا قوزغاش ، ئۇنىڭدا ئۆز كۈچىگە نىسبەتەن ئىشەنچ ۋە ئۈمىد تۇيغۇسىنى تۇرغۇزۇش ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى بولدى .

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر زامانىنىڭ رايىغا باقماي ، ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن چۆچۈمەي ، زۇلۇم ۋە جاھالەتكە يالقۇنلۇق ئوق بولۇپ ئېتىلىپ ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ چىرىك ئەپت - بەشىرىسىنى خەلقئالەم ئالدىدا ئاشكارىلىدى . بارلىق كونىلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىك قالدۇقلىرىنى ، ئەخلاقىي بۇزۇلۇش ۋە مەنىۋى زەئىپلىكلەرنى ، تۇرمۇش ۋە ھاياتقا بولغان كونىچە قاراش ۋە مۇناسىۋەتلەرنى شەپقەتسىز قامچىلىدى .

ئۇ «پارىدىن يامبۇ قويغان» ، «ھارام يەپ ، توڭگۇزدەك سەمرىگەن» چىرىك ئەمەلدارلارنى ، «نېمە دېسە ، ھە دەپ» باش ئېگىپ ، قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرىدىغان مەنىۋى قۇللارنى ، «ۋەزنى بىر پۇڭلۇق ئەمەل»گە مىنىۋېلىپ ، «ئەلنى پېرىگە» سالىدىغان يالاقچى ساتقۇنلارنى ، يېڭىلىق ۋە ئىلغارلىققا قارشى «ئىتتەك ھاۋشىغان» جاھىل مۇتەئەسسىپلەرنى ، تەقدىر تۇمانى بىلەن كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىدىغان ، نەپسى يامان قازى - مولللارنى ، زۇلۇم ۋە زورلۇق ئالدىدا تىترەپ ، «دۇئا - تەكبىر ئوقۇيدىغان» ، «ئالۋاستى باسقان» قورقۇنچاقلارنى ، غەپلەت ئۇيقۇسىدا «ئۆلۈكتەك قىمىرلىماي» ئۇخلاۋاتقان چۈشكۈن بىغەملەرنى ، قىسقىسى ، يالغان ۋە تۆھمەت بىلەن تولغان جىنايەتلىك كونا دۇنيانى چىن ۋە ھەققانىي شېئىرىيەتنىڭ غەزەپلىك لىرىك يالقۇنىدا ئۆرتىدى . جەمئىيەتنىڭ ئوقۇمۇشلۇق تەبىقىسىگە مەنسۇپ بولغان



بىر مۇنچە ئادەملەر تېخى ئادەتتىكى ئامبال - لويىلار ئالدىدىن تۇغرا ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالماي تۇرغان بىر چاغدا شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەردانە ئوتتۇرىغا چىقىپ ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك ھۆكۈمرانى بولغان ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېنلارنى ئەپتىگە قاراپ تۇرۇپ تىللىدى ، ئۇلارنى «پاقلاننى يۇڭدىماي يەيدىغان» چىلبۆرىگە ، ئەلنى يالماپ يۇتىدىغان يالماۋۇزغا ، ھەممىنى چەيلەپ ، نابۇت قىلىدىغان نىجىس قاۋانغا ، ئەلنى ئىڭراتقان قانخور زالىمغا ئوخشىتىپ ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ يۈكسەك شائىرانە جاسارىتىنى ئىپادىلىدى .

يۇقىرىقى مۇھاكىمىلىرىمىزدىن شۇ خۇلاسىگە كېلىمىزكى ، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر — «مۇھىت ئاتلىسى»دىكى يالغۇز كېمىدەك «تاغ كەبى دولقۇنلار» ئىچىدە قاڭقىپ يۈرگەن ، ئەلەملىك خەلقنىڭ «قەپەستىكى بۇلبۇل»دەك ھەسرەتلىك سايراپ ئۆتكەن ۋاپادار شائىرى ، «تۇپرىقى كۆزلەرگە سۈرمە ، تەرىپى داستان» بولغان ئۇلۇغ يۇرتىنىڭ قەھرىمان ئوغلى ، «كۆزى تېڭىلىپ جۇۋازغا قوشۇلغان سېرىق ئۇي»دەك ياۋاش ۋە چىدامliq خەلقنىڭ تۇيۇقسىز پارتلىغان غەزەپ ۋولقاندۇر ؛ ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شانلىق ۋەكىلى ، ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك غۇرۇرى ۋە ئىپتىخارىدۇر . ئۇنىڭ مىللىي روھ ئۇرغۇپ تۇرغان ئاجايىپ شېئىرلىرى خەلقىمىزنىڭ ئەينى يىللاردىكى تۇرمۇش ۋە كۈرىشىنىڭ ، ئەلەم ۋە ھەسرىتى بىلەن ئۈمىد ۋە غايىسىنىڭ ، غەزەپ ۋە نەپرىتى بىلەن چىدام ۋە غەيرىتىنىڭ ، پاكلىق ۋە ئالىيجانابلىق بىلەن ساددىلىق ۋە ئاق كۆڭۈللۈكىنىڭ ، دانا ۋە ئەقىللىقلىقى بىلەن سەنئەت ۋە بەدىئىي پىكىر يۈكسەكلىكىنىڭ ، شۇنداقلا ئەخلاقىي ئاجىزلىقى بىلەن مەنىۋى زەئىپلىكىنىڭ لىرىك خاتىرىسىدۇر .

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ جەڭ ۋە كۈرەش ئىچىدە ئۆتكەن شانلىق ھاياتى بىلەن قايناق ئىجادىي ئەمگىكىنى پەقەت ئۇنىڭ «ياز تۈنى» ناملىق شېئىرىدىكى «كۆكتە يۇلتۇزلار يانار ، يەردە پەقەت

شائىر يانار » دېگەن ئاجايىپ مىسراسى بىلەنلا خاراكتېرلەش مۇمكىن .

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1926 - يىلى يازغان «غەزەپ ۋە زار » ناملىق شېئىرىدا ، «بىر پۇراپ ئۆلسەم نە ئارمان ، بېغىم باھارى گۈلىنى ، ھەر سەھەر گۈل ئىشقىدا بۇلبۇلغا ئوخشاش زارىمەن » دەپ يازغانىدى . ئەپسۇسكى ، شائىر بۇ ئۇلۇغ ئارمىنىغا يېتەلمىدى . ئۇنىڭغا ئۆز بېغىنىڭ باھار گۈللىرى ئىچىدە خەندان ئۇرۇپ كۈلۈش نېسىپ بولمىدى . ئۇ كۈرەش ئىرادىسى پورۇقلاپ قايناپ تۇرغان ، يامرىغان كەلكۈندەك قۇدرەتلىك ئىلھام بىلەن ئىجاد قىلىپ ، بەدىئىي پىكىر ۋە سەنئەت يۈكسەكلىكىنىڭ نۇرلۇق چوققىسىغا قاراپ تىنىمسىز ئىلگىرىلەۋاتقان بىر چاغدا بىزدىن ئايرىلدى . ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكنىڭ نەپرەتلىك دۈشمەنلىرى ئۇنىڭ قىممەتلىك ھاياتىغا چاڭ سالدى ! ئۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىقى شۇكى ، پۈتۈن ئۆمرىنى ئۆز خەلقىنىڭ ئازادلىقى ۋە كېلەچىكى ئۈچۈن بېغىشلىغان ، ھەتتا بۇ يولدا ئۆلۈشكە رازى بولغان مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ ئىنسان تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۇزاق يىللار بېسىلىپ قالدى . ئۇنىڭ باي ئەدەبىي مىراسىمۇ خۇددى ئۆزىدەكلا پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە دۈچ كېلىپ ، نادانلىق ۋە جاھالەتلىكنىڭ ئېچىنىشلىق قۇربانى بولدى . شائىرنىڭ كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ئوتلۇق شېئىرلىرى ئۇنى ئىنسان ۋە شائىر سۈپىتىدە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئۇلۇغ خەلققە تولۇقى بىلەن يېتىپ كېلەلمىدى .

ئېلىمىز ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ يېڭى ھاياتبەخش باھارىنىڭ باشلىنىشىغا ئەگىشىپ ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ باي ئەدەبىي ئىجادىيىتىمۇ يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشتى . شائىرنىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى جۇڭگو يېڭى زامان ئەدەبىياتى تارىخى بىلەن رايونىمىزدىكى ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكى پروگراممىسىغا كىرگۈزۈلدى ، ئەسەرلىرى قايتا - قايتا نەشر قىلىندى .



لېكىن ، شائىرنىڭ تارىختا مەڭگۈ ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان شانلىق ھاياتى ۋە باي ئەدەبىي مىراسى ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ تېخى ناھايىتى ئاز ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى داۋاملىق ئىزدەشكە ، تولۇپلاپ ئېلان قىلىشقا ، دەۋر خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بۇ چوڭ ۋە ئالاھىدە تېما ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە مۇھاكىمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئورۇن بېرىپ ، ئۇنىڭ شانلىق نامىنى ھەقىقىي مەڭگۈلەشتۈرۈشكە ، قىسقىسى ، ئۇنىڭ باي ۋە جەڭگىۋار ئەدەبىي مىراسىغا تولۇقى بىلەن ۋارىسلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . بۇ كەلگۈسىنىڭ تەلىپى ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزنىڭ ئېھتىياجىدۇر .

1984 - يىلى 10 - ئاي
2002 - يىلى 5 - ئاي

# شېئىردا ھېكمەت ۋە سەنئەت بولۇشى كېرەك

ئۇكام ئابدۇرېھىمجان !

خېتىڭىزنى ئالدىم ، ئەمدى سوئاللىرىڭىزغا جاۋاب بېرىمەن . ئالدى بىلەن ئېيتىپ قوياي ، مەن خېتىڭىزنىڭ ئىچچام ۋە يىغىنچاق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ ، سوئاللىرىڭىزنى تولۇق كۆچۈرمىدىم . پەقەت مەزمۇنەن بايان قىلىپ ئۆتۈش بىلەنلا چەكلەندىم . يەنە بىر تەرەپتىن ، سىز «تۇتۇق شېئىرلار» دەپ ئاتىغان شېئىرلارنى مەن «يېڭى شېئىرلار» دەپ ئالدىم .

بىرىنچى ، يېڭى شېئىرلارنىڭ شەكىللىنىشىگە بولغان قاراش ۋە بۇ شېئىرلارنى ئەدەبىياتىمىزغا ئېلىپ كىرىش زۆرۈرىيىتىنىڭ بار - يوقلۇقى مەسىلىسى توغرىسىدا .

1980 - يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ بىزنىڭ ئەدەبىيات ساھەيىمىزدە ، بەدىئىي ئەدەبىياتنى ئەقلەن چۈشىنىدىغان ، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرگەن ، يېڭىچە پىكىر ۋە تەپەككۇر يولىغا كىرگەن تەلەپچان بىر ئەۋلاد پەيدا بولدى . ئۇلار شېئىرىيەتتىن ئىنسان روھىنىڭ ھەقىقىي باي ۋە مۇرەككەپلىكىنى ، ئۇنىڭ مەنىۋى ھېسسىي پائالىيىتىنىڭ ئەڭ نازۇك ، ئەڭ پىنھان ، ئەڭ يوشۇرۇن ھالەتلىرىنى كۆرۈشنى خالايتتى . لېكىن ، ئۇلار بىزنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزدىن بۇنداق پەزىلەتلەرنى تاپالمىدى . ئۇنىڭدىن ئۆز - ئۆزىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتكەن ئازاد ۋە ئەركىن ئادەمنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى ، ئۇنىڭ پىكىر ۋە تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقىنى كۆرەلمىدى . ئۇلار ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزنىڭ دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى بىلەن ھاياتىي ئىنتىلىشىدىن كېيىن قالغانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ پىكىر



ۋە ئېڭىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەنىۋى يارقىنلىقلارنى مۇناسىپ لىرىك پەللىدە يورۇتۇپ بېرەلمەيۋاتقانلىقىنى چۈشەندى . بۇ ھال ئۇلارنى ئىزدىنىش ۋە پىكىر قىلىش يولىغا ، ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلاش يولىغا ، ئۆزلىرىنىڭ ھايات چۈشەنچىلىرى بىلەن غايە ئىنتىلىشلىرىنى يېڭىچە بىر خىل شېئىرىي فورمىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش يولىغا باشلىدى . شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر تەرىپىدىن «تۇتۇق» دەپ ئاتىلىۋاتقان يېڭى شېئىرلار پەيدا بولدى . مېنىڭچە ، بۇ ياش ئاپتورلىرىمىزنىڭ شېئىرىي تەپەككۇرىنىڭ چوڭقۇرلۇق ۋە مۇرەككەپلىككە قاراپ ماڭغانلىقىنىڭ ، ئۇلارنىڭ ئېستېتىك تەلەپ ئۆلچىمىنىڭ يېڭى بىر يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى . ئۇ شېئىرىيىتىمىزدىكى بەدىئىي پىكىر تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن نەتىجىسى بولۇپ ، شەخس ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان بىر خىل ئەدەبىي رېئاللىق . بۇنىڭدىن بەدىئىي ئەدەبىياتقا ئەقلەن بېرىلگەن ھەرقانداق بىر ساۋاتلىق ئوقۇرمەن خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ ، ئەلۋەتتە .

ھازىر بىرمۇنچە ئاپتورلار يېڭى شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ . ئۇلارنىڭ ياراتقان ۋە ئىجاد قىلغان نەرسىلىرىمۇ ئاز ئەمەس . يېتەرلىك ئوقۇرمەنلىرىمۇ بار . شۇڭا ، بۇ شېئىرلارنى ئەدەبىيات سېپىگە ئېلىپ كىرىش ياكى كىرمەسلىك مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق . چۈنكى ، بۇ شېئىرلار بىزنىڭ ئەدەبىيات سېپىمىزگە ئاللىقاچان كىرىپ بولدى . ئۇلار ھازىر ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز تېخى ئۇچراشمىغان بىرمۇنچە يېڭى مەنىۋى پەزىلەتلىرى بىلەن ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزنىڭ پىكىر ۋە تەپەككۇر قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتمەكتە .

ئىككىنچى ، تۇراق ، قاپىيە ، ۋەزىنلەرنىڭ شېئىردىكى ئورنى توغرىسىدا .

ھەممىمىزگە ئايانكى ، شېئىرنى ئەقلىي ، ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە قىلىپ تۇرغان نەرسە ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىكى بەدىئىي

پىكىردۇر ، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق ، شائىر سۇبيېكتىدىن ، ئۇنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرىدىن تۇغۇلغان ، كىشىلەرنى ئوي ۋە ھاياجانغا سالىدىغان يېڭى شېئىرىي مۇھىتىدۇر . لېكىن ، بۇلارنىڭ ئۆزى ھەرقانچە رەڭدار ، ھەرقانچە چوڭقۇر ، ھەرقانچە گۈزەل ۋە ئىجادىي بولسىمۇ ، ھەتتا ئۇ نەرسىلەر مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئەقلىي يۈكسەكلىكنىڭ مەھسۇلى بولغان تەقدىردىمۇ ، ئۇلار چوقۇم مۇئەييەن بىر بەدىئىي شەكىلدە ئەكس ئېتىشى كېرەك . چۈنكى ، ھەرقانداق بىر يېڭى ئىجادىي پىكىر ئۆزىگە مۇناسىپ بولغان يارقىن بەدىئىي شەكىل تاپالىغاندىلا ئاندىن ئۇ مۇئەييەن ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولالايدۇ .

بىز ئېيتىۋاتقان تۇراق ، قاپىيە ، ۋەزىن دېگەنلەر قارىماققا شېئىرنىڭ فورما قۇرۇلمىسىغا ، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇش شەكلىگە تەۋە بولغان تاشقى ھادىسىلەردەك كۆرۈنسىمۇ ، لېكىن ئۇلار شېئىرغا شەكىل گۈزەللىكى بىلەن مەزمۇن ئىخچاملىقى ، تىل جىلۋىگەرلىكى بىلەن قۇرۇلما رەڭدارلىقى ئاتا قىلىدىغان ، شېئىرىي پىكىر بىلەن شېئىرىي تەسەۋۋۇرنىڭ جانلىق ۋە ھەرىكەتچانلىقى بىلەن شېئىرىي ھېسسىياتنىڭ چوڭقۇر ۋە ئويناقلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان بەدىئىي ئامىللاردۇر . تۇراق ، قاپىيە ، ۋەزىنلەر بەدىئىي شەكىلنىڭ تۇراقسىزلىقىنى چەكلەپ ، بەدىئىي پىكىرنى مۇئەييەن فورمىغا ئىگە قىلىدۇ . شۇڭا ، مېنىڭ قارىشىمچە ، تۇراق ، قاپىيە ، ۋەزىنلەرسىز ھەقىقىي بەدىئىي شېئىرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس . مۇبادا ئۇنداق بولمىغاندا ، نورمال ھېس قىلىش ۋە تەسىرلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ئادەتتىكى بىر ئادەمنىڭ تاسادىپىي ئېيتىپ سالغان بىرەر ھاياجانلىق پىكىرىمۇ شېئىر ھېسابلانغان بولاتتى . ۋەھالەنكى ،ھازىرغىچە سەنئەتكە ئەقلەن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن بىرەر كىشىمۇ بۇنداق نەرسىنى شېئىر ھېسابلىغان ئەمەس . مېنىڭچە ، تۇراق ، قاپىيە ، ۋەزىنلەرنىڭ شېئىردىكى زۆرۈرىيىتىنى ئىنكار قىلىدىغان كىشىلەر ئەمەلىيەتتە مۇشۇ بەدىئىي شەكىل چەكلىمىسى ئىچىدە پىكىر



قىلىشتىن ئازاب ۋە قىينىلىش ھېس قىلىدىغان ئادەملەردۇر .

ئۈچىنچى ، چۈشىنەلمىگەن نەرسىدىن ھۆزۈر ئېلىش مۇمكىنمۇ ، دېگەن مەسىلە توغرىسىدا .

بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشنىڭ نېمە سەۋەبتىن زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى راستىنى ئېيتسام ئۆزۈممۇ چۈشەنمىدىم . چۈنكى ، ھەرقانداق بىر ئوقۇرمەننىڭ ئۆزى چۈشەنمىگەن نەرسىدىن ھېچقانداق ھۆزۈرلىنالمايدىغانلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن ئېنىق . بەدىئىي ھۆزۈر ۋە ئېستېتىك زوق دېگەنلەر پەقەت ئەسەرنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىي چوڭقۇرلۇقىنىڭ تەكتىگە يېتىپ ، سەنئەت گۈزەللىكىنىڭ سېھرىي جىلۋىسى بىلەن ھەقىقىي ئۇچراشقاندىلا ئاندىن باشلىنىدۇ . ئوقۇرمەن ئېڭىدا ئۇزاققىچە داۋام قىلىدىغان بۇ مەنىۋى جەريان ئۇنىڭ ئوي ـ پىكرىنى قاناتلاندۇرۇپ ، ئۇنى جەمئىيەت ۋە تەبىئەت سىر ـ ھېكمەتلىرىنىڭ پايانسىز ئالىمى بىلەن ئىنسان روھىي دۇنياسىنىڭ چەكسىزلىكى ۋە مۇقەددەسلىكىگە ئاپىرىپ باغلايدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئوقۇرمەن ئىنسان ئەقىل ـ پىكرىنىڭ تەكتىگە يەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى چوڭقۇرلۇق ۋە مۆرەككەپلىك بىلەن تەبىئىي ھالدا ئۇچرىشىپ ، ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى يېڭى بىر ئەقلىي ھېكمەت ۋە ھاياتىي مەنە بىلەن بېيىتىدۇ .

يېقىندىن بۇيان بىرمۇنچە ئوقۇرمەنلەردىن بەزى يېڭى شېئىرلارنىڭ زادى چۈشەنگىلى بولمايدىغان جاۋابسىز تېپىشماقلارغا ئوخشىشىپ قېلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى رەنجىشلىرىنى ئاڭلىدىم . راستىنى ئېيتقاندا ، بۇ شېئىرلارنىڭ بەزىلىرى ھەقىقەتەن تۇتۇق ، مەزمۇن جەھەتتىن نائېنىق بولۇپ ، نېمە دېيىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يەتمەك تەس . توغرا ، شېئىرىي ئەسەرلەردە ئەلۋەتتە بەدىئىي مۆرەككەپلىك بولىدۇ . لېكىن ، بۇ مۆرەككەپلىك ، ئادەتتىكى مەزمۇن تۇتۇقلۇقى بولماسلىقى ، ھەقىقىي ئىجادىي تەپەككۇردىن تۇغۇلغان پىكىر چوڭقۇرلۇقى بىلەن سەنئەت رەڭدارلىقىدىن بارلىققا كەلگەن بەدىئىي ـ ئەقلىي مۆرەككەپلىك بولۇشى لازىم . لېكىن ، بىز دەۋاتقان بۇ شېئىرلاردا بۇنداق

پەزىلەتلەر تېپىلمايدۇ . ئۇلاردا ئەقلىي قىممەتكە ئىگە بولغان بىرەر يېڭى بەدىئىي پىكىر يوق . يەنە كېلىپ ، سەنئەت تۇسى شۇنچىلىك ئاجىزكى ، ئۇنى خۇددى ناچار يېزىلغان بىر ئېپىك پارچىنى كۆرۈۋاتقاندەك هاياجانسىز ئوقۇيسىز . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شېئىرلار كىشىنىڭ غەشلىكىنى كەلتۈرىدىغان دەرىجىدىكى تۇتۇقلۇق ۋە ئېنىقسىزلىق لىباسىغا ئورالغان . سىزنىڭ شېئىرىڭىزدا كۆتۈرۈۋاتقىنىڭىز هەممىگە مەلۇم بولغان ئادەتتىكى پىكىر ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ هالسىز جۇغلانمىسى ، هايات تاسادىپىيلىقلىرىنىڭ ئۆتكۈنچى تەسىراتى ، تۇرمۇش ۋە كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ كىچىككىنە بىر كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت تۇرسا ، سىز ئۇنى هەرقانچە سۇنئىي مۇرەككەپلىك پەردىسىگە ئورىسىڭىزمۇ ئۇ هامان هەقىقىي ئىجادىي سەنئەت دەرىجىسىدە بەدىئىي قىممەت تاپالمايدۇ . مەن كۆپ ۋاقىتلاردا شۇنداق ئويلايمەن : ئاپتورنىڭ ۋىجدانى قەلبىدە پىشىپ يېتىلگەن هاياتىي هېكمەت ، ئۇنىڭ ئۆزى تولۇق ئىگىلەپ بولغان ئىجادىي بەدىئىي پىكىر هەرقانداق ۋاقىتتا ئاپتورنىڭ ئىجادىي شەخسىيىتى بىلەن بىللە هېچقانداق غەيرىي رەڭ ۋە بوياقلارسىز ، ئەسلىي تۇغۇلغان هالىتىدەك پاك ۋە يارقىن كۆرۈنۈشتە ئوقۇرمەن ئالدىدا نامايان بولۇشى كېرەك . مېنىڭچە ، مانا مۇشۇنداق پەزىلەتكە ئىگە بولغان ئىجادىي شېئىرلارلا ئوقۇرمەن ئەقلىنى يېڭى بىر مەنىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرەلەيدۇ .

ئىجادىي سەنئەت شۇ پەزىلىتى بىلەن قىممەتلىككى ، ئۇ هەرقانداق نەرسىنىڭ سىهرىي هېكمىتىنى لىرىك ئوبرازلار ۋاستىسىدە ئاچالايدۇ ، هەرقانداق تۇتۇقلۇق ۋە ئېنىقسىزلىقنى لىرىك هېسسىيات يالقۇنى بىلەن يورۇتۇپ ، ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ هەرقانداق يوشۇرۇن ۋە پىنهان هالەتلىرىنى لىرىك پىكىرلەر ئارقىلىق روشەنلەشتۈرۈپ بېرەلەيدۇ . دېمەك ، تۇتۇقلۇق ۋە ئېنىقسىزلىق شېئىرىي ئەسەرلەرگە بەدىئىي ئەقلىي قىممەت بېغىشلايدىغان ئېستېتىك ئامىل ئەمەس . ئېهتىمال تەبىئەت ۋە كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ مەزمۇن ماهىيىتىنى رەڭ ، بوياق ۋە



تەبىئىي بوشلۇق تۇسى ياردىمىدە يورۇتۇپ ، تاشقى ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەن كىشىلەرنى بىۋاستە ئوبيېكتىپ رېئاللىق بىلەن ئۇچراشتۇرىدىغان گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىگە ئىجادىي سەنئەت قىممىتىگە ئىگە بولغان تۇتۇقلۇق ۋە غۇۋالىق بەلگىلىك بەدىئىي جىلۋە بېغىشلىشى مۇمكىن . لېكىن ، تىل سەنئىتى ۋاستىسىدە يارىتىلغان هەرقانداق بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئىنتىلىش پەللىسى روشەنلىك ۋە يارقىنلىقتۇر . مېنىڭچە ، شېئىرنىڭ ئۆزى ئاپتورنىڭ ئوتلۇق قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان قۇدرەتلىك لىرىك يالقۇن . ئۇ يانغان ۋە پارلىغانىكەن ، ئوقۇرمەننىڭ كۆز ئالدىدىكى سىرلىق ئالەم يورۇشى ، هەممە نەرسە خۇددى لىرىك شېئىرنىڭ ئۆچمەس يالقۇنىدەك نۇرلىنىشى ۋە جىلۋىلىنىشى كېرەك . بىلىنىسكىينىڭ بۇ هەقتىكى پىكرى ناهايىتى توغرا : كىشىنى هېس - تۇيغۇلار دۇنياسىغا تەبىئىي باشلاپ كىرەلەيدىغان هەقىقىي لىرىك شېئىر ، هەرقانداق ئاددىي ئادەم چۈشىنەلەيدىغان ساددىلىق ۋە يارقىنلىققىمۇ ، لېكىن هەرقانداق ئادەم تەكتىگە يېتەلمەيدىغان چوڭقۇرلۇق ۋە مۇرەككەپلىككىمۇ ئىگە بولۇشى لازىم .

تۆتىنچى ، شېئىرنى كىشىلەرنىڭ سەۋىيىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرغان تۈزۈكمۇ ياكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەۋىيىسى شېئىرنىڭ سەۋىيىسىگە ئۇيغۇنلىشىشى كېرەكمۇ ، دېگەن مەسىلە توغرىسىدا .

قارىغاندا ، بۇ نۇرغۇن مىللەتلەردە خېلى ئۇزاقتىن بۇيان مۇهاكىمە قىلىنىپ كېلىنىۋاتقان بىر مەسىلە بولسا كېرەك . مېنىڭ بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئىلمىي پرىنسىپلىرى شەرهلەنگەن بىر ماتېرىيالدىن مۇنداق بىر نەرسىنى ئوقۇغانلىقىم ئېسىمدە . جاهان ئەدەبىياتىدا هېكايىچىلىقنىڭ پىرى دەپ ئاتالغان چېخوف بەدىئىي تەپەككۇرى تازا قىيامىغا يەتكەن يىللىرىدا ئەنئەنىۋى رۇس پروزىسىنىڭ قېلىپلاشقان پىكىر ۋە فورما دائىرىسىدىن چىقىپ ، مۇرەككەپ بەدىئىي پىكىر ۋە شەكىللەر ۋاستىسى بىلەن رۇس ئوقۇرمەنلىرى

تېخى ئۇچراشمىغان رەڭدار بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىپ، رۇس جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى پۈتۈنلەي يېڭى ۋە ئىجادىي نۇقتىدىن يورۇتۇپ بېرىش يولىغا كىرگەن. تەبىئىيكى، ئۇنىڭ بۇ خىل يېڭى بەدىئىي ئىزدىنىشى رۇس ھاياتىنىڭ رېئال ھالىتى ھەققىدىكى مىللىي ئىجتىمائىي تەنقىد روھى بىلەن سۇغىرىلغان ئاجايىپ ئىجادىي پىكىرلىرى خەلقچىللىق تونىغا پۈركەنگەن، ئەمەلىيەتتە بولسا رۇس خەلقىنىڭ رېئال ھاياتى بىلەن ئۇنىڭ كېلەچىكى ھەققىدە بىرەر قېتىممۇ ئازابلىق تولغىنىپ پىكىر قىلىپ كۆرمىگەن بەزى ئەقىدىسىز تەنقىدچىلەرنىڭ ئەيىبلەش ۋە قارىلاش نىشانىغا ئايلىنىپ قالغان. ئۇلار چېخوفنى رۇسىيىنى ئاياغقا تۇرغۇزۇۋاتقان چىنوۋنىكلار بىلەن مۇژىكلارنى ئۇنتۇدى، ئۇلارنىڭ ئاڭ ۋە تەسەۋۋۇرىدا يوق نەرسىلەرنى يېزىپ ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئىزدىن چىقاردى، چېخوف ھەقىقىي يازغۇچى بولىدىكەن، ئەلۋەتتە ئاشۇ چىنوۋنىك ۋە مۇژىكلار ئىككى دەرىجىسىگە قايتىشى كېرەك، دېگەندەك سۆزلەر بىلەن بىرمۇنچە ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. چېخوفنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدىغان بۈيۈك يازغۇچى تولستوي ئاشۇنداق تېتىقسىز ماقالىلەرنىڭ بىرىنى كۆرگىنىدە قاتتىق غەزەپلىنىپ، ماقالىنىڭ ئاخىرىغا «ئەخمەق، سەن ھەقىقىي تەنقىدچى بولساڭ چېخوفنى ئاددىي چىنوۋنىك بىلەن مۇژىكنىڭ ئىككى دەرىجىسىگە چۈشۈرمەي، بەلكى ئۇلارنى چېخوفنىڭ سەۋىيىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرگىن» دەپ يېزىپ قويغان.

دېمەك، ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە ۋىجدان ۋە ئەقىل بىلەن كىرگەن ھەرقانداق ئەدىب ئۆز ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئاڭ - سەۋىيىسىگە ماسلاشقۇچى، ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى ساددا پىكىر، خىياللىرى ئەتراپىدا رايىشلىق بىلەن ئايلانغۇچى ئەمەس، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى پىكىر ۋە تەپەككۇر قۇرۇلمىلىرىنى بۇزغۇچى، ئۇلارنىڭ ئوي ۋە تەسەۋۋۇرىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرگۈچى، ئۇلارنى ئۆزلىرى تېخى ھېس قىلىپ يەتمىگەن يېڭى بەدىئىي - ئەقلىي دۇنياغا باشلىغۇچىدۇر. ئۇ خۇددى گىرېك



ئەپسانىلىرىدىكى پىرومىتىغا ئوخشاش يېڭى ئەقلىي پىكىرلەرنىڭ ئوت ۋە يالقۇنى بىلەن باغرى سوۋۇغان ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىنى ياندۇرۇپ، ئۇنى ھاياتنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولغان بۈيۈك كۈچ سۈپىتىدە ئاياغقا تۇرغۇزغۇچىدۇر. ناھايىتى ئېنىقكى، ئومۇمىي سەۋىيىگە ماسلىشىش دېگەن بۇ تەلەپ بەدىئىي ئەدەبىياتتىن يېڭى يۈكسەك نەرسىلەرنى كۈتىدىغان پاراسەتلىك ئوقۇرمەننىڭ بەدىئىي ئارزۇسى ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقلىي پىكىر سەۋىيىسىدىكى ئەسەرلەردىن يەتكىنىچە بىزار. شۇڭا، ئۇ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېخى تولۇق چۈشىنىپ يەتمىگەن، ئوقۇرمەننىڭ رېئال ئاڭ - سەۋىيىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغان ئەقىدىسىز قەلەمكەشلەرنىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە مۇقەددەسلىكىنى قانۇنلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئويلاپ تاپقان تېتىقسىز پەتىۋاسى. ھەرقانداق بىر ئوقۇرمەن بەدىئىي ئەدەبىياتنى يېڭى بىر ئەقلىي پىكىرگە بولغان تىنىمسىز تەشنالىقى ۋە ئۆزىدە بولمىغان، غايىۋى ئىنتىلىش ھالىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىپ كەلگەن يېڭى بىر بەدىئىي ھەقىقەتكە ئېرىشىش ئارزۇسى بىلەن ئوقۇيدۇ. شۇڭا، كىمكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئورتاق ئومۇمىي سەۋىيىسىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مىزانى قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇر ۋە بەدىئىي ئىزدىنىشىنىڭ يۈكسەك پەللىسى ھېسابلايدىكەن، ئۇ مەڭگۈ ياراتقۇچى ۋە ئىختىرا قىلغۇچى ھەقىقىي ئەدىب بولالمايدۇ.

بەشىنچى، ئەنئەنىۋى شېئىرلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ يېڭى شېئىرلار بىلەن پەرقى توغرىسىدا.

راستىنى ئېيتسام، مەن يېقىنقى يىللار ئىچىدە ئەنئەنىۋى شېئىرلاردىن ئۆزۈمدە بولمىغان يېڭى بەدىئىي - ئەقلىي پىكىرلەرنى ناھايىتى كۆپ ئۇچراتتىم. يېڭى شېئىرلارنىڭ بەدىئىي ئېستېتىك پرىنسىپلىرىنى بولسا تېخى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ بولالمىدىم. لېكىن، راستىنى ئېيتىشىم كېرەككى، مەن شۇنچىلىك ئېغىر بەدىئىي پىكىر نامراتلىقى ھالىتىدە تۇرۇپمۇ، يەنىلا ياشاپ ۋە

مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ئاشۇ ئەنئەنىۋى مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەسىر تەربىيىسىدە جەمئىيەت ۋە تەبىئەتنى چۈشەندىم. ئۆزۈمنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ تونۇدۇم. كېيىنكى يىللاردا ماڭا ئەقىل ۋە ئىقتىدارىمغا مۇناسىپ بولمىغان ھالدا جاھان شېئىرىيىتىنىڭ بەزى مەشھۇر نامايەندىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشقا توغرا كەلدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممە ئەسەرلىرىدىن ئالغان ئوقۇرمەنلىك لەززىتىم، بىزنىڭ ئاجايىپ شائىرىمىز موللا بىلالنىڭ غەزەللىرىدىن، ھاياتىنى ئۆز خەلقىگە بېغىشلىغان، ئەقىل ۋە ۋىجداننىڭ نۇرانە تىمسالى بولغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىرىدىن، جاپاكەش، لېكىن بەختىيار، ساددا ھاياتنىڭ ھەممە سىر - ھېكمەتلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغان پەرىشتە سۈپەت ئۇيغۇرنى ئۆزىنىڭ ھەممە بۈيۈكلۈك ۋە زەئىپلىكى بىلەن ھېچقانداق پەردازلىماي، ئەسلىي ھالىتىچە بەدىئىي ئەدەبىياتىمىزغا ئېلىپ كىرگەن بىر قىسىم تالانتلىق شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدىن تاپقان ئازاب ۋە خۇشاللىقىمغا يەتمىدى. بۇ ھالنى مەن دەسلەپ ئەنئەنە ۋە ئادەت كۈچى جاھىللىقىدىن قالغان ئەقلىي قاتماللىقتىن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. لېكىن، كېيىنچە شۇنى ھېس قىلىپ يەتتىمكى، ئۇلار بىزنىڭ مۇشۇ مىللىي ھاياتىمىزنىڭ، ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل ۋە ۋىجدانىمىز بىلەن يارانقان رېئال تارىخىمىزنىڭ ۋىجدانىي شاھىتلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكىنى بىزنىڭ مىللىي روھ، مىللىي ئېڭىمىز، بىزنىڭ ئازاب ۋە خۇشاللىقىمىز، ئۈمىد ۋە ھەسرىتىمىز ئىكەن. ئۆز مىللىي ۋۇجۇدىمىزدا يېتىلىپ، ئۆز قەلبىمىزدە قايناپ تاۋلانغان بۇنداق ئەقلىي پىكىرلەرنى بىزگە ھەرقانداق ئىنگلىز، ئىسپان ۋە فرانسۇز ئەدىبلىرىمۇ بېرىشكە قادىر ئەمەس ئىكەن.

مېنىڭچە، بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي شېئىرىيىتىمىز ئاجايىپ بىر پەزىلەتكە ئىگە. ئۇ نېمە؟ ئۇنىڭ ئەقلىي ھېكمەتكە بايلىقى، مۇزىكىلىق تۇسىنىڭ قويۇق ۋە يارقىنلىقى. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا



بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەزەلدىن بەدىئىي مەزمۇن بىلەن بەدىئىي شەكىلنىڭ بىرلىكى، بەدىئىي پىكىر بىلەن بەدىئىي فورمىنىڭ بىرلىكى يۈكسەكلىكتە نامايان بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئورنى كەلگەندە شۇنى ئېيتىپ ئۆتمەي بولمايدۇكى، بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىزدىكى بەزى نەزمىكەشلەرنىڭ ئادەتتىكى ئوقۇرمەننىڭ ئىپتىدائىي ئېڭى دەرىجىسىگىمۇ يەتمەيدىغان، ئوقۇغۇچىلارنى يەتكىنىچە بىزار قىلغان ناباب پۈتۈكلىرى ئۇلارنىڭ ئەقلىي زەئىپلىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇلارنى زادىلا بىزنىڭ بىر پۈتۈن مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئاجىزلىقى ۋە يارامسىزلىقىنىڭ ئىنكاسى دېگىلى بولمايدۇ.

بىز يۇقىرىدا ئومۇمىي مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى پەزىلىتى سۈپىتىدە ئەقلىي ھېكمەت بىلەن مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇق. ئۇنىڭدا ئېيتىلغان ئەقلىي ھېكمەت ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەسەۋۋۇر چوڭقۇرلۇقىنى، مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەت بولسا ئۇنىڭ لىرىك روھقا تويۇنغان شەكىل مۇقىملىقى ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. شېئىر ئەسلىدە ئاپتور قەلبىدە ئەقلىي پىنھانلىق ھالىتىدە تۇغۇلىدۇ. ئۇ قەغەزگە چۈشۈرۈلگەنىكەن، ئۆزىنىڭ پىنھانلىق ۋە يوشۇرۇنلۇقىنى يوقىتىدۇ. بۇ ھالدا ئۇ تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ قەلبىگە كىرىشى، ئۇلارنىڭ ئەقلى ۋە روھىغا تەسىر قىلىشى كېرەك. ئۇنى بۇ پەللىدە قارارلاشتۇرىدىغان نەرسە نېمە؟ ئۇنىڭدىكى بەدىئىي پىكىرلەرنى، ئوقۇرمەنگە روھ ۋە ئەقىل ئاتا قىلىدىغان ھاياتىي ھېكمەتلەرنى مۇئەييەن ئېنىقلىق ۋە مۇقىملىق ھالىتىدە ئوقۇرمەن ئېڭىغا ئۆزگىچە بىر خىل مەنىۋى لەززەت ئېقىمى بىلەن تەبىئىي ھالدا قۇيۇپ قويۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتتۇر. بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان يېڭى شېئىرلارنىڭ خېلى بىر قىسمىدا دەل مۇشۇ پەزىلەت يېتىشمەيدۇ. ئۇلاردا تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن ئادەتتىكى ھاياتىي چۈشەنچىلەر ئىجادىي سەنئەت ۋە مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتتىن خالىي ھالدا تۈز ۋە توپتوغرا

ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. مېنىڭچە، يېڭى شېئىرلارنىڭ ئەنئەنىۋى
مىللىي شېئىرىيىتىمىز بىلەن بولغان پەرقى دەل مۇشۇ يەردە.
ئالتىنچى، بىز ھازىرقى دەۋر ئۈچۈن ئەمەس، كېيىنكى دەۋر
ئۈچۈن يازىمىز، دېگەن پىكىر توغرىسىدا.
بۈيۈك رۇس شائىرى پۇشكىننىڭ «ھەيكەل» ناملىق ئاجايىپ
بىر شېئىرى بار. بۇ شېئىردا پۇشكىن ئۆزىنىڭ سەنئەتكارلىق
جۇرئىتى بىلەن شائىرانە پەزىلىتىنى ۋىجدان تارازىسىدا ئۆلچەپ،
چەكسىز سۆيۈنۈش ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا چۆمىدۇ. ئۇ
غۇرۇرلانغان ھالدا: مەن شېئىرلىرىم ئارقىلىق ئەزگۇ ھېسلارنى
ئويغىتىپ ئەركىنلىك سازىنى جاراڭلاتتىم، شۇڭا كەلگۈسى
رۇسىيە مېنى سېغىنىپ ئەسلەيدۇ، دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە،
مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ شۆھرەتلىك نامىغا تىكلەنگەن مۇقەددەس
بەدىئىي ئابىدە بولۇپ، كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ نۇر چاچىدۇ.
دېمەك، پۇشكىن ئۆزىنىڭ ھەممە شېئىرىي تالانتىنى ئۆز دەۋرى
كىشىلىرى ئۈچۈن بېغىشلىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ غايە ۋە ئارزۇسىنى
دەۋر تۇيغۇسى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئەكس ئەتتۇرۇپ، ئۇلارغا
يېڭى روھ، يېڭى ئاڭ بېغىشلىغانلىقىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ بۈيۈك
ئىجادىي تۆھپىسى ھېسابلىغان. مېنىڭچە، پۇشكىن بۇ پىكرىدە
پۈتۈنلەي ھەق. چۈنكى، مۇئەييەن بىر دەۋر كىشىسى سۈپىتىدە
بەدىئىي ئەدەبىياتقا كىرىپ كەلگەن ھەرقانداق بىر ئەدىب شەك -
شۈبھىسىز ھالدا ئۆز دەۋرى ھاياتىنى ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ پىكىر ۋە
روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ماھىيىتى
بىلەن ئۇنىڭ ئىجادىيەت مەنتىقىسى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ئىلمىي
مۇقەررەرلىك. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ھېچقانداق بىر
ئەدىب، ھەتتا ئۇ ناھايىتى بۈيۈك ئەقىل ساھىبىسى بولغان
تەقدىردىمۇ، دەۋردىن ھالقىپ پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە
ئەمەس. شۇڭا، ئۇ ھەرقانداق قىلىپمۇ كېيىنكى دەۋر ھاياتىنى
يورۇتۇپ، ئۇ دەۋر كىشىلىرى ئۈچۈن ئەقلىي تۇمار پۈتۈپ
بېرەلمەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بەدىئىي ئەدەبىيات، جۇملىدىن



شېئىرىيەتمۇ ئالدى بىلەن دەۋر رېئاللىقى بىلەن دەۋر تۇيغۇسىنىڭ
مەھسۇلى. شۇنداق ئىكەن، ئۇ قانداق قىلىپ ئۆز دەۋرى
كىشىلىرىگە بېغىشلانماي، كېيىنكى دەۋر كىشىلىرى ئۈچۈن
يېزىلىشى كېرەك ئىكەن؟ مېنىڭچە، «كېيىنكى دەۋر ئۈچۈن
يېزىش» دېگەن بۇ پىكىر ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان، ئەمەلىيەتتە
بولسا ئۆزىنىمۇ، زامانداشلىرىنىمۇ بىلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ
ئۆزىنىڭ بەدىئىي - ئەقلىي ئاجىزلىقىنى يېپىش مەقسىتىدە ئويلاپ
تاپقان نەرسىسى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۆز دەۋرىدە ئالاھىدە
بەدىئىي - ئېستېتىك قىممەت ياراتقان، يېڭىلىق ۋە ئىجادىيلىق
بىلەن ئەدەبىياتتا روشەن ئىز قالدۇرغان ھەقىقىي نادىر ئەسەرلەر
كېيىنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ قەلبىدىمۇ ئىززەتلىك ئورۇن تېپىپ،
ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىغا ئايلىنالايدۇ.
لېكىن، مۇنداق ئەسەرلەر يەنىلا ئۆز دەۋرىنىڭ روھى ۋە نەپسىنى
ئەكس ئەتتۈرگەن، شۇ دەۋر كىشىلىرى ئىچىدە مۇئەييەن تەسىر
قوزغاپ، رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشتە مۇناسىپ رول ئوينىغان ئىجادىي
ئەسەرلەردىنلا ئىبارەت بولىدۇ. جاھان ئەدەبىيات ئەھلىنىڭ ئورتاق
ئېتىراپىغا ئېرىشكەن دانتې، بايرون، پۇشكىن، گيوتې، گېيىنى
قاتارلىق ئالەمشۇمۇل شائىرلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرىمۇ دەل
ئاشۇنداق پەزىلەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە
كەلگەن. ئېنىقكى، ئۇلارنىڭ دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ئۆز
نەرسىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئۇ خىسلەتلىك ئەسەرلىرى
ئىنسانىيەتنىڭ كېيىنكى دەۋرىگىمۇ خۇددى شۇنداق شۆھرەت ۋە
سالتەنەت بىلەن يېتىپ بارىدۇ.
يەتتىنچى، يېڭى شېئىرلاردىن ئەنئەنىۋى شېئىرلاردىكىدەك
زوق ئېلىش مۇمكىن ئەمەس، دېگەن مەسىلە توغرىسىدا.
مېنىڭچە، بۇنى ھەممىگە باب كېلىدىغان مۇتلەق كېسىم
دېگىلى بولمايدۇ. ئەنئەنىۋى شېئىرلاردىكى پىكىر ۋە تەپەككۇر
قۇرۇلمىسى بىلەن ئۇنىڭدىكى مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە
ئادەتلەنگەن، ئۇلاردىن زوق ۋە ئىلھام ئېلىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ

يېڭى شېئىرلارغا كۆنۈشى قىيىن بولىدۇ. بۇنداق هالدا ئۇلارنىڭ بۇنداق شېئىرلاردىن يېتەرلىك دەرىجىدە بەدىئىي زوق ئالالىشى مۇمكىن ئەمەس، لېكىن بۇ هال يېڭى شېئىرلارنىڭ ھېچقانداق زوقلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئەمەسلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. يېڭى شېئىرلارنىڭ ناھايىتى ئوبدان تەربىيىلەنگەن ئوقۇرمەنلىرى ۋە زوقلانغۇچىلىرى بار. ئۇنداق بولمىغاندا يېڭى شېئىرلار بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا بىر خىل ئىجادىي ئېقىمغا ئايلىنىپ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىي قۇرۇلمىسىنى بۇ دەرىجىدە ئۆزگەرتەلمىگەن بولاتتى.

سەككىزىنچى، ئۇمۇ بولسۇن، بۇمۇ بولسۇن، ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى ئۆزگىچە، دېيىلگەن قاراش توغرىسىدا.

بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش ئادىتىنى ھېسابقا ئالغاندا بۇ پىكىرنى توغرا دېمەي بولمايدۇ. بىرىنچىدىن، بەدىئىي ئەدەبىيات مەيدانى ئەسلىدە گۈزەللىك قىممىتىگە ئىگە بولغان ھەممە نەرسىنى سىغدۇرالايدىغان ھۆسنىگە تولغان كۆركەم باغ بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدا ھەر خىل رەڭ ۋە پۇراققا ئىگە بولغان سەنئەت گۈللىرى تەكشى ئېچىلىشى، بىرلا ۋاقىتتا ئۆسۈپ ۋە مەۋجۇت بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىكى ۋە جىلۋىگەرلىكىنى بەس - بەستە نامايان قىلىشى كېرەك. بىر خىل ئۇسلۇب ۋە بىر خىل شەكىلگىلا تايىنىدىغان، بىر خىللا پىكىر ۋە تەپەككۇر يولىغا ئادەتلەنگەن سەنئەت بەدىئىي ئەدەبىيات ھېسابلانمايدۇ. بەدىئىي ئەدەبىيات ئۈچۈن ئەدەبىي ئۇسلۇب ۋە ئىجادىيەت ئېقىملىرى قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى. شۇ چاغدىلا ئۇ جەمئىيەت ۋە تەبىئەتنىڭ تېخى ئېچىلمىغان سىر، ھېكمەتلىرىنى، كىشىلەر روھىي دۇنياسىنىڭ باي ۋە مۇرەككەپلىكىنى تېخىمۇ كەڭ ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بەدىئىي تاللىشى ۋە بەدىئىي زوقلىنىش ئادىتى ئوخشاشمايدۇ. ئالايلۇق، بەزىلەر ئەنئەنىۋى شېئىرلاردىن



زوقلىنىشى مۇمكىن، يەنە بەزىلەر بولسا ئۇلارغا ئوخشاشمىغان هالدا يېڭى شېئىرلاردىن ھۇزۇرلىنىشى مۇمكىن. مېنىڭچە، بۇ ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ ھەر ئىككىسىلا قەدىرلىنىشى ۋە ھۆرمەتلىنىشى كېرەك. چۈنكى، بۇ ئوقۇرمەن بولۇۋاتقان ھاياتىي شەخسنىڭ ئەدەبىي رايى، ئەقلىي ئىرادىسى، ئۇنىڭ ئىنسان سۈپىتىدىكى ئەڭ ئەقەللىي ئەركىنلىكى. بۇنىڭ قايسىدۇر بىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، قايسىدۇر بىرىنى ئىنكار قىلىش مۇناسىپ ئىلمىي - ئەخلاقىي پوزىتسىيە ئەمەس.

توققۇزىنچى، بۇ شېئىرلارنى «تۇتۇق» دەپ ئاتاش مۇۋاپىقمۇ، يوق، دېگەن مەسىلە توغرىسىدا.

بۇ شېئىرلارنى چۈشەنگەن ۋە ئۇلاردىكى بەدىئىي مەزمۇننى ھەقىقىي ئۆزلەشتۈرەلىگەن ئوقۇرمەن ئۈچۈن «تۇتۇق» ئاتالغۇسى ئەلۋەتتە مۇۋاپىق ئەمەس. لېكىن، ئۇنى چۈشەنمىگەن، ئاپتورنىڭ ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن بەدىئىي غايىۋى مەقسىتىنىڭ تەكتىگە يېتەلمىگەن ئوقۇرمەن ئۈچۈن ئۇنى «تۇتۇق» دەپ ئاتاشتىن باشقا يول يوق.

ئونىنچى، بۇ شېئىرلارنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىز بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدا.

بىزنىڭ مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى نېمە؟ ئەسىرلەردىن بۇيان ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر پۈتۈن مىللىي بەدىئىي ئاڭ بىلەن سەنئەت شەكلىدە ئەكس ئەتكەن مىللىي روھنىڭ ئىزچىللىقى، ئەقىل بىلەن ۋىجداننىڭ، چىنلىق ۋە ھېسسىياتنىڭ، پىكىر بىلەن تەپەككۇرنىڭ، گۈزەللىك بىلەن كۆركەملىكنىڭ بىرلىكى. شۇنداقلا، ئەنئەنىۋى مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ روشەن بەدىئىي پىكىر، يېتىلگەن ھاياتىي ھېكمەت، تاۋلانغان ئوبرازلىق تىل، ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان جىلۋىگەر سەنئەت ۋە كىشىگە مەنىۋى زوق ھەم ئازادىلىك بېغىشلايدىغان مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بايلىقى. مېنىڭچە، يېڭى شېئىرلار ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزنىڭ بۇنداق پەزىلەتلىرىنى

قەدىرلىشى ، ئۇلار بىلەن پەخىرلىنىشى ، ئۇلارنى مۇناسىپ دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرۈپ ، ئۆزىنى مەزمۇن ۋە بەدىئىي تەرەپتىن تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك . مېنىڭچە ، يېڭى شېئىرلارنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزنى چۈشىنىشى قانچىلىك بوش ، ئۇنىڭغا بولغان مۇناسىۋىتى قانچىلىك سۇس بولسا ، ئۇنىڭ ياتلىشىشى شۇنچە تېز بولىدۇ .

ئون بىرىنچى ، يېڭى شېئىرلارنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا .

يېڭى شېئىرلار ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مۇتلەق كۆپ ئاپتورلار ناھايىتى ئوبدان بەدىئىي - ئىلمىي تەربىيىلىنىشتىن ئۆتكەن ئىقتىدارلىق ياشلار بولۇپ ، ئۇلار ئەمەلىي ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغىمۇ ، نەزەرىيىۋى ئىزدىنىش روھىغىمۇ ئىگە . شۇڭا ، ئۇلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنى ئۆزىگە خاس ئالاھىدە نۇقتىدىن كۆزىتىپ ، ئۇنىڭدىكى يېڭى ۋە ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى سەزگۈرلۈك بىلەن تېپىپ ۋە ئەكس ئەتتۈرۈپ ، شېئىرىيىتىمىزدە قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا روشەن بەدىئىي ئىز قالدۇردى . بىرمۇنچە ئىقتىدارلىق ئاپتورلار ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي رەڭدارلىق بىلەن چوڭقۇر ئىچكى مەزمۇنغا ئىگە بولغان يېڭى ، ئىجادىي شېئىرلىرى بىلەن ئومۇمىي مىللىي شېئىرىيىتىمىزنى يېڭى بىر لىرىك مەنىلەر ئۇپۇقىغا كۆتۈردى . كېسىپ ئېيتىش مۇمكىنكى ، ئۇلار ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۈمىدلىك يېڭى بىر ئەۋلادى بولۇش سۈپىتى بىلەن شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئىستىقباللىق يېڭى دەۋرىنى يارىتىپ ، ئوقۇرمەنلىرىمىز ئالدىدا يېڭى بىر جىلۋىگەر بەدىئىي سېھرىي ئالەم ئاچىدۇ .

ئۆتكەندە يېڭى شېئىرلار ھەققىدە بىرمۇنچە ماقالىلەر يېزىلدى . ئۇلاردا يېڭى شېئىرلارنىڭ تەپەككۇر ئالاھىدىلىكى بىلەن مەنىۋى ئەقلىي چوڭقۇرلۇقى ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتتە ئۇچرىمايدىغان باشقا بەدىئىي پەزىلەتلىرى خېلى كۆپ سۆزلەندى . ئەمدى گەپ ئاشۇنداق شېئىرلارنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ ، يېڭى شېئىرلارنىڭ مەنىۋى - بەدىئىي ئۆزگىچىلىكلىرىنى



ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق تېخىمۇ يارقىن نامايان قىلىشتا قالدى . ماركسنىڭ مۇنداق بىر ئاجايىپ چوڭقۇر پىكىرلىك سۆزى بار : «پەيلاسوپلار ھازىرغىچە دۇنيانى ھەر خىل تەرزدە شەرھلەپ كەلدى . لېكىن ، گەپ ئۇنى ئۆزگەرتىشتە .» مېنىڭچە ، ئۇنى يېڭى شېئىرلار ئىجادىيىتىگىمۇ تەتبىقلاش مۇمكىن . مۇبادا يېڭى شېئىرلار ئاپتورلىرى مۇشۇ روھ بويىچە تېخىمۇ زور ئىجتىھات بىلەن ئەمەلىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ ، مەنىۋى - بەدىئىي يارقىنلىقى بىلەن كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان تېخىمۇ كۆپ ئىجادىي ئەسەرلەرنى يارىتىدىغانلا بولسا ، يېڭى شېئىرلارنىڭ ھاياتىي ئىستىقبالى تېخىمۇ پارلاق بولىدۇ .

1998 - يىلى 6 - ئاي

# ھىندى ئەدەبىياتىنىڭ پەخرى

1913 - يىلى ھىندى ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا خاسىيەتلىك بىر يىل بولدى . شۋېتسىيە خانلىق ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى ھىندىستان يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى بۈيۈك شائىر ۋە يازغۇچى رابىندرانات تاگورغا تاپشۇردى . ھىندى خەلقىنىڭ ۋىجدان ۋە سىمۋولى ھېسابلىنىدىغان بۇ بۈيۈك ئەدىبنىڭ بېنگال تىلىدىن ئۆزى تەرىپىدىن ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «گىتانجالى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ئۆز دەۋرىنىڭ ئاجايىپ بىر بەدىئىي ھادىسىسى بولغانىدى . شۇنداق قىلىپ ، ھىندى ئەدەبىياتىنىڭ پەخرى بولغان تاگور نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۇنجى شەرقلىق ئەدىب بولۇپ قالدى .

تاگور پۈتۈن ئىجادىي ھاياتىدا جەمئىي ئەللىك شېئىرلار توپلىمى ، ئون ئىككى پوۋېست ۋە رومان ، يۈزگە يېقىن ھېكايە ۋە يىگىرمىدىن ئوشۇق دراما ئەسەرلىرىنى يارىتىپ ، ھىندى ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى بىر تەرەققىيات دەۋرىنى باشلاپ بەردى . ئۇ ھىندى شېئىرىيىتىدە ناھايىتى كەڭ ، چوڭقۇر ئەقىدە ۋە پەلسەپە ئاساسىغا ئىگە بولغان «شېئىرىيەت مۇقەددەسلىكى» ئېقىمىنى شەكىللەندۈرۈپ ، بەدىئىي ئۈندۈرمە ھالىتىدە تۇرۇپ كېلىۋاتقان ھىندى ھېكايىچىلىقىنى ئىلغار ئىدىيىلەر بىلەن ھەقىقىي ئىجادىي سەنئەت زېمىنىغا باشلاپ كىردى . خۇددى بەزى ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ ئېيتقىنىدەك ، تاگورنىڭ «مۇنەۋۋەر ھېكايىلىرى ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ يازغۇچىلارنىڭ بىرىگە ئايلاندۇردى .»



تاگورنىڭ ھېكايىلىرى ھىندىستاننىڭ 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئومۇمىي ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولۇپ ، ئۇلار ۋەتەن ۋە خەلققە بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببەت ، ھايات ۋە تەبىئەتكە بولغان ئىشەنچ ، ئېتىقاد ، ھىندىستان مىللىي پاجىئەسىنىڭ ئىجتىمائىي يىلتىزى بولغان فېئودالىزم ۋە مۇستەملىكىچىلىككە قارشى ئوتلۇق غەزەپ - نەپرەت ھېسسىياتى بىلەن تولۇپ تاشقان . ئۇنىڭ بۇ ھېكايىلىرى تىپىكلىك ۋە ھاياتىيلىققا باي بولغان ئىجادىي سۇژىتقا ، ئىنچىكە ۋە ھەرىكەتچان بەدىئىي تەسۋىرگە ، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان رەڭدار تۇرمۇش مەنزىرىلىرىگە ، جانلىق ۋە ئوبرازلىق بەدىئىي تىلغا ئىگە بولۇپ ، ئوقۇرمەن ئۇلارنى گويا بىر لىرىك شېئىردەك لەززەتلىنىپ ئوقۇيدۇ .

تاگور 1861 - يىلى 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كالكۇتتادىكى بىر پومېشچىك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇنىڭ دادىسى ھىندىستاننىڭ مەشھۇر پەيلاسوپى ۋە دىنىي ئىسلاھاتچىسى بولۇپ ، ئاكا - ھەدىلىرى ۋە باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ ئىجتىمائىي ئىسلاھات ياكى ئەدەبىياتقا بارلىقى بىلەن بېرىلگەن ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر ئىدى . تاگورنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۇلار ناھايىتى زور رول ئوينىدى . تاگور مانا شۇنداق ئائىلىۋى مۇھىتنىڭ تۈرتكىسى ۋە ئىلھامى بىلەن مۇنتىزىم مەكتەپلەردە ئوقۇماي تۇرۇپمۇ ئۆزگىچە ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە بولغان ئەقىللىق بالا بولۇپ يېتىشتى . ئۇ سەككىز يېشىدا شېئىر يېزىشنى مەشىق قىلىشقا كىرىشىپ ، ئون تۆت يېشىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى «ھىندى مۇرىتلىرى ئىبادەتخانىسىغا» ناملىق شېئىرىنى ، ئون بەش يېشىدا تۇنجى داستانى «ياۋا گۈل»نى ئېلان قىلدى . 1878 - يىلى ئۇ ئەنگلىيىگە بېرىپ قانۇنشۇناسلىقنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى . لېكىن ، ئۇنى ئىنگلىز ئەدەبىياتى بىلەن ياۋروپا مۇزىكا سەنئىتى مەھلىيا

قىلىۋالغانلىقتىن ، ئىككى يىلدىن كېيىن ھىندىستانغا قايتىپ كېلىپ ، بارلىقى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى .

1881 ـ يىلدىن 1890 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىتنى تاگورنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئىزدىنىش ۋە يۈكسىلىش باسقۇچى دېيىشكە بولىدۇ . ئۇ بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ «گۇگۇم ناخشىسى» (1882 ) ، «سۇبھى ناخشىسى» (1883 ) ، «سۇرەت ۋە ناخشا» (1884 ) ، «قەلب» (1890 ) قاتارلىق شېئىر توپلاملىرىنى ، «ۋارمىچىنىڭ تالانتى» (1881 ) ، «تەبىئەتنىڭ قىساسى» (1884 ) ، «شاھ بىلەن مەلىكە» (1889 ) ، «قۇربان» (1890 ) قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى ، «خانىش بازىرى» (1881 ) ۋە «ئەۋلىيا شاھ» (1885 ) ناملىق تارىخىي رومانلىرىنى ئېلان قىلدى . ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرىدە خىيال ۋە فانتازىيە تۈسى قويۇق بولۇپ ، ئۇلاردا ھاياتنىڭ پىنھان ھالەتلىرى بىلەن كىشىلەر قەلبىنىڭ سىر ، ھېكمەتلىرى ئۆزگىچە بىر خىل تەسەۋۋۇر ھالىتىدە ئايان بولىدۇ . تۇرمۇش ۋە كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتىنى ياشلىق ھاياتنىڭ لەززەت ۋە قىزىقىشى ئىچىدە ھېس قىلىپ كېلىۋاتقان تاگور ئۆزىنىڭ «گۇگۇم ناخشىسى» ۋە «سۇبھى ناخشىسى» ناملىق ئەسەرلىرىدە ياشلىق سۆيگۈ شادلىقىنى ، ئىشق ـ مۇھەببەت لەززەتلىرىنى ، شۇنداقلا ئانا تەبىئەتنىڭ گۈزەل ، ئۇلۇغلۇقىنى قايناق لىرىك ھېسسىيات بىلەن ئېچىپ بەرسە ، «قەلب» ۋە «تەبىئەتنىڭ قىساسى» ئەسەرلىرىدە رېئاللىقتا يۈزلىنىپ ، ئۆز دەۋرى ھاياتىدىن تاپقان چەكسىز مەنىۋى شادلىقىنى ، خۇشاللىق ۋە تەشۋىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى .

تاگور 1884 ـ يىلدىن 1911 ـ يىلغىچە مەلۇم بىر دىنىي ئىسلاھات تەشكىلاتىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلىدى . ئۇ 1890 ـ يىلدىن 1900 ـ يىلغىچە دادىسىنىڭ تەلىپى بىلەن ئۆز قورۇقىغا بېرىپ ، ئائىلە مىراس ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى . شۇنىڭ



بىلەن ئۇ ساددا ۋە قايناق ، لېكىن جانلىق تۇرمۇش بىلەن ، گۈزەل ۋە سېھىرلىك تەبىئەت بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشتى . ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ زورلۇقى ۋە مۇستەبىتلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى . بۇ بىر مەزگىللىك تۇرمۇش ئۇنىڭ مىللىي دېموكراتىك ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە غايەت زور رول ئوينىدى . تاگورنىڭ جەمئىيەت ۋە كىشىلەر مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى بىلەن ئەدەبىيات ۋە سەنئەت قاراشلىرىدا يېڭى ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ مول ھوسۇللۇق ئالتۇن دەۋرى باشلاندى . بۇ دەۋردە ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يەتمىش پارچىغا يېقىن ئاجايىپ ھېكايىلەرنى — كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان ھەقىقىي ئىجادىي سەنئەت ئەسەرلىرىنى ياراتتى . ئۇنىڭ مەشھۇر لىرىك شېئىر توپلاملىرى «ئالتۇن قولۋاق» (1894 ) ، «يارقىنلىق» (1896 ) ، «ھوسۇل» (1894 ) ، «چۈش» (1899 ) قاتارلىقلار ، شۇنداقلا قىسقا پەلسەپىۋى شېئىرلار توپلىمى «ئۆتكۈنچى خىياللار» (1899 ) بىلەن «نەزمىي چۆچەكلەر» (1900 ) ناملىق ئېپىك شېئىرلار توپلىمى دەل مۇشۇ دەۋردە يارىتىلدى . ئاپتور بۇ ئەسەرلىرىدە ھايات ، مۇھەببەت ۋە ياشلىقنى مەدھىيىلەپ ، ئىنساننىڭ سىرلىق مەنىۋى دۇنياسى ئۈستىدە ئىجادىي ، بەدىئىي ئىزدىنىش ئېلىپ باردى . ئادالەتسىزلىك ، ياۋۇزلۇق ۋە رەھىمسىزلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان ئەكسىيەتچى ئەخلاق نورمىلىرىنى شەپقەتسىز قامچىلىدى .

تاگور 1901 ـ يىلى يېزىدىن ئايرىلىپ ، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش مۇددىئاسى بىلەن سايدىنىكداندا بىر مەكتەپ ئاچتى . بۇ مەكتەپ تەرەققىي قىلىپ 1921 ـ يىلىغا كەلگەندە مەشھۇر خەلقئارالىق ئۇنىۋېرسىتېتقا ئايلاندى . 1904 ـ يىلى تاگور ئائىلىۋى پالاكەتچىلىكتە يولۇقۇپ مېھرىبان ئاتىسى بىلەن سۆيۈملۈك قىزىدىن ئايرىلىپ قالدى . ئۇنىڭ «ئەسلەش» ناملىق

شېئىرلار توپلىمى (1903) بىلەن «بالىلىق» (1903) ۋە «قېيىقتا» (1905) ناملىق ئەسەرلىرى تاگورنىڭ شۇ چاغدىكى ئائىلىۋى بەختسىزلىكى بىلەن ئازابلىق روھىي ھالىتىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسىدۇر .

1905 ـ يىلى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى دائىرىلىرى بېنگالنى بۆلۈش ۋە خەلقنى شەپقەتسىز باستۇرۇش سىياسىتىنى غالجىرلىق بىلەن يولغا قويۇشقا باشلىدى . بۇ ھال تاگورنىڭ مىللىي ئازادلىق ئېڭىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ ، ئۇنىڭغا يېڭىچە جاسارەت ۋە ئىشەنچ پەيدا قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال كالكۇتتاغا قايتىپ كېلىپ خەلق كۈرىشىنىڭ ئۇلۇغ ئېقىمىغا قوشۇلۇپ كەتتى . ئۇ ئاممىۋى سورۇنلاردا كىشىلەرگە ئىلھام بېرىدىغان جەڭگىۋار نۇتۇقلارنى سۆزلەپ ، ھەر خىل نامايىش ۋە يىغىلىشلارغا رەھبەرلىك قىلدى . كىشىلەرنى قەھرىمانلىق ۋە ئۈمىدۋارلىققا ئۈندەيدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى ناخشا ، مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلىپ ، ئومۇمىي خەلق كۈرىشىنى يېڭى بىر دولقۇنغا كۆتۈردى .

1907 ـ يىلى تاگور سىياسىي ھەرىكەتتىن قول ئۈزۈپ ، سايدىنىكىدانىغا قايتىپ كېلىپ مائارىپ ۋە ئەدەبىيات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى . چېكىدىن ئاشقان ئەكسىيەتچى گۇرۇھلارنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرى بىلەن بەتنىيەتلەرنىڭ پارچىلاش ۋە بۆلگۈنچىلىك سۇيىقەستلىرىگە قارشى تۇرۇپ ، تەڭلىك ۋە ئەركىنلىكنى قوللاپ ، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ۋە مىللىي مۇختارىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى . لېكىن ، تاگورغا ناھايىتى زور ئۈمىد ۋە ئىشەنچ باغلىغان بىرمۇنچە ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ئۇنىڭ سىياسىي كۈرەش مەيدانىدىن چېكىنگەنلىكىنى ئەيىبلەپ ، ئۇنىڭ كۆزقاراش ۋە تەشەببۇسلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلدى . شۇنىڭ بىلەن تاگور ئىنتايىن ئېغىر روھىي ئازاب ۋە زىددىيەت قورشاۋى ئىچىدە قالدى . 1915 ـ يىلى ئۇنىڭ ھىندىستان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى گەندى بىلەن ئۇچرىشىشى ئۇنى بۇ خىل زىددىيەتلىك روھىي ھالەتتىن



قۇتۇلدۇردى . گەرچە بۇ ئىككى بۈيۈك ئىنساننىڭ بىرمۇنچە مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرى دېگەندەك ئوخشىشىپ كەتمىسىمۇ ، ئۇلارنىڭ دوستلۇق ۋە مۇھەببىتى بىر ئۆمۈر داۋاملاشتى .

1919 ـ يىلى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئامورسىيادا ھېچقانداق ھايات تايانچىسى بولمىغان بىگۇناھ خەلقنى قانلىق باستۇردى . شۇنىڭ بىلەن تاگور دەرھال قولىغا قەلەم ئېلىپ ، ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندىكى باش ۋالىيسىغا ئوچۇق خەت يېزىپ ئەڭ قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى . ئۇ خېتىدە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھىندىستاندىكى ياۋۇزلۇقلىرى بىلەن ھوقۇق ۋە ئىمتىيازىنى شەپقەتسىز پاش قىلىپ ، ئۆز خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشكە بولغان ئىپتىخارلىق ۋە ھېسداشلىق تۇيغۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى .

1900 ـ يىلدىن 1920 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىت تاگور ئىجادىيىتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەن مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ . ئۇ 1903 ـ يىلى ئۆزىنىڭ ھىندى ئەدەبىياتىدا تۇنجى رېئالىزملىق رومان ھېسابلىنىدىغان «قۇملۇق» ئەسىرىنى ئېلان قىلدى . كەينىدىنلا مەشھۇر رومانلىرى «ھالاكەت» (1906) ، «يېڭىلمەس قەلئە» (1911) ۋە دراممىسى «پوچتىخانا» (1911) قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى . ئۇ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ساھەسىدە «ھەدىيە» (1900) ، «گىتانجالى» (1910) ، «ناخشا گۈلشىنى» (1914) ، «قەسىر» (1914) ، «تۇرنا» (1916) ، «قېچىش» (1918) قاتارلىق توپلاملارنى ، يەنە ئۆز تەرجىمىسى بىلەن «گىتانجالى» ، «يېڭى ئاي» ، «باغۋەن» ، «ئۇچار قۇش» ناملىق ئىنگلىزچە توپلاملىرىنى نەشر قىلدۇردى . تاگورنىڭ بۇ دەۋردىكى شېئىرىي ئەسەرلىرى ئۇنىڭ مۇھەببەت ، ئەخلاق ، ئىنسانىي قىممەت ۋە مەنىۋى مۇكەممەللىك غايىلىرىنى بەكمۇ جانلىق ۋە تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى .

تاگور 1912 ـ يىلدىن باشلاپ ئون نەچچە قېتىم چەت

ئەللەرگە سەپەر قىلىپ، بىرمۇنچە دۆلەتلەرنى ئايلىنىپ، تىنچلىق ۋە دوستلۇق ئۇرۇقىنى چاچتى. ئۇ 1924- يىلى جۇڭگونى زىيارەت قىلدى. قايتىپ كېلىپلا «جۇڭگودىكى سۆھبەت» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە بولغان يۇكسەك ھۆرمەت ۋە مۇھەببىتىنى ئەكس ئەتتۈردى. 1930- يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ «رۇسىيە خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ، سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىنى قىزغىن مەدھىيىلىدى.

تاگور 1941- يىلى مەشھۇر سىياسىي پوبلىستىكىسى «مەدەنىيەت بوھرانى» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلدى. ئۇ بۇ ئەسىرىدە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ھىندىستاندىكى جىنايى ھۆكۈمرانلىقى ئۈستىدىن غەزەپلىك شىكايەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەن ئازادلىقىغا بولغان ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋارلىقىنى ئىپادىلىدى. ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئېلان قىلغان «يەنە بىر قېتىم» (1932)، «قىرغاق» (1938)، «تۇغۇلۇش» (1940) قاتارلىق توپلاملىرىغا كىرگەن شېئىرلىرىدا ئېزىلىۋاتقان ئەمگەكچى خەلقنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، فاشىستلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئەيىبلەپ، ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشكە بولغان ھېسداشلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى، ھەممە ئەقىل ۋە تالانتىنى ئۆز خەلقىنىڭ ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ۋە ئازادلىقىغا بېغىشلاپ، ئۇلارنىڭ بەدىئىي پىكىر تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان بۇ ئۇلۇغ ئىنسان 1941- يىلى 8- ئاينىڭ 7- كۈنى سەكسەن يېشىدا كالكۇتتادا ۋاپات بولدى.

* * *

شېئىر ئىجادىيىتىگە ئوخشاشلا ھېكايە ئىجادىيىتىمۇ تاگورنىڭ بەدىئىي ئىزدىنىش روھى بىلەن سۇغىرىلغان ئۇمۇمىي ئىجادىي



ھاياتىدا مۇئەييەن ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ 1877- يىلى ئېلان قىلغان «تىلەمچى ئايال» ھېكايىسىدىن باشلاپ 1941- يىلى 6- ئايدا ئېلان قىلغان «مۇسۇلمان ھېكايىسى» ناملىق ئەسىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا خۇددى ھىندىستان تەبىئىتىدەك گۈزەل ۋە رەڭدار بولغان ناھايىتى كۆپ ئىجادىي بەدىئىي ھېكايىلەرنى يارىتىپ، ھىندىستان ئەدەبىياتىنى يېڭى شان- شەرەپ پەللىسىدە نۇرلاندۇردى. تاگورنىڭ ھېكايىچىلىقىنى ئۇنىڭ ئىجادىي سالمىقىغا قاراپ مۇنداق ئىككى چوڭ پەللىگە بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچى پەللە 1891- يىلىدىن 1895- يىلىغىچە بولغان ۋاقىت بولۇپ، بۇ ھىندى ئەدەبىياتىنىڭ ئەمەلىيەت ۋە رېئاللىققا يۈزلەنگەن دەۋرىدۇر. بۇ مەزگىلدە ئۇ ئۆزىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە چىقىۋاتقان «ئەمەلىيەت» ژۇرنىلىدا كەينى- كەينىدىن قىرىق پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە ئېلان قىلدى. 1914- يىلىدىن 1917- يىلىغىچە ئىككىنچى پەللە بولۇپ، تاگور بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۆزى نەشر قىلىۋاتقان «يوپۇرماق» ژۇرنىلىدا ئون پارچىغا يېقىن ھېكايە ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئىجادىيەت تېمىسى بىلەن ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىرىشىنىمۇ 1901- يىلىنى پاسىل قىلغان ھالدا ئوخشاشلا ئىككى دەۋرگە بۆلۈش مۇمكىن. تاگور ئىجادىيىتىنىڭ بىرىنچى دەۋرىدە يېزا ھاياتى ۋە دېھقان تۇرمۇشىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىجادىي تېمىسى قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ يېزىدا تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئائىلە ئىگىلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، دېھقانلار، بېلىقچىلار، كېمىچىلەر، خىزمەتچىلەر ۋە مۇئەللىملەردىن ئىبارەت جاپاكەش ئەمگەكچىلەر قاتلىمى بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ مۇشەققەتلىك تۇرمۇشى بىلەن غايە ۋە ئىنتىلىشلىرىنى چوڭقۇر چۈشەندى، شۇنداقلا پومېشچىك، ساقچى، خوجايىن، سوتچى ۋە ئەجنەبىيلەرنىڭ ھەر خىل جىنايى قىلمىشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. بۇ خىل پاجىئەلىك ھايات، شەپقەتسىز رېئاللىق ئۇنىڭ قەلب دۇنياسىنى تەۋرىتىپ، ئۇنىڭ ئەمگەكچى خەلققە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ھېسداشلىق تۇيغۇسىنى تېخىمۇ

كۆچەيتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا فېئوداللىق تۈزۈم بىلەن ئۆز سىنىپىغا نىسبەتەن گۇمان ۋە تەۋرىنىش پەيدا بولۇپ ، قالاق ۋە نامرات يېزا تۇرمۇشىنى ئىسلاھات يولى بىلەن ئۆزگەرتىشتەك ساددا ئۇتوپىيىلىك ئىدىيىگە كەلدى . لېكىن ، بۇ خىل ساددا ئىدىيىۋى چۈشەنچە بىلەن مۇشەققەتلىك يېزا تۇرمۇشى يازغۇچىنى تۈگىمەس - پۈتمەس ئىجادىيەت مەنبەسىگە ئىگە قىلدى . ئۇ بۇ ھەقتە كېيىنچە مۇنداق دەپ يازدى : «باشقا ھەرقانداق بىر يەر ماڭا مۇشۇ يېزىلاردەك بۇنداق ئوتلۇق ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى ئاتا قىلالىغان ئەمەس . قايناق ھايات بىلەن شاۋقۇنلۇق دولقۇن مېنىڭ قەلبىمدىن ئورۇن ئالدى . ئۇلارنىڭ رەڭ ۋە ھالەتلىرى بىلەن تاۋۇش ۋە سادالىرى مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا جانلىنىپ ھېكايىگە ئايلاندى . »
ھەقىقەتەنمۇ مۇشۇنداق قايناق ھايات بىلەن ئوتلۇق مۇھەببەت ئۇنىڭ پىكرىنى قوزغىتىپ ، ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتقانىدى .
تاگورنىڭ بۇ چاغلاردا يازغان ھېكايىلىرى قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن ، يەنە مۇئەييەن ئىدىيىۋى كەڭلىك ۋە يېتەرلىك مەزمۇن چوڭقۇرلۇقىغىمۇ ئىگە بولۇپ ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ، دېموكراتىيە ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك غايىلىرى بىلەن تولۇپ تاشتى .
تاگور گەرچە 1901 - يىلى ئۆز قورۇقىدىن ئايرىلىپ يېڭىچە ھايات يولىغا كىرگەن بولسىمۇ ، لېكىن يەنىلا بىر قىسىم زىيالىيلارنىڭ ئادەتتىكى تۇرمۇش دائىرىسىدىن چىقالمىغاچقا نەزەر دائىرىسى ئوخشاشلا تار بولدى . شۇڭا ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدا ئېلان قىلغان ئوتتۇز پارچىغا يېقىن ئەسىرىدە ئوتتۇرا قاتلام ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى ، ئاياللار ئازادلىقى ، ھوقۇق ۋە باراۋەرلىككە ئوخشاش ئومۇمىي مەسىلىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلدى ، بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتىمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش رەڭدار تۇرمۇش كارتىنىسى بىلەن قايناق لىرىك پۇراق بولمىدى . بۇنى تاگورنىڭ ئۆزىمۇ ھېس قىلىپ ، ئىجادىيەتتە يېتەرلىك بەدىئىي ماھارەتنىڭ بولۇشىنىڭلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مول تۇرمۇش ئاساسىنىڭمۇ بولۇشى كېرەكلىكىنى



ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتكەنىدى .

مەلۇمكى ، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى كەڭلىكى بىلەن مەزمۇن چوڭقۇرلۇقىنى ئۇنىڭ دەۋرنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى بىلەن تۈپ زىددىيىتىنى قانچىلىك دەرىجىدە توغرا ۋە ئىجادىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى بەلگىلەيدۇ . 19 - ئەسىردە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى قورال كۈچى ئارقىلىق ھىندىستاندا ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى . شۇنىڭ بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇستەملىكىچىلەر ۋە فېئودال ھۆكۈمرانلارغا بولغان قارشىلىق ۋە ئۆچمەنلىكى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ھىندىستان جەمئىيىتىنىڭ تۈپ زىددىيىتىگە ئايلاندى . مۇستەقىللىق ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن بولغان كۈرەش ھىندىستان خەلقىنىڭ مىللىي ئويغىنىشىنىڭ تۈپ ئالامىتى بولۇپ قالدى . تاگور دەل مۇشۇنداق خەلق ئورنىدىن تۇرۇپ كۈرەشكە ئاتلانغان بىر تارىخىي شارائىتتا ئۆزىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنى باشلىدى . ئۇ ھاياتنى يېڭىچە نەزەر بىلەن كۆزىتىپ ، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ ، مىللىي ئويغىنىش ۋە مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇشنى ئىدىيىۋى مەزمۇن قىلغان بىرمۇنچە جەڭگىۋار ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى . «قۇياش ۋە بۇلۇت» ، «ناتونۇش ئايال» ، «بەربات بولغان ئەقىدە» قاتارلىق ھېكايىلەر مانا مۇشۇنداق ئەسەرلەردىن بولۇپ ، ئۇلاردا مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى بىلەن ئەجنەبىيلەرگە تىز پۈكۈشتەك قۇللۇقچىلىق ئىدىيىسى مەركەزلىك ھالدا پاش قىلىنىپ ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللىي ئىشەنچ روھى ئۇلۇغلاندى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ «بەربات بولغان ئەقىدە» ناملىق ئەسىرىدە 1885 - يىلىدىكى ھىندىستان مىللىي ئازادلىق قوزغىلىڭى ئۆزگىچە بىر خىل مۇھەببەت ۋە ئىپتىخارلىق بىلەن مەدھىيىلەندى . ئۇنىڭدا ۋەتەنپەرۋەر قوماندان كىشورلار يېتەكچىلىك قىلغان مىللىي قوشۇننىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى

ئارمىيىسگە قارشى ئېلىپ بارغان قانلىق كۈرىشىنىڭ سەلتەنەتلىك بەدىئىي مەنزىرىسى سىزىپ بېرىلدى. فېئوداللىزم ئەزەلدىن مۇستەملىكىچىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى، شۇڭا جەمئىيەتتىكى ئەڭ قالاق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ ئەكسىيەتچى ئىجتىمائىي تۈزۈم ئۆزىنىڭ ھەممە سىياسىي - ئىقتىسادىي ئۈمىدىنى مۇستەملىكىچى كۈچلەرگە باغلاپ، ئۇلاردىن قۇللارچە مەدەت ۋە شەپقەت تىلەيدۇ. ئۆزىنىڭ سىنىپىي تەقدىرى ۋە مەنپەئىتىنى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ كۈچى ۋە ھەيۋىسىدە ھېس قىلىپ، ئۆز خەلقىنى بېسىپ ۋە خورلاپ، ئۇلارنى ھەممىگە كۆنىدىغان رايىش قۇللارغا ئايلاندۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئەينى يىللاردىكى ھىندىستان فېئوداللىزمىنىڭ ئورتاق ئىجتىمائىي خاراكتېرى ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق رەزىل ماھىيىتىنى رېئال تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن بىۋاسىتە ھېس قىلىپ يەتكەن تاگور فېئوداللىق تۈزۈمنى مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىجتىمائىي تايانچى سۈپىتىدە غەزەپ بىلەن پاش قىلدى ۋە قارىلىدى. ئۇنىڭ «ھۆكۈم» ۋە «ھاردال جەمەتى» قاتارلىق ھېكايىلىرى مۇشۇ تېمىغا بېغىشلانغان ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىدۇر.

فېئوداللىق نىكاھ بىلەن قانداشلىق ھۆكۈمرانلىقى تۈزۈمى ھىندىستان فېئوداللىزمىنىڭ ئىككى مۇھىم تۈۋرۈكى ئىدى. شۇڭا، فېئوداللىق دىنىي ئاسارەت بىلەن ئەنئەنىۋى ئائىلىۋى ئادەت ۋە مۇناسىۋەتلەر تاگورنىڭ بىرمۇنچە ھېكايىلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇن يۆنىلىشى بولدى. ئۇ بۇ ئەسەرلىرىدە بۇ خىل ئەنئەنىۋى ئەخلاق فورمىلىرىغا قارشى كۆرەش قىلىپ، ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە قەدىر - قىممىتىنى قوغدىغان ئىسيانكارلارنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇنى يېڭىلاش غايىسىنى سىڭدۈردى. ئۇنىڭ «ناتونۇش ئايال»



ھېكايىسىدىكى باش قەھرىمان سولىينى ھېچقانداق قورقماستىن بىر پۇلدار ئەجنەبىي بىلەن زاكونلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە نىكاھ باھانىسىدە بىرمۇنچە پۇل ئۇندۇرۇۋېلىش مەقسىتىدە ئۆيىگە ئەلچى بولۇپ كەلگەن بولغۇسى قېيناتىسىنى بولۇشىچە مازاق قىلىدۇ. ئۇ ئۆمۈرۋايەت توي قىلماسلىققا رازى بولىدۇكى، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى بىلەن نەسلى ئىگىدارلىق ئادىتىگە زادى باش ئەگمەيدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر ھېكايىسىدىكى بويىغا يەتكەن قىز نىلوباما فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى ئاسارىتىگە باغلىنىپ قالغان مۇتەئەسسىپ دادىسىغا «ئاتا، ئەگەر سىز قىزىڭىزنى بىر پۇل قاپچۇقى دەپ بىلسىڭىز، ئۇنداقتا ئۇنىڭغا پەقەت پۇللا قاچىلاڭ، شۇ چاغدا ئۇنىڭغا كىشىلەر نەزەر سالىدۇ» دەپ تەنە قىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، تاگور ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاتالمىش يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ رەھىمسىزلىك، چىرىكلىك ۋە نەپسانىيەتچىلىككە ئوخشاش رەزىللىكلىرىنى شەپقەتسىز پاش قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئاددىي ئەمگەكچىلەرگە بولغان چەكسىز ھۆرمەت ۋە ھېسداشلىقىنىمۇ ئىپادىلىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈزەل شېئىرىي مىسرالىرى بىلەن ئەڭ رەڭدار سەھىپىلىرىنى خورلىنىۋاتقان جاپاكەش ئادەملەرگە بېغىشلاپ، ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تېخىمۇ مول مۇھەببەت ۋە مېھرىبانلىق تۇيغۇسىغا ئىگە قىلدى. «كابۇللۇق ئادەم» تاگورنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى نادىر ئەسەرلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭدا خاراكتېر مەنتىقىسىگە ماس ھالدا راۋاجلاندۇرۇلغان بىرنەچچە تىپىك ۋەقەلەر تەسۋىرى ئارقىلىق ھاياتتىكى تۈۋەن قاتلام كىشىلىرىنىڭ سەمىمىيلىك ۋە مېھرىبانلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان پاك ئاتىلىق مۇھەببىتى جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلگەن. ئاپتور ئەسىرىدە يۇرتىدىن ئايرىلغان كابۇللۇقنىڭ ئۆيى ۋە يالغۇز قىزىنى سېغىنىشىنى يازمىغان. ئەكسىچە، ئۇنىڭ يىراقتىكى بىر قىزچاققا ئاتىلىق مېھرىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى، ئۇنى قەدىرلەش، ئۇنىڭغا

ياخشىلىق قىلىشنى بەخت ۋە خۇشاللىق دەپ بىلىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق كابۇللۇق ئادەمنىڭ ئىنسانىي مۇھەببەتكە تولغان ئالىيجاناب قەلبىنى ئېچىپ بەرگەن. «پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى» ھېكايىسىمۇ تاگورنىڭ ئاجايىپ ئەسەرلىرىنىڭ بىرى. ئاپتور ئۇنىڭدا تاغلىق يېزىدىكى ساددا، ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچى بىر يېتىم قىزنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى ياراتقان. بۇ قىز پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا بولغان ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت تۇيغۇسىنىڭ كۈچى بىلەن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ ئۆزىنىڭ سەمىمىي كۆڭلىنى ئىپادىلەيدۇ. پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولسا زېرىكىشتىن قۇتۇلۇش مەقسىتىدە ئۇنى خىزمىتىگە سېلىپ، بەزىدە كۆڭۈل خۇشىمۇ قىلىدۇ. ئاخىر ئۇ يېزا تۇرمۇشىغا كۆنەلمەي قىزنى تاشلاپ تۇيۇقسىز كېتىپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، دەسلەپ ئوقۇرمەنگە شۇنچە ئاجىز ۋە بىچارە بولۇپ كۆرۈنىدىغان بۇ يېتىم قىز بىردىن غەيرەتكە كېلىپ، باشقىلارنىڭ كۈلكە ۋە سۆز - چۆچەكلىرىگە پەرۋا قىلماي، سۆيگەن ئادىمىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ، كېچە - كۈندۈز پوچتىخانا ئەتراپىنى ئايلىنىدۇ. بۇ ھېكايە ناھايىتى تەسىرلىك يېزىلغان بولۇپ، ئوقۇرمەننى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

بىز يۇقىرىدا تاگور ھېكايىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق. لېكىن، ئورنى كەلگەندە شۇنى ئېيتىپ ئۆتمەي بولمايدۇكى، تاگور ئىنسانپەرۋەرلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان بۇرژۇئا دېموكراتىزم ئېڭىدىكى ۋەتەنپەرۋەر يازغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز سىنىپى ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي قالمىدى. شۇڭا، ئۇ جاھانگىرلىك ۋە مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئەكسىيەتچى ماھىيىتىنى ئۆز ۋاقتىدا ئېنىق كۆرۈپ يېتەلمىدى. گەرچە ئۇ فېئودالىزمنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى شەپقەتسىز پاش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئۇزۇل - كېسىل ئىنكار قىلىش پەللىسىگە بېرىپ يېتەلمىدى.



ئەخلاقىي پاكلىق، مىللىي خاراكتېرنى يېڭىلاش، خەلقنى ئويغىتىش يولى بىلەن ياكى «ئىنسانىيەتنىڭ ئالىيجاناب قىسمى»نىڭ ئەقلىي ۋە تىرىشچانلىقىغا تايىنىش يولى بىلەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتىش خىيالىدا بولدى. تەبىئىيكى، بۇ ئامىللار ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇن كەڭلىكى بىلەن ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇقىغا بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى.

* * *

تاگور ھېكايىلىرى بەدىئىيلىك تەرەپتىن بەكمۇ يارقىن، يۈكسەك بولۇپ، ئىنتايىن كۈچلۈك بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە. بۇ خىل سېھرىي كۈچ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى شېئىرلاشتۇرۇلغان ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسلۇبتىن كەلگەن. كۈچلۈك شېئىرىي ھېسسىيات ئۇنىڭ ھەربىر ئەسىرىگە چوڭقۇر سىڭگەن بولۇپ، مەنزىرە بىلەن مۇھىتنى، ھېسسىيات بىلەن تەسەۋۋۇرنى مۇئەييەن بەدىئىي بىرلىكتە تەسۋىرلەش، لىرىك كۆرۈنۈشلەرنى سۈرەتلەشتۇرۇپ، ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئوبرازلىق سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق تېخىمۇ كونكرېت ئېچىپ بېرىش ئۇنىڭ پۈتۈن ھېكايىلىرى ئۈچۈن ئورتاقتۇر. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھەربىر ئەسىرى بىر شېئىرغا ئوخشايدۇ. «سۇبا»، «پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى» لىرىك شېئىرغا ئوخشىسا، «بەربات بولغان ئەقىدە»، «موخموي» ئەسەرلىرى ئېپىك شېئىر تەسىراتىنى بېرىدۇ. «ئېچىرقىغان تاش»، «مېھمان» قاتارلىق ھېكايىلىرى بولسا بەدىئىي نەسرنى ئەسلىتىدۇ. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، ھېسسىياتى قايناق، مۇزىكىلىق ساداسى ئۆزگىرىشچان بولۇپ، كىشىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتىدۇ. بىز «پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى»

ئەسىردىكى لىرىك ھېسسىياتقا تويۇنغان تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ كۆرەيلى :

«ئاق يېغىن توختاپ ھاۋا ئەمدىلا ئېچىلغان بىر چۈشلۈكى ئىللىق مەيىن شامال سوقۇپ تۇراتتى ، قۇياش نۇرىغا چۆمگەن گۈل - گىياھلارنىڭ ، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ ، دەل - دەرەخلەرنىڭ كىشىنى مەست قىلغۇدەك خۇشبۇي ھىدى دىماغقا ئۇرۇلاتتى ؛ بۇ كىشىگە گويا ھارغىن زېمىننىڭ تىنىقى پەپىلەۋاتقاندەك بىلىنەتتى . قاياقلاردىندۇ ئۇچۇپ كەلگەن قۇش تەبىئەت ئوردىسىدا كىشىنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىۋەتكۈدەك مۇڭلۇق سايراپ ، ئۆز ھەسرىتىنى تۆكمەكتە ئىدى .» بۇ ئابزاستا مەنزىرە جانلىق ، ھېسسىيات قايناق بولۇپ ، باش قەھرىماننىڭ قايغۇ ، ئەلەملىك روھىي ھالىتى قۇش ۋە ياپراقلار تەسۋىرى ئارقىلىق روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن .

تاگور ئۆز ھېكايىلىرىدە ھەمىشە پېرسوناژ بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنى بىرىنچى شەخس «مەن» بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، ئەسىردىكى ھېسسىيات ئېقىمىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ، كەيپىياتنىڭ جانلىقلىقىنى ئاشۇرىدۇ . ئۇنىڭ «سۇبا» ھېكايىسىدىكى باش پېرسوناژ ئىختىيارسىز ھالدا كالا قوتىنىغا بېرىپ ، ئۆزىنىڭ بالىلىقىدا بىللە بولغان بۇ ھەمراھلىرى بىلەن خوشلىشىدۇ . ئۇ كالىلارنىڭ بويۇنلىرىغا گىرە سېلىپ ، ئۇلارغا يۈزلىرىنى يېقىپ ، ئۆزىنىڭ خۇشال بالىلىق چاغلىرىنى ئەسلەيدۇ . كۆزىدىن تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ئىسسىق ياشلىرى بىلەن ئۇلارغا ئۆز قەلبىنى ئىپادىلەيدۇ . كېيىن ئۇ دەريا بويىدىكى ئوتلاقتا بېرىپ يېشىللىققا پۈركەنگەن كەڭ زېمىننى ، يەنى ئۇلۇغۋار سۈكۈت بىلەن سوزۇلۇپ ياتقان مېھرىبان ئانىسىنى قۇچاقلايدۇ . ئۇ مۇنداق دېمەكچى بولىدۇ : «ئانا ، مېنى ئۆزۈڭدىن زادى ئايرىمىغىن ، مېنى قۇچاقلا ، خۇددى مەن سېنى قۇچاقلىغاندەك مېنى باغرىڭغا مەھكەم باسقىن !» بۇ دۇنيادا سۇباغا ھېسداشلىق قىلىدىغان ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق . شۇڭا ، ئۇ پەقەت مۇشۇ ئانا زېمىنغىلا



ئۆزىنىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى تۆكۈپ ، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى بايان قىلىپ بېرىشكە مەجبۇر .

تاگور ھېكايىلىرىنىڭ شېئىرلاشتۇرۇلغان ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسلۇبتىن باشقا ئوقۇرمەننى ئۆزىگە تارتىدىغان يەنە بىر بەدىئىي ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ۋەقەلىرى ئۆزگىرىشچان ، زىددىيەت - توقۇنۇشلىرى جىددىي ۋە كەسكىن بولۇپ ، تەسۋىر جانلىق ۋە نەپىس ، ئۇلار ئوقۇرمەننىڭ ھېسسىيات ئېقىمىنى تىنىمسىز تەۋرىتىدىغان ۋە جانلاندۇرىدىغان قويۇق دراماتىك تۇسكە ئىگە . شۇڭا ، ئوقۇرمەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ھەرقاچان ھاياجان ۋە تاقەتسىزلىك تۇيغۇسى ئىچىدە ئوقۇيدۇ .

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، تاگور ھېكايىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى ئوقۇرمەن تېخى ھېس قىلىپ يەتمىگەن بىرەر تاسادىپىي ۋەقەلىكتىن باشلاپ ، راۋاجلاندۇرۇپ ئۇنى ئوقۇرمەن كۈتمىگەن نەتىجە بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ . ھېكايە پېرسوناژلىرىنى تۇرمۇشنىڭ ھەر خىل جىددىي ۋە كەسكىن كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدە ھەرىكەتلەندۈرۈپ ، ئوقۇرمەندە تەبىئىي ئەندىشە ۋە تەشۋىش پەيدا قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھېس - تۇيغۇ ئېقىمىنى دولقۇنلاندۇرۇپ ، ئۇنىڭ ۋەھىمىلىك ھىندى جەمئىيىتى ھەققىدىكى ھاياتىي چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ . ئۇ ھېكايىلىرىدىكى تەپسىلاتلارنىڭ چىن ۋە ھاياتىي بولۇشىغا ، تەسۋىرلىرىنىڭ ئىنچىكە ۋە رەڭدار بولۇشىغا ، ئۇلارنىڭ پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى بىلەن بولغان بىردەكلىكىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ . ئۇ ھېكايىلىرىدە سېلىشتۇرمىلىق بەدىئىي تەسۋىر ئۇسۇلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ ، ئوخشىمىغان ۋەقە - ھادىسىلەرنى مۇئەييەن بىر ماكان ۋە زاماندا ئۇچراشتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ زىددىيەتلىك سېلىشتۇرمىسى ئارقىلىق پېرسوناژ تۇرمۇشىدىكى تراگېدىيىلىك ھالەتلەر بىلەن ئۇنىڭ ئىچكى دراماتىزمىنى روشەن ۋە كونكرېت ئېچىپ بېرىدۇ . قىسقىسى ،

تاگور ھېكايىلىرىدە بەدىئىي ئوبراز يارىتىشنىڭ ھەممە ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرى بىلەن ئەسەرنىڭ گۈزەل ۋە رەڭدارلىقىغا تەۋە بولغان بەدىئىي پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ . يەنە كېلىپ بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە شۇنچىلىك دەرىجىدە تەبىئىي ۋە ئىجادىي گەۋدىلەنگەنكى ، بۇنداق ئۆزگىچە تالانت ۋە ماھارەت پەقەت تاگوردەك بۈيۈك ئەدىبنىڭ ئۆزىگىلا خاستۇر .

راستىنى ئېيتقاندا ، بىز تاگور ئەسەرلىرى بىلەن بەكمۇ كېچىكىپ تونۇشتۇق . 1957 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئۇنىڭ «نۇر ۋە سايىلەر» ناملىق ھېكايىسىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، بىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئەدىبنى بىلىشىمىز پەقەت 1980 - يىللاردىلا باشلاندى . بۇ يىللاردا بىز تاگورنىڭ «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم تاللانغان لىرىك نەسرلىرى ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان مەشھۇر ئىشقىي ، پەلسەپىۋى رومانى «ھالاكەت» بىلەن يۈز كۆرۈشتۇق . ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ «گىتانجالى» ، «ماي قوڭغۇزى» ، «ھىلال ئاي» قاتارلىق نەسرىي سېكىللىرى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن رىسالە سۈپىتىدە نەشر قىلىندى . بىز بۇ يەردە تاگور ئەسەرلىرىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ ، ئۇلارغا مەتبۇئاتىمىزدىن مۇناسىپ ئورۇن بەرگەن نەشرىياتلارغا ۋە بۇ ئەسەرلەرگە يۈكسەك جاۋابكارلىق تۇيغۇسى بىلەن ياندىشىپ ، ئۇلارنى ئەسلىدىكى بەدىئىي جىلۋىگەرلىكى بىلەن بىزگە تولۇق يەتكۈزۈپ بەرگەن ئىجتىھاتلىق تەرجىمان يولداشلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمىز . بىز ئۇلارنىڭ بۇ جاپالىق ئەمگەك ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن تاگورنىڭ ئالەمشۇمۇل تالانت ۋە تۆھپىسىنى ئەمەلىي ھالدا چۈشىنىپ يەتتۇق . جاھان مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان قەدىمىي شەرق مەملىكىتىنىڭ ئۇلۇغ ۋە شۆھرەتلىك خەلقى بىلەن ، باي ۋە پارلاق مەدەنىيىتى بىلەن ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئالەم گۈزەللىكىنىڭ سېھرىي تىمسالى



بولغان بۈيۈك ۋە خىسلەتلىك تەبىئىتى بىلەن ئۇچراشتۇق . بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئۇلۇغ بىر خەلقنىڭ يۈكسەك ۋە يارقىن بەدىئىي ئابىدىسى تىكلەندى !

بىزنى تېخىمۇ خۇشال قىلغىنى شۇكى ، بۇ قېتىم شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بىزگە تاگورنىڭ تاللانغان ھېكايىلىرىدىن تۈزۈلگەن يېڭى بىر كىتابىنى تەقدىم قىلدى . مانا ئەمدى بىزنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز تاگورنى لىرىك نەسر ۋە پەلسەپىۋى رومانچىلىقنىڭ ئاجايىپ ماھىرىلا ئەمەس ، بەلكى جاھان ھېكايىچىلىق ئىجادىيىتىنىڭمۇ بۈيۈك ئۇستىلىرىنىڭ بىرى دەپ بىلىدۇ . ئۇنىڭ كىشىگە ئەقلىي ھېكمەتلەر بىلەن پاكلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ بىر سىرلىق بەدىئىي ئالىمى سۈپىتىدە تەسىر قىلىدىغان بۇ ھېكايىلىرى بىزنىڭ ئاپتورلىرىمىزنىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات ھەققىدىكى چۈشەنچىسى بىلەن ھايات ۋە ئادەملەر ھەققىدىكى پىكىر ۋە تەسەۋۋۇرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ ، ئۇلارنىڭ ئىزدىنىش ۋە ئىجاد قىلىش روھىغا مۇناسىپ ئىلھام بېرىدۇ .

1991 - يىلى 3 - ئاي

# ئاپەتلىك يىللارنىڭ بەدىئىي ئەيىبنامىسى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىزنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىزدا يېڭى بىر جانلىنىش بارلىققا كەلدى . پروزىمىزدا پوۋېستچىلىق ئىجادىيىتى ئومۇملىشىشقا قاراپ يۈزلىنىپ ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۇرمۇشنى يورۇتۇش دائىرىسى كۆرۈنەرلىك ھالدا كېڭەيدى . بىز قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ھاياتىمىزنىڭ مەزمۇن ، ماھىيىتىنى مۇئەييەن ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولغان مۇرەككەپ بەدىئىي ئوبرازلار ۋاستىسى ئارقىلىق روشەن يورۇتۇپ بەرگەن بىرمۇنچە ئىجادىي پوۋېستلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۇق . يازغۇچى سەمەت دۇگايىلىنىڭ «تۇمانلىق قىرغاق» ناملىق ئەسىرى ئەنە شۇنداق پوۋېستلارنىڭ بىرىدۇر . پوۋېستتا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» دەۋرىدىكى ئىلىم - پەننى يىمىرىش ۋە سۇنئىي سىنىپىي كۈرەش بىلەن شۇغۇللىنىشنى مەقسەت قىلغان سول مائارىپ تەربىيىسىدە يېتىلگەن ئىككى ياشنىڭ ئەگرى - توقاي ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ، يەنى ئۇلارنىڭ ساددا مۇھەببەت تۇيغۇلىرى بىلەن ھاياتىي ئەقىدىلىرىنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ سادىق مۇرتلىرى تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغانلىقى ، گەرچە ئۇلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ھايات ئىستىقبالىنى تاپقان بولسىمۇ ، لېكىن كىشىلىك مۇھەببەت ۋە ئائىلىۋى بەخت - سائادەتتە ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەي ، مەڭگۈلۈك دەرد - ھەسرەتكە قالغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ .

ئەسەرنىڭ تېمىسى يېڭى ، تەسۋىرىي نۇقتىسى ئۆزگىچە بولۇپ ،ئاپتور پوۋېست ئارقىلىق ھايات مۇرەككەپ ، ئەگرى -



توقاي ، ئۇنىڭدا خۇشاللىقلارمۇ ، كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ بولىدۇ . ئادەم تۇرمۇشتا ئەنە شۇنداق مۇشەققەت ۋە كېلىشمەسلىكلەر ئىچىدە ئىلگىرىلەپ ، ئۆز ھاياتىنى ئۆزگەرتىپ ، ئۆزىنىڭ ئىستىقباللىق يېڭى دۇنياسىنى يارىتىدۇ . لېكىن ، ئۇنىڭ قەلبىگە جاھالەتلىك كۈنلەر تاشلاپ كەتكەن قاراڭغۇ سايە بىلەن ئازابلىق مەنىۋى خورلۇق مەڭگۇ ئۇنتۇلمايدۇ ، دېگەن بەدىئىي پەلسەپىۋى پىكرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ . ئاپتور پوۋېستىدا ئەينى يىللار تۇرمۇشىغا ئۆزگىچە خاس يول بىلەن ياندىشىپ ، رېئال تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى دادىل تىپىكلەشتۈرۈپ ، كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ئۇششاق - چۈششەكلىرى ئىچىدىن ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى تاللاپ ئومۇملاشتۇرۇپ ، پۈتۈنلەي يېڭى ۋە ئىجادىي تۇرمۇش مەنزىرىسىنى يارىتىدۇ . ئاپتور ئەينى يىللاردىكى تارىخىي رېئاللىققا تولۇق ھۆرمەت قىلىپ ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تۇرمۇش ھالىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتى قانداق بولسا شۇ بويىچە تەسۋىرلەيدۇ . ئۆزىنىڭ پىكىر ۋە كۆزقاراشلىرىنى يوشۇرمايدۇ . رېئال تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي ھايات سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، چىن ۋە سەممىي ھېسسىيات بىلەن جانلىنىپ تۇرغان بىر گۇرۇپپا پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىپ چىقىدۇ . بىز پوۋېستنى ئوقۇساق ، ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ۋە پېرسوناژلارنىڭ سىرلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ پۈتۈنلەي چىن - ھەققانىي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز . كۆز ئالدىمىزدا ئاشۇ ئاپەتلىك يىللارنىڭ خۇنۇك ۋە ئېچىنىشلىق تۇرمۇش مەنزىرىسى ئايان بولىدۇ .

ئاپتور پوۋېستىدا باشتىن - ئاخىر خەلق مەيدانىدا ، خورلانغان ۋە دەپسەندە قىلىنغان ئاددىي ئادەملەر مەيدانىدا تۇرۇپ ، ئادالەتسىز زامانغا ، ھەممە ئىپلاس ، مۇناپىق ئادەملەرگە ئوتلۇق نەپرەت بىلدۈرىدۇ . زورلۇق ۋە ھىيلە - مىكىرگە تايىنىپ جان باقىدىغان ، ھايات گۈزەللىكلىرىنى چەيلەپ نابۇت قىلىشتىن خۇشاللىق ۋە

ئېپتىخارلىق ھېس قىلىدىغان يىرگىنچلىك ئادەملەرنىڭ ئىپلاس چاڭگىلىدا مىجىلغان بىچارە كىشىلەرگە ئىنسانىي ھۆرمەت ۋە ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، ئاپتور باشتىن - ئاخىر ساپ ئىدىيىۋى ھېسسىياتتا قەلەم تەۋرىتىپ، رېئاللىققا ئۆزگە خاس ئىجادىي نۇقتىدىن ياندىشىپ، تۇرمۇشنىڭ تەرەققىيات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولغان، كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتىشكە مۇناسىپ ئىلھام بېرەلەيدىغان يېڭى بەدىئىي ئېستېتىك مەزمۇننى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. كىشىنى ئالاھىدە قايىل قىلىدىغىنى شۇكى، ئاپتور پوۋېستنىڭ يۇقىرىقى ئىدىيىۋى مەزمۇننى بەزى ئەسەرلەردىكىدەك بىر - بىرىگە مەنتىقىي باغلىنىشى بولمىغان سۇنئىي ۋەقەلەرنىڭ زىېرىكەرلىك بايانى تۇسىدە ئوتتۇرىغا قويماي، بەلكى ئۇنى رېئال تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى بىلەن تىپىك بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ جانلىق تەسۋىرى ھالىتىدە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنى پوۋېستتا تەسۋىرلەنگەن ھەربىر ۋەقە، ھەربىر تەپسىلاتقا، ھەربىر پېرسوناژنىڭ خاراكتېر ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ ئەڭ نازۇك كۆرۈنۈشلىرىگىچە سىڭدۈرۈۋېتىدۇ.

ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى خەلچەم ساددا مۇھەببەت مۇھىتىدا تەربىيىلەنگەن ئاددىي شەھەر قىزى. ئۇ چۇقان - سۈرەنلىك ئاشۇ يىللاردا ناھايىتى ئاز كىشىلەرگە نېسىپ بولىدىغان، «مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ ئىنقىلاب» نىڭ ۋەھىمىلىك قائىدىلىرىنى ھەممە يەرگە يەتكۈزىدىغان سەنئەت تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ «قىزىللاشقان» ئارتىسى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى «گېزىتلەرنىڭ دېگىنى بويىچە پېپەن سۆزلىرىنى ھاياجان بىلەن تەكرارلاش»، ئۆزلىرىگە ناتونۇش بولغان، ئۆزلىرىدىن بەكمۇ يىراقتا بولغان كىشىلەرنى «چېكىتلىپ تىللايدىغان نومۇرلارنى رەپتىسسىيە قىلىش»، چۈشتە «ئۆتمۈشنى ئەسلەش تامىقى» يەپ، كەچتە زاۋۇت، كان، مەكتەپلەرگە بېرىپ ئويۇن قويۇش ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئەنە شۇ ھالدا بىر خىل ۋە پەرقسىز ئۆتەتتى. لېكىن، بۇ كۈنلەر خەلچەمگە شۇنچىلىك



شېرىن، شۇنچىلىك لەززەتلىك سېزىلەتتى. چۈنكى، ئۇ بارلىقى بىلەن ياخشى كۆرىدىغان سەھنە سەنئىتى بىلەن ئۆمۈرلۈك دوستى قاسىم ئۇنىڭ بىلەن دائىم بىللە ئىدى. سەنئەت ۋە قاسىم ئۇنىڭ نەزىرىدە بىر پۈتۈن نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇنى روھلاندۇراتتى، ئۇنىڭغا ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بېغىشلايتتى، ئۇنىڭ قەلبىدە ئەڭ پاك، ئەڭ ياخشى ھاياتىي ئارزۇلارنى ئويغىتاتتى. لېكىن، خەلچەمنىڭ مۇنداق لەززەتلىك كۈنلىرى ئۇزۇنغا سوزۇلمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ سەنئەتتىكى قابىلىيىتى ۋە خىزمەتتىكى بەجانىدىللىقى بىلەن رەھبەرلىكنىڭ دىققەت - ئېتىبارىغا ئېرىشىپ قاسىم بىللە سەنئەت مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدۇ. خەلچەمنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا پەيدا بولغان ھەممە ئامەت ۋە خۇشاللىقلار بىلەن پاجىئە ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەر دەل مۇشۇ نۇقتىدىن باشلىنىدۇ. مەكتەپ رەھبەرلىكى خەلچەمگە ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدىن چىققان بىر گورۇپپا ئايال «گېزەندە»لەرنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرىدۇ. خەلچەم خۇددى سەھنىدىكىدەك قىزغىنلىق ۋە سەمىمىيلىكى بىلەن بۇ يېڭى جەڭگىۋار خىزمەتكە كىرىشىپ كېتىدۇ. كۈنلەر ئۆتىدۇ. خەلچەم ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان بۇ ئايال «گۇناھكارلار» ئىچىدىكى مەنسا ئىسىملىك بىر ئارتىس بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ. بالىلىق چېغىدىن باشلاپلا سەھنە سەنئىتىگە قەدەم قويغان، پۈتۈن ھاياتىنى مىللىي سەنئەتكە، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى دۇنياغا تونۇتۇشقا بېغىشلىغان بۇ مەشھۇر ئۇسسۇل ئارتىسىنىڭ مۇرەككەپ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن سەنئەتكە بولغان پاك ۋىجدانىي چۈشەنچىلىرى خەلچەمنىڭ يۇمران قەلبىدە ئېغىر ئازاب ۋە ئۆكۈنۈش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇ ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم ئۆزىنىڭ ھايات ئەقىدىسى بىلەن سىياسىي ئېتىقادىنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان پەرقىنى، تۇرمۇش ۋە ئادەملەرنى چۈشىنىشتە تېخىچىلا ساددا ۋە گۆدەك ھالدا تۇرىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. بۇ نەرسە ئۇنىڭدا يېڭىچە

ھاياتىي ئىرادە بىلەن سەنئەتكە بولغان ئۆزگىچە مۇھەببەت پەيدا قىلىپ، ئۇنى بۇ تالانتلىق ئارتىسقا بارلىقى بىلەن باغلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئىنقىلاب»نىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان بۇ «گېزەندە»، يەنى ئۆمۈرلۈك خورلۇق ۋە ئازابقا مەھكۇم قىلىنغان بۇ قەدىرسىز ئايال ئۇنىڭ نەزىرىدە ئەڭ پاك، ئەڭ ئالىيجاناب ئادەمگە، قەلبى ھايات ۋە سەنئەت ھېكمەتلىرى بىلەن تولۇپ تاشقان ئەڭ قەدىرلىك ھاياتىي ئۇستازغا ئايلىنىدۇ. ئۇ سەنئەتكە باشقىدىن مۇھەببەت باغلاپ، مەنىساخانىدىن يوشۇرۇن ئۇسسۇل ئۆگىنىپ، ئۆز تالانتى بىلەن تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، شەھەرنىڭ ئەڭ چوڭ تىياتىرىنىڭ سەھنىسىدە پەيدا بولىدۇ. ئانا سەنئەت ئۇنى شۆھرەت ۋە ئابرۇيغا كۆمۈۋېتىدۇ. ئۇ ھەممە كىشىگە تونۇلۇپ ئىستىقبال كۆكىدە قايتىدىن پەرۋاز قىلىشقا باشلايدۇ. ئەنە شۇنداق بىر چاغدا ئۆزى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرمىگەن بىر ھاياتىي پالاكەتچىلىك كېلىپ باسىدۇ. ئۇنىڭ سۆيگىنى قاسىم «ئىنقىلاب»نى قارىلاش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ ئەركىنلىكىدىن ئايرىلىدۇ. ئۆزى بولسا باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن «ئىنقىلابىي سەنئەت»نىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ، سەھنىدىن قوغلىنىدۇ. بۇنداق قاتمۇقات زەربە ۋە خورلۇق خەلچەمنىڭ دەۋرگە بولغان مۇھەببەت ۋە ئۈمىدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىغا بولغان ئىشەنچ ۋە تەلپۈنۈشىنى يوقىتىپ، ئۇنى قورقۇنچلۇق تەقدىرنىڭ تەھدىت ۋەھىمىسى ئاستىغا تاشلايدۇ. تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتى ھەرقاچان شۇنداق: ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىنسانىي غۇرۇر ئۆچۈپ تۈگىگەن، ھاياتىي ئىشەنچ ۋە جاسارىتى سۇنغان، ئۇنىڭ كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتى ھەرقانداق ئىجتىمائىي كاپالەتتىن مەھرۇم بولغان ۋاقتى ئۇنىڭ خورلۇق ۋە ھالاكەتكە شۇنچە يېقىنلاشقان ۋاقتى بولىدۇ. مۇنداق بىچارە، ھىمايىسىز ئورۇندا تۇرغان ئادەم ھاياتتىكى شۇملۇق ۋە رەزىللىكلەرنىڭ بىرىنچى ۋە دائىملىق قۇربانى بولىدۇ. خەلچەممۇ دەل مۇشۇنداق تەقدىرگە دۇچ كېلىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىنى تىنىمسىز



تىلغاۋاتقان تەڭسىز دەرد ـ ئەلەم، ئۆز تەقدىرى ئۈستىدىكى ئەندىشە ۋە ۋەھىمە، كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشى ۋە ھېسداشلىقىغا بولغان ئۈمىد ۋە تەلپۈنۈش ئاخىر ئۇنى ئۆمەك سېكرېتارىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ. لېكىن، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ بۇ غالجىر ماللىيىدا نەدىمۇ خەلچەمدەك بىچارە ئايالنىڭ دەردىنى چۈشىنىدىغان ۋە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان يۈرەك بولسۇن دەيسىز؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەتلەنگەن كونا خۇيىنى ئىشقا سېلىپ، خەلچەمنى قورقۇتۇش، ئالداش ۋە تەھدىت سېلىش ئۇسۇللىرى بىلەن بويسۇندۇرۇپ، ئاخىر ئۇنىڭ نومۇسىغا تېگىدۇ. خەلچەمنىڭ ئىنسانىي شەپقەت ۋە ھىمايىگە بولغان تەشنالىقى ئەنە شۇنداق دەپسەندە قىلىنىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن بۇ ئىككىنچى پاجىئە، يەنى تەقدىرنىڭ بۇ تەڭداشسىز ئېغىر زەربىسى ئۇنىڭ ھەممە ھاياتىي ئارزۇلىرىنى ۋە ئۇنىڭ شەخسىي مۇھەببەت ۋە ئائىلىۋى بەخت تۇيغۇسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل يىمىرىپ تۈگىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇرمۇشتىكى ھەممە نەرسىدىن يىرگىنىدىغان، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئەقىدە ۋە ئېتىقادىدىن نەپرەتلىنىدىغان، پەقەت دۇنياغا تۇغۇلغىنى ئۈچۈنلا ياشىشى لازىم بولغان ئارتۇقچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا پۈتۈن ھايات، پۈتۈن مۇناسىۋەتلەر گويا ھەممىنى يىمىرىپ تاشلاشقا تەييار تۇرغان مۇدھىش بىر كۈچ، ھەممىنى ئۆرتەپ تۈگىتىشتىن يانمايدىغان دەھشەتلىك بىر يالقۇن بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھايات ئىرادىسى ئاستا ـ ئاستا سۇنۇپ، تۇرمۇشتىكى رەزىل ۋە مۇناپىق ئادەملەرنىڭ دائىملىق خورلاش ۋە دەپسەندە قىلىش ئوبيېكتى بولۇپ قالىدۇ.

ئاپتور پۇۋېستتا خەلچەم ئوبرازىنى ئەنە شۇنداق ھاياتىيلىقى كۈچلۈك، تىپىكلىككە ئىگە بولغان جانلىق ۋەقە، خاراكتېرلىك توقۇنۇشلار زېمىنىدا گەۋدىلەندۈرۈپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئاپەتلىك يىللارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى

ئۇزۇل - كېسەل ئېچىپ تاشلاش مەقسىتىگە يېتىدۇ. خەلچەم ئوبرازى ئوقۇغۇچى كۆز ئالدىدا ئۆز دەۋرىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە تولۇق گەۋدىلەندۇرگەن، ئۆزىگە خاس مىجەز، خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئىندىۋىدۇئال پېرسوناژ سۈپىتىدە قەد كۆتۈرىدۇ.

خەلچەم بارلىقىنى سەنئەتكە بېغىشلىغان ئاق كۆڭۈل، پاك بىر قىز، ئۇنىڭ ھايات تەجرىبىسى كەم، تۇرمۇشنىڭ دەھشەتلىرىنى ھېس قىلىشى يۈزە، قارشىلىق كۆرسىتىش روھى تۆۋەن بولغان بىر ئۆسمۈر. بۇ ئۇنىڭ ھايات پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئومۇمىي ئىجتىمائىي شارائىتقا، يەنى تاشقى ئامىلغا ئاخىرغىچە تاقابىل تۇرالمىغانلىقىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى. ئاپتور ئۆز پېرسوناژىنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى بۇ تۈپ ئامىلنى، ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى بۇ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكنى باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا خاس بولغان ئۆزگىچە ھايات يولىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، خەلچەمنىڭ كۈتمىگەندە ئۆمەك سېكرېتارىنىڭ سۈيىقەستلىك تورىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ ھەيۋە ۋە دوقلىرى ئالدىدا قورالسىزلىنىپ، ئۇنىڭ يىرگىنچلىك ئىرادىسىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ، مەڭگۈلۈك دەرد - ئەلەمگە قالغانلىقى شۇنچىلىك چىن ۋە شۇنچىلىك تەبىئىي بولۇپ سېزىلىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، خەلچەم تۇرمۇش قايناملىرىنى تېخى كۆرمىگەن، تۇرمۇشقا يېڭىلا كۆز ئاچقان ساددا بىر قىز. سېكرېتار بولسا پۈتۈن ئۆمرى كىشىلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ ئۆتكەن كونا، تەجرىبىلىك ھىيلىگەر. شۇڭا، ئۇ مۇئەييەن شارائىتتا ھەرقانداق ئىرادە ۋە جاھىللىقنى بويسۇندۇرۇشقا قادىر. ئاپتور پوۋېستتا ئۆز پېرسوناژىنىڭ مۇشۇنداق خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە سادىق بولۇپ، ئۇنىڭ مۇقەررەر مېڭىشى لازىم



بولغان تۇرمۇش يولىنى چىن ۋە ھەققانىي تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. خەلچەم بىرىنچى قېتىم دەپسەندە قىلىنىشقا ئۇچرىغاندىن كېيىن تەقدىرى ئۇنى مۇنداق ئازابلىق ئىشقا يەنە بىرنەچچە قېتىم زورلايدۇ. تۇرمۇشتا ھېچقانداق چىقىش يولى تاپالماي، ۋەھىمە ئىچىدە ئەندىكىپ يۈرگەن خەلچەم بۇنىڭغىمۇ تەن بېرىپ، تېخىمۇ ئازابلىق خورلۇققا مەھكۇم بولىدۇ. بۇ ھال خەلچەمنىڭ ئىنسانىي غۇرۇر ۋە قىزلىق نومۇسىنىڭ بارغانچە سۇنۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ قەلبىدىكى بەخت ۋە ئەركىنلىك تۇيغۇلىرىنىڭ ئۆچۈپ تۈگەۋاتقانلىقىنى، زورلۇق ۋە رەزىللىك بىلەن تولغان ئاپەتلىك يىللارنىڭ ئۇنى بۇزۇپ كاردىن چىقىرىۋاتقانلىقىنى جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ خاراكتېر مەنتىقىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ. شۇڭا، ئوقۇرمەن پوۋېستنىڭ بېشىدا كۆرگەن پاك ۋە ئۇياتچان بىر قىزنىڭ، يەنى كىشىلەرگە تىك قاراشنىمۇ ئەدەپسىزلىك ھېسابلايدىغان ئالىيجاناب بىر قەلب ئىگىسىنىڭ ئاخىر بېرىپ زورلۇق ۋە دەپسەندە قىلىنىشتىن قالغان ھاقارەتلىك ھامىلە بىلەن كىشىلەر ئالدىغا بېرىپ، ياردەم ۋە شەپقەت تىلەيدىغان ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ چەكسىز ئازابلىنىدۇ. ۋۇجۇدى ئىپلاسلىق بىلەن تولغان رەزىل ۋە مۇناپىق ئادەملەرگە غەزەپ - نەپرىتى قايناپ تاشىدۇ.

ئاپتور پوۋېستتا سېكرېتار ئوبرازىنى يارىتىشتىمۇ ناھايىتى روشەن ئېنىقلىق ۋە خاسلىققا ئېرىشكەن. «تۇمانلىق قىرغاق» پوۋېستىدا تەسۋىرلەنگەن بۇ سېكرېتار، يەنى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ بۇ سادىق گۇماشتىسى بىز باشقا ئەسەرلەردە كۆرگەن مۇشۇ خىلدىكى كىشىلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكىتىدە زومىگەرلىك ۋە كۈچ كۆرسىتىشكە قارىغاندا ئالداش ۋە ھىيلە - مىكىر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ھەرقانداق خۇنۇك ۋە يىرگىنچلىك بىر ئىشنىمۇ قانۇنلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنى بۇ يولغا ئىختىيارىي ھالدا مېڭىشقا مەجبۇر قىلالايدۇ. ئۇ ھېچكىمنى ھېچ

نەرسىگە زورلىمايدۇ . لېكىن ، ئاخىرقى ھېسابتا كۆتكىنىنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشىدۇ . ئۇنىڭ بۇ خاراكتېرى ئۇنىڭ خەلچەمگە بولغان مۇناسىۋىتىدە بەكمۇ روشەن گەۋدىلىنىدۇ . ئۇ خەلچەمنى خۇددى شۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئالدىغىمۇ ماڭالمايدىغان ، كەينىگىمۇ چېكىنەلمەيدىغان بىر خىل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپ ، ئاندىن ئۇنى دەپسەندە قىلىش مەقسىتىگە يېتىدۇ . بۇ ھال ئوقۇرمەندە گويا ھەممە نەرسە شۇنداق بولۇشى لازىمدەك بىر خىل تەبىئىي تەسىرات پەيدا قىلىدۇ . بۇ دەل ئاپتورنىڭ چىن ۋە تەبىئىي بەدىئىي مۇھىت يارىتىشتىكى ئۇستىلىقى ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر شەكىللەندۇرۇشتىكى ماھارىتى بولۇپ ، كىتابخانغا بۇنچىلىك كۈچلۈك چىنلىق تۇيغۇسى بېغىشلايدىغان مۇنداق تىپىك ئوبرازلار بىزنىڭ پروزىمىزدا ئاز تېپىلىدۇ .

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، پوۋېستتىكى ئوقۇرمەننى قايىل قىلىدىغان يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى ، ئەسەر ئۆزىنىڭ ژانىر ئالاھىدىلىكىگە بەكمۇ ماس بولۇپ ، ئۇنىڭدا بەلگىلىك مۇرەككەپلىككە ئىگە بولغان تىپىك بىر ۋەقەلىكلا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . پوۋېستنىڭ ۋەقەلىكى ۋە زىددىيەت توقۇنۇشلىرى بىر يول ، بىر لىنىيە بويىچە راۋاجلىنىپ ، ھەممە نەرسە باش قەھرىمان خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان ھالدا بىر پۈتۈن بەدىئىي ئىزغا چۈشۈرۈلگەن . پوۋېستنىڭ پېرسوناژلىرى ئاز ، سەھىپىسى يىغىنچاق بولۇپ ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۇنىڭدا ئىخچام ۋە مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتكەن . ئاپتور سۇژېتنى تەشكىللەش ۋە زىددىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئۆزىگە خاس يول تۇتۇپ ، ۋەقەلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئالاھىدە بىر خىل بەدىئىي فورمىسىغا ئېرىشكەن . پوۋېستنىڭ زىددىيەت - توقۇنۇشلىرى بەزىدە ئاستا ۋە ۋەزمىن راۋاجلىنىدۇ ، بەزىدە ئوقۇرمەننى ھاياجانلاندۇرىدىغان جىددىيلىك ۋە بەدىئىي دولقۇنغا كۆتۈرۈلىدۇ . بەزىدە ئاپتور زىددىيەتلەر قاينىمى ئىچىدىن ئۈزۈپ چىقىپ ،



ئۆزىنىڭ تەسۋىرىي نۇقتىسىنى ئادەتتىكى تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى ئۈستىگە يۆتكەپ ، ئوقۇرمەننى تاقەتسىزلەندۈرۈپ ، ئۇنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي غايىسى بويىچە يېتەكلەيدۇ .

پوۋېستتىكى ھەممە نەرسە سەنئەت تۇسىدە — ئوبراز ۋە سىمۋول تۇسىدە گەۋدىلىنىدۇ . ئاپتور ئۆزىنىڭ ھەممە ئىجادىي كۈچىنى پېرسوناژ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈستىگە قويۇپ ، نازۇك ۋە ئىنچىكە پىسخىك تەسۋىر ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ . ئۇ ئۆز پېرسوناژلىرىغا ئۈزۈن ۋە زېرىكەرلىك ئابستراكت نۇتۇق ۋە مۇھاكىمىلەرنى بەرمەيدۇ . ئۇلارنى قىسقا ، ئىخچام ۋە ئوبرازلىق نۇتۇق بىلەن تەمىنلەپ ، ئۇلارنى ئۆز سۆزى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش مەقسىتىگە يېتىدۇ .

ئاپتور پوۋېستتا ۋەقەلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە بەدىئىي ئىپادە قىلىش ۋاستىلىرىنى قوللىنىش جەھەتتىمۇ ئۆزىگە خاس يول تۇتىدۇ . ئۇ پوۋېستنىڭ تۈگۈنىنى قاسىم بىلەن خەلچەمنىڭ بېيدەيخېدە ئۇچرىشىشى ، خەلچەمنىڭ ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ قاسىمنى ئەسەبىيلەرچە سۆيۈشىدىن باشلاپ راۋاجلاندۇرۇپ ، بىردىن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» دەۋرىدىكى زولمەتلىك يىللارغا قايتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن پوۋېست ۋەقەلىكنى خەلچەمنىڭ ئانا يۇرتىغا يۆتكەپ ، زىددىيەتلەر توقۇنۇشىنى رېئال ئىجتىمائىي ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىپ ، ۋەقەلەرنى بەدىئىي مەنتىقىي قانۇنىيەتكە ماس ھالدا راۋاجلاندۇرىدۇ . پوۋېستتىكى ھەممە ۋەقەلىكنى مەكتەپ ۋە ئۆمەكتىن ئىبارەت ئىككى بەدىئىي سەھنىگە يىغىپ ، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى زىچ ۋە كەسكىن ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر مۇھىتىدا ئېچىپ بېرىدۇ . ئۇ تەسۋىر ۋە باياندا ئېنىقلىق ۋە روشەنلىكنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ ، ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ سۆزى ، ھەرىكىتى ۋە ئوي - خىياللىرىنىڭ كونكرېت بەدىئىي تەسۋىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەڭ نازۇك قەلب تەۋرىنىشلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ

بېرىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى ئوقۇرمەندە تىرىك ئادەمدەك، تەسەۋۋۇر قىلغىلى ۋە ھېس قىلغىلى بولىدىغان جانلىق ۋە ئىندىۋىدۇئال ئادەمدەك چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، سەمەت دۇگايلى «تۇمانلىق قىرغاق» پوۋېستىدا تۇرمۇشنى ئالاھىدە نۇقتىدىن كۆزىتىپ، ئۆزگىچە ئىجادىي يول تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ يېپيېڭى بەدىئىي دۇنياسىنى ياراتقان. بۇ دۇنيا ئوقۇرمەنگە ھايات ۋە ئادەملەرنى تونۇتىدۇ، ئۇلارغا يېڭىچە روھ ۋە ئەقىل بېغىشلايدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياتتىكى رەزىللىك ۋە خۇنۇكلۇكلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشىغا، دۇنيانى ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلىشىغا تېگىشلىك ئىلھام بېرىدۇ. «تۇمانلىق قىرغاق» پوۋېستىنىڭ ئىدىيە ۋە بەدىئىي قىممىتى مانا مۇشۇ نۇقتىدا ئەكس ئېتىدۇ.

1988 - يىلى 5 - ئاي



# ئۇ سەنئەت ۋە گۈزەللىكنىڭ ئۆمۈرلۈك شەيداسى ئىدى

1954 - يىلى ماي ئېيىنىڭ بىر كۈنى بولسا كېرەك، شۇ چاغلاردا بىزنىڭ بىردىنبىر ئەدەبىي ئوقۇشلۇقىمىز بولۇپ كېلىۋاتقان «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ مەلۇم بىر سانى قولۇمغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنى ۋاراقلىدىم، مېنىڭ بىرىنچى بولۇپ دىققىتىمنى تارتقىنى ئابلىمىت مەسئۇدىنىڭ «مەتۋاقى» ناملىق ھېكايىسى بولدى. ئۇنىڭدا ئەرزان ۋە تۇراقسىز مۇھەببەتنىڭ ئازابلىق ۋەسۋەسىسىگە ئەسىر بولغان بىر تەنتەك يىگىتنىڭ كۆڭۈلسىز مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەنىدى. ھېكايە ئۆزىنىڭ ئىخچام ۋە يىغىنچاقلىقى، تەپسىلاتلىرىنىڭ چىن ۋە قىزىقارلىقلىقى، كۈلكە ۋە يۇمۇرلۇق ئىبارىلەرگە بايلىقى بىلەن مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنە شۇ ژۇرنالدا ئۇنىڭ «ئۇ ئۆز يولىنى تاپتى»، «ئازاد يېزىنىڭ قىزى» ناملىق ھېكايىلىرى كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىندى. مەن بۇ ھېكايىلەرنىمۇ خۇددى «مەتۋاقى»غا ئوخشاشلا ئۆزگىچە بىر خىل قىزىقىش ۋە تەشنالىق ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم. بۇ ھېكايىلەر قانداقتۇر بىر ئالاھىدىلىكى بىلەن، يەنى ئوقۇرمەنگە ھەرقانداق ۋاقىتتا يېقىن ۋە سۆيۈملۈك بولۇپ تۇيۇلىدىغان، لېكىن تىل بىلەن ئىپادە قىلىپ بېرىش تەس بولغان بىرمۇنچە تەرەپلىرى بىلەن مېنى مەپتۇن قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرىنىڭ ئاددىي ياش بىر ئوقۇرمەننىڭ قەلبىدە بۇنچىلىك چوڭقۇر تەسىر قالدۇرالىغانلىقىنىڭ سىرى نەدە؟ ئۇلار قانداق مەنىۋى پەزىلەتكە ئىگە؟ ئۇ ئەسەرلەردىكى كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان بۇنداق بەدىئىي سېھرىي كۈچ قەيەردىن كەلگەن؟ مەن

بولارنى ھەرقانچە ئويلاپمۇ تەكتىگە يېتەلمەيتتىم . پروزىمىز ئەمدىلا يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكى تۇپەيلى ، بىزدە نىسبەتەن مۇكەممەل بەدىئىي تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ، يەنە كېلىپ ياش پروزىمىزغا ئۈلگە بولالايدىغان پروزا ئەسەرلىرى كەمچىل بولۇۋاتقان چاغدا ، بەزى مەشقىي ھېكايىلەردىن ئۆزىنىڭ يېڭىلىقى ۋە ئىجادىيلىقى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان بۇ ھېكايىلەر مەن ئۇچۇن گويا بىر سىرلىق مۆجىزە بولۇپ تۇيۇلاتتى . كېيىنچە مەنمۇ بەزى نەرسىلەرنى ئۆگەندىم ، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇن ماھىيىتى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بەزى ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئاز - تولا ئۆزلەشتۈردۈم . شۇنىڭ بىلەن مەندە پروزىمىزنىڭ 1950 - يىللاردىكى ئومۇمىي ئەھۋالىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىپ بېقىش ئارزۇسى پەيدا بولدى . تەبىئىيكى ، بۇ ئىستەك مېنى باشقىلار قاتارىدا يازغۇچى ئابلىمىت مەسئۇدنىڭ ئەسەرلىرى بىلەنمۇ قايتا ئۇچراشتۇردى . ئۆسمۈرلۈك يىللىرىمدا مەن تەكتىگە يېتەلمىگەن ھېلىقى سىرلار ئەمدى ماڭا تولۇق ئايان بولدى . مەن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى ، ئابلىمىت مەسئۇدى ئەسەرلىرىدىكى ھەممە ياخشى مەنىۋى پەزىلەتلەر بىلەن ئۇنىڭدىكى ئوقۇرمەننى ئۆزىگە تارتىدىغان بىرمۇنچە بەدىئىي ئۆزگىچىلىكلەر ئالدى بىلەن رېئال تۇرمۇشتىن ، ھاياتنى قايتا قۇرۇۋاتقان ئاددىي ئادەملەرنىڭ ساددا ، لېكىن مەنىلىك ھاياتىدىن كەلگەن . ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە تەسۋىرلەنگەن ھەرخىل پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن پىكىر ۋە مۇناسىۋەتلىرىگە چوڭقۇر سىڭىشكەن روشەن مىللىي خۇسۇسىيەت بىلەن قويۇق يەرلىك پۇراق ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە جان ۋە روھ بېغىشلىغان ، ئۇنى تۇرمۇش چىنلىقى ۋە بەدىئىي يارقىنلىقنىڭ يېڭى پەللىسىگە كۆتۈرۈپ ، ئوقۇرمەن ئەقلىگە يېڭى بىرنەرسە بېرىدىغان ھاياتىي ھېكمەتكە ئىگە قىلغان .

ئابلىمىت مەسئۇدنىڭ يۇقىرىقى ئىككى ھېكايىسىدە ئوخشاشلا تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ 1950 - يىللارنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىكى تۇرمۇشى ۋە كۆز يېشى تەسۋىرلەنگەن . لېكىن ، ئاپتور بۇ



ھېكايىلىرىدە رېئاللىقتا ئوخشىمىغان نۇقتىدىن ياندىشىپ ، تۇرمۇشنىڭ تېخى ئېچىلمىغان يېڭى ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئۆزگىچە بىر خىل ئىجادىي نەزەر بىلەن كۆزىتىپ ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئۆزىگە خاس بەدىئىي رەڭ ۋە ھاياتىي مەنە بېرىپ ، ئوقۇرمەننى ئوخشىمىغان تۇرمۇش مۇھىتى ۋە ھەر خىل پېرسوناژلارنىڭ خاسلىق ۋە ئۆزگىچىلىكى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان قىزىقارلىق خاراكتېرلەر دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ .

مانا ، جاپاسىز ھالاۋەت ئىشقىدا مەست بولغان ساددا دېھقان جامال ، ئۇنىڭ ئەس - يادى قانداق قىلىپ ئاسان يول بىلەن باي بولۇپ ، مۇشەققەتلىك يېزا تۇرمۇشىدىن بۇرۇنراق قۇتۇلۇش بىلەن بەند . بۇ ئارزۇ ئاخىر ئۇنى بىر يىللىق ئەمگىكىنىڭ دەسلەپكى ئەجرى بولغان بۇغداي - مايسىلىرىنىڭ كۆكىنى ئالدىن سېتىپ ، يۇرت ئاتلاپ تىجارەت قىلىش يولىغا باشلايدۇ . لېكىن ، ئۇ كۈتمىگەندە ، ئۆزى شۇنچىلىك ئىشەنگەن ۋە ئەقىدە قىلغان مەككار سودىگەر موللاخۇن تەرىپىدىن ئالدىنىپ ، پۈتۈن پۇل - پۇچەكلىدىن پاك - پاكىز ئايرىلىپ ، جەمئىيەتتىكى ئەڭ قەدىرسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ئاللا ، بۇ سودىگەرلەر قايسى مەكتەپلەردە ئوقۇغاندۇ ؟» دەپ ، ھەيرانلىق بىلەن ياقىسىنى تۇتقىنىچە ھەسرەت بىلەن ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ . ئەسىرلەردىن بۇيان ئاتا - بوۋىلىرىنى بېقىپ ، قۇچاق ئېچىپ كەلگەن ئانا يەردىن ئايرىلىپ ، يېزا ھاياتىنىڭ مەنە ۋە خۇشاللىقى بولغان ئېتىز ئەمگىكىدىن قول ئۈزۈپ ، ھاياتىنىڭ ئۆمۈرلۈك كۈلكە ۋە مەسخىرىسىگە قالغان بىچارە جامالنىڭ ساددا ، ئەلەملىك قىياپىتى ئوقۇرمەن كۆز ئالدىدىن ئۇزاققىچە كەتمەيدۇ . ئۇ ئىككىنچى ھېكايىسى «ئازاد يېزىنىڭ قىزى»دا تېخىمۇ ئۆزگىچە ۋە قىزىقارلىق بولغان بىر گۇرۇپپا پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىپ ، ئەينى يىللاردىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىدا بارلىققا كېلىۋاتقان يېڭى مۇناسىۋەت ، يېڭى ئۆزگىرىشلەرنىڭ جانلىق بەدىئىي مەنزىرىسىنى سىزىپ بېرىدۇ . ياش دېھقان ئەتيۇللا ئۆزىنىڭ ئاللىقاچان باشقا بىرىگە

كۆڭۈل بەرگەن يالغۇز سىڭلىسى ھاۋاقىزنى ئارزۇ ۋە ئىختىيارلىقىغا قارىماي، ھېچقانداق تونۇشلۇقى بولمىغان بىر كىشىگە ئەرگە بېرىپ، ئۇنىڭ سىڭلىسىنى ئۆزى ئالماقچى بولىدۇ. بۇنداق ئېغىر خورلۇق، يەنى ئۆزىنىڭ پاك مۇھەببىتى بىلەن ھەممە ھاياتىي ئارزۇلىرىنىڭ شەپقەتسىزلەرچە يىمىرىلىشى بىلەن كىشىلىك قەدىر - قىممىتى دەپسەندە قىلىنىپ، ھايۋان قاتارىدا ئايرىۋاشلىنىشقا مەجبۇر قىلىنىشى ھاۋاقىزنى ئازاب ۋە ئەلەم ئوتىدا ياندۇرىدۇ. ئاخىر بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزىمۇ سەزمىگەن بىر خىل غايىبانە كۈچ ۋە جۈرئەت پەيدا بولىدۇ - دە، تەقدىرنىڭ بۇنداق خورلۇق ۋە ئادالەتسىزلىكىگە قارشى جاسارەت بىلەن ئېلىشىپ، ئۆزىنىڭ كىشىلىك ئىززەت - نەپسىنى قوغداپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تۇرمۇشتا ئازاد زاماندىن باشقا ھېچقانداق تايانچىسى بولمىغان ساددا ۋە يالغۇز دېھقان قىزى كىشىلەرنىڭ ئاڭ - پىكرىنى ئەسىرلەردىن بۇيان بوغۇپ كەلگەن كونا ئادەت ۋە كونا چۈشەنچىلەر بىلەن ئەنئەنىۋى ئەخلاق پرىنسىپلىرى ئۈستىدىن بىرىنچى بولۇپ ئىسيان كۆتۈرگەن، يېڭى، بەختىيار يۇرتنىڭ ھەقىقىي ئازاد، ئەركىن قىزى بولۇپ قالىدۇ.

شۇ يېرى كىشىنى قايىل قىلىدۇكى، ئاپتور بۇ ھېكايىلىرىدە تەسۋىرلەنگەن ھەربىر ۋەقە ۋە ھادىسىنى، يارىتىلغان ھەرقانداق بىر پېرسوناژ ئوبرازىنى ئەينى يىللاردىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ رېئال تۇرمۇش مۇھىتى بىلەن، تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ ساددا، سەمىمىي خاراكتېرى، ئۇلارنىڭ ئۆز يېرىنىڭ تەبىئىتىدەك يالقۇنلۇق قەلب ھارارىتى بىلەن يۇغۇرىدۇ. ئۇلاردىكى ھەربىر تەسۋىر، ھەربىر دىئالوگدىن، ھەربىر مەنزىرە ۋە ھەربىر كۆرۈنۈشتىن يېڭى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر مۇھىتىغا ئۆزىگە خاس ۋەزىن ۋە سالماق بىلەن كىرىپ كېلىۋاتقان قەدىمىي تۇرپاننىڭ ئەقىل ۋە روھىنىڭ، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان ئۆزگىچە سېھرىي تەبىئىتىنىڭ ئوتلۇق نەپسى سېزىلىدۇ.

«شامال خۇددى سۇدەك يالاپ كەتكەن يەر — كەڭ كەتكەن



قۇملۇق ۋە قومۇشلۇق جاي گۈزەل تۇرپاننىڭ بىر چېتىدە يەرگە تاشلانغان ئەسكى پالاستەك پەرۋاسىز ياتىدۇ. تەشمىلەردىن كارىز قۇدۇقلىرىنىڭ ئەتراپىغا چىقىرىلغان لاي - لاتقىلىرى خۇددى گۆرىستانلىقتىكى قەبرىلەردەك ئۇزۇن سەپ تارتىپ تۇرىدۇ. ئەنە شۇ چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز قۇم تۆپىلىكتە يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى كۆزلىرى قىزارغان بىر يىگىت ھاراقنىڭ كۈچىدىن ئېگىز - پەس دەسسەپ، ئالىقانداق خىياللار بىلەن قوشىدۇڭ تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ… ئارۋاڭ - سارۋاڭ مېڭىشىغا بېقىپ، ئۇنىڭ دوگاڭخوغا يېرىم جىڭ پاختا ئەۋەتىپ، ئالاھىدە توقۇتقان ئىشتانبېغىنىڭ قارا، يېشىل، ئاق رەڭلىك چۇچىلىرى تىزىغىچە ساڭگىلاپ ئۇيان - بۇيان پۇلاڭشىپ تۇرىدۇ.»

«ھاۋاقىز يېنىك بىرّ تىن ئالدى - دە، قولىغا سېۋەتنى ئېلىپ ئۆگزىگە چىقتى. ئۇ ئېچىلىپ ئۇلگۈرەلمىگەنلىكتىن ئۆگزىگە يېيىپ قويۇلغان غوزىلارنى يىغدى. كۈن چۆلتاغ ئۈستىدە ئۇزۇلۇكسىز نۇر چاچماقتا. ھاۋا قىز سېۋەتنى تۇتقىنىچە خىيالچان كۆزلىرىنى ئەتراپقا تىكتى. تۆۋەندە چۆلتاغنىڭ نېرىسىدا پايانسىز جاڭگاللىقتا سونايلىنىپ ياتقان توقسۇن ئېقىنى كۈمۈشتەك پارقىراپ كۆزنى چاقنىتاتتى. ھاۋا سالقىن، باھاردىن دېرەك بېرىدىغان ئىللىق شامال غۇرقىراپ بۇ ئانا دىيارنىڭ ھەربىر چالمىسىنى قويماي سۆيۈپ ئۆتمەكتە. ھاۋاقىزنىڭ ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى سىيپىماقتا… ‹ئازاد يېزىنىڭ ئەركىن قىزىمەن› دەپ ئويلىدى ئۇ، ‹مەقسىتىمگە چوقۇم يېتىمەن.› بۇ ئوي ئۇنىڭ دەرد - ئەلەم دەستىدىن زەردە بولۇپ كەتكەن دىلىنى قۇم بىلەن چىلاپچىنى ئاقارتقاندەك ئاقارتىپ، خىرەلىشىپ كەتكەن كۆڭلىنى كېچىنى يورۇتقان ئايدەك ئاپئاق يورۇتۇپ تۇراتتى…»

مانا بۇ — تۇرپاننىڭ ھەقىقىي بەدىئىي مەنزىرىسى، ئاپتورنىڭ تۇرمۇشقا ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئەقىدە بىلەن ياندىشىدىغان، ھاياتنىڭ ھەممە لەززەت ۋە خۇشاللىقىنى ئۆزى ياشاۋاتقان ئاشۇ بىر پارچە زېمىن بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ساددا ئېتىقاد ۋە چۈشەنچىسىدە دەپ

بىلىدىغان ھالال ۋە ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ قەلب سۈرىتى !

شۇنى ئېيتىپ ئۆتمەي بولمايدۇكى ، ئابلىمىت مەسئۇدى قايناق لىرىكىلىق ھېسسىيات بىلەن ھارارەتلىك شېئىرىي تۇيغۇلار كۈچىدە جانلاندۇرۇلغان بۇ رەڭدار بەدىئىي سەھىپىلەرنى بۇنىڭدىن ئوتتۇز ئالتە يىل بۇرۇن ، يەنى مىللىي پروزىمىز ئەمدىلا شەكىللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويغان چاغلاردا يازغانىدى .

بەدىئىي ئەدەبىيات ئەنە شۇنداق خىسلەتلىك نەرسە ئىكەن . ئۇ سېنىڭ قەلبىڭنى ئەقلىي ھېكمەت ۋە ئەخلاقىي پاكلىق نۇرى بىلەن تولدۇرۇپلا قالماي ، يەنە سېنى ئۆزىنى ياراتقان تالانت ئىگىلىرىنى ھۆرمەت قىلىشقىمۇ ئۆگىتىدىكەن . مېنىڭ ئابلىمىت مەسئۇدىغا بولغان غايىبانە ھۆرمەت ۋە قايىللىق ھېسسىياتىم ئۇنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان چاغلىرىمدىلا باشلانغانىدى . مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇشنى ، ئەدەبىيات ھەققىدىكى پىكىر ۋە چۈشەنچىلىرىمنى ئورتاقلىشىشنى ، ئۇنىڭ ئىجادىي ياردەم ۋە مەسلىھەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم . لېكىن ، نېمە ئۈچۈندۇر بۇنىڭ بىرەر مۇۋاپىق پۇرسىتى بولمىدى . 1960 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەن مەكتەپتىن ئايرىلىپ ، شىنجاڭ 1 - ئىيۇل پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئىنچىكە يىپ ئېگىرىش سېخىغا كىرىپ ئىشچى بولدۇم . بۇ تاسادىپىيلىقنى كۆرۈڭ ، مەن ئۇزۇندىن بۇيان كۆرۈش ۋە تونۇشۇشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئابلىمىت مەسئۇدى دەل مۇشۇ سېخنىڭ ماشىنا رېمونت گۇرۇپپىسىدا ئىشلەيدىكەن . مەن ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپلا ئۆز ۋاقتىدا مەندە شۇنچىلىك چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ھېلىقى ھېكايىلەرنى ، ئۇستۈبشى پاختا توزانلىرى بىلەن قاپلىنىپ ، قوللىرى مايلىشىپ كەتكەن مۇشۇ ساددا ، خۇشچاقچاق ئادەمنىڭ يازغانلىقىغا تەلتۆكۈس ئىشەندىم . چۈنكى ، بۇنداق ھېكايىلەرنى ، يەنى ئۆز خەلقىنىڭ ئەڭ ئاددىي ، ئەڭ تۆۋەن تەبىقىسىنىڭ پاك ۋۇجۇدىدا ساقلىنىۋاتقان قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچ بىلەن چەكسىز مەنىۋى گۈزەللىكنى ئىجادىي سەنئەت ۋاستىسى بىلەن يورۇتۇپ



بەرگەن بۇنداق سەمىمىي ئەسەرلەرنى ئۆز خەلقىگە ، ئۇنىڭ ساددا ، لېكىن مەنىلىك ھاياتىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان مۇشۇنداق ئاددىي ، ئالىيجاناب ئادەملەرلا يازالايتتى .

ئابلىمىت مەسئۇدى ھەقىقەتەنمۇ كەمتەر ، كىچىك پېئىل ، باشقىلارغا كۆيۈمچان ، خىزمەت ۋە ئۆگىنىشكە بارلىقى بىلەن بېرىلگەن ، ھالال ئادەم بولغانلىقى بىلەن مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى . ئۇ بەدىئىي ئەدەبىيات توغرىسىدا ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئىجادىي پىلانلىرى توغرىسىدا شۇنچىلىك قىزغىن ، شۇنچىلىك ئىشەنچ بىلەن سۆزلەيتتى .

ئابلىمىت مەسئۇدى پەقەت 1979 - يىلى ، يەنى ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنلا ئۇزۇل - كېسىل ئاقلىنىپ ، ھەممە سىياسىي بەتناملاردىن تەلتۆكۈس ئازاد بولۇپ ، ئۆزىنىڭ ھەممە ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى . ئۇ زامان ۋە خەلققە بولغان چەكسىز مۇھەببەت ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن قولىغا قايتا قەلەم ئېلىپ ، غايەت زور غەيرەت ۋە ئىشەنچ بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشكەن خاسىيەتلىك بىر چاغدا ، بىمەھەل ئۆلۈم ئۇنى ئارىمىزدىن ئېلىپ كەتتى . ئابلىمىت مەسئۇدى بەدىئىي ئەدەبىياتقا ئۆتكۈنچى ھەۋەس ياكى بىردەملىك قىزىقىش كۈچى بىلەن قەدەم قويغان ، ئەقىل ۋە ۋىجدان زېمىنىدا قەد كۆتۈرىدىغان بۇ مۇقەددەس سەپكە ئۇقۇشماي كىرىپ قالغانلاردىن ئەمەس ئىدى . ئۇ پۈتۈن ئەقلى بىلەن بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئۆز ئادىمى ئىدى . مۇبادا ئۇنىڭغا ئۆز سەپداشلىرى قاتارىدا ھايات ياشاپ ، داۋاملىق يېزىش ۋە ئىجاد قىلىش ئىمكانىيىتى بولغان بولسا ، ئۇ پروزىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان بولاتتى .

مەن شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ ئابلىمىت مەسئۇدىنىڭ 1957 - يىلى نەشر قىلىنغان «دەسلەپكى قەدەم» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىنى قايتا نەشر قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ، مەرھۇمنىڭ پارلاق خاتىرىسىگە مۇشۇ ئاددىي قۇرلارنى

يېزىش ئارقىلىق ، ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا بولغان سەمىمىي ھۆرمەت ۋە چەكسىز سېغىنىش ھېسسىياتىمنى يەنە بىر قېتىم بىلدۈرۈپ ئۆتمەكچى بولدۇم . مەن بۇ ئىقتىدارلىق يازغۇچىمىزنىڭ ئەڭ كونا ئوقۇرمەنلىرىنىڭ بىرى ، ئۇزۇن مۇددەت بىللە ئۆتكەن ئىشدىشى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ، ئۇنىڭ بۇ كىتابىنىڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانلىقىدىن غايەت زور خۇشاللىق ۋە ئىپتىخارلىق ھېس قىلىمەن . بۇ كىتاب ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بەدىئىي ئەدەبىياتقا بېغىشلىغان ، سەنئەت ۋە گۈزەللىكنىڭ ئۆمۈرلۈك شەيداسى بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن ئىجادكار دوستىمىز ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك بىر بەدىئىي ئابىدە بولۇپ قالغۇسى .

2002 - يىلى 6 - ئاي



# ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەنقىد

(ژۇرنالىست ئەخمەت راخمان بىلەن
مۇھەممەت پولاتنىڭ سۆھبىتى)

ئەخمەت راخمان : ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ تەرجىمىھالىڭىز ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىڭىز توغرىسىدا قىسقىچە سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق ؟

مۇھەممەت پولات : مەن تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئايدىڭكۆل يېزىسىدا تۇغۇلدۇم . ئاتا - ئانامدىن ئايرىلىپ تاغامنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولدۇم . مېنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق يىللىرىم يوقسۇزلۇق ، ئېغىر ئەمگەك ، تۇرلۇك ئوڭۇشسىزلىق ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەر ئىچىدە ئۆتتى . بۇ ھال ئۆز نۆۋىتىدە مەندە پاك ۋە ساددا ھاياتىي خاراكتېر ، ھەرقانداق مۇشەققەت ۋە خورلۇققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان چىدام ۋە غەيرەت ، ھايات ۋە ئادەملەرگە بولغان قىزغىن ۋە سەمىمىي مۇھەببەت تۇيغۇسىنى يېتىشتۇردى . ساددا بالىلىق قەلبىمگە بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئۆچمەس يالقۇنىنى تاشلاپ ، ھەرقانداق ۋاقىتتا ۋىجدان ۋە نومۇسنى يوقاتمايدىغان غايىلىك ھايات يولىغا باشلىدى .

مەندە بەدىئىي ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋەس ۋە ئىشتىياق باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن باشلاندى . ئەلقەم ئەختەم ، تېيىپجان ئېلىيوف ، ئابلەي روزى ، ئابلىمىت مەسئۇدىلار مېنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇستازلىرىم ئىدى . ئىلمىي ساۋاتىمنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ھەۋەس ۋە قىزىقىش يولۇممۇ كېڭىيىشكە باشلىدى . بۇ يول ئۆز نۆۋىتىدە مېنى رۇس ، ھىندى ، تۈرك ، ئۆزبېك ، قازاق ، تاتار ئەدەبىياتىنىڭ نادىر ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچراشتۇردى . بۇلاردىن رۇس ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ غايىۋى

پەللىسىنىڭ يۈكسەكلىكى ، بەدىئىي سېھرىي كۈچىنىڭ تەڭداشسىزلىقى بىلەن مېنى ئۆزىگە باغلىۋالدى . مەن ئۆزبېك ۋە تاتار تىللىرىدىن پايدىلىنىپ رۇس ئەدەبىياتىنىڭ پۇشكىندىن تارتىپ گوركىيغىچە بولغان ھەممە مەشھۇر نامايەندىلىرىنىڭ ، رۇس سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ ماياكوۋسكىيدىن تارتىپ كونستانتىن سىمونوفقىچە بولغان ھەممە ئاتاقلىق ۋەكىللىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى بىلەن ئۇچراشتىم . بېلىنسكىي ، دوبرولىيۇبوف ، چېرنىشېۋسكىي ، گوركىي ، لوناچارسكىي ، بىلاگويلار ياراتقان رۇس ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى بىلەن تونۇشۇپ بەدىئىي ئەدەبىيات ھەققىدىكى پىكىر ۋە چۈشەنچىلىرىمنى يېڭىلىدىم . رۇس ئەدەبىياتى ۋە رۇس ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى مېنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيە پرىنسىپلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشۈمدە بىباھا ئەدەبىي مەكتەپ بولدى . كېيىنكى يىللاردا مەن باشقىلار قاتارىدا ئامېرىكا ، غەربىي ياۋروپا ، لاتىن ئامېرىكىسى ، ئەرەب ئەدەبىياتلىرى بىلەن ، شۇنداقلا خىلمۇخىل زامانىۋى ئىجادىيەت ئېقىملىرى بىلەن تونۇشتۇم . لېكىن ، بۇ چاغلار مېنىڭ زۆرۈر بەدىئىي تاللاش باسقۇچىدىن ئۆتۈپ ، مۇقىم ئەدەبىي قاراشلار زېمىنىغا قەدەم قويغان دەۋرىم بولغىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ماڭا بولغان بەدىئىي ئېستېتىك تەسىرى دېگەندەك چوڭ بولمىدى . يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمدىن سىز شۇنى ھېس قىلالايسىزكى ، مېنىڭ ئەدەبىيات توغرىسىدىكى پىكىر - چۈشەنچىلىرىم ناھايىتى زور دەرىجىدە رۇس كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە رۇس سوۋېت ئەدەبىياتى دەۋرى بىلەن باغلانغان . شۇڭا ، مېنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پائالىيىتىمدە زامانىۋى ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرى بىلەن ھازىرقى زامان ئەدەبىي تەنقىد ئېڭى دېگەندەك كۈچلۈك ئەمەس . ئەنئەنىۋى سوتسىئال تەنقىدچىلىكنىڭ بەزى تەسىرلىرى مەندە ھېلىمۇ مەۋجۇت .

ئەخمەت راخمان : سىز بۇرۇن بىرمۇنچە ياخشى ھېكايىلەرنى يازغانىدىڭىز ، كېيىن نېمىشقا يازماس بولۇپ قالدىڭىز ؟



مۇھەممەت پولات : راستىنى ئېيتسام ، مەن ئۆزۈمنىڭ يازغۇچى بولالمايدىغانلىقىمنى ئەمەلىي ھالدا ھېس قىلىپ يەتتىم . مەن ئۆز ۋاقتىدا پروزىمىزنىڭ مۇئەييەن قېلىپ ۋە فورما ئىچىدە قاپسىلىپ قالغان ھالسىز ئېقىمىغا قوشۇلۇپ ، ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ ۋەقەلىك بايانىدىن ئىبارەت بولغان بەزى نەرسىلەرنى يېزىپ يۈرگەنىدىم . 1970 - يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ ئىدىيە ئازادلىقى دولقۇنىغا ئەگىشىپ ، پروزا ئىجادىيەت قوشۇنىمىزغا زوردۇن سابىر ، مەمتىمىن ھوشۇر ، سەمەت دۇگايلى قاتارلىق ئاپتورلار كىرىپ كېلىپ ، پروزا ئىجادىيىتىمىزدە ئۆزىگە خاس يېڭى يول ئاچتى . كېيىنچە مۇھەممەت باغراش ، خالىدە ئىسرائىللار بۇ سەپكە قوشۇلۇپ پروزىمىزنىڭ بۇ يېڭى يۈكسىلىشىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇردى . ئۇلارنىڭ جانلىق خاراكتېر ، رەڭدار سەنئەت بىلەن جانلاندۇرۇلغان ئىجادىي ئەسەرلىرى ماڭا يېتىشىم مۇمكىن بولمىغان يېڭى بىر ئىجادىي پەللە بولۇپ كۆرۈندى . بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەنىۋى پەزىلەتلىرى مېنى ئۆز - ئۆزۈمنى چۈشىنىشكە ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئەقىل ۋە ۋىجدان بىلەن ياندىشىشقا ئۈندىدى . شۇنىڭ بىلەن مەن ئاڭلىق ۋە ئىختىيارىي ھالدا پروزا ئىجادىيىتىدىن قول ئۈزدۈم . يازغۇچى بولۇش كويىدا كۆيۈپ - پىشىپ يۈرگەن مەندەك بىر ساددا ئاپتور ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ بەكمۇ ئېغىر بىر ئازابلىق جەريان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ يەنىلا دەل ۋاقتىدا بولغان بىر قېتىملىق ئەقلىي تاللاش بولدى . ئۇ مېنى ئۆزۈمنىمۇ ، ئۆزگىلەرنىمۇ قىينايدىغان ئازابلىق مەنىۋى يۈكتىن ئازاد قىلدى . مېنىڭچە ، بىزنىڭ پروزا ئىجادىيەت قوشۇنىمىزدا بۇ ساھەگە ئۇقۇشماي كىرىپ قالغان ماڭا ئوخشاش ساددا ، جاپاكەش ئاپتورلار خېلى بار . مۇبادا ئۇلارمۇ ۋاقتىدا بىر قارارغا كېلىپ ، ئەقىل ۋە تالانت تەلەپ قىلىدىغان بۇ ساھەدىن ئۆزىنى تارتقان بولسا ، پروزىمىزنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى تېخىمۇ تېز كۆتۈرۈلگەن بولاتتى .

ئەخمەت راخمان : ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ باشلىنىشى ۋە

هازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدا قىسقىچە سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق ؟

مۇھەممەت پولات : ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ باشلىنىشى توغرىسىدا سۆز بولغاندا تەبىئىيكى ، بىرىنچى بولۇپ تۇنجى ئۇيغۇر رومانىنى كىم يازغان دېگەن مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ . مېنىڭچە ، بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ قىزىقىدىغىنى بۇ مەسىلە ئەمەس ، بەلكى ئەڭ ياخشى تۇنجى ئۇيغۇر رومانىنى كىمنىڭ يازغانلىقى بولۇشى كېرەك . چۈنكى ، ھەرقانداق بىر ئەدەبىي ئەسەر قاچان يېزىلغانلىقى بىلەن ئەمەس ، ئەكسىچە قانداق يېزىلغانلىقى بىلەن قىممەتكە ئىگە بولىدۇ . مەلۇمكى ، ھەرقانداق بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تۈر ، ژانىرلىرى ھامان مەلۇم بىر ئاپتور تەرىپىدىن ئالدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ . لېكىن ، بۇ ھال شۇ ئاپتورنىڭ ئاشۇ تۈر ۋە ژانىردىن پايدىلىنىپ چوقۇم ئەدەبىيات ياراتقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ . ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ئىجادىي زېھنىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئوقۇرمەنلەر ئېڭىدا ھېچقانداق ئىزناسى بولمىغان يېڭى ، ئىجادىي ئەسەرلەرنى يارىتىپ ، ئاشۇ تۈر ۋە ژانىرنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا خاس بولغان بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەمەلىي ھالدا چوڭقۇر ئېچىپ بېرەلىگەندىلا ئاندىن ئۇ ھەقىقىي بەدىئىي ئەدەبىيات ياراتقان بولىدۇ . «باشلىغۇچى» ، «يول ئاچقۇچى» دېگەن پەخىرلىكناملار پەقەت مۇشۇنداق ئاپتورلارغىلا مۇناسىپتۇر .

رۇس ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا پۇشكىندىن بۇرۇن دىرژاۋىن ، ژۇكوۋسكىي ، چائادايېفقا ئوخشاش تونۇلغان شائىرلار ئۆتكەنىدى . ئۇلار شېئىرىيەتنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدە بىرىنچى بولۇپ ئىجاد قىلىپ ، رۇس ئەدەبىياتى ئۈچۈن تېخى يېڭى ھېسابلىنىدىغان داستان ، باللادا ، قەسىدىلەرنى يارىتىپ ، رۇس ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا بەلگىلىك ئىز قالدۇردى . لېكىن ، ئۇلار خۇددى بېلىنسكىينىڭ ئېيتقىنىدەك «ياۋروپادىكى تەييار بەدىئىي ئۈلگىلەر كەينىدىن رايىشلىق بىلەن ئەگەشكەن



يۈرەكسىز شاگىرت» بولغانلىقتىن ، رۇس خەلقىنىڭ پىكرى ۋە ئېڭىغا ھەقىقىي بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەقلىي لەززىتىنى قويالمىدى . پەقەت پۇشكىنلا رۇس مىللىي تۇرمۇشى بىلەن رۇس روھىدىن تۇغۇلغان ئاجايىپ ئەسەرلىرى بىلەن رۇس خەلقىنىڭ بەدىئىي پىكىرلىرىنى يېڭى بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ ، ھەقىقىي شېئىرىيەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئوقۇرمەنلەر ئالدىدا ئىجادىي ھالدا نامايان قىلدى . شۇڭا ، پۇشكىن رۇس ئەدەبىياتىنىڭ ئاتىسى ، يول ئاچقۇچىسى ، بۈيۈك شائىرى بولالىدى . بۇنداق مىساللار بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىمۇ يوق ئەمەس .

ئەمدى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رومانچىلىق ئىجادىيىتىنىڭ قاچان باشلانغانلىقى توغرىسىدىكى مەسىلىگە كەلسەك ، بۇ ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ياخشى ئايان : يازغۇچى مەمتىمىن توختايېفنىڭ شىئەندە چىقىدىغان «يەڭىي» ژۇرنىلىغا 1951 - يىلى بېسىلىپ ، 1994 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان «قانلىق يەر» ئەسىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى (شىنجاڭ رايونىنى كۆرسىتىدۇ )دا بارلىققا كەلگەن تۇنجى بەدىئىي روماندۇر .

سىز يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدىكى پىكىر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر چوڭ تېما ، ئۇنى بىرەر قېتىملىق سۆھبەت بىلەن ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىش تەس ، شۇڭا مەن سىزگە رومانچىلىقىمىزدىن ئالغان بەزى تەسىراتلىرىمنى توغرىسىدىلا سۆزلەپ بېرەي . مەن ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان رومانلاردىن قولۇمغا چۈشكىنىنى قويماي دېگۈدەك ئوقۇپ چىقتىم . تەسىراتلىرىم كۆپ ۋە خىلمۇخىل بولدى . زوردۇن سابىرنىڭ «ئابرال شاماللىرى» رومانى يېزا تۇرمۇشىنىڭ زوق - شوقى بىلەن تولغان بولۇپ ، يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلىرىنىڭ چىنلىقى ۋە ئىندىۋىدۇئاللىقى مېنى ھەيران قالدۇردى . ئەخەت تۇردىنىڭ «ھايات شۇنداق» رومانى ۋەقەلەر راۋاجىنىڭ تەبىئىي ۋە

مەنتىقىلىقلىقى ، زىددىيەتلەر توقۇنۇشىنىڭ جىددىي ۋە كەسكىنلىكى بىلەن مېنى قىزىقتۇردى . جالالىدىن بەھرامنىڭ «مېھرىگىيا» رومانى مېنى يىراق خوتەننىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇشى ۋە تەبىئىتىنىڭ سېھرىي مەنزىرىسى بىلەن ئۇچراشتۇردى . ئابدۇراخمان قاھارنىڭ «ھايات سىرى» رومانى تېماتىك مەزمۇنىنىڭ يېڭىلىقى بىلەن ، ئابدۇللا تالىپنىڭ «قايىنام ئۆركىشى» رومانى ئۆز دەۋرى ھاياتىنى چىن ۋە ھەقىقىي تەسۋىرلەپ بەرگەنلىكى بىلەن ئېسىمدە ساقلىنىپ قالدى . لېكىن ، بۇ ئەسەرلەر مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك تەرەپتىكى بەزى يېتەرسىزلىكلىرى بىلەن قەلبىمنى ئۇزاققىچە لەرزىگە سالالمىدى . ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرى ، زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانى ، پەرھات جىلاننىڭ «مەھمۇد قەشقەرى» ناملىق رومانى مەندە باشقىچە تەسىر قالدۇردى . مەن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ يۇقىرىدىكى ئىككى رومانىنى تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ تەبىئىي قوشۇلۇشىدىن تۇغۇلغان ، تېمىسى بىلەنمۇ ، مەزمۇنى بىلەنمۇ ، ۋەقەلەر ئېقىمى بىلەنمۇ ، تىلى ، تەسۋىرى بىلەنمۇ ، بەدىئىي - پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلىرى بىلەنمۇ ئوقۇرمەننى مەھلىيا قىلىشقا قادىر بولغان ئىجادىي سېھرىي سەنئەت دەپ بىلدىم . زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىنى بەدىئىي تىل ۋە بەدىئىي تەسۋىرنىڭ ھازىرغىچە بىزدە بولمىغان ئىجادىي ئۈلگىسى دەپ قارىدىم . پەرھات جىلاننىڭ «مەھمۇد قەشقەرى» رومانىنى بولسا خەلقىمىزنىڭ يىراق سەلتەنەتلىك تارىخىنىڭ ئىجادىي سەنئەت زېمىنىدا قايتا نۇرلاندۇرۇلۇشى دەپ چۈشەندىم . مەن بۇ ئەسەرلەردىن سۆيۈندۈم ، ئاپتورلىرىغا چىن كۆڭلۈمدىن ئاپىرىن ئېيتتىم . قەلبىمدە ئويغانغان غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى تا ھازىرغىچە ئۆچمىدى .

ئەخمەت راخمان : سىزنىڭچە ، ئەدەبىياتىمىزدىكى ئاساسىي يېتەرسىزلىكلەر قايسىلار ؟ ئۇلارنى قانداق تۈگىتىش كېرەك ؟



مۇھەممەت پولات : سۆھبىتىمىز ئۇچۇن ئېيتقاندا بۇمۇ بىر چوڭ تېما ، شۇنداق بولسىمۇ ھېس قىلغانلىرىم بويىچە سۆزلەپ باقاي . مېنىڭچە ، تېماتىك مەزمۇننىڭ تارلىقى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك يېتەرسىزلىكى . ئىجتىمائىي تۇرمۇش باي ۋە مۇرەككەپ ۋەقە ، ھادىسىلەر بىلەن كەسكىن ۋە جىددىي زىددىيەتلەر توقۇنۇشىنىڭ تەگسىز قاينىمى ، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى تىنىمسىز ھەرىكىتىنىڭ چەكسىزلىككە ئىگە پايانسىز زېمىنى . ھاياتنى ئۆزگىچە كۆزىتىشنى بىلىدىغان تەلەپچان ئاپتور ئۇنىڭدىن خالىغان نەرسىسىنى ئالالايدۇ . كىشىلەر تېخى ھېس قىلىپ يەتمىگەن خىلمۇخىل تېما ۋە مەزمۇنلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ ، ھايات ۋە كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتىنى ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر ئېچىپ بېرەلەيدۇ . لېكىن ، بىزنىڭ ئاپتورلىرىمىز تېماتىك كەڭلىكنىڭ بۇ ئۇنۇملۇك زېمىنىغا ھەقىقىي ھالدا چوڭقۇر كىرەلمەيۋاتىدۇ . ئۇلار ئۆزلەشتۈرۈش ئاسان بولغان يەڭگىل ، ئومۇمىي تېمىلار ئەتراپىدا ئايلىنىپ ، ئىنسان مەنىۋى دۇنياسىنىڭ باي ۋە مۇرەككەپلىكىنى ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ، جاپالىق ئىجادىي ئەمگەك تەلەپ قىلىدىغان مۇرەككەپ تېمىلارغا تېگىشلىك نەزەر ئاغدۇرمايۋاتىدۇ . شۇڭا ، ئوقۇرمەنلەر بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىن ھاياتنىڭ قىزىقىنى ، ئۇنىڭ ۋەقەلەر ئېقىمى ئاستىغا يوشۇرۇنغان ئىچكى ھەرىكىتىنى ، ئىنسان خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپلىكى بىلەن ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ يوشۇرۇن ، پىنھان ھالەتلىرىنى كۆرەلمەيۋاتىدۇ . تەبىئىيكى ، بۇ ھال ئوقۇرمەنلىرىمىزنى ئەدەبىياتىمىزدىن يىراقلاشتۇرىدۇ .

يېڭىلىق ۋە ئىجادىيلىقنىڭ كەملىكى ئەدەبىياتىمىزدىكى يەنە بىر گەۋدىلىك يېتەرسىزلىك . يېڭىلىق ۋە ئىجادىيلىق بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ياشاش ۋە مەۋجۇت بولۇشىنىڭ ھاياتىي ئاساسى ، ئۇنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى بەلگىلىگۈچى ھەل قىلغۇچ ئامىل . پەقەت يېڭى نەرسىلا ئوقۇرمەن ئەقلىگە يېڭى نەرسە بېرەلەيدۇ .

ئۇنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرىنى بېيىتىپ، ئۇنى ھايات ۋە ئادەملەر ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىشقا، يېڭى ھاياتىي غايىلەر بويلاپ تىنىمسىز ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەيدۇ. پەقەت مۇشۇنداق ئەدەبىياتلا ھاياتىي چەكسىزلىككە ئىگە بولغان ئىستىقباللىق ئەدەبىيات ھېسابلىنىدۇ.

بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا بۇ مەسىلىگە ئۇزاقتىن بۇيان يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىدى، يېڭىلىق ۋە ئىجادىيلىق ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي ئىجتىمائىي قىممىتىنى باھالاشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى قىلىنمىدى. نەتىجىدە بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا تېما تەكرارلىقى بىلەن مەزمۇن بىر خىللىقىدىن تۇغۇلغان يارامسىز نەرسىلەر يامراپ كەتتى. قارىسىڭىز، ئايرىم ۋە مۇستەقىل نام ۋە ماۋزۇغا ئىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى ئەسەر. ئوقۇپ كۆرسىڭىز، تېمىسىمۇ، تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىمۇ، ۋەقەلەر تەرەققىياتىمۇ، زىددىيەتلەر توقۇنۇشىمۇ، ھەتتا پېرسوناژ خاراكتېرىمۇ بىر خىل تۈسكە ئىگە بولغان، مەزگىلدىن بۇرۇن تۇغۇلغان ھالسىز قوشكېزەك. ئۇنداقتا بۇ ئىككى ئەسەر بىر - بىرىدىن كۆچۈرۈلگەنمۇ؟ ياق. ئەكسىچە، بۇ ئاپتورلارنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكى، كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ سىر - ھېكمەتلىرىنى چۈشىنىشىنىڭ يۈزەلىكى، پىكىر قۇرۇلمىسىنىڭ قاتمال ۋە بىر خىللىقى، بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ ئاجىز ۋە ھالسىزلىقى، ھاياتنى قېلىپلاشقان ئەنئەنىۋى چۈشەنچىلەر ئاساسىدا تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئادەتلەنگەنلىكى ئۇلارنى ئوخشاش بىر ۋاقىتتا، ئوخشاش بىر خىل مۇقامغا توۋلايدىغان ئورتاق بەدىئىي سەھنىگە ئىگە قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، بىزدە ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭىلىق، ئىجادىيلىقىنى بوغۇپ كېلىۋاتقان يەنە بىر خىل ئۇياتلىق ئەھۋالمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ تەقلىدچىلىك ۋە ئۆزلەشتۈرۈش. ئۆز ۋاقتىدا بىزدە بەزى كىشىلەر باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتىدا مەۋجۇت بولغان تەييار بەدىئىي ئۈلگىلەرگە تەقلىد قىلىپ، ئۇلاردىن تېما، مەزمۇن، ۋەقە، خاراكتېرلەرنى ئېلىپ، بەزى نەرسىلەرنى



«يارىتىپ» ئۆزلەشتۈرمە ئەدەبىياتنىڭ شەكىللىنىشىگە يول ئېچىپ بەرگەنىدى. بۇ خىل ئۇياتلىق ئەھۋال ئەدەبىياتىمىزدا تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلدى. بەزىلەر ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەرنىڭ رومان، پوۋېستلىرىنى ئۆزلەشتۈرسە، بەزىلەر كىنو ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدىن تېرىپ قۇراشتۇرۇپ، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ ئالدىدى. مىللىيلىق ۋە يەرلىك پۇراقنىڭ ئاجىزلىقىمۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ يەنە بىر گەۋدىلىك يېتەرسىزلىكى. مىللىيلىق بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ قىممەتلىك پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى. ئۇ بەدىئىي ئەسەرنى مۇئەييەن مەزمۇن ۋە شەكىل خاسلىقىغا، پەقەت شۇ خەلقنىڭ ئۆزىدىلا بولۇشى مۇمكىن بولغان تىپىك مىللىي خاراكتېرلەرگە ئىگە قىلىپ، ئۇنىڭغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدۇ. ئەڭ ياخشى بەدىئىي ئەسەر بارلىقى بىلەن مىللىي بولىدۇ. ئۇنىڭدا يارىتىلغان ھەرقانداق بىر پېرسوناژنىڭ ھېسسىياتى، تۇيغۇسى، ئەخلاق ئۆلچىمى، قىممەت قارىشى، پىكىر ۋە تەپەككۇرى، ئادەت ۋە چۈشەنچىلىرىدىكى ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتىدا مەۋجۇت بولغان شۇ خىلدىكى ھەرقانداق پېرسوناژدىن پەرق قىلىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇ قويۇق يەرلىك پۇراق ۋە مەھەللىۋى تۈسكە ئىگە بولىدۇ. ئوقۇرمەن پەقەت مۇشۇنداق ئەسەردىلا ئۆز خەلقىنىڭ ھەقىقىي مىللىي روھىنى، باي ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى كۆرەلەيدۇ.

مەن يېقىندا يېڭىدىن نەشر قىلىنغان بىر قىسىم رومان، پوۋېستلارنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقتىم. راستىنى ئېيتسام، بۇ ئەسەرلەرنىڭ مىللىي تۈسىنىڭ شۇنچىلىك سۇيۇقلۇقى مېنى ھەيران قالدۇردى. مەن گويا بىز تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرمىگەن خىيالىي بىر مىللەتنىڭ بۇزۇپ تەسۋىرلەنگەن تېتىقسىز تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىگە كىرىپ، ھېچقانداق ئۆزگىچىلىكى بولمىغان، تەۋەلىكى يوق غەيرىي ئادەملەر توپى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندەك بولدۇم. باشقا خەلقلەر ھاياتىدىن ئېلىنغان تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ئۆتكۈنچى تەسىراتلارنى مىللىي تۇرمۇشنىڭ سۈنئىي تۈسىگە

ئوراشتىن تۇغۇلغان بۇ ئەسەرلەر ئۇزاققىچە كۆڭلۈمنى غەش قىلدى .

ئەدەبىياتىمىزدىكى يۇقىرىقىدەك يېتەرسىزلىكلەرنى قانداق تۈگىتىش كېرەك ؟ مېنىڭچە ، بۇ كۆپ خىل ئامىللارغا باغلىق . مەن 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ، شەخسىي قىزىقىشىم تۈپەيلىدىن رۇس ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا ئائىت بىرمۇنچە ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چىقتىم . مېنى بەكمۇ قىزىقتۇرغىنى 19 ـ ئەسىر رۇس ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى بولدى . يازما ئەدەبىيات تارىخىنىڭ باشلانغانلىقىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغان بۇ ياش ئەدەبىيات بىر ئەسىرگە يەتمىگەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە ئونلاپ مەشھۇر تالانتلىقلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ، ئۆزىنىڭ گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرىنى يارىتىپ ، جاھان ئەدەبىياتىنىڭ شۆھرەت مۇنبىرىدە سەلتەنەت بىلەن قەد كۆتۈرگەن . بۇنىڭدىكى سىر نەدە ؟

رۇس ئەدەبىياتى بارلىققا كېلىش بىلەنلا رۇس جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ ئوقۇمۇشلۇق قاتلىمىنى ، يەنى ئالاھىدە ئىقتىدار ۋە قابىلىيەتكە ئىگە بولغان تەربىيىلەنگەن كىشىلەر توپىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشنى بىلگەن . تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ ھەممە ئىلغار مەدەنىيىتىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرگەن . بىرنەچچە خىل چەت ئەل تىلىنى پىششىق بىلىدىغان ، بەدىئىي ئەدەبىياتقا ۋىجدان ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ، ئۆزگىچە سەنئەتكارلىق جۈرئىتىنى يېتىشتۈرگەن ئالاھىدە تالانت ئىگىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ، رۇس مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن يېڭى دەۋرىنى يارىتىش يولىدا بىرلىكتە ھەرىكەت قىلغان . دېمەك ، ئۇلار يۇقىرى دەرىجىدىكى بەدىئىي ، ئەقلىي تەربىيىلىنىشنى ھەقىقىي ئىجادكار ئەدىب بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەپ قارىغان .

رۇس ئەدەبىياتى بارلىققا كېلىشى بىلەنلا خۇددى بېلىنسكىينىڭ ئېيتقىنىدەك «رۇس مىللىي تۇرمۇش بىرلىكىنى مۇستەھكەم تۇتقان .» رۇس جەمئىيىتىدىكى رېئال ئىجتىمائىي



زىددىيەتلەر ، ماھىيەتلىك ۋەقە ، ھادىسىلەر ئۇنىڭ دائىملىق تەسۋىرلەش ئوبيېكتى بولغان . بىز رۇس ئەدەبىياتىنىڭ پۇشكىندىن تولستويغىچە بولغان ھەممە مەشھۇر ۋەكىللىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىزكى ، ئۇلار ھەممە نەرسىنى رۇس يېرى ۋە رۇس تۇرمۇشىدىن ئالغان . ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن ئاڭمۇ ، ئىدىيىمۇ ، مەزمۇنمۇ ، شۇنداقلا كىشى ئەقلىنى لال قىلىدىغان رەڭگارەڭ تۇرمۇش مەنزىرىلىرى بىلەن جىلۋىگەر ئىجادىي سەنئەتمۇ ئاشۇ خىسلەتلىك زېمىندىن كەلگەن . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن رۇس تۇرمۇشى بىلەن رۇس تەبىئىتىنىڭ سەلتەنەتلىك ھىدى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ . ئۇلاردا تەسۋىرلەنگەن ھەربىر پېرسوناژ — مۇژىكمۇ ، چىنوۋنىكمۇ ، سودىگەرمۇ ، پومېشچىكمۇ ، ئەمەلدارمۇ ، پوپمۇ ، سولداتمۇ خۇددى بىر ئاتىدىن تۆرەلگەن يارامىلىق پەرزەنتتەك ھەرقانداق ۋاقىتتا ساپ رۇسلۇقىچە قالىدۇ .

رۇس ئەدەبىياتىدا ئەدەبىيات بىلەن ئەدەبىي تەنقىد بىللە تۇغۇلۇپ ، بىللە راۋاجلانغان . بېلىنسكىي ، دوبروليۇبوف ، چېرنىشېۋسكىيلار باشلىغان بىر توپ ئىلغار تەنقىدچىلەر رۇس ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى يېقىندىن كۆزىتىپ ، ئۇنىڭدىن قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىپ ، ئۇنى ئىستىقباللىق ھايات يولىغا باشلىغان . ئۇلار ئەقىل ۋە ۋىجدان تەلەپ قىلىدىغان بۇ پائالىيەتكە چەكسىز مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ياندىشىپ ، يېڭى ئىجادىي ئەسەرلەرنى قىزغىن مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ، خەلق ئارزۇسىغا خىلاپ بولغان يارامسىز نەرسىلەرنى شەپقەتسىز قامچىلىغان .

رۇس ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىم بىر ئامىل — ئەدەبىي مەتبۇئاتچىلىق ئورۇنلىرىدا زۆرۈر كەسپىي تەربىيىلىنىشتىن ئۆتكەن ، بەدىئىي پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى يۇقىرى ، ئىجادىي سەنئەتكە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيلار ئىشلىگەن . رۇس ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرى ھېسابلىنىدىغان بېلىنسكىي ، دوبروليۇبوف ، نىكراسوف ، چېرنىشېۋسكىيغا ئوخشاش مەشھۇر كىشىلەر

رۇسىيىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئەدەبىي ژۇرنىلى «زامانداشلار»نىڭ مېھنەتلىك مۇھەررىرلىرىدىن بولغان. ئۇلار بۇ ئەدەبىي مۇنبەردىن پايدىلىنىپ ئىقتىدارلىق ئاپتورلارنى قىزغىن قوللاپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن كەڭ سەھىپىدە ئېلان قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېڭى ئىجادىي پەللىلەرسېرى تىنىمسىز ئىلگىرىلىشىگە كەڭ يول ئېچىپ بەرگەن.

يۇقىرىدا 19 - ئەسىر رۇس ئەدەبىياتىنى دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە قىلغان ئەڭ مۇھىم ئامىللار توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق. مېنىڭچە، بۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى رېئال ئەھۋالىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. مۇبادا بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز ئۆزىدىكى ھەممە ئاكتىپ ئامىللارنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرىقى نۇقتىلارنى ئۇتۇقلۇق ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەربىيىلەنگەن ئىجادىيەت قوشۇنى، مىللىي تۇرمۇش بىرلىكى، ئىلمىي ۋە ئەمەلىي ئەدەبىي تەنقىد، يارامىلىق ۋە ئىشچان مۇھەررىرلەر سېپىگە ئىگە بولالىسا، ئۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى يېتەرسىزلىكلىرىنى ئۇنۇملۇك تۈگىتەلەيدۇ.

ئەخمەت راخمان: ھازىر بىرمۇنچە ئوقۇرمەنلەر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنى ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەڭ بوش ساھە دەپ قاراۋاتىدۇ، سىزنىڭچە، قانداق قىلغاندا تەنقىدچىلىكىمىزنى جانلاندۇرغىلى بولىدۇ؟

مۇھەممەت پولات: ئەدەبىي تەنقىد بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ كەڭ، ئەڭ جانلىق پائالىيەتچان ساھەسى. ئۇ ئەدەبىياتنىڭ سايىسى ۋە ئەگەشكۈچىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ پايانسىز كۆكىدە ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرغۇچى ئۇچقۇر قانىتى. ئۇ ئەدەبىياتتا مەۋجۇت بولغان ھەممە نەرسە توغرىسىدا سۆزلەش، ئەسەر ۋە ئاپتورغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەرقانداق مەسىلە توغرىسىدا ئويلىنىش ۋە پىكىر قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۇ ئوخشىمىغان كۆزقاراشلارنىڭ ئەركىن مۇنازىرىسىنى قانات يايدۇرۇپ، ئەدەبىياتنىڭ ماھىيەتلىك مەسىلىلىرىنى چوڭقۇر



مۇھاكىمە قىلىپ، يېڭى پىكىر، يېڭى نۇقتىئىينەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بەدىئىي ئەدەبىياتنى تېخىمۇ كەڭ ئىجادىيەت زېمىنىغا باشلايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە ئىجادچانلىقى بىلەن ئەدەبىياتتا بارلىققا كەلگەن يېڭى نەتىجە، يېڭى يۈزلىنىشلەرنى باھالاپ ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، بەدىئىي قىممىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. دەۋرنىڭ ساداسى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئارزۇسىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، بەدىئىي ئەدەبىياتقا تېخىمۇ چوڭ ئۈمىدلەرنى يۈكلەيدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز خېلى يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ بۇ ئالىيجاناب بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلالماي كەلدى. ئەدەبىياتىمىزدا سىستېمىلىق ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش زۆرۈر بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىرمۇنچە ئەمەلىي مەسىلىلەر تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ دىققىتىدىن سىرتتا قالدى. ئوقۇرمەنلەر ئىچىدە ئالاھىدە تەسىر قوزغىغان ئاپتور ۋە ئەسەرلەر تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ مۇناسىپ باھاسىغا ئېرىشەلمىدى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئىجتىمائىي بۇرچ سەزگۈسى تۆۋەن، ئىلمىي ئادالەت تۇيغۇسى ئاجىز بولغانلىقتىن، ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەجەللىك مەسىلىلەرگە تېگىشلىك نەزەر ئاغدۇرالمىدى. ماختاش ۋە مەدھىيىلەش ئەسەبىيلىكى بىلەن ساددا ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇن ئېقىمى بولۇپ كەلدى. مېنىڭچە، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنى بۇنداق ئېچىنىشلىق ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىلمىي نوپۇزىنى قايتىدىن تىكلەش ۋاقتى يەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىشىمىز كېرەك؟

ئالدى بىلەن «ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش»نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئوخشىمىغان ئەدەبىي قاراشلارنىڭ ئەركىن مۇنازىرىسىنى كەڭ يولغا قويۇشىمىز كېرەك. بۇ ئەدەبىي تەنقىدنى جانلاندۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك يولى. مۇنازىرە بار يەردە تەۋرىنىش ۋە ئىلگىرىلەش بولىدۇ. ھەقىقەت ۋە ئادالەت يېڭىدىن نۇرلىنىپ، ئەركىن ۋە ئازادە ئىجادىيەت مۇھىتى بارلىققا كېلىدۇ. مۇنازىرە بولمىغان يەردە ئىلمىي مۇستەبىتلىكتىن

تۇزۇلگەن مەنىۋى بۇرۇقتۇرمىلىق بىلەن روھىي بوغۇلۇشتىن باشقا ھېچ نەرسە بولمايدۇ. بۇنداق يەردە ھەقىقىي ئىلىمنىڭ، ئەدەبىياتنىڭمۇ تۇغۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس.

بىزدە ئۇزاقتىن بۇيان بۇ مەسىلىدە بىرخىل قاتمال روھىي ھالەت، يەنى مۇنازىرە ۋە مۇھاكىمىدىن چۆچۈش ۋە ئەندىشە قىلىش پسىخىكىسى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. نەتىجىدە ئەنئەنىۋى قاراشلارغا ئوخشىمايدىغان ھەرقانداق بىر يېڭى پىكىر، يېڭى بىر كۆزقاراشنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇشقا مۇمكىن بولمىدى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇن بولۇۋاتقان بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەر، ئىجادىيەتنى بوغۇۋاتقان ھەرخىل سەلبىي ھادىسىلەر، ئەدەبىيات قوشۇنىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەنىۋى - ئەخلاقىي زەئىپلىك ھادىسىلىرى مۇھاكىمە قىلىنغان ئىجادىي ماقالىلەرگە مەتبۇئاتىمىزدىن ئورۇن چىقمىدى، كىمكى بۇ خىل سۈنئىي قامالنى بۇزۇپ، ئۆزىنىڭ بۇنداق بۇرۇقتۇرمىلىق ھالەتكە بولغان بىزارلىقىنى ئىپادىلىيەلىسە، ئۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ چاتاقچىسى، جېدەلخورى دەپ قارالدى. ئەكسىچە، بەزىلەرنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولمىغان، ئاتالمىش تۆھپە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر ھەققىدە گەپ سېتىپ، ئۆزىنىڭ شەخسكە بولغان كۆڭلى ۋە ساداقەتلىكىنى ئىپادىلىگەن يارامسىز نەرسىلىرىگە، يەنى ساختا مۇنازىرە لىباسىغا ئورالغان تېتىقسىز يازمىلىرىغا مەتبۇئاتىمىز تۆرىدىن ئورۇن بېرىلدى.

ئەدەبىي تەنقىدتە ئالاھىدە قوغدىلىدىغان رايونلار بولماسلىقى كېرەك. ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىدىكى ھەممە ئاپتور ئەدەبىي ئادالەت ئالدىدا باباراۋەر، شۇڭا ئەدەبىي تەنقىد ئۇلارغا ھەرقانداق ۋاقىتتا ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇشى، مەيلى ئۇ ئاددىي پۇقرا بولسۇن ياكى ئالاھىدە مەرتىۋىلىك شەخس بولسۇن، ئۇلارنىڭ يازغانلىرىنى ئوخشاش بىرخىل ئۆلچەم بويىچە باھالىشى كېرەك. لېكىن، بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدىمىز مۇنداق قىلالمىدى. ئاپتورلارنى ئورۇن ۋە ئىمتىياز پەرقى بويىچە تۈرگە ئايرىپ،



تەنقىدتە قوغدىلىدىغان رايونلارنى بارلىققا كەلتۈردى. خەلققە ئەڭ ياخشى مەنىۋى مەھسۇلات بېرىۋاتقان ئاددىي ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن كۆچەپ ئېھۋەن ئىزدىگەن ھالدا، ئىمتىيازلىق شەخسلەرنىڭ ئەسەرلىرىگە تېگىشكە، ئۇ ھەقتە ئادىل بىر نېمە دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەجەللىك يېتەرسىزلىكلەرنى سۈۋاپ ۋە پەردازلاپ، ئۇلارنى شەرەپ مۇنبىرىگە يۆلەپ چىقىرىپ، قوغدىلىدىغان رايونلارنىڭ بىخەتەرلىك ئورنىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى.

بىزنىڭ ئەدەبىي مەتبۇئاتىمىز ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ھەقىقىي ئىلمىي مۇنبىرى بولۇشى كېرەك. مەتبۇئات ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۈنۈملۈك پائالىيەت سورۇنى، ئۇنىڭ ئۆز نەتىجىلىرىنى كۆرەك قىلىش سەھنىسى. ئۇ پەقەت مەتبۇئات ۋاستىسى بىلەنلا ئۆز پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز ئۇزاقتىن بۇيان يېتەرلىك مەتبۇئات كاپالىتىگە ئىگە بولالماي كەلدى. بەزى مەركىزىي ئەدەبىي مەتبۇئاتلار ئادەتتىكى تەسىرات ۋە مۇھاكىمە خاراكتېرىدىكى ماقالىلەردىن باشقا، مۇئەييەن بىر نۇقتىئىنەزەر ئىلگىرى سۈرۈلگەن بۆسۈش خاراكتېرىدىكى ماقالىلەرگە ئورۇن بەرمىدى. ھەرخىل سۈنئىي چەكلىمە ۋە بەلگىلىمىلەرنى تۇرغۇزۇپ، ساپ ئىلمىي مۇھاكىمىگە تەۋە بولغان ئادەتتىكى ماقالىلەرنىمۇ قايتا - قايتا ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزۈپ، شىلىپ ھېچ نەرسىسىنى قويمىدى. ئەسلىدە ئەدەبىي تەنقىدتە ئادەتتىكى تەسىرات ۋە تەھلىللەرمۇ، مۇنازىرە ۋە غۇلغۇلىلارمۇ، ئىجادىيەتتىكى ئەجەللىك مەسىلىلەر كۆتۈرۈلگەن بۆسۈش خاراكتېرلىك مۇھاكىمىلەرمۇ، ئەدەبىياتتىكى مۇھىم، ماھىيەتلىك ۋەقە - ھادىسىلەر ئەمەلىي تەھلىل قىلىنغان يىرىك ئىلمىي ماقالىلەرمۇ بولۇشى، ئۇلار نورمال مەتبۇئات يولى بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ بېرىشى لازىم ئىدى.

ئەدەبىي تەنقىدكە توغرا مۇئامىلىدە بولۇشىمىز لازىم. تەنقىد

ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ. ئاپتورلارغا ئىلھام ۋە شىجائەت بېغىشلايدىغان ئاچچىق ئىلمىي ھەقىقەت، تەنقىدتىن قورقۇش ۋە ئۇنىڭدىن ۋەھىمە ھېس قىلىش ئۆز - ئۆزىگە ئىشەنمەسلىكنىڭ بىرخىل ئىپادىسى. بىز شۇنى ياخشى بىلىشىمىز كېرەككى، مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان ھەرقانداق بىر ئەسەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەبىئىي باھالىشى ۋە شاللىشىدىن ئۆتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە ياققانلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ياقمىغانلىرىنى تەنقىد قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئوقۇرمەن سۈپىتىدىكى ئەقەللىي ھوقۇقى. بۇنىڭدىن رەنجىش ۋە ئازاب ھېس قىلىش پۈتۈنلەي ئارتۇقچە. شۇڭا، بىز تەنقىدتىن قاچماسلىقىمىز، مۇبادا ئۇ يامان نىيەتتىن تۇغۇلغان زەھەرخەندە تەنقىد بولمىسىلا ئۇنى قوبۇل قىلىشىمىز، ئۆزىمىزنى تەنقىد قىلىشقا جۈرئەت قىلغان ئوقۇرمەننى ئۆزىمىزنىڭ دوستى ۋە يولدىشى دەپ بىلىشىمىز لازىم. بىز شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، تەنقىد ھەرقانچە ئاچچىق ۋە ئوتلۇق بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ ھېچقانداق بىر ئاپتورنى بىر نېمە قىلىۋېتەلمەيدۇ. ئەكسىچە، پرىنسىپسىز ماختاش ۋە ئۇچۇرۇش ئۇنى سەزدۈرمەي ھالاك قىلىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىد قوشۇنى ئۆزىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئەدەبىي تەنقىد ئەقىل ۋە ۋىجدان تەلەپ قىلىدىغان مۇرەككەپ بىر ئىلىم. بۇنىڭ ھۆددىسىدىن پەقەت مۇئەييەن نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن زۇرۇر كەسپىي تەربىيىلىنىشكە ئىگە بولۇپ، ئۆزىدە يېتەرلىك ئىلمىي ئادالەت تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرگەن پاك، ھالال ئادەملەرلا چىقالايدۇ. شۇڭا، بىز بىلىم قۇرۇلمىمىزنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، بەدىئىي پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز، ئۆزىمىزنى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ كەسپىي ئەخلاق تەلىپى بويىچە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم. بىز ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆز پىكرىمىزنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويالايدىغان ئىلمىي جۈرئەتكە ئىگە بولۇشىمىز، ھەيۋە ۋە دوق قىلىشلاردىن چۆچۈمەيدىغان، ئىنكار قىلىنىشتىن قورقمايدىغان ئىرادىلىك



كىشىلەردىن بولۇشىمىز كېرەك. بىز تەنقىدچىلىك ئەخلاقىمىزنى ھەرقاچان پاك ساقلاپ، ئورۇن، مەرتىۋىگە بېرىلمەسلىكىمىز، شان - شۆھرەتكە ئىنتىلمەسلىكىمىز، بولۇپمۇ ئىلمىي ئەدەبىي ھەقىقەتنى مەرتىۋىلىك شەخسلەرنىڭ شەپقەت ۋە ئېتىبارىغا تېگىشمەسلىكىمىز لازىم.

ئەخمەت راخمان: سىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىڭىزدە قانداق ئالاھىدىلىكلەر بار؟

مۇھەممەت پولات: مەن ئۆزۈمنى ئەزەلدىن ئەدەبىي تەنقىدچى دەپ ھېسابلىغىنىم يوق، مەن ئۇنى پەقەت مەتبۇئاتتا كەسپىي نام سۈپىتىدىلا قوبۇل قىلدىم. راستىنى ئېيتسام، مەندە بۇ ئالىيجاناب ئىشقا ئەرزىگۈدەك بىلىم ۋە ئىجتىھات يوق. مەن پەقەت ئوقۇغانلىرىمدىن ئالغان يۈزەكى تەسىراتلىرىمنى ئادەتتىكى تىل بىلەن بايان قىلىپ بېرىشنىلا بىلىدىغان ئاددىي بىر ساۋاتلىق ئوقۇرمەن. شۇڭا، ماڭا قانداقتۇر «ئالاھىدىلىكلەر» توغرىسىدا سۆزلەش بەكمۇ تەس. ئەگەر سىز خالىسىڭىز، مەن ئۆزۈمنىڭ ئەدەبىي تەنقىدكە قانداق مۇئامىلىدە بولۇپ كەلگەنلىكىم توغرىسىدا بەزى نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرەي. مەن ئەزەلدىن بەدىئىي ئەدەبىياتقا ۋىجدانەن مۇئامىلىدە بولۇپ كەلدىم. ئۇنى بارلىقىم بىلەن سۆيدۈم. ئۇنى خەلقىمىزنىڭ مىللەت سۈپىتىدە ياراتقان ئەڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى بىلىپ قەدىرلىدىم. ئۇ ماڭا ھەرقاچان تىلىمىزنى پاك ساقلاپ كېلىۋاتقان، ۋىجدان ۋە دىلىمىزنى ئالىيجاناب ئىنسانىي پەزىلەتلەر بىلەن نۇرلاندۇرۇۋاتقان خاسىيەتلىك بىر ئەڭگۈشتەر بولۇپ كۆرۈندى. مۇھەببەت بار يەردە ساختىلىق بولمايدۇ. چۈنكى، مۇھەببەت پاكلىقتىن، ساختىلىق بولسا رەزىللىكتىن تۇغۇلىدۇ. پەقەت مۇھەببەتلىك قەلبلا سۆيگەن نەرسىسى توغرىسىدا چىن ۋە ھەققانىي سۆزلەرنى قىلالايدۇ. مانا بۇ دەل مېنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ۋىجدانەن مۇئامىلەمنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. شۇڭا، مەن ئەدەبىياتقىمۇ، ئوقۇرمەنلەرگىمۇ ھەرقاچان راست گېپىمنى قىلدىم. ھېچ نەرسىنى بويىمىدىم. ئۆزۈمنىڭ

ئەدەبىياتىمىز ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمنى ھەرقانداق سۈنئىي رەڭ ۋە ياسالمىلىقلاردىن خالىي ھالدا قەلبىمدە قانداق تۇغۇلغان بولسا شۇ بويىچە ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزدۈم .

ئۆز ئىشىمدا ھەرقاچان پاك ۋە ھالال بولۇشقا تىرىشتىم . مەن ئەزەلدىن ئەدەبىياتىمىزدا بارلىققا كەلگەن ھەربىر يېڭى يۈزلىنىشتىن ، ھەربىر يېڭى ئىجادىيەتتىن گويا ئۆزۈم يارىتىپ ، ئۆزۈم يازغاندەك خۇشاللىق ۋە ئىپتىخارلىق ھېس قىلدىم . كىشىلەرنىڭ ئەقلىي تالانتىغا ، ئامەت ۋە شەرىپىگە ھەسەت قىلمىدىم . ھەرقاچان ئۆزۈمنىڭ رىزقى – نېسىۋەمگە شۈكۈر – قانائەت قىلىپ ، تەڭرى بەرگەن ئەرزىمەس ئەقىل – پاراستىمدىن رازى بولۇپ ياشىدىم . مېنىڭ بالىلىق يىللىرىم تۇرپاندا ، ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق يىللىرىم ئۈرۈمچىدە ئۆتتى . ئېغىر ، جاپالىق كۈنلەردە ئىلى ماڭا ئىسسىق قۇچىقىنى ئاچتى . مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ھازىرغىچە ئۇرغۇۋاتقىنى بىر پۈتۈن ئانا يەرنىڭ ، بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ مۇھەببىتى . بۇنى قەلبىمگە مۇشۇ ھارارەتلىك ھايات بىلەن ھالسىز بولسىمۇ كىشىگە يەنىلا يېقىن ۋە سۆيۈملۈك بولۇپ كۆرۈنىدىغان مۇشۇ ئەدەبىياتىمىز قويغان . شۇڭا ، مەن ئەزەلدىن ئىپتىدائىي مەھەللىۋى ئاڭدىن تۇغۇلىدىغان يۇرت ۋە مەزھەپ قارىشىغا ، يېقىن – يىراقلىق مۇناسىۋەتكە بېرىلمىدىم . ياخشى ئەسەر ، تالانتلىق ئاپتور نەدىن ، سۇژىت – ۋەقە قەيەردىن چىقسۇن ، ئۇنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، مەن ئۇلارنى ئوخشاشلا مىللەتنىڭ مەنىۋى بايلىقى سۈپىتىدە قەدىرلىدىم .

ئۆز پىكىر ، چۈشەنچەمگە ھەرقاچان سادىق بولدۇم . مېنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى پىكىر ، چۈشەنچىلىرىم ئۇزۇن يىللىق ئوقۇرمەنلىك ھاياتىمدىن يىغىلىپ شەكىللەنگەن . ئۇ قايتا – قايتا ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆز قەلبىمدە پىشىپ يېتىلگەن . شۇڭا ، مەن ئۇنىڭغا ھەرقاچان سادىق بولۇپ كەلدىم . ھەرقانداق ھەيۋە ئالدىدىمۇ ئۇنىڭدىن كەچمىدىم . ئەكسىچە ، مەن ئۇنىڭ قىممەت ، خاسىيىتى بىلەن تېخىمۇ چوڭ ئىلمىي ھەقىقەتكە



ئېرىشتىم . مەن ئۆز ئىشىمدا ھەرقانچە قىيىن ۋە ئازابلىق بولسىمۇ ئۆزۈم تاللىۋالغان ئامەتسىز يول بىلەن ماڭدىم . قاملاشمىسىمۇ ئۆز ناخشامنى ئېيتتىم . چوڭ گەپ ، قۇرۇق گەپ قىلىشتىن كۆرە ، ئىقتىدارىم يەتمىسىمۇ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ، كونكرېت شەخس ، كونكرېت ئەسەرلەرنى ئۆز پىكىر ، چۈشەنچەم بويىچە باھالاپ كۆرۈشنى ئەۋزەل بىلدىم . مەن ھازىرغىچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىن خالىدە ئىسرائىلغىچە بولغان يىگىرمىدىن ئوشۇق ۋەكىلىنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا ماقالىلەر ئېلان قىلدىم . لېكىن ، شۇنى ئىقرار قىلىشىم كېرەككى ، مەن بۇ ماقالىلىرىمنىڭ بىرەرىنىمۇ ئۆزۈم كۈتكەن پەللىگە كۆتۈرەلمىدىم . يازغانلىرىمنىڭ ئىلمىي قىممىتى ھامان ئۆزۈم مۇھاكىمە قىلىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ قىممىتىگە يەتمىدى .

ئەخمەت راخمان : سىز ئەدەبىياتىمىزدىن كىملەرنىڭ ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيسىز ؟

مۇھەممەت پولات : مەن ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلغاندىن بۇيان مىللىي مەتبۇئاتىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنى قويماي دېگۈدەك ئوقۇپ كەلدىم . 1970 – يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ مەتبۇئاتىمىزنىڭ دائىرىسى كۆرۈنەرلىك ھالدا كېڭەيدى . نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلىۋاتقان كىتابلىرىمۇ كۆپەيدى . شۇڭا ، ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ چىقىش ئىمكانىيىتى بولمىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بىلەن ئۇچراشتىم ، دېسەم بولىدۇ . بۇ ئەسەرلەر مەندە ناھايىتى مول ، ئۆزگىچە تەسىراتلارنى قالدۇردى . مەن بۇ ئەسەرلەردىن ھايات ۋە ئادەملەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندىم . تۇرمۇشنىڭ قىزىقى ۋە ھېكمىتىدىن روھىم كۆتۈرۈلۈپ ، ئەقلىم تېخىمۇ بېيىدى . مەن يازغۇچى ، شائىرلىرىمىزدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ھازىرغىچە سۆيۈپ ئوقۇپ كەلدىم . زوردۇن سابىر ، مۇھەممەتجان راشىدىن ، بۇغدا ئابدۇللا ، ئەخەت تۇردى ، قۇربان بارات ، ئارسلان ، ئوسمانجان ساۋۇت ،

سەمەت دۇگايلى، ئىمىن ئەخمىدى، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، روزى سايىت، قاسىم سىدىق، جالالىدىن بەھرام، مۇھەممەت باغراش، ئالىمجان ئىسمايىل، ئابلىكىم خېۋىر، ئابلەت ئابدۇللا، ئەخمەت ئىمىن، ئەختەم ئۆمەر، پەرھات جىلان، ئابدۇرېھىم ئابدۇللا، ئابدۇقادىر جالالىدىنلارنىڭ دائىملىق ئوقۇرمەنى بولدۇم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى مىسرا، كۇپلېتلىرى بويىچە، بەزىلىرىنىڭ جۇملە ۋە ئابزاسلىرى بويىچە ھازىرغىچە ئېسىمدە ساقلىنىپ قالدى. خۇددى سىز ئېيتقاندەك، ھەرقانداق بىر ئوقۇرمەننىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئەنە شۇنداق ئەدىبلىرىدىن باشقا، يەنە ئۇنىڭ ئالاھىدە قىزىقىدىغان، كۆزىتىدىغان، تەلپۈنىدىغان بىرنەچچە ئاپتورى بولىدۇ. ئۇ بۇنداق ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەشنالىق بىلەن ئىزدىنىپ يۈرۈپ ئوقۇيدۇ. مەمتىمىن ھوشۇر بىلەن خالىدە ئىسرائىل مەندە ئەنە شۇنداق ئالاھىدە قىزىقىش قوزغىغان ئاپتورلاردۇر. ئۇلار ماڭا ئۆزۈمدە بولمىغان بىرمۇنچە يېڭى نەرسىلەرنى بەردى. ھەربىر ئەسىرى بىلەن يېڭى بىر بەدىئىي ئىز قالدۇرۇپ، مېنى ھاياتىي تەسىراتلارنىڭ پايانسىز ئالىمىگە باشلىدى.

ئەخمەت راخمان: سىز «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ رايىنى سىناش پائالىيىتىدە، ئوقۇرمەنلەر ياخشى كۆرىدىغان بىرىنچى ئوبزورچى بولۇپ باھالاندىڭىز. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

مۇھەممەت پولات: «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئېلىپ بارغان بۇ پائالىيەت ھەقىقەتەن بىر يېڭىلىق. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىز ئۈچۈن كەڭ مەنىۋى مۇھىت يارىتىدىغان، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتقا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ئەمەلىي گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان بىر قېتىملىق ئاممىۋى پائالىيەت. بۇ پائالىيەت ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئۆز ئەدەبىياتى بىلەن بولغان ئەنئەنىۋى مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇردى. ئۇلارنىڭ ئۆز يازغۇچى، شائىرلىرىنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقى ۋە



قەدىرلەيدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ پائالىيەت يەنە ئۇلارنى ئەدەبىياتىمىز ھەققىدىكى پىكىر، چۈشەنچىلىرى بىلەن تەلەپ ۋە ئارزۇلىرىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنى بولسا ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي بۇرچ ۋە مەجبۇرىيىتى ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىشقا يېتەكلىدى. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنى مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا يەنە بىر قېتىم ئەمەلىي تۆھپە قوشتى دېيىش كېرەك. شەخسەن مەن بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ رايىنى، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنى ئاساسەن توغرا ئەكس ئەتتۇرۇپ بەردى دەپ قارايمەن.

بۇ قېتىم باھالىنىپ چىققان توققۇز كىشىنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا مۇئەييەن تۆھپە قوشقان، ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ئىجادىي ئەسەرلىرى بىلەن كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا روشەن ئىز قالدۇرغان تالانتلىق ئاپتورلاردۇر. زوردۇن سابىر بىزنىڭ ئەنئەنىۋى پروزىمىزدا يېڭىلىق ياراتقان مول ھوسۇللۇق باشلىغۇچى يازغۇچى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خەلقىمىزنىڭ ئىككى دەۋرلىك ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ئىجادىي بەدىئىي خاتىرىسى. مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ئاجايىپ ھېكايىلىرى مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ مەزمۇن ماھىيىتىنى يېڭى ھاياتىي خاراكتېرلەر ۋاستىسىدە روشەن يورۇتۇپ بەرگەن يارقىن بەدىئىي ئەينەك. ئەختەم ئۆمەرنىڭ يېزا تۇرمۇشىنىڭ ھارارەتلىك نەپىسى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان پوۋېستلىرى مۇشەققەتلىك ھاياتتىن خۇشاللىق ۋە لەززەت تېپىشنى بىلىدىغان ئاددىي ئادەملەرنىڭ ھەسرەت ۋە شادلىقىنىڭ چىن ۋە ھەققانىي تەسۋىرى. مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ شېئىرلىرى ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي مۇكەممەللىكنىڭ يېڭى پەللىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئالىيجاناب ئىنسانغا بولغان مۇھەببەت ۋە تەلپۈنۈش؛ ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ھايات ھېكمەتلىرىگە تويۇنغان لىرىك شېئىرلىرى ئىنسان مەنىۋى

قۇدرىتىنىڭ يېڭى ئېچىلغان نۇرانە ئۇپۇقى··· قىسقىسى، بۇ ئاپتورلار ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرى، ئۇنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات سەۋىيىسىنى يارىتىشقا مۇناسىپ تۆھپە قوشقان ئىجادكارلىرىدۇر. مېنىڭچە، بۇنى ئۆز ئەدەبىياتىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئۇنىڭ ھەربىر مۇۋەپپەقىيىتىدىن خۇشاللىنىش ۋە ئىپتىخارلىنىشنى بىلىدىغان ھەممە ئوقۇرمەنلەر، ئەدەبىيات ئىشىغا ئەقىل ۋە ۋىجدان بىلەن يانداشقان ھەممە ئىجادكار ئاپتورلار ياخشى بىلىدۇ.

ئەمدى ئۆزۈم توغرىسىدىكى ھالال گېپىمنى ئېيتسام، مېنىڭ ماقالىلىرىمنىمۇ ئوقۇيدىغان كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىپ بەكمۇ خۇشاللاندىم. ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ تارتقان جاپالىرىم ئۇنتۇلۇپ، ھاردۇقۇم چىققاندەك بولدى. ئەمدى بۇ قېتىمقى باھالاشتا ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇنداق چوڭ ئېتىبارىغا ئېرىشىپ قېلىشىمغا كەلسەك، بۇنىڭغا مېنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارىمنىڭ بارلىقى ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي ئوبزورچىلىق قوشۇنىمىزنىڭ ئەزەلدىن تارلىقى ۋە مېنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىكىم سەۋەب بولغان. شۇڭا، مېنى چۈشەنگەن ۋە قەدىرلىگەن بارلىق ئوقۇرمەنلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن.

2000 - يىلى 4 - ئاي



# ئەخلاقىي زەئىپلىكىمىزنىڭ يېڭى بەدىئىي سۈرىتى

يازغۇچى خالىدە ئىسرائىلنىڭ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1995 - يىللىق 2 - ساندا ئېلان قىلىنغان «تىمتاس شەھەر» ناملىق ئەسىرىنى ئۆزگىچە بىر خىل ئازابلىق تۇيغۇ ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم. باشتىن - ئاخىر ئۆتكۈر مەسخىرە ۋە ئاچچىق كىنايە بىلەن جانلاندۇرۇلغان بۇ ھېكايە نېمە ئۈچۈندۇر ماڭا كۈلكە ۋە شادلىق ئاتا قىلمىدى، ئەكسىچە مېنى رېئال ھاياتىمىزنىڭ كىشىنى ئۇيات ۋە نومۇس تۇيغۇسى ئىچىدە قىينايدىغان ھەسرەتلىك كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، ئازابلىق خىياللارنىڭ تەگسىز قاينىمىغا تاشلىدى.

ئەسلىدە بىر ئادەمنىڭ ئەمەلدار بولۇپ، ھوقۇق ۋە مەرتىۋە ئورنىدا پەيدا بولۇشى جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ ئادەتتىكى بىر كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئۇ خۇددى دېھقانلارنىڭ يەر تېرىشى، كانچىنىڭ كۆمۈر قېزىشى، مۇخبىرنىڭ خەۋەر يېزىشىغا ئوخشاشلا ئاددىي بىر ئىش ئىدى. لېكىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ نەرسە كىشىلەر قەلبىنى ھەۋەس ۋە ھەسەت ئوتىدا كۆيدۈرىدىغان كارامەت بىر ھادىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ھوقۇق ۋە مەرتىۋە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە بىردىنبىر مۇقەددەس ئىلاھقا، «ئەمەلدارلىق» بولسا گويا ھەممىگە قادىر بولغان بىر خىل سېھرىي كۈچ تۇسىگە كىردى. ھوقۇق، مەرتىۋىگە ئىنتىلىش ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنۇش كېسەللىكى بىزنىڭ بىرمۇنچە كىشىلىرىمىزنىڭ ئەقلىنى بۇلغاپ، روھىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئورۇن - مەرتىۋە ئۈچۈن ياشاپ، ئورۇن - مەرتىۋە ئۈچۈن ئۆلىدىغان ھەقىقىي

ھوقۇق مەستانىلىرىدىن قىلىپ قويدى . ياشاش ئىرادىسى بىلەن كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىنى يوقاتقان بۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇنداق يىرگىنىشلىك ھايات يولى بىلەن تىرىكچىلىك ئادەتلىرىنى بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي ئەخلاقىمىزنىڭ ئۆلچەم ۋە مىزانلىرى ئورنىغا دەسسىتىپ ، باشقىلارنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئاشۇنداق ھاقارەتلىك تۇرمۇش يولىغا كىرىشكە زورلىدى . يازغۇچى خالىدە ئىسرائىل «تىمتاس شەھەر» ئەسىرىدە كىشىلەرنى بىزار قىلغان مۇشۇنداق بىر رېئال مەسىلىنى قەلەمگە ئېلىپ ، ئۇنى كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى ۋە قىزىقارلىق كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدە گەۋدىلەندۈرۈپ ، مەنىۋى قاشاشلىق بىلەن ئەخلاقىي زەئىپلىك ئىچىدە زورۇقۇپ ئىلگىرىلەۋاتقان ھالسىز ھاياتىمىزنىڭ ساتىرىك مەنزىرىسىنى سىزىپ بەردى . ئىشچانلىق ۋە ھالاللىقى بىلەن ھەممىنىڭ نەزىرىگە چۈشكەن تۇرسۇن مەلۇم بىر تەتقىقات ئورنىنىڭ ئۇمىدلىك ، ياش ئىلمىي خادىمى ، لېكىن ئۇنىڭ ھاياتى ھەرقانداق ئامەت ۋە ئېتىباردىن يىراق ، نامراتلىق ۋە جاپا ـ مۇشەققەت ئۇنىڭغا ھەرۋاقىت ھەمراھ ، جاھىل ۋە تەتۈرلۈكى بىلەن ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان جېدەلخور ئايالى ئالدىدىمۇ ئۇ شۇنچىلىك خار ۋە بىچارە . مانا بۇ ئەسەر باش قەھرىمانىنىڭ دەۋرىمىز زىيالىيلىرى ئۈچۈن مەلۇم ئورتاقلىققا ئىگە بولغان تىپىك تۇرمۇش مۇھىتى . ئېغىر تەشكىلىي ئادالەتسىزلىك بىلەن بىرخىلدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان كۆڭۈلسىز تۇرمۇش تۇرسۇننى كېچە ـ كۈندۈز ئازابلايدۇ . لېكىن ، ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشنىڭ بىرەر ئۈنۈملۈك يولىنى تاپالمايدۇ .

ھايات ئەسلىدىلا چۈشىنىش تەس بولغان سىرلىق ۋە مۇرەككەپ بىر دۇنيا ، ئۇنىڭغا قايغۇمۇ ، خۇشاللىقمۇ يوشۇرۇنغان . ئۇ بەزىدە سىزنى تۈگىمەس دەرد ـ ئەلەملىرى بىلەن قىيناپ قاقشاتسا ، بەزىدە سىزنى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدەك قىزىق ، سېھىرلىك چاقچاقلىرى بىلەن ئەركىلىتىپ كۈلدۈرىدۇ . بۇنداق چاغدا سىز ھاياتىڭىزدا يولۇققان



ھەممە ئازاب ۋە خورلۇقلىرىڭىزنى ئۇنتۇيسىز ، كۆز ئالدىڭىزدا كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىڭىزنىڭ يېڭى بىر غايىبانە ئالىمى ئېچىلغاندەك بولىدۇ . دېگەندەك ، تاسادىپىي يۈز بەرگەن كىچىككىنە بىر ئىش تۇرسۇننىڭ خورلۇق بىلەن تولغان ئازابلىق ھاياتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىدۇ . ھاياتتا جاپاسىز ياشاشنىڭ ھەممە سىرلىرىنى بىلىدىغان قۇۋ ۋە مۇغەمبەر تاغىسىنىڭ قايسىدۇر بىر چوڭ باشلىقنىڭ ئۆزلىرى بىلەن شىرەم تۇغقان ئىكەنلىكى توغرىسىدا مۇنداقلا ئېيتىپ قويغان بىر ئېغىز گېپى بىلەن ئۇ ئىدارىدە ئەڭ ئارزۇلۇق ئادەمگە ئايلىنىدۇ . ئەزەلدىن ئۇنىڭغا نەزەر كۆزىنى سالماي كەلگەن تەكەببۇر ئىدارە باشلىقمۇ ، ئۆزىنى ھەممە كىشىدىن ئەقىللىق سانايدىغان مەمەدان قوشنىسىمۇ ، ئادەتتە ئۇنىڭغا چىراي ئېچىپ قاراشنى ئۆزى ئۈچۈن ھاقارەت دەپ بىلىدىغان بىرنەچچە رەڭدار سەتەڭمۇ ئۇنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشىش يولىدا ئالدىراپ پايپېتەك بولىدۇ . ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن كەسپىي ئۇنۋان ، تەشكىلىي ئىمتىياز ، يەڭگىل ۋە ئازادە خىزمەت شارائىتى دېگەنلەرمۇ ھېچبىر جاپاسىزلا ئۆزلۈكىدىن تەييار بولىدۇ . قىسقىسى ، ئۇ ئۆزىنى گويا ئىززەت ـ ھۆرمەتنىڭ ئامەتلىك يېڭى دۇنياسىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ . ئاپتور ئۆز قەھرىمانىنىڭ تۇرمۇش شارائىتى بىلەن مۇناسىۋەت مۇھىتىنىڭ مۇنداق تاسادىپىي ئۆزگىرىشىنىڭ ئۆتكۈر ساتىرىك تەسۋىرى ئارقىلىق بىزنىڭ ھوقۇق ۋە مەرتىۋىگە چوقۇنۇش ئەسەبىيلىكىمىز بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ ئىرادە ۋە خاھىشى ئالدىدا قۇللارچە تىز پۈكىدىغان مەنىۋى زەئىپلىكىمىزنى غەزەپلىك مەسخىرە قىلىپ ، ئوقۇرمەننى ئۆزىمىزنىڭ ئەخلاقىي ساپايىمىز ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىپ كۆرۈشكە يېتەكلەپ ، ئۇنىڭ ئېڭىدا ئومۇمىي ئىجتىمائىي تەنقىد تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ . دەرۋەقە ، ھاياتتا بىرەر ھوقۇقلۇق ئەمەلدار بىلەن بولغان ئادەتتىكى تۇغقاندارچىلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس ، بەلكى ناھايىتى زور مەنىۋى ئەخلاقىي بەدەل تۆلەپ

ئېرىشكەن ئەرزىمەس تونۇشلۇق مۇناسىۋىتى ئۈچۈنمۇ ئەس -
هوشنى يوقىتىپ ، ئاللىكىم بولۇپ يۈرگەن بىچارە ئەخمەقلەرنى
قايسىبىر ئوقۇرمەن كۆرمىگەن دەيسىز ؟ ۋۇجۇدىدا ئۇيات -
نومۇسنىڭ بىرەر ئۇچقۇنىمۇ بولمىغان ، خۇشامەت ۋە تەخسىكەشلىك
بىلەن بىرەر مەرتىۋىلىك شەخسنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشىپ هوقۇق
تەختىگە ئالماشقان ؛ ئەقىل ۋە ۋىجدانىنى دەپسەندە قىلىپ ئۆزىنىڭ
قاراملىق ۋە ساۋاتسىزلىقىنىڭ بوس - تۇتۇنى بىلەن قاپلانغان ناپاك
دىلىنى شادلاندۇرۇپ يۈرگەن ئۇياتسىز كىشىلەر ئوقۇرمەنلەرگە
دائىم دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدۇغۇ ؟ راستىنى ئېيتقاندا ، بىزنىڭ
هاياتىمىز ، ئەقىدە ۋە ئېتىقادىمىز ، كىشىلىك ئەخلاق ۋە ئىنسانىي
قەدىر - قىممىتىمىز ئەنە شۇنداق ۋىجدانى زەئىپ ، روهى مېيىپ
ئادەملەرنىڭ مەنىۋى چىرىكلىكلىرى بىلەن بۇلغانماقتا . ئاپتور
ئەسىرىدە بىزنىڭ مۇنداق مەنىۋى بۇزۇلۇشىمىزنى هايات ئىرادىسى
سۇنۇپ ، شەخسىيىتى يىمىرىلگەن بىر گۇرۇپپا مەنپەئەتپەرەس
شەخسلەرنىڭ ئىش - هەرىكەت ۋە پىكىر - خىياللىرىغا باغلاپ
قويۇش بىلەنلا چەكلەنمىگەن ، بەلكى ئۇنى ئۆزى چەكسىز مۇهەببەت
ۋە كۆيۈنۈش تۇيغۇسى ئىچىدە تەسۋىرلەپ بېرىۋاتقان ساددا ۋە
جاپاكەش قەهرىمانىنىڭ تۇرمۇش يولىغا ماهىرلىق بىلەن
سىڭدۇرۇپ ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ زىددىيەتلىك تەرەققىياتىنىڭ
قىزىقارلىق بەدىئىي يەكۇنى زېمىنىدا تېخىمۇ كونكرېت
گەۋدىلەندۇرۇپ بەرگەن . ئەسلىدە تۇرسۇننىڭ تاغىسى ئېيتقاندەك
نامى چىققان ئەمەلدار ئاكىسىمۇ ، دەردىنى تۆكىدىغان بىرەر
ئابرۇيلۇق تونۇشىمۇ يوق ئىدى . ئەسلىدە ئۇنى ئەتراپىدىكى
كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مۇناسىۋەت ئادىتى بىلەن ساددا سەزگۈرلۈك
تۇيغۇسىدىن پەيدا بولغان ۋەهىمە ۋە چۆچۈش پسىخىكىسى پەيدا
قىلغانىدى . بۇنى ئوبدان بىلىدىغان تۇرسۇن كىشىلەرنىڭ
ئىرادىسىگە خىلاپ هالدا ئۆزىگە كۆرسىتىۋاتقان ئىززەت -
هۆرمەتلىرىدىن ۋىجدان ئازابى هېس قىلىپ خېلىغىچە قىينىلىپ



يۈرىدۇ . لېكىن ، ئاخىرىدا ئۇ ئىشنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرۈپ ،
يالغان پاكىت ۋە ساختا تەسىرات بېسىمى بىلەن زورۇقۇپ
هېجىيىشىپ يۈرگەن بىچارە ئادەملەر ئۈستىدىن ئاخىرغىچە
كۈلۈپ ، ئازابلىق قەلبىگە تېخىمۇ زور ئارام ۋە تەسەللى تېپىش
قارارىغا كېلىدۇ . قىزىقى شۇكى ، ئاسان كەلگەن مۇنداق هۆرمەت
ۋە ئىمتىيازنىڭ تەمىنى تېتىپ ، ئۇنىڭ لەززىتىگە ئادەتلىنىپ
قالغان تۇرسۇن ئاخىر بېرىپ غەيرىي ئەخلاق ئېقىمىغا كىرىپ ،
ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا هېلىقى ناتونۇش ئاكىسى بىلەن
ماختىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئۇياتلىق
قىلمىش ئۇنىڭغا هېچقانداق ئىش ئەمەستەك ، هەممە نەرسە
ئەزەلدىنلا مۇشۇنداق بولۇشى لازىمدەك بىلىنىشكە باشلايدۇ . ئۇ
ئەسەردە باشتىن - ئاخىر بىر - بىرىدىن قىزىق ۋە كۈلكىلىك
بولغان ، ئوقۇرمەن خىجىللىق ۋە قورۇنۇش هېس قىلىدىغان
ئۇياتلىق ۋەقە ۋە مۇناسىۋەتلەر ئىچىدە هەرىكەت قىلىدۇ . تۇرسۇن
خاراكتېرىنىڭ بۇ خىل ساتىرىك تەسۋىرىدىن ساددا ئوقۇرمەن ئۇنى
هەتتا هوقۇق ۋە مەرتىۋىنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئوبدان بىلىدىغان ،
مەنپەئەت ۋە ئىمتىياز ئۈچۈن هەرقانداق نەرسىدىن يانمايدىغان قارام
بىر ئادەم دەپ ئويلاپ قالىدۇ . ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇنىڭ غەيرىي
ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەر ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان ساددا ئىسيانى ،
كىشىلەرنى مەنىۋى هايات قايىنىمىغا سېلىپ سىناپ كۆرۈشى
بولۇپ ، ئۇنىڭ ئاستىدا ئاپتورنىڭ ئۆز قەهرىمانىغا بولغان چەكسىز
هېسداشلىق ۋە قايىللىق تۇيغۇسى ياتىدۇ . ئاپتور ئۆز قەهرىمانىنىڭ
مۇغەمبىرانە هالاللىقى ، يۇمۇرلۇق تۇسكە ئىگە بولغان ئىش -
هەرىكەت ۋە ئوي - خىياللىرى ئارقىلىق ئەخلاقىي ، ئەقلىي
پاكلىقىمىزنى بۇلغاپ ، كىشىلىرىمىزنى مەنىۋى هالاكەت گىردابىغا
باشلاپ كېتىۋاتقان هەممە هاياتىي رەزىللىكلەر ئۈستىدىن ئەلەملىك
كۈلىدۇ . ئۆزىنىڭ هەممە بەدىئىي ئوي - پىكرى بىلەن تەشۋىش
ۋە خۇشاللىقىنى ئۆز قەهرىمانىنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇجەسسەملەپ ،

«تىمتاس شەھەر»نىڭ ئەسلىدە ئۇنداق تىنچ ، ئاسايىشلىق ئەمەسلىكىنى ، بەلكى ئۇنىڭ جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ئەخلاقىي مۇھىتىنى ئۆزىنىڭ غايە ۋە ئارزۇسى بويىچە ئۆزگەرتىش يولىدا تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىۋاتقان ھەرخىل ئادەملەرنىڭ زىددىيەت ئېلىشىشلىرى بىلەن تولغان دولقۇنلۇق ئىجتىمائىي قاينام ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ . ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا كىشىلەرنى خېلىدىن بۇيان ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ تۇيغۇسى ئىچىدە قىيناپ كەلگەن ، ھېلىقى قۇدرەتلىك ئەمەلدارنىڭ ، يەنى تۇرسۇننى ناھايىتى كۆپ ئامەت ۋە ئۇستۇنلۇككە ئىگە قىلغان ناتونۇش ئەربابنىڭ تۇيۇقسىز بەدئىي سەھنىدە پەيدا بولۇشى بولسا ، ئەسەردىكى بۇ تىپىك ھاياتىي مەزمۇننى يېڭى بەدئىي يارقىنلىققا كۆتۈرىدۇ .

ئەسلىدە تۇرسۇن بۇ ناتونۇش «ئاكا»سىنىڭ غايىبانە ھەيۋىسىدىن كېرىلىپ يۈرگەن چاغلىرىدا ، ئۆزىنىڭ قاچاندۇ بىر چاغلاردا مۇشۇنداق بىر قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ كۆرمىگەنىدى . ۋەھالەنكى ، ئۇنى يوشۇرۇن ئەگىشىپ يۈرگەن بۇ ئېغىر ۋەھىمە ، يەنى ئۇنىڭ ھەممە ئادىمىي قىممىتىنى بىر پۇل قىلىۋېتىدىغان بۇ ئېغىر شەرمەندىلىك ئاخىر ئۇنى بېسىپ كېلىدۇ . ئۇنىڭ ناتونۇش ئاكىسى ئويلىمىغان يەردىن ئىدارىدە پەيدا بولۇپ ، ئىنىسىنى يوقلاپ كۇلۇمسىرىگىنىچە ئۆيىگە كىرىپ كېلىدۇ . تۇرسۇندىكى ھەممە قورقۇنچ ۋە ئەندىشە ، ۋۇجۇدىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر ئازاب ۋە شەرمەندىلىك تۇيغۇسى ئاشۇ كىنايىلىك كۇلكە بىلەن ھەش - پەش دېگۈچە يوقىلىپ ، ئۇ ئەسلىدىكى روھىي ئازادلىققا قايتىدۇ . بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈۋاتقان بۇ «ئاغا - ئىنىلەر» بىر - بىرىنىڭ قەلب سىرلىرىنى تەبىئىي ھالدا بىلىشىپ ، پاكلىق ۋە مۇقەددەسلىكى بۇلغانغان ھالسىز ھاياتىمىز ئۇستىدىن قانغۇچە كۇلۇشۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئەلەملىك يۈركىنى تەسەللى شارابى بىلەن يۇيۇشىدۇ .



تۇرسۇننىڭ ئاكىسى — ھايات گۈزەللىكلىرىنىڭ ئاپەتلىك دۈشمىنى بولغان ساختا ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەردىن يەتكۈچە بىزار بولغان بۇ ئالىيجاناب ئادەم «ئەمەلدار»لارغا مۇناسىپ بولمىغان جىددىي تەلەپپۇز بىلەن مۇنداق دەيدۇ : «ئەتراپىڭغا ، نەگىلا قارىساڭ بولىدۇ ، شۇنداق ، راست دېگەندىن باشقىنى بىلمەيدىغان كۇلۇپ تۇرغان ساختا چىرايلار … نى - نى ئاياللار ، نى - نى قىزلارچۇ تېخى ، ئۆزىنىڭ ياكى ئەرلىرىنىڭ ئەرزىمەس ئەمىلى ، ئۇنۋانى ئۈچۈن ساڭا ھەممىنى بېرىۋېتىشكە تەييار تۇرىدۇ . ئۆزلىرى مىننەتدارلىق بىلەن تەقدىم قىلىۋاتقان يەردە مەندىن نېمە كېتەتتى ، دەيسەن ، بىراق كۆڭلۈڭدىكى سەسكىنىشنى باسالمايسەن . ئاشۇ خۇشامەتلىك ھېجىيىشلارنىڭ تېگىدىكى زەھەرنى ، ئەتراپىڭدا پايىپېتەك بولۇپ يۈرگەنلەرنىڭ قوينىدىكى پىچاقنى كۆرۈپ تۇرىسەن . ئاشۇ ئاياللارنىڭ سەندەك بىر كۆرۈمسىز ئادەمگە ئاشىق ئەمەسلىكىنى ، بەلكى ھوقۇقۇڭ ، ئابرۇيىڭغا ئاشىق ئىكەنلىكىنى ، قاچانكى ھوقۇقۇڭدىن ئايرىلغان كۈنۈڭ ئاشۇ ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ سېنى كۆرەرگە كۆزى يوقلۇقىنى ، سېنى مەسخىرە قىلىدىغانلىقىنى… بىلىپ تۇرىسەن . » مانا بۇ — بىزنىڭ ھازىرقى رېئال ئەخلاقىي مۇناسىۋىتىمىزنىڭ ئوبرازلىق بەدئىي سۈرىتى . تۇرسۇن ئويناپ تۈگەتكەن ئاشۇ ئىبرەتلىك ھاياتىي كومېدىيىنىڭ ئوقۇرمەننى ئويغا سالىدىغان چوڭقۇر بەدئىي يەكۈنىدۇر .

ئوقۇرمەنگە مەلۇم بولغىنىدەك ، «تىمتاس شەھەر» تۇرمۇشىمىزدىكى سەلبىي ھادىسە ، ساختا مۇناسىۋەتلەر تولىمۇ يارقىن يورۇتۇلغان پورترېتلار مۇجەسسىمى . لېكىن ، ئۇنىڭ بەدئىي مۇقامى شۇنچىلىك پاك ۋە يۈكسەك ، ئۇنىڭدا قايغۇمۇ ، خۇشاللىقمۇ ، تەشۋىش ۋە ئۈمىدۋارلىقمۇ بار . ئۇ چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پاتقان ئىرادىسىز ، غايىسىز كىشىلەرنىڭ قارغىشى ۋە زارلىنىشى ئەمەس . ئۇ مەۋجۇت رېئاللىق ھەققىدىكى ئەلەملىك ناخشا ، پاكلىق ۋە سەممىيلىككە ئىنتىلىش قىزغىنلىقى

بىلەن تولۇپ تاشقان شادىيانە كۈي . پەقەت مۇشۇنداق ئۇمىدۋار ئەخلاقىي تەنقىد روھى بىلەن سۇغىرىلغان تەمكىن ھاياتىي ناخشىلارلا بىزنى ھەممىمىز تەشنا بولۇپ كەلگەن ۋىجدانىي پاكلىق ۋە ئەقلىي مۇكەممەللىكنىڭ يېڭى بىر نۇرانە دەۋرىنى يارىتىشقا يېتەكلىيەلەيدۇ . ئۇمىد ۋە تەلەپچانلىق تۇيغۇسى ئىچىدە ئالەمگە كۆز ئاچقان ، كەلگۈسىمىزنىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرى بولغان ھېلىقى رەسسام يىگىتتەك تېخىمۇ كۆپ دەۋر ئەزىمەتلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئۇچۇن ئىشەنچلىك ئىجتىمائىي زېمىن تەييارلاپ بېرەلەيدۇ .

1997 - يىلى 6 - ئاي



# «قىزىل بىنادىكى لەتىپىلەر» ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز

ئالىمجان ئىسمائىل — يېڭى ئىجادىي ئەسەرلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئىچىدە ئالاھىدە تەسىر قوزغاپ كېلىۋاتقان ھوسۇللۇق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ مۇشۇ بىر - ئىككى يىل ئىچىدە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»نىڭ «تەڭرىتاغ گۈلزارى» سەھىپىسىدە «قىزىل بىنادىكى لەتىپىلەر» ناملىق ئومۇمىي ماۋزۇ ئاستىدا بىر گۇرۇپپا چاتما ھېكايىلەرنى ئېلان قىلدى . مەن بۇ ھېكايىلەرنى باشقا ئوقۇرمەنلەرگە ئوخشاش زور قىزىقىش ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم . ئالدى بىلەن مېنى قايىل قىلغىنى شۇ بولدىكى ، ئاپتور بۇ ھېكايىلىرىدە يېڭىچە ئىجادىي يول تۇتۇپ ، ھاياتىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان تىپىك سەلبىي ھادىسىلەرنى قەلەمگە ئېلىپ ، ئۇلارغا ئۆزىگە خاس يۇمۇرلۇق تۈس بېرىپ ، بىر - بىرىدىن قىزىق ۋە جانلىق بولغان ھەجۋىي پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىپ ، مەنىۋى - ئەخلاقىي قىياپىتىمىزنىڭ رېئال ھالىتىنى ئىجتىمائىي بەدىئىي تەنقىد روھى بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن . مەلۇمكى ، ھەرقانداق بىر خەلق ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي مۇكەممەللىكنىڭ يېڭى پەللىسىگە كۆتۈرۈلۈپ ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تېخىمۇ كەڭ ، تېخىمۇ ئىستىقباللىق يېڭى يولىغا كىرىشتە ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئومۇمىي ئىجتىمائىي تەنقىد روھىدىن ئايرىلالمايدۇ . ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيە ۋە كۆزقاراشلىرىنى يېڭىلاپ ، روھىي تەرەپتىكى زەئىپلىك ۋە ئاجىزلىقلىرىنى تۈگىتىپ ، ئىشەنچ ۋە جاسارىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ ، يېڭى ھاياتىي غايىلەرسېرى ئىلگىرىلەيدۇ .

بەدىئىي ئەدەبىيات جەمئىيەتنىڭ مۇشۇنداق ئومۇمىي ئىجتىمائىي تەنقىد ئېقىمىغا ئىجادىي ھالدا ياندىشىپ، ھاياتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان سەلبىي ھادىسە ۋە شەخسلەرنى، جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى - ئەخلاقىي پاكلىقىنى بۇزۇۋاتقان رەزىللىك ۋە خۇنۇكلۇكلەرنى بەدىئىي تەنقىد روھى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك گەۋدىلەندۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى يۈكسىلىشىگە مۇناسىپ تۆھپە قوشىدۇ. ئۆتكەندە بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا زوردۇن سابىر، مەمتىمىن ھوشۇر، خالىدە ئىسرائىلغا ئوخشاش تالانتلىق يازغۇچىلىرىمىز مانا مۇشۇنداق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەدەبىي تەنقىد روھىغا باي بولغان بىرمۇنچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يارىتىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا روشەن بەدىئىي ئىز قالدۇرغانىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئالىمجان ئىسمائىلمۇ بۇ ساھەدە ئىزچىل بەدىئىي ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇرمەنلەرگە مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتە روشەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان يېڭى ئىجادىي ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلىپ، مۇئەييەن بەدىئىي ئېستېتىك قىممەت ياراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەربىر ھېكايىسىدە تۇرمۇشىمىزنىڭ ماھىيەتلىك يېڭى بىر تەرىپىنى تاللاپ تەسۋىرلەپ، ھەربىر ھېكايىسىدە ئوخشاشمايدىغان ئىجتىمائىي مەزمۇن ۋە بەدىئىي رەڭ بېرىپ، ئۆز ھېكايىلىرىنى مىللىي مەنىۋى ئىللەتلىرىمىزنىڭ بىر پۈتۈن بەدىئىي سۈرىتىگە ئايلاندۇردى.

ئاپتورنىڭ «قامغاق» ھېكايىسىدىكى راخمان ئوبرازى ئىدىيىۋى خاراكتېرى يېقىدىن بەكمۇ ئۆزگىچە بىر كىشى. ئۇنىڭ تىرىكچىلىك مەنتىقىسى ئەڭ ئاسان يول بىلەن ئەڭ زور تەشكىلىي نەپكە ئېرىشىش، ھوقۇق ۋە مەرتىۋە ئۈچۈن ھەرقانداق خورلۇق ۋە ھاقارەتكە چىداش. ئۇ ئاشۇنداق مەقسەت يولىدا توختىماي خىزمەت ئالماشتۇرىدۇ. بىرەر يەردىن تارقالغان ئەمەل ۋە مەرتىۋە شەپىسىنى ئاڭلىشى بىلەنلا، ئۆزىنىڭ مۇناسىۋەتتىكى ئۇستىلىقىنى ئىشقا سېلىپ، شۇ ئورۇنغا يۆتكىلىپ بارىدۇ. لېكىن، ئۇ بىر



قېتىممۇ كۆتكەن مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. ئۆزىدىكى ھوقۇق مەستانىلىكى كېسەللىكى بىلەن ئۆزىگە بولغان ئەخمىقانە ئىشەنچ تۇيغۇسى ئۇنى يېڭىدىن يېڭى خىيالىي ئارزۇلار پەللىسىگە چىقىرىپ، خەلقئالەم ئالدىدا يەتكۈچە مازاق قىلىدۇ. ئۇ بۇنداق كېلىشمەسلىكلەرنىڭ سىرىنى ئۆمۈر بويى بىلەلمەي، شەپقەتسىز ھاياتنىڭ مۇرەككەپ تېپىشماقلىرى ئالدىدا ئاجىز ۋە بىچارە بولغىنىچە قېلىۋېرىدۇ. بىزدە ھوقۇق ۋە مەرتىۋە ئۈچۈن تۇغۇلۇپ، ھوقۇق ۋە مەرتىۋە ئۈچۈن ئۆلىدىغان مەنسەپ مەستانىلىرى توغرىسىدا بۇرۇنمۇ بىرمۇنچە نەرسىلەر يېزىلغانىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۆز مەقسىتى يولىدا ھەرقانداق رەزىللىكتىن قايتماي، ھاياتىنىمۇ، كىشىلەرنىمۇ ئوڭۇشلۇق ھالدا ئالداپ ھوقۇق ۋە مەرتىۋە تەختىگە ئولتۇرغان «غالىبلار» تەسۋىرلەندى. ئالىمجان ئىسمائىل بولسا بۇ ھېكايىسىدە بۇ تېمىنى پۈتۈنلەي باشقىچە يول بىلەن يورۇتۇپ، مەنسەپ ۋە مەرتىۋىنى ئۆمۈرلۈك ياشاش مەقسىتى قىلغان رەزىل ۋە بىچارە ئادەمنىڭ مەنىۋى ھالاكىتىنى، ئۇنىڭ ھەسرەت ۋە ئازابىنى يېزىپ، ئۇنى ھايات قانۇنىيىتى بىلەن ئەخلاق قۇدرىتىنىڭ ئۆمۈرلۈك كۈلكە ۋە مەسخىرىسىگە قويىدى. بىزنىڭچە، بۇ تېما تاللاش ۋە ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈشتىكى بىرخىل يېڭى ئىجادىي ئىزدىنىشتۇر.

ناھايىتى قىزىق تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى بىلەن جانلاندۇرۇلغان «ھېيتلاش» ھېكايىسىنى «قامغاق» بىلەن مەزمۇنداش دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدا پېشقەدەم ئىشخانا مۇدىرى ئايۇپنىڭ باھار بايرىملىق بىر قېتىملىق ھېيتلاش پائالىيىتى تەسۋىرلىنىدۇ. پېشقەدەم مۇدىر ئىدارىدە مەلۇم ھوقۇقى بار مەرتىۋىلىك كىشى بولغانلىقى ۋە ئۇزۇن يىللىق دىئابىت كېسىلى بىلەن ئاغرىغانلىقى ئۈچۈن ھېيتلاپ كىرگەن ئۆيدە زادى ھاراق ئىچمەيدۇ. ئۆي ئىگىسىنىڭ ھەرقانچە زورلاپ - يېلىنىشلىرىمۇ ئۇنىڭ بۇ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمەيدۇ. ئەنە شۇنداق بىر چاغدا ئاجايىپ بىر

خاسىيەتلىك ئىش يۈز بېرىپ، بۇ ئۆيگە ئىدارە پارتكومىنىڭ شۇجىسى كىرىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ پېشقەدەم مۇدىرنىڭ ھەممە سۆلەت ۋە سالاپىتى بىردىن يوقىلىپ، پۈرۈشكەن يۈزلىرىدە كۈلكە ۋە شادلىق جىلۋىلىنىشكە باشلايدۇ. ئۇ شۇجى بىلەن ھەمداستىخان بولۇش ۋە ئۇنىڭ نەزىرىگە قايتا چۈشۈش بەختىگە مۇيەسسەر بولغانلىق شەرىپى بىلەن ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ، بولۇشچە ئىچىپ مەست بولۇپ، يىقىلىپ ھوشىدىن كېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەممە ئىنسانىي غۇرۇرى بىلەن كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنى ئىدارە شۇجىسىنىڭ ئادەتتىكى بىر ئىلتىپاتىغا تېگىشىۋېتىدۇ. بۇ پېشقەدەم مۇدىردەك كىشىلەر ھاياتىمىزدا دائىم دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئورۇن ۋە مەرتىۋە كىشىلەرنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ئۆلچەشنىڭ بىردىنبىر مۇقەددەس ئۆلچىمى. شۇڭا، كۆنىلىرىنى شۈكۈر - قانائەت بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن ئاددىي ئادەملەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان بىر تىرىك مۇردا. مەرتىۋىسى ئۆزىدىن يۇقىرى بولغان ھەرقانداق بىر كىشى بولسا ئۇلار ئۇچۇن ھەممىگە قادىر بولغان بىر تىرىك ئىلاھ، ھېلىقى بىچارە مۇدىر دەل مۇشۇنداق ئەخمىقانە ئەقىدىنىڭ ئېچىنىشلىق قۇربانى.

ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن قاتمال بىر ئادەمنىڭ يېڭى تەرەققىيات دەۋرى شارائىتىدىكى ئازابلىق ئىچكى كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلەنگەن «ھەسرەت» ھېكايىسىمۇ ئوقۇرمەننى ئالاھىدە قىزىقتۇرىدىغان ئىجادىي ئەسەرلەرنىڭ بىرى. پېشقەدەم كادىر بايىز ئۇزۇن يىللىق سىياسىي - تەشكىلىي خىزمەت خادىمى، سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئەڭ قىزغىن ئاكتىپى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئوي - خىيالىدا ئەينى يىللارنىڭ سول ئىدىيىۋى چۈشەنچىلىرى ھۆكۈمران، ھەرقانداق يېڭى، ئىجادىي نەرسە ئۇنىڭ ئۇچۇن ئاپەت ۋە ۋەھىمە. دېمەك، ئۇ دەۋرنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىغا ماسلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە



بولمىغان، جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىش تەلىپى بىلەن تۇرمۇشنىڭ ئىلگىرىلەش رىتىمى تەرىپىدىن تەبىئىي شاللىنىشقا ئېھتىياجلىق بولغان بىر كىشى. دېگەندەك، ئۇنىڭ مۇشۇ خىل ئىدىيىۋى خاراكتېرى ئاخىر بېرىپ ئۇنىڭ ھايات پاجىئەسىنىڭ، ئۇنىڭ ھەممە ئازاب ۋە ھەسرىتىنىڭ مۇقەررەر مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئورگان ئىسلاھاتى ھەرىكىتىدە يېڭى تەيىنلەنگەن ياش رەھبەر تەرىپىدىن ئۇچىنچى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا تاللىنىپ، ئۆمۈرلۈك «ئالتۇن تاۋاق» تىن مەھرۇم قالىدۇ. بۇ غەلىتە تەدبىر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ھەممە كونا ئاچچىق ۋە ئەلەمنى بىر يولىلا قوزغىۋېتىدۇ. ئۇ غەزەپتىن تىترەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئادەمگە مۇنداقمۇ زوتالىق قىلغان بارمۇ؟! چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ، مەن ئۇنداق شىركەتكە چىقمايمەن، ئەگەر يارىمىغان بولسام، پېنسىيىگە چىقىرىۋېتىڭلار دېسەم، ئۇنداق بولسا ئىلتىماس يازسىلا دەيدۇ، كۆردۈڭمۇ، مېنى پېنسىيىگە چىقىرىۋېتىپ كۆزدىن يوقاتماقچى، ھى، مەن نېمىدەپ چىققۇدەكمەن؟ مەن پارتىيىگە كىرگەندە، ئىنقىلاب ئۇچۇن ئاخىرقى تىنىقىم قالغۇچە خىزمەت قىلىمەن دەپ قەسەم بەرگەن. كەت دېسە كېتىدىغان ئىت ئەمەسمىز. ئۇنداق ئاسان ئىش يوق. بۇ ئىدارىگە ئوتتۇز يىللىق ئەجرىمىز سىڭدى. مەن دېگەن مۇشۇ ئىدارىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ چاغدا بۇ سويما ئاچىماق ئىشتانمۇ كىيمىگەن بولغىيدى. ئۇنىڭ بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھۆرۈ - پۈرۈ دەيدىغانغا نېمە ھەققى بار ئىكەن؟» مانا بۇ ھېلىقى تۆھپىكار پېشقەدەم كادىرنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرىنىڭ يادروسى، ئۇنىڭ ھايات قارىشى ۋە دەۋر چۈشەنچىسى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئۇ مۇشۇ ئىدارىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى بولغىنى ئۇچۇن (بۇ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس. بۇ ئۇنىڭ ئۆز ئىشىنى تارىخىي تۆھپە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئۇچۇن قىلىۋاتقان مەمەدانلىقى) بۇ ئىدارە ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ئاتا مىراسى بولۇشى، سىڭدۈرگەن ئوتتۇز يىللىق

ئەجرى ئۇچۇن خەلق ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر بەدەل تۆلىشى ، ئۆزى كۈتكەن ئىمتىياز ۋە ئېتىباردىن دائىم بەھرىمەن قىلىشى كېرەك . بۇ ئىدارىدە ئۆزىدىن كېيىن پەيدا بولغان ھەرقانداق بىركىشى ، يەنى بۇ ئورۇننىڭ شەرەپلىك تارىخىغا شاھىت بولۇش نېسىپ بولمىغان ھەرقانداق بىر «سويما» ئۇنىڭ تەشكىلىي تەقدىرىنى بىر تەرەپ قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولماسلىقى لازىم . مۇشۇنداق ئەخمىقانە ھايات ئەقىدىسى بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقان بىچارە بىر ئادەم ئۆز خەلقىنىڭ دەۋر ئېقىمى بىلەن بىللە ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان ئىستىقباللىق ھاياتى ئۇچۇن نېمە قىلىپ بېرەلىشى مۇمكىن؟ ھېچ نەرسە قىلىپ بېرەلمەيدۇ . ئەكسىچە ، يولسىز ئىمتىياز ۋە ئېتىبار ئەسەبىيلىكىدە زارلىنىپ ، بىر ئۆمۈر ھەسرەت ۋە ئەلەم چېكىپ ئۆتىدۇ .

مەلۇم ئىدارىنىڭ پېشقەدەم كادىرى سايىمنىڭ نازۇك ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەشكە بېغىشلانغان «ھەر كاللىدا بىر خىيال» ناملىق ھېكايىمۇ ئوقۇرمەننى تەبىئىي ھالدا ئۆزىگە تارتىدۇ . ھېكايىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئىدىيىۋى خاراكتېرنىڭ شىددەتلىك ئىچكى ئېلىشىشى ئاساسىغا قۇرۇلغان . سايىمنىڭ ئوغلى ئالىي مەكتەپنىڭ بىناكارلىق كەسپىنى پۈتتۈرگەن ، ئۆز كەسپىگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان بىر ياش ، ئۇ ھەرقانداق ئەنئەنىۋى مۇناسىۋەتنىڭ ئاسارىتىدىن خالىي ، ئۆزىنىڭ مەنىۋى كۈچىگە ئىشىنىدىغان ھەقىقىي ئازاد ۋە ئەركىن ئادەم . سايىم ئوغلىنىڭ ئىستىقبالىنى ، ئۇنىڭ نامدار بىر چوڭ ئەرباب بولۇپ چىقىشىنى كۆزلەپ ، ئۇنى مەلۇم بىر رەھبىرىي كادىرغا بىرمۇنچە پارا بېرىپ شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئورگىنىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ . لېكىن ، ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ شەپقەت ۋە ئىلتىپاتىدىن ئۈمىدۋار بولۇشنى ئۆزى ئۇچۇن نومۇس بىلىدىغان ئوغلى بولسا ئۇنى داغدا قالدۇرۇپ ، ھېچقانداق نامى بولمىغان بىر يەرلىك بىناكارلىق



شىركىتىگە ئىشقا كىرىدۇ . سايىم ئوغلىنىڭ بۇنداق ئەخمەقلىقىنىڭ تەكتىگە يېتەلمەي ، ئازابلىق خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولىدۇ ، ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئىستىقباللىق بىر يەرنى تاشلاپ ، ئەتىدىن كەچكىچە لاي - توپىغا مىلىنىپ ئۆتىدىغان جاپالىق بىر ئورۇنغا كىرگىنى نېمىسى - ھە؟ بۇ زاماننىڭ باللىرىدا ئەقىل دېگەن بارمۇ ، زادى؟ ئاتا ئوغلىنى ئورۇن - مەرتىۋىسى بار نامدار ئادەم قىلىپ چىقىش ئۈچۈن كىشىلەرگە يېلىنىپ ، پۇل خەجلەپ ھەلەك ، بالا بولسا ئاتىسىنىڭ بۇنداق ئەخمىقانە غەمخورلۇقىدىن خورلۇق ھېس قىلىپ ، ئۆز ئىقتىدارىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرالايدىغان كەڭ ۋە ئازادە پائالىيەت سورۇنى ئىزدەپ ھەلەك . مانا بۇ ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن ئىككى خىل تۇرمۇش قارىشى بىلەن ئىككى خىل ئىستىقبال چۈشەنچىسىنىڭ كەسكىن توقۇنۇشىنىڭ مەنىۋى - ئىجتىمائىي ئاساسى . ھېكايىنىڭ يەتمەكچى بولغان بەدىئىي - غايىۋى مەقسىتىدىن قارىغاندا ، بۇ يەردە ئوغلىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىدىيىۋى خاراكتېرى ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس . ئۇ پەقەت ئاتىنىڭ تۇرمۇش قارىشىغا نىسبەتەن بىرخىل سېلىشتۇرمىلىق قىممەتكىلا ئىگە . بۇ يەردە ھېكايىنىڭ بەدىئىي - ئېستېتىك قىممىتىنى بەلگىلەۋاتقان تۈپ ئامىل يەنىلا ئاتىنىڭ يۇمۇرلۇق تۇسكە ئىگە بولغان كونا ، قاتمال ئەنئەنىۋى ھايات چۈشەنچىسىدۇر . ئۇنىڭ نەزىرىدە ئادەم نام - ئەمەل بىلەنلا قىممەتلىك . پەقەت مۇشۇ ئامەتلىك يولدا مېڭىشنى بىلگەن ئادەملا ھەقىقىي پاراسەت ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ . قانداقتۇر غايە ، ئىزدىنىش ، جاپالىق ئەمگەك بىلەن ئۆز ئىستىقبالىنى يارىتىش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەقلىق . شۇڭا ، ئۇ ھەممە نەرسىگە يېڭىچە قارايدىغان ، ئۆزىنىڭ ئەقىدە ۋە ئېتىقادىغا خىلاپ بولغان ھەرقانداق نەرسىنى رەت قىلىش ئىرادىسىگە ئىگە بولغان جاسارەتلىك پەرزەنتىنى مەڭگۈ چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس . شۇنىڭ ئۇچۇن ، ئۇ ئۆمۈرلۈك ھەسرەت ۋە ئازاب چېكىشكە

مەجبۇر .

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، «قىزىل بىنادىكى لەتىپىلەر» ماۋزۇسى ئاستىدا ئېلان قىلىنغان باشقا ھېكايىلەردىمۇ تۇرمۇشىمىزنىڭ بىرمۇنچە يېڭى ، ماھىيەتلىك تەرەپلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن . ئۇلاردىن «ئوقەتچى» ، «شەرت» ، «قىيامەتلىك قەرز» ناملىق ھېكايىلەردە كىشىلەرنى بىزار قىلغان چىرىكلىك قىلمىشلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىك ھادىسىلىرى پاش قىلىنسا ، «مودا» ، «كۆڭۈل» ھېكايىلىرىدە مەنمەنلىك ، سۆلەتپەرەسلىك ، ماختانچاقلىق ئىللەتلىرى ئوبرازلىق ھالدا تەنقىد قىلىندۇ . شۇنداق قىلىپ ، بۇ ھېكايىلەر يۇقىرىدا مۇھاكىمە قىلىنىپ ئۆتۈلگەن ئەسەرلەر بىلەن قوشۇلۇپ ، ئىزچىللىقتا ئىگە بولغان بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي مەزمۇننى شەكىللەندۇرۇپ ، رېئال ھاياتىمىزنىڭ يەنە بىر رەڭدار ، ساتىرىك بەدىئىي مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ .

ئاخىرىدا شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، بىز مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتكەن بۇ ھېكايىلەرنىڭ ھەربىرى مۇستەقىل بەدىئىي مەزمۇنغا ئىگە بولغان ئايرىم ئەسەرلەر بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك يېقىدىن بىرمۇنچە ئورتاقلىقلارغا ئىگە . بۇ ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا تۇرمۇشىمىزدىكى سەلبىي ھادىسە ۋە شەخسلەرنى ئۆزىنىڭ ئەكس ئەتتۇرۇش نىشانى قىلىپ تاللىغان . ئاپتور بۇنىڭدا ئادەتتە نەزەرگە چۈشمەيدىغان ئۇششاق ، لېكىن تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىش قىممىتىگە ئىگە بولغان جانلىق ۋەقە ، تەپسىلاتلارنى تاللاپ تىپىكلەشتۈرۈپ ، ئۇلارنى ھەجۋىي تۈسى قويۇق بولغان تەبىئىي كۈلكە بىلەن تويۇندۇرغان . ئاپتور ھەربىر ھېكايىسىگە ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئاممىۋى ئىجتىمائىي تەنقىد ئاڭلىقلىقىنى سىڭدۈرۈپ ، ئۆزىنىڭ ھايات ۋە ئادەملەرگە بولغان ئۈمىد ، ئىشەنچ ، ئېچىنىش ۋە تەشۋىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن . ئۇنىڭدىن باشقا ،



ئاپتور ھېكايىلىرىدە تەسۋىرلەنگەن ھەربىر پېرسوناژنىڭ خاراكتېر ئىندىۋىدۇئاللىقىغا ئالاھىدە كۆڭ چېقىرىپ ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى ئوخشاشمايدىغان كومېدىيىلىك ۋەقەلەر مۇھىتىدا ھەرىكەتلەندۈرۈپ ، ئۇلارنى تەكرارلانمايدىغان ، مۇستەقىل تىرىك ئادەملەرگە ئايلاندۇرغان .

ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈر بولغان يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى ، بۇ ھېكايىلەرنىڭ ۋەقەلىكى ئاددىي ، بەدىئىي سەھنىسى يىغىنچاق بولۇپ ، ھېكايىدىكى پېرسوناژلار خاراكتېرى تاق لىنىيىلىك سۇژېت تەرەققىياتى ئاساسىدا ئېچىپ بېرىلگەن . ھېكايىلەرگە مۇرەككەپ زىددىيەتلەر توقۇنۇشى بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان تۇراقسىز ھەرىكەت سورۇنى كىرگۈزۈلمىگەن . ھېكايە پېرسوناژلىرى مۇقىم ۋاقىت ۋە تۇراقلىق ئورۇن بىرلىكى دائىرىسىدە ئۆزلىرىنىڭ نۇتقى ۋە ھەرىكىتىگە تايىنىپ ئۆز خاراكتېرلىرىنى ئۆزلىرى ئاچقان . بۇ نەرسە ھېكايىلەرگە ئۆزگىچە بىرخىل ساددىلىق ۋە ئىخچاملىق بېغىشلاپ ، ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمدارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان .

1997 - يىلى 8 - ئاي

## ئۇ ئەدەبىياتىمىزغا نىمىلەرنى بەردى

«زوردۇن سابىر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ئالاهىدە مۇهىم ئورۇن تۇتىدىغان تالانتلىق يازغۇچى». ئۇنىڭ تارىخىي هايات ۋە رېئال تۇرمۇشىمىزنىڭ هەرقايسى ماهىيەتلىك تەرەپلىرىنى چىنلىق بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن ئىجادىي ئەسەرلىرى ئوقۇرمەنلەر ئىچىدە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە. ئۇ بەدىئىي پروزىنىڭ هەممە تۈرىدە دېگۈدەك چىدام ۋە غەيرەت بىلەن ئىجاد قىلىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئاجايىپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ كەم تېپىلىدىغان مول هوسۇللۇق يازغۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. «ئۇنىڭ مالچىلار هاياتىنى تەسۋىرلەشكە بېغىشلانغان تۇنجى هېكايىسى «تاغ كەينىگە ئۆتكۈچە» ئېلان قىلىنغان 1972 - يىلىدىن باشلاپ هېسابلىغاندا، هازىرغىچە «ئابرال شاماللىرى»، «ئىزدىنىش»، «ئاتا»، «ئانا يۇرت» قاتار-لىق يەتتە كىتابلىق تۆت رومانى، «ئارچا ياپرىقى»، «سۇبهى»، «ۋاپادار»، «كەچ كۈز»، «خەيرلىك ئىش» قاتارلىق يىگىرمە پوۋېستى، «دولان ياشلىرى»، «قەرزدار»، «تۆهپە»، «قوشنىلار»، «ئېھ، توپىلىق يول» قاتارلىق سەكسەندىن ئوشۇق هېكايىسى ئېلان قىلىندى». بىرمۇنچە ئەدەبىي ئاخبارات، دراما ۋە ماقالىلىرى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. كىشىنى تېخىمۇ قايىل قىلىدىغىنى شۇكى، زوردۇن سابىر شۇنچە كۆپ ئەدەبىي مەهسۇلاتلارنى بەرگەن ئىجادىي ئىزدىنىشىدە بىرەر قېتىممۇ ئۆزىنى ۋە ئۆزگىلەرنى تەكرارلىمىدى. ئۇ هەربىر ئەسىرىدە خاسلىق ۋە رەڭدارلىققا ئىگە بولغان تۇرمۇش مەنزىرىلىرى بىلەن ئالاهىدە پېرسوناژلار خاراكتېرلىرىنى يارىتىپ، ئۆز ئەسىرىنى ئورىگىنال



بەدىئىي مەزمۇنغا ئىگە قىلىپ، مۇئەييەن بەدىئىي ئېستېتىك قىممەت ياراتتى.

ئۇ پروزىمىزنىڭ هاياتىي نەپىسىنى بوغۇپ كەلگەن شەكىلۋازلىق، قېلىپبازلىق ۋە تەقلىدچىلىكنىڭ ئەنئەنىۋى چەمبىرىكىنى بۇزۇپ، هايات مۇرەككەپلىكى دەرىجىسىگە يېتەلمەي كېلىۋاتقان كونا تەپەككۇر ئادەتلىرىمىزنىڭ قورشاۋىدىن قۇتۇلۇپ، هەرقانداق رامكا ۋە چەكلىمىلەر دائىرىسىدىن چىقىپ، هەقىقىي ئىجادىي سەنئەت ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدەندى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ روهى ۋە پىكرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، تەقلىد قىلىش مۇمكىن بولمىغان ئىجادىي خاسلىقىنى ياراتتى. بۇ ئالاهىدىلىك ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئىنچىكىلىققا ئىگە بولغان هېسسىيات ئۆزگىچىلىكىدە، يەنى ئۇنىڭ هايات ۋە ئادەملەرگە بولغان قىزغىن مۇهەببىتىدە روشەن ئىپادىلەندى.

زوردۇن سابىر هاياتتىكى هەرقانداق گۈزەللىك ۋە ئەزگۈلۈكتىن خۇشاللىق ۋە ئىپتىخارلىق هېس قىلغان. ساددىلىق ۋە سەممىيلىكتىن سۆيۈنۈپ، باللارچە شادلىققا چۆمگەن. مەنىۋىيىتى خۇنۈك، پەسكەش ئادەملەر ئۈستىدىن غەزەپلىك كۈلگەن. پاك ۋە هالال كىشىلەرنىڭ دەرد - ئەلىمىدىن قەلبى ئېزىلىپ، هەسرەتلىك ياش تۆككەن. ئارزۇ ۋە ئىنتىلىش، ئۈمىد ۋە ئىشەنچ، غەزەپ ۋە نەپرەت، قايغۇ ۋە تەشۋىش ئۇنىڭ هېس - تۇيغۇسىدا بىر پۈتۈن نەرسىگە ئايلىنىپ كەتكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي مەزمۇنى هاياتتەك كەڭ ۋە دولقۇنلۇق، ئۆز خاراكتېرىدەك باي ۋە مۇرەككەپ بولۇپ، بىرخىل بەدىئىي سېھرىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئەسەرلەر بەزىدە سىزنى روهىي ئازادلىك بىلەن شادلاندۇرسا، بەزىدە قەلبىڭىزنى غەزەپ ۋە يىرگىنىش تۇيغۇسى بىلەن تولدۇرىدۇ، بەزىدە بولسا سىزنى مۇڭلاندۇرۇپ تەگسىز خىياللارغا چۆمدۈرىدۇ. قىسقىسى، بۇ ئەسەرلەر سىزگە هايات ۋە كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ هەممە قىزىقى ۋە هېكمىتىنى تولۇقى بىلەن يەتكۈزىدۇ.

مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك تەرەپلەردىكى ئاددىيلىق ۋە بىر خىللىق، ھاياتنىڭ تاشقى ئۆتكۈنچى ۋەقە - ھادىسىلىرى ئەتراپىدا ئايلىنىپ، تۇرمۇشنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى ئوبرازلىق ھالدا چوڭقۇر ئېچىپ بېرەلمەسلىك بىزنىڭ ئەنئەنىۋى پروزىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ يېتەرسىزلىكى ئىدى. يازغۇچى زوردۇن سابىر ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق پروزىمىزغا بىرىنچى بولۇپ مەزمۇن مۇرەككەپلىكى بىلەن بەدىئىي مۇرەككەپلىكنى ئېلىپ كىرىپ، پروزىمىزدىكى بۇ خىل قاتمال، تۇرغۇنلۇق ھالەتنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئۇ ئەسەرلىرىدە بولۇپ ئۆتكەن ياكى بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئاددىي ھالدا بايانىي چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشنى ئەمەس، بەلكى ياشاپ ئۆتكەن ياكى ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىنى ئىجادىي سەنئەت يۈكسەكلىكىدە روشەن يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلدى. ئۇ تارىخىي ھايات ۋە رېئال تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى تەسۋىرلىگەندە، تىرىك ئادەمنىڭ مەنىۋى ھېسسىي پائالىيەتلىرىنى سۈرەتلەشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنىڭدىكى ۋەقە، ھادىسىلەرنى جانلىق پېرسوناژنىڭ ئىچكى ھەرىكىتىنىڭ كۈچى ۋە ئىرادىسىگە باغلاپ، ۋەقە ئارقىلىق ئادەمنى گەۋدىلەندۈرۈشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇردى.

‹زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىنىڭ سۇژىتىنى ھاياتنىڭ ئەڭ قايناق، ئەڭ تىپىك زىددىيەتلىك ھالەتلىرىدىن تەشكىللەپ، پېرسوناژلىرىنى كېلىشتۈرۈپ بولمايدىغان ئۆتكۈر توقۇنۇشلار مۇھىتىغا تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ ھەرىكەتلىك ھالىتىنى نۇقتىلىق تەسۋىرلەپ، باي ۋە قاتلاملىق بەدىئىي خاراكتېرگە ئىگە بولغان مۇرەككەپ پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياراتقان› بۇ ئوبرازلار تۈزلۈك ۋە ئاددىيلىقتىن خالىيلىقى، كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ھەر خىل ھالەتلىرىدە ئوخشىمايدىغان تونۇش ۋە ئىپادىدە بولىدىغانلىقى، ئوقۇرمەن كۈتمىگەن مەنىۋى سۈپەتلەردە ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقى بىلەن بىزنى قىزىقتۇرىدۇ. ئۇلار پىكىرىمۇ، ھەرىكىتىمۇ بولغان، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ



ياخشى بىلىدىغان، ئۆز ھاياتىنىڭ مەنىسىنى ئوبدان چۈشىنىپ، مۇئەييەن غايە ۋە مەقسەت ئۈچۈن ياشايدىغان كىشىلەر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدە، ئېتىقادىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، ئۆزلىرىنىڭ تىرىكلىك قىممىتىنى ئۇلارغا بولغان ساداقەتلىكىدە ھېس قىلىدىغان، غايە ۋە ئىنتىلىشىنى بوغىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى يىمىرىپ تاشلاش جاسارىتىگە ئىگە بولغان جاھىل ئىرادە ئىگىلىرى. ئۇلار ئادەتتىكى ھاللاردا سىلىق - سىپايە بولۇپ، ئۆزئارا مۇناسىۋەت مىزانلىرىغا ئەمەل قىلىدۇ. لېكىن، زىددىيەت توقۇنۇشلىرى پەللىگە يېتىپ، مەنىۋى تىركىشىش ھالىتى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن چاغلاردا ئۇلار ئەسلىي خاراكتېرلىرىگە قايتىپ، شىددەتلىك ۋە قەھرلىك ھالەتكە كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ. زوردۇن سابىرنىڭ بەدىئىي ئوبرازلىرى مانا مۇشۇنداق مەنىۋى پەزىلەت ۋە ئۆزگىچە خاراكتېر ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقتىن، ئوقۇرمەن ئېڭىدا ھەرقاچان يېڭى ۋە ئىجادىيلىق تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ، ئۇلارنىڭ ئەقلى ۋە روھىغا سىڭىپ كېتىدۇ. «ئىزدىنىش» رومانىدىكى بارلىقىنى ئىلىم - پەنگە بېغىشلىغان غايىلىك يىگىت ئەلا، ھاياتقا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان قىزغىن، لېكىن سالماق يىگىت ھاشىر، نازۇك ۋە مەغرۇر قىز گۈزەلئاي، ھاياتنى پەسكەشلىكتىن لەززەت ۋە خۇشاللىق تاپىدىغان سۇيىقەستچى رەقىب، «ئابرال شامىللىرى» رومانىدىكى ھەرقانداق مۇشەققەت ئالدىدا تىز پۈكمەيدىغان ئىرادىلىك يېزا كادىرى مەنسۇر، پايدا ۋە مەنپەئەت يولىدا ھېچنېمىدىن قايتمايدىغان خەسىس دېھقان ھەيدەر، كونا ئادەت، كونا مۇناسىۋەتلەرگە بارلىقى بىلەن باغلانغان مۇتەئەسسىپ دېھقان زىۋىرشا، ھەرقانداق قىيىن ئەھۋالدىمۇ يول تاپالايدىغان تەدبىرلىك ماگىزىنچى ھېكمەت، «خەيرلىك ئىش» پوۋېستىدىكى ئۆز قىممىتىنى پاكلىق ۋە ھالاللىقتا ھېس قىلىدىغان ئاق كۆڭۈل بوۋاي بىلەن ئىشچان، ۋاپادار كېلىن زېرىپىخان، «دولان ياشلىرى» ھېكايىسىدىكى ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي سەنئەت مىراسلىرىدىن

يىرگىنىش تۇيغۇسىدا تەربىيىلەنگەن زىيالىي ياش كەنجى بىلەن تېتىك ۋە خۇشچاقچاق يېزا سازەندىسى مەتيا ، «قەرزدار» ھېكايىسىدىكى ئەلەم ۋە ھەسرەت بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن جاپاكەش دېھقان لېۋىر ، «قوشنىلار» ھېكايىسىدىكى ئەجەل تۆشكىدە يېتىپمۇ ئۆز ئەقىدىسىدىن قايتمىغان جاھىل ۋە مۇتەئەسسىپ بوۋاي جامى بىلەن كەڭ قورساق ۋە ئەپۇچان يېزا كادىرى سالى ، «ئېھ ، توپىلىق يول» ھېكايىسىدىكى پۇلخۇمار چوكان گۇلئايشەم بىلەن ساددا ۋە جاپاكەش يېزا بېيى روزەك بەزلەر سۆزى ۋە ھەرىكىتى بىلەنمۇ ، پىكرى ۋە چۈشەنچىسى بىلەنمۇ ، غايە ۋە ئىنتىلىشى بىلەنمۇ بىر - بىرىدىن تۈپتىن پەرق قىلىدىغان ، پروزىمىزدا ئەزەلدىن بەدىئىي ئىزناسى بولمىغان يېڭى ئىجادىي ئوبرازلاردۇر .

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، بۇ ئوبرازلارنىڭ بىرەرىمۇ ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي مۇكەممەللىكنىڭ پەللىسىگە كۆتۈرۈلۈپ ، ھايات ۋە كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ سىر - ھېكمەتلىرىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ بولغان غايىۋى كىشىلەر ئەمەس . ئۇلارمۇ ھاياتنىڭ مۇرەككەپ ۋەقە - ھادىسىلىرى ئالدىدا تەمتىرەپ ، رېئال ئادەملەردە بولىدىغان مەنىۋى ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلايدۇ . لېكىن ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۆزلىرىنىڭ ياشاش مەنتىقىسىگە سادىق بولۇپ ، ھاياتنى ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە ئۆزگەرتىش يولىدا تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىدۇ . زوردۇن سابىر بۇ ئوبزارلارنى ياراتقان چېغىدا ئۆزىنىڭ بەدىئىي غايىۋى مەقسىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ، ئۆز پىكىر ، چۈشەنچىسى بىلەن دەۋرنىڭ تۈپ روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئوبرازلارنى قانچىلىك مۇھەببەت بىلەن تەسۋىرلىسە ، مەنىۋى دۇنياسى خۇنۇك ، روھىيىتى زەئىپ ئادەملەرنىمۇ شۇنچىلىك قىزغىن ۋە جانلىق تەسۋىرلىگەن . شۇڭا ، بۇ ئوبرازلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇرمەنگە ئوخشاشلا يېقىن ۋە سۆيۈملۈك بولۇپ تۇيۇلىدۇ .

زوردۇن سابىر پېرسوناژنىڭ «قەلب دىئالېكتىكىسى»نى ئەڭ كەڭ ، ئەڭ چوڭقۇر ئېچىپ بېرىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدىغان



ئىنچىكە پىسخىك تەسۋىر بىلەن پىسخىك ئانالىزنى پروزىمىزغا بىرىنچى بولۇپ ئېلىپ كىرگەن يازغۇچى . ئۇ پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئېچىشتا ۋەقەلەر مەنتىقىسىنى ئەمەس ، بەلكى خاراكتېرلار مەنتىقىسىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ ، پېرسوناژنىڭ ئىچكى مەنىۋى ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ يوشۇرۇن ، ئەڭ پىنھان ھالەتلىرىنى تەسۋىرلىگەن . ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى ھەر خىل ئۆزگىرىشچان روھىي ھالەتلەردە ئايان بولۇپ ، ئوخشىمايدىغان ھېس - تۇيغۇ ئېقىنلىرىدا ئاقسىمۇ ، ئاخىرىدا يەنىلا ئۆزىنىڭ تۈپ ماھىيىتىگە سادىق بولۇپ ، خاراكتېر ئىزچىللىقىنى ساقلاپ قالىدۇ .

ئاپتور ئۆزىنىڭ «ئېھ ، توپىلىق يول» ناملىق ھېكايىسىدە ئەسلىدە ئۆز ئىرادىسىدە بولمىغان خىيالىي راھەت - پاراغەت دۇنياسىغا ئەسىر بولغان گۈزەل چوكان گۇلئايشەم بىلەن ئۆز بەخت - سائادىتىنى ئۆز ئەمگىكى ۋە ئۆز تۇرمۇش ئادىتىدە دەپ بىلىدىغان ساددا ، ئاق كۆڭۈل ، پۇلدار دېھقان روزەك بەزنى بىر بەدىئىي سەھنىدە ئۇچراشتۇرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا يوشۇرۇن ، لېكىن بەكمۇ كەسكىن مەنىۋى ئېلىشىش باشلىنىدۇ . ئاپتور بۇ روھىي تىركىشىشنى ، يەنى ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ ئەڭ زىددىيەتلىك ھالىتى بىلەن ئىچكى دراماتىزمىنى بەكمۇ ئىنچىكە ۋە نازۇك تەسۋىرلەيدۇ . گۇلئايشەم ئۆزىنىڭ ياشلىقى ، گۈزەللىكى ۋە ئاياللىق قەدىر - قىممىتىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان بۇ كۆرۈمسىز دېھقاننى روھىي تەرەپتىن بويسۇندۇرۇپ ، ئۇنى چوڭ توي قىلىشقا قىستاپ ، ئالدىن بىرەر نەپكە ئېرىشمەكچى بولىدۇ . لېكىن ، روزەك بەز گۇلئايشەمنىڭ بۇ خىل روھىي ھالىتىگە قىزىقىپمۇ قويمايدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ ئالتە بالىلىق ياشانغان دېھقان ئىكەنلىكىنى ، گۇلئايشەمنىڭ مۇشۇ ئەھۋالدىمۇ ئۇنىڭغا نېمىشقا تەگمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ . ئۇنىڭچە ، ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادىتى بىلەن ساددا ئوي - خىيالغا ئوخشاش بولۇشى كېرەكتەك

بىلىنىدۇ . چۈنكى ، روزەك بەزنىڭ خىيالىدا ئۆزگە ھەمراھ بولالايدىغان ۋە باللىرىغا ئائىلىق كۆرستەلەيدىغان بىر خوتۇن بولسىلا بولدى ، بۇنىڭغا تەڭرىنىڭ ھەرقانداق بىر بويتاق بەندىسى ئېرىشىشى كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن قانداقتۇر ياشلىق ۋە قەدىر ـ قىممەت دېگەنلەرنىڭ نېمە كېرىكى ؟ روزەك بەز ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق سادىدا تۇرمۇش ئەقىدىسىنىڭ كۈچى بىلەن گۈلئايشەمنىڭ ھەرقانداق تەلىپىنى رەت قىلىپ ، ئۇنىڭ تەكەببۇر ۋە مەنمەنلىكىنى سۇندۇرۇپ ، ئۇنى ئۆزىنىڭ جاپالىق تۇرمۇش يولىغا كىرىشكە كۆندۈردۇ . كېيىنچە ئۇ ئۆزىنىڭ ساددىلىقى ، ئاق كۆڭۈللۈكى ۋە كۆيۈمچانلىقى بىلەن گۈلئايشەمنى تەسىرلەندۈرۈپ ، ئۇنى چاكىنا ئارزۇ ـ ھەۋەسلەر ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ، پاك ۋىجدانلىق ھايات يولىغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، بىر ـ بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل خاراكتېر ، ئىككى خىل ھايات قارىشىغا ئىگە بولغان بۇ ئادەملەرنىڭ بەكمۇ قىزىق بولغان ساددا تۇرمۇش مۇناسىۋىتىدىن كىشىلىك مۇھەببەتنىڭ ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولغان قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ ئىكەنلىكىنى ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان بەكمۇ گۈزەل بىر بەدىئىي ھېكايە بارلىققا كېلىدۇ .

زوردۇن سابىر بۇ ھېكايىسىدە ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى چىنلىق ۋە مۇرەككەپلىك نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ ، پسىخىك تەسۋىر ۋە پسىخىك ئانالىز ئۇسۇلىنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىپ ، ئۇنىڭدا بولغان ھەممە نەرسىنى شۇنچىلىك روشەن ۋە بەدىئىي ئېنىقلىقتا ئېچىپ بېرىدۇ . ئۇ ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ ئەڭ كىچىك ھېسسىي كەچۈرمىشى بىلەن ئەڭ نازۇك پسىخىك ئىپادىلىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماي ، ئۇلارنى دەل ۋە توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ ، ئۇلارنى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان خاراكتېر مۇرەككەپلىكىگە ئىگە قىلىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئۇ ئوقۇرمەنلەرنى ئەسىرىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغان بەدىئىي بېشىمىگە ، يەنى ھايات غايىسى ، تۇرمۇش قارىشى ۋە تىرىكچىلىك ئادىتى قاتارلىق



ماھىيەتلىك تەرەپلەردە قىلچىمۇ بىرلىك بولمىغان ، ئوخشىمايدىغان ئىككى كىشىنىڭ بەختلىك قوشۇلۇشىنىڭ چىن ۋە تەبىئىي ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرىدۇ .

زوردۇن سابىرنىڭ پسىخىك تەسۋىر بىلەن پسىخىك ئانالىزدىكى بۇ خىل ماھارىتى ئۇنىڭ «ئىزدىنىش» رومانى بىلەن «سۇبھى» ، «خەيرلىك ئىش» ، «ۋاپادارلار» پوۋېستلىرىدا تېخىمۇ يارقىن ئىپادىلىنىدۇ . بۇ ئەسەرلەردىكى ھەربىر پېرسوناژنىڭ پسىخىك نازۇكلۇقى بىلەن ھېسسىي تەۋرىنىشلىرى شۇنچىلىك ئېنچىكە تەسۋىرلەنگەنكى ، ئۇلارنىڭ سىرلىق روھىي ئالىمى گويا جانلىق بەدىئىي سۈرەتكە كۆچۈرۈلگەندەك بىلىنىدۇ .

بەدىئىي پەلسەپىۋى مۇھاكىمە — پروزا ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلار مۇناسىۋىتىنى ئىجادىي مۇلاھىزىلەر بىلەن تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ ، ئەسەرنىڭ بەدىئىي مەزمۇنىنى مۇناسىپ كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا ئېرىشتۈرىدىغان مۇھىم بىر بەدىئىي ئامىل . ئۇ ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنىڭ بەدىئىي يەكۈنىمۇ ، ئەسەرنىڭ بەدىئىي مەزمۇنىنى شەرھلەپ چۈشەندۈرۈشمۇ ئەمەس . بەلكى ئۇ ئەسەردىكى ۋەقە ، ھادىسىلەرگە يوشۇرۇنغان بەدىئىي پىكىرلەرنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ ، ئوقۇرمەننى تېخىمۇ كۆركەم بەدىئىي مۇھىتقا باشلاپ كىرىدىغان بىر خىل ئىجادىيەت . ۋەھالەنكى ، بىزنىڭ ئەنئەنىۋى پروزىمىز بۇ مۇھىم بەدىئىي ئامىلغا ئۇزاقتىن بۇيان يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەي كەلدى ، نەتىجىدە بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىز ئاددىي ھالدىكى بايان ، تەسۋىر ۋە دىئالوگلار دائىرىسىدە قاپسىلىپ قېلىپ ، ئىجادىي بەدىئىي پىكىرنىڭ كەڭ ، ئۇنۇملۇك زېمىنى بىلەن ئۇچرىشالمىدى . يازغۇچى زوردۇن سابىر ئۆز ئىجادىيىتىدە بەدىئىي پەلسەپىۋى مۇھاكىمىگە تۇنجى بولۇپ مۇراجىئەت قىلىپ ، پروزىمىزنى يېڭى بىر قىممەتلىك مەنىۋى پەزىلەتكە ئىگە قىلدى .

< زوردۇن سابىر ئۆز ئەسەرلىرىدە ھېسسىيات دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ مول مەزمۇنلۇق ، ئىخچام مۇلاھىزىلەرنى

بېرىپ ، ئەسەردىكى بەدىئىي ئېقىمغا تېخىمۇ كۈچلۈك ھاياتىي سادا بېغىشلايدۇ . ئۇنىڭ بۇ مۇلاھىزىلىرى ئەسەردىكى زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنىڭ خاراكتېرى بىلەن پېرسوناژلار مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتىنى پىكىر تۈگۈنى قىلىپ ئىجتىمائىي ھايات ۋە بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ چەكسىزلىكىگە قاراپ كېڭىيىدۇ . ئۇنىڭدىكى ئىجادىي پىكىر ۋە ھېكمەتلەر بارغانچە تاۋلىنىپ ، قاتلاملىق بەدىئىي مەنىگە ئىگە بولۇپ ، ئاخىر يېڭى بىر ھاياتىي پەلسەپە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ»:

«ئىنسان غايە ۋە ئۈمىد بىلەن ياشىغاندىلا ، ھايات ئۇنىڭغا مەنىلىك ، قىزىق ۋە قىممەتلىك تۇيۇلىدۇ . ئۇ نەرسىلەرسىزچۇ ؟ ئۇ ھالدا ھايات توختام سۇ ، ئۆمۈر ئۇنىڭدا لەيلەپ يۈرگەن چىرىك كۆتەك ، ئۇنىڭ لەيلىگىنى بىلەن چۆكۈپ كەتكىنىنىڭ پەرقى يوق . ھاياتتا بۇنداق ئادەملەر ئازمۇ ؟ ئۇلار تۇغۇلغاندا خۇشال بولىدىغان ئادەملەر ئاز بولىدۇ . ئۆلگىنىدىچۇ ؟ قايغۇرىدىغانلار تېخىمۇ ئاز بولىدۇ . ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىغانلىقى توغرىسىدا بىرەر قىزىق ھېكايە ياكى بىرەر بەلگە ۋە نىشانمۇ قالمايدۇ .»

«ھايات ئىنسانغا تېزلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغان غەم ـ قايغۇ بىلەن بىللە مەڭگۈ ھەمراھ بولالايدىغان گۈزەل نەرسىلەرنىمۇ بەخش ئەتكەن . بۇ نەرسىلەر سۈزۈك ئاسماندەك ، قارلىرى كۆزنى چاقنىتىدىغان تاغلاردەك ، مەڭگۈ قېرىمايدىغان گۈزەل تەبىئەتتەك دائىم ساڭا ھەمراھ . گەپ سېنىڭ بۇ گۈزەللىكنى تونۇيالىشىڭدا . قەلبى پاك ئادەملەرلا ھاياتتىن چەكسىز لەززەت ئالالايدۇ . ھاياتمۇ ئۇلارغا كۈلۈپ قارايدۇ ، تەبىئەتمۇ چىراي ئاچىدۇ . ئاسمان ئۇنى پەپىلەيدۇ ، ھەممە گۈزەللىك ئۇنىڭغا يېقىنلىشىدۇ .»

بىز گېزىت ، ژۇرناللىرىمىزدا دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە بولغان بۈيۈك يازغۇچىلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئېلىنغان ھاياتىي ھېكمەتلەرنى كۆپ كۆرىمىز . بىزنىڭ زېمىنىمىز ، ئۆز مىللىي روھىمىزدا يارالغان بۇ يازغۇچىمىزنىڭ يۇقىرىقى پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلىرىنىڭ نەرى ئۇلاردىن كەم ؟



يازغۇچى زوردۇن سابىر بەدىئىي تىلنىڭ يېتىلگەن ئۇستىسى ، ئۇ ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «ئابرال شاماللىرى» رومانى بىلەن بىر قىسىم ھېكايىلىرى ئارقىلىقلا ئەينى يىللاردىكى پروزىمىزنىڭ قاتمال تىل قۇرۇلمىسىنى ئىجادىي يېڭىلىغانىدى . كېيىنچە ئۇنىڭ ئىجادىيەت دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ، ئىجادىي ئىزدىنىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ تىلى تېخىمۇ تاۋلىنىپ ، قىيامىغا يېتىپ ، زوردۇن سابىر بەدىئىي تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈردى . زوردۇن سابىر ئۆز ئەسەرلىرىدە تەييار ئەدەبىي تىلنى ئاددىي ھالدا ئىستېمال قىلمايدۇ . بەلكى ئۇنى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تەپەككۇر كۈچىگە تايىنىپ يېڭىدىن يارىتىدۇ . ئۇ ھېچ نەرسىنى ئۆز پېتى ، ئەسلىي ھالىتى بويىچە تەسۋىرلىمەيدۇ . ئەكسىچە ، ئۇنى بىر خىل ئوبراز ، جانلىق سۈرەت تۈسىدە بايان قىلىدۇ . ئۇنىڭ پېرسوناژلىرىنىڭ تىلى ئۇلارنىڭ ئۆز خاراكتېرلىرىدىن ، ئۇلارنىڭ ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە تۇرمۇش مۇھىتىدىن تۇغۇلىدۇ . شۇڭا ، ئۇلاردىن ئوقۇرمەن ئاشۇ پېرسوناژنىڭ دەل ئۆزىنى ، ئۇنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرىنى كۆرەلەيدۇ .

زوردۇن سابىرنىڭ ئەدەبىي تىلى ھەرقانداق ۋاقىتتا خاسلىقىنى يوقاتمايدىغان ئالاھىدىلىك ۋە روشەنلىككە ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭغا زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنىڭ ئۆچمەس تامغىسى بېسىلغان . زوردۇن سابىرنىڭ بەدىئىي تىلى ئۆز تەپەككۇرىدەك كەڭ ، مەنىۋى دۇنياسىدەك باي ، ھېسسىيات ئالىمىدەك رەڭدار ۋە دولقۇنلۇق بولۇپ ، جىددىي ، سەممىي كۈلكە ۋە تەلەپچان يۇمۇرلۇق تۇيغۇ بىلەن جانلاندۇرۇلغان . ئۇنىڭ تىلى چوڭقۇر ئىچكى مەنە بىلەن كۈچلۈك تاشقى مۇزىكىلىق ساداغا ئىگە بولۇپ ، ئوقۇرمەنگە ئۆزگىچە بىر خىل يېقىملىق شېئىرىي تۇيغۇ بېرىدۇ . قىسقىسى ، زوردۇن سابىر ئۆزىنىڭ ئىجادىي بەدىئىي تىلىغا تايىنىپ ھەممە نەرسىنى جانلاندۇرالايدىغان ، ئۇلارنى گۈزەللىك ۋە چىنلىق بىلەن نۇرلاندۇرۇپ ، ئوقۇرمەننى يېڭى بىر سەلتەنەتلىك بەدىئىي

مۇھىت ئىچىگە باشلاپ كىرەلەيدىغان يازغۇچى . تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ كۆرۈڭ :

«كەچ كۈزنىڭ زېمىستان پۇرىقى ئارىلاشقان نەشتەرلىك شامىلى مېنى بۇ يەردىن ھەيدىمەكتە . ئۇنىڭ زەربىسىدىن ئۈستەڭنىڭ ئېرىنچەك ، شاۋقۇنسىز سۈيى تىترەپ چىمىرلىغان چەمبىرەكلەرنى پەيدا قىلىپ ، خۇددى ھېلىلا توڭلاپ ، ئۇيۇپ قالىدىغاندەك شۈمشەيدى . دارغا ئېلىپ كېلىنگەن گۇناھكاردەك يالىڭاچلانغان قېرى تېرەكلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى شاخلىرىدا كۆكىرىپ تۇرغان ياپراقلار يەرگە قاراپ نارازى ھالدا ئاستا پىلدىرلاپ چۈشمەكتە . ئۇلار ئاپرېلنىڭ ئاخىرىدىن نويابىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئاشۇ كۆك بىلەن مۇڭدىشىدىغان شاخلار ئۈستىدە يەتتە ئاي چاۋاك چېلىپ پىلدىرلاشقان ئەمەسمىدى ؟ ئۇلارنىڭ تەقدىرى مېنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ قالغىنى نېمىسى ؟ ھايات بىلەن خوشلىشىۋاتقان نائۇمىد ئادەمدەك ئاسمانغا قارىدىم : ئاسمان خۇددى كىر سۈيى چېچىۋەتكەن ئەينەكتەك خىرە ، كۆرۈمسىز . قىزغۇچ پارچە بۇلۇتلار ئارىسىدا قاغىلار ئەنسىزلىك بىلەن قاقىلدىشىپ شۇڭغۇشماقتا . ئىزغىرىن كۈز شامىلى كۈنپېتىشنىڭ تۇمانلىق ئۇپۇق قىرغىقىدىن كۈچ بىلەن ئېتىلىپ چىقىۋاتقاندەك بارغانسېرى كۈچەيمەكتە . چاڭ ، پاخال ، چاۋار ، قەغەز پارچىلىرى مانانلىق ھاۋا قاتلىمىدا ئەنسىز ئۇچماقتا . مەن غەربكە قارىدىم ـ دە ، بىردىنلا بەزگەكى تۇتقان ئادەمدەك تىترىدىم .»

ھەممە نەرسە ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ ، ئادىمىي تۇس كىرگۈزۈلگەن بۇ پارچە بايانمۇ ، تەسۋىرمۇ ياكى مۇھاكىمىمۇ ؟ ياق ، بۇ تەبىئەت مەنزىرىسى بىلەن ئىنسان ھېس ـ تۇيغۇسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۇغۇلغان بىر سېھرىي سۈرەت . ئۇ ھاياتتا چىقىش يولى تاپالماي ھالسىرىغان بەختسىز ئادەمنىڭ ھەسرەتلىك ئىچكى دۇنياسىنىڭ مۇڭلۇق ساداسى ، ئۇ ھەقىقىي ئىجادىي بەدىئىي تىلنىڭ ئىپادە كۈچى بىلەن مەنە قۇدرىتىنىڭ يارقىن گەۋدىلىنىشى .

يۇقىرىدا بىز زوردۇن سابىر ئىجادىيىتىنى پېرسوناژلار



خاراكتېرىنى يارىتىشتىكى خاسلىقى ، پىسخىك تەسۋىر ۋە پىسخىك ئانالىزدىكى ئۆزگىچىلىكى ، بەدىئىي پەلسەپىۋى مۇھاكىمىدىكى ئالاھىدىلىكى ، بەدىئىي تىلدىكى ئۇستىلىقى ۋە ئىجادىيلىقىدىن ئىبارەت تۆت تەرەپ بويىچە قىسقىچە مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتتۇق . بۇ تۆت تەرەپ بەدىئىي پروزىنىڭ ئىجادىي تەقدىرىنى بېكىتىپ ، ئۇنىڭ بەدىئىي ئېستېتىك قىممىتىنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىللاردۇر . يازغۇچى زوردۇن سابىر پروزىمىزدا مۇشۇنداق ماھىيەتلىك تەرەپلەردە بىرىنچى بولۇپ بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭىلىق يارىتىپ ، ئۇنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش سەۋىيىسىنى يېڭى بىر ئىجادىي پەللىگە كۆتۈرۈپ ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا غايەت زور تۆھپە قوشتى . زوردۇن سابىر يىگىرمە بەش يىللىق قىسقا ئىجادىيەت تارىخىدا قانداق قىلىپ بۇنچىلىك زور ئىجادىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىدى ؟

زوردۇن سابىر تۇرمۇشنى كۆزىتىش دائىرىسى كەڭ ، ھاياتقا بولغان مۇئامىلىسى چىن ۋە سەمىمىي يازغۇچى بولۇپ ، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ قاينىمىدا ، ئۇنىڭ روھى ۋە ماھىيىتى ئىچىدە ياشىدى . ئۇ دېھقان تۇرمۇشىنى كۆزىتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ ، ئىلى ، مەكىت ۋە تۇرپان يېزىلىرىدىكى ئاددىي ئەمگەكچى خەلق بىلەن ئۇزاق مۇددەت بىللە بولدى . ئۇ زاۋۇت ، كانلارنى ئارىلاپ ، زامانىۋى سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ روھىي كەيپىياتىنى ئىگىلىدى . ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بىلەن مەنىۋى ئەقلىي قىممەت يارىتىپ ، خەلقىمىزنىڭ ئەخلاقىي ۋە ئەقلىي مۇكەممەللىككە يېتىشىگە مۇناسىپ تۆھپە قوشۇۋاتقان ئىجادكار زىيالىيلار قوشۇنى ئۇنىڭ دائىملىق دوستلىرى بولدى . ئۇ ھاياتتىن ۋە كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىن لەززەت ۋە ئىلھام ئالدى . تۇرمۇشىمىزنىڭ مەزمۇنى ، ماھىيىتى ، مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلەن يەرلىك تۈسى ئۇنىڭ پىكرى ۋە تەپەككۇرىدا دائىم بىللە ياشىدى . شۇڭا ، ئۇ مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ، ھاياتتىكى ئىجادىي قىممەتكە ئىگە بولغان ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى

تۇتۇشقا ماهىر بولۇپ ، ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىنى رېئال تۇرمۇشىمىزنىڭ كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇقى بىلەن تەبىئىي بىرلەشتۈردى . شۇڭا ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن ھەرقانداق پېرسوناژ مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ روھى ۋە ماھىيىتى بىلەن جىلۋىلىنىپ ، ئوقۇرمەنگە ئۆزى كۈتكىنىدىنمۇ كۆپ بەدىئىي زوق ۋە ئەقلىي لەززەت بەردى .

زوردۇن سابىر ئەدەبىياتىمىزنىڭ كەم تېپىلىدىغان مەدەنىيەتلىك يازغۇچىسى . ئۇنىڭ بىلىم دائىرىسى كەڭ ، ئەقلىي قۇرۇلمىسى مۇستەھكەم بولۇپ ، ئۇ تارىخىي ھايات ۋە رېئال تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى ئىلمىي ھالدا تەھلىل قىلىپ ۋە باھالاپ ، ئۇنىڭدىن مۇئەييەن ئىجادىي بەدىئىي يەكۈن چىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان تالەپچان ئەدىب . ئۇ تىنىمسىز ئۆگىنىپ ۋە ئىزدىنىپ ، بەدىئىي ئەدەبىياتقا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەممە نەرسىنى تىرىشىپ ئۆزلەشتۈردى . ئۇ مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات ، يېڭى زامان ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت ئۈچ بۈيۈك تەركىبىدىن ئاخىرغىچە مۇناسىۋىتىنى ئۈزمىدى . خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىلىرى ئۇنىڭ ئىجادىي ئاڭلىقلىقىغا يېڭى مەزمۇن قوشتى . ئۇ ياۋروپا ئويغىنىش دەۋرى ئەدەبىياتىنى ، 19 - ئەسىر ۋە ھازىرقى زامان رۇس ، فرانسۇز ، ئىنگلىز ئەدەبىياتىنى ، ھىندى ۋە تۈرك ئەدەبىياتىنى ، ئوتتۇرا ئاسىيا قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى پىششىق ئۆگىنىپ ، ئۇلاردىن زۆرۈر بەدىئىي تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىپ ، ئۆزىنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرىنى يېڭى بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈردى . شۇڭا ، ئۇ ئىجادىيەتتە ئەركىن ۋە ئازاد بولۇپ ، خالىغان تېمىسىنى خالىغان بەدىئىي كەڭلىكتە يورۇتۇپ بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى .

زوردۇن سابىر بەدىئىي ماھارەتتە كامالەتكە يەتكەن يازغۇچى . ئۇنىڭدا بەدىئىي پروزىنىڭ ھەممە ئىجادىي تەلەپلىرى تولۇق مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى تەسۋىرىي گۈزەللىك ، باياندىكى نەپىسلىك ، پېرسوناژلار تىلىدىكى خاسلىق ،



بەدىئىي پەلسەپۋى مۇھاكىمىدىكى ئىجادىيلىق كىشىنى قايىل قىلىدۇ . ئۇنىڭ قەلىمىدە مەنزىرە ۋە كۆرۈنۈشلەر ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەت قىلىدۇ . پېرسوناژلار ئىختىيارسىز تىلغا كىرىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ مەخپىي قەلب سىرلىرىنى ئاشكارىلايدۇ . ھايات ۋە كىشىلەر مۇناسىۋىتى ئۆزىنىڭ مەنىسى ۋە قىزىقىغا ئىگە بولىدۇ . قىسقىسى ، ئۇ قەلەمگە ئالغان ھەممە نەرسە ، ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىي قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلغان ھەممە دېتال ۋە تەپسىلات ئۆزىگە ، ئۆزىنىڭ ئەسلىي ھالەت ۋە قىياپىتىگە ئوخشايدۇ .

بىز قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكەن يۇقىرىقى ئۈچ ئامىل زوردۇن سابىرنى ئىجادىي كامالەتكە يەتكۈزۈپ ، ئۇنى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاخىرغىچە ئىجادىي باھارى سولمىغان ، دەۋر يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەن مەدەنىيەتلىك يازغۇچىسى قىلىپ يېتىشتۈردى .

«زوردۇن سابىر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ باشلامچى يازغۇچىسى . ئۇ ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن مىللىي روھ ، مىللىي ئېڭىمىزنى ئەدەبىياتقا كۆچۈرۈپ ، ئادىمىيلىك قىممىتىمىزنى تونۇتۇپ ، بىزگە ئۆزگىچە بىر خىل ھايات ئەقىدىسىنى تەقدىم قىلدى . مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ كىشىلەر تېخى ھېس قىلىپ يەتمىگەن پۈتۈن بىر دەۋرلىك ئىجادىي بەدىئىي خاتىرىسىنى بىزگە مىراس قالدۇردى»

1996 - يىلى 8 - ئاي
2002 - يىلى 10 - ئاي

# تەسرات چېقىنلىرى

ئىجادىي سەنئەتنىڭ قۇدرەتلىك يالقۇنىدا تاۋلىنىپ ۋايىغا يەتكەن بىر بەدىئىي ئەسەر غايەت زور سېھرىي كۈچكە ئىگە بولىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ بەدىئىي قۇدرىتى بىلەن پىكىر ئارامىڭىزنى بۇزۇپ، قەلبىڭىزدە مەنىۋى داۋالغۇش پەيدا قىلىپ، سىزنى يېڭى ۋە مۇرەككەپ پىكىر ۋە تۇيغۇلارنىڭ دولقۇنلۇق ئېقىنىغا تاشلايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن سىز هايات ۋە ئادەملەر هەققىدە، ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىر ۋە كېلەچىكى هەققىدە ئويلىنىشقا باشلايدىكەنسىز. قەلبىڭىزدە ئۆزىڭىزنىڭ يېڭى بىر غايىۋى ئەقلىي ئالەمىڭىز پەيدا بولىدىكەن. مېنىڭچە، بۇ يارىتىلغان ۋە كەشىپ قىلىنغان هەقىقىي ئىجادىي ئەسەرنىڭ ئوقۇرمەنگە بەرگەن تەڭداشسىز مەنىۋى كۈچى بولسا كېرەك.

مېنىڭ تۆۋەندە ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇۋاتقان بۇ هالسىز يازمىلىرىم ئوقۇرمەن ئەقلىنى تېخىمۇ بېيىتىپ، ئۇنى يېڭى پىكىر، يېڭى تەپەككۇرلار ئېقىنىغا باشلاپ كىرەلەيدىغان ئىجادىي ئىلمىي مۇهاكىمە ئەمەس، ئۇ پەقەت مېنىڭ ئۆتكەن بىر يىللىق ئوقۇرمەنلىك هاياتىمدا يۇقىرىقىدەك بەدىئىي پەزىلەتلەرگە ئىگە بىر قىسىم ئىجادىي ئەسەرلەر بىلەن ئۇچرىشىشىمدىن تۇغۇلغان تۇيغۇ ۋە تەسىراتلىرىمنىڭ دەسلەپكى خاتىرىسى.

قۇربان بارات: «جاڭگال يولى»

هەقىقىي شائىر ئىنسان ئەقلىدەك باي ۋە مۇرەككەپ بەدىئىي تەپەككۇر بىلەن هايات ئېقىنىدەك كەڭ ۋە قۇدرەتلىك بەدىئىي تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق ئەقلىي كۈچىگە تايىنىپ، ئىنسان هاياتى بىلەن باغلىق بولغان هەممە



نەرسىنى جانلاندۇرۇپ، تاشقى ۋەقەلىكلەر لىباسىغا ئورالغان يوشۇرۇن ماهىيىتىگە كىرىپ، رەڭدار تۇرمۇشنىڭ قايناق هېس - تۇيغۇ بىلەن نۇرلاندۇرۇلغان يارقىن لىرىك مەنزىرىلىرىنى يارىتىدۇ.

شائىر قۇربان باراتنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا يېزىلغان «جاڭگال يولى» ناملىق شېئىرى ئەنە شۇنداق شائىرانە تەپەككۇردىن تۇغۇلغان، شۇ دەۋردىكى دېهقانلارنىڭ تۇرمۇش رېئاللىقىنى بەكمۇ تراگېدىيىلىك تۇيغۇلار ۋاستىسىدە يورۇتۇپ بەرگەن هەقىقىي ئىجادىي ئەسەردۇر. 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى هەقىقەتەنمۇ شىنجاڭ يېزىلىرىدا سول سىياسەت بىلەن سول پىكىر ئېقىمى هۆكۈمرانلىق ئورنىغا كۆتۈرۈلگەن يىللار ئىدى. سۇنئىي ياساپ چىقىلغان سىنىپىي كۈرەش تۇپەيلىدىن كىشىلەر ئارىسىدا پەيدا بولغان ئارازلىق ۋە تەپرىقىچىلىك، ئېغىر مەجبۇرىيەت ئەمگەكلىرى، جاننى قاقشىتىدىغان ئازابلىق يوقسۇزلۇق، ئەنئەنىۋى ئەخلاق مىزانلىرىنىڭ ۋەهىمىسى يېزىلارنى قاپلىغان بولۇپ، شېئىردا تەسۋىرلەنگەن جاڭگالغا قومۇشقا كېتىۋېتىپ ئېغىر خىياللارغا غەرق بولغان جاپاكەش دېهقان ئەنە شۇ يىللارنىڭ تىپىك شاهىتى ئىدى.

جاپا چەكتىڭ ئىشلەپ يىل بويى،
كۆندۈزلەرنى ئۇلىدىڭ تۈنگە.
لاي سۇ بولدى قىلغان - ئەتكىنىڭ،
ئەمدى قالدىڭ مانا شۇ كۈنگە.

هاشار بىلەن ئۆتتۈڭ ئۇزۇن قىش،
كۆرپەڭ مۇزدىن، يوتقان بولدى قار.
ئېتىزدا سەن قوشنىڭ كەينىدە،
دالىلارغا كەلگەندە باهار.

مانا بۇ مىسرالار پۈتۈن ئۆمرى يوقسۇزلۇق ئىچىدە ئۆتكەن بىچارە دېھقاننىڭ رېئال تۇرمۇش ھالىتىنىڭ شېئىرلاشتۇرۇلغان ئوبرازلىق بەدىئىي سۈرىتى. ئاپتور ئۆز پېرسوناژىنىڭ ئېغىر ۋە ئازابلىق روھىي ھالىتىنى، ئۇنىڭ مۇشەققەتلىك ھاياتتىن كەلگەن تۇيغۇ - تەسىراتىنى، دېھقان تۇرمۇشىنىڭ ماھىيەتلىك كۆرۈنۈشلىرىنى ئەڭ ياخشى ئېچىپ بېرەلەيدىغان، دەللىكى بولغان تىپىك شېئىرىي دېتاللار ئارقىلىق يارقىن يورۇتۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭدا ئۇ ئۆز لىرىك پېرسوناژىنىڭ مۇرەككەپ ھېسسىياتىنى تەبىئەتنىڭ سىمۋوللۇق تۈسكە ئىگە ئالاھىدە كۆرۈنۈشلىرى بىلەن باغلاپ، ھېسسىيات بىلەن مەنزىرىنىڭ تەبىئىي بىرلىكىگە ئېرىشىپ، شېئىرىي ئوبرازنى تېخىمۇ كەڭ لىرىك مەزمۇنغا ئىگە قىلىدۇ:

ئېغىر دەسسەپ بارىدۇ دېھقان،
شامال چىمدىپ ئۆتەر يۈزىدىن.
ئاق يېغىنلىق كەچ كۈز ئاسمىنى،
ئورۇن ئالدى ئۇنىڭ كۆزىدىن.

تامچە قوندى ئاپئاق ساقالغا،
يامغۇرمۇ ئۇ ياكى كۆز يېشى؟
قۇملۇقلار ھۆل، ئاياغ ئاستى ھۆل،
ياشتىن ياكى ئاسماننىڭ ئىشى؟

شېئىرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدىكى ھەممە لىرىك ئوي - پىكىرلەر بىر - بىرىدىن يارقىن، بىر - بىرىدىن جانلىق بولغان تىپىك شېئىرىي ئوبرازلار مۇھىتىدا ئەكس ئەتكەن. شائىر قەلەمگە ئالغان ھەرقانداق بىر ھاياتىي دېتال ئەسلىي ھالىتى بويىچە توپتوغرا ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان. ئەكسىچە، ئۇلار كىشىدە



چىنلىق ۋە كونكرېتلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغان جانلىق بەدىئىي سۈرەت تۈسىگە كەلتۈرۈلگەن. مانا بۇ ئەينى يىللار رېئال ھاياتىنىڭ، شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ نازۇك ۋە مۇرەككەپ تۇيغۇ - ھېسسىياتىنىڭ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن تىپىك شېئىرىي مەنزىرىلەرگە كۆچۈرۈلۈشىدۇر. شائىر قۇربان بارات «جاڭگال يولى» ناملىق بۇ شېئىرى ئارقىلىق بىچارە دېھقانغا بولغان ۋىجدانىي ھېسداشلىقىنى يېڭى شېئىرىي پىكىرلەر بىلەن قايتا نۇرلاندۇرغان.

## مەمتىمىن ھوشۇر: «كۆز يامغۇرى»

ئىجتىمائىي تۇرمۇش — باي ۋە مۇرەككەپ زىددىيەتلەر توقۇنۇشى بىلەن پۈتمەس - تۈگىمەس ھاياتىي ھېكمەتلەرنىڭ پايانسىز ئالىمى. ئۇنىڭدا ياشاۋاتقان ھەربىر ئادەم بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەرقانداق بىر شەيئى ئۆز ئالدىغا بىر سىرلىق دۇنيا. ھاياتنىڭ باي ۋە خىلمۇخىللىقىنى ئەسلىي قىياپىتى بويىچە ئېچىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان تەلەپچان يازغۇچى بۇ سىرلىق دۇنياغا بارلىقى بىلەن كىرىپ، ئۇنىڭ سىر - ھېكمەتلىرىنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈپ، ھاياتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بىلەن كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتىنى بەدىئىي - ئېستېتىك نۇقتىدىن يورۇتۇپ بېرىدىغان تىپىك بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتالايدۇ. يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر «كۆز يامغۇرى» ھېكايىسىدە ھالال ئەمگەك ۋە ئەزگۈ نىيەت خاسىيىتىدە تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىقتا پۈركەنگەن ئاددىي بىر ئۇيغۇر يېزىسىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ يەرنىڭ كىشىلىرى شۇنچىلىك ساددا ۋە ئاق كۆڭۈل، ئۇلارنىڭ قەلبى ئېتىقاد ۋە ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي چۈشەنچىلەر بىلەن تولۇق. ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتى ئاشۇنداق پاك، روھىيىتى ئاشۇنداق ساپ ۋە ئازادە بولغىنى ئۈچۈن ئۇلار بىر - بىرىگە شۇنچىلىك مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان. بىر كۈنلەر كېلىپ مەملىكەتنى ئاپەتلىك ئىجتىمائىي قاينامغا تاشلىغان شىددەتلىك

سىياسىي بوران قويۇنى بۇ يېزىدىمۇ كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن يېزىنىڭ ئاسايىشلىق تۇرمۇشى ئىزىدىن چىقىپ، ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممە مىزانلىرى بۇزۇلدى. ئەزەلدىن ھاياتقا مۇھەببىتى بولمىغان، كىشىلەرگە ياخشىلىق ۋە تىنچلىقنى راۋا كۆرمەيدىغان ساددا ۋە قارام دېھقان ئەختەم ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي ئەخلاقىي مۇھىتتا بەدئىي سەھنىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جاھىللىقى ۋە شەپقەتسىزلىكى بىلەن ئەترەتنىڭ دىكتاتورا ئوبيېكتى قىلىنغان ھاشارچىلارنى باشقۇرۇش ئىشىغا قويۇلدى. ھاياتنىڭ نېمىلىكىنى، ئادىمىي مۇناسىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەقلەن ھېس قىلىپ يەتمىگەن ئەختەم بۇ ئىشقا بارلىقى بىلەن كىرىشىدۇ. ئۇ خالىغان كىشىنى ئۇرۇپ ۋە ھاقارەتلەپ، ھەممە ئادەمنى جاق تويغۇزغان بىر ھازازۇلغا ئايلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتلار دەل ئىشچان، ئاق كۆڭۈل، ئەدەپلىك يېزا يىگىتى نادىرنىڭ ئۆمۈرلۈك ۋاپادارى رەشىدە بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغان بەختلىك كۈنلىرى ئىدى. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، نادىر يوقىلاڭ بىر سىياسىي بەتنام بىلەن تۇتۇلۇپ، ھېلىقى ھاشارچىلار توپىغا قوشۇلۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەختەم ھېچقانداق ئۆچ ـ ئاداۋىتى بولمىغان نادىرغا چوڭقۇر ئۆچمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغان بولىدۇ. ئۇ نادىرنى ئېغىر ئەمگەك بىلەن ھالسىرىتىپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئاددىي ئادىمىي ئەركىنلىكىنىمۇ تارتىۋالىدۇ. كېيىنچە ئۇ تېخىمۇ قەبىھلىشىپ، نەچچە ئايدىن بېرى كۆرۈشمىگەن ۋاپادار ئايالىنى سېغىنىپ رېجىمدىن رۇخسەتلىك ئايرىلغان نادىرنى ئىسسىق ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېتىدۇ. نادىر ئىنسان تۇيغۇسىغا يات بولغان بۇنداق زورلۇققا زادى تاقەت قىلالماي تۇرالمايدۇ. ئۆمۈر بويى ئۇنتۇلمايدىغان بۇ ئەلەملىك ھەسرەت ئۇنىڭ پاك قەلبىدە قىساسخورلۇق ئوتىنى ياندۇرۇپ، ئۇنى ئەختەمنىڭ ئۆمۈرلۈك دۈشمىنىگە ئايلاندۇرىدۇ. كېيىنچە يېزىدا بوران ـ چاپقۇنلار



تىنچىپ، ھەممە ئىشلارنىڭ بۇرۇنقى ئىزىغا چۈشۈشى ئەختەمنىڭ روھىي دۇنياسىغا بىر ئازابلىق داۋالغۇش پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ كېيىنكى ھەممە بەخت ـ سائادىتى بىلەن ئازابلىق ھايات تراگېدىيىسىمۇ دەل مۇشۇ نۇقتىدىن باشلىنىدۇ: ئۇ ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىگەندىن كېيىن قەلبىدە ھاياتنىڭ يېڭى زوق ـ شوقى پەيدا بولۇپ، ئىگە ـ چاقىسىز كەلگۈندى قىز ئايشەمگۈل بىلەن توي قىلىدۇ. ئەختەم بەختلىك تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، راھەت ۋە قەدىر ـ قىممىتىدىن ئەقلى ئېچىلىپ ئەسلىدىكى ئىنسانىي سۈپەتلىرىگە قايتقان، مۇھەببەت ۋە مېھرىبانلىقنىڭ خاسىيىتى بىلەن كىشىلەرنى ھەقىقىي قەدىرلەيدىغان ئاق كۆڭۈل ۋە مەرد بىر ئادەمگە ئايلانغان چېغىدا ئۇنىڭ بەخت شامى بىردىن ئۆچىدۇ. ئۇنىڭ ئەقىل ۋە ۋىجدانىنى مۇھەببەتنىڭ ھارارەتلىك يالقۇنىدا پاكلاپ، قەلبىدە شۇنچىلىك ساپ ۋە گۈزەل ھاياتىي تۇيغۇلارنى ئويغاتقان ئايشەمگۈل ئۇنىڭ ھەممە نەرسە تەل بولغان باياشات ئۆيىنى تاشلاپ، مۇھەببەت ۋە شادلىقنىڭ ئۆز ئارزۇسىدىكى يېڭى لەززەتلىرىگە تويۇنغان ئەركىن، ئازاد ھاياتنىڭ سېھرىي قوينىغا قايتىپ كېتىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ھېچكىمگە بىر قېتىم تىكىلىپ قارىمىغان ياۋاش ۋە ئۇياتچان نادىرنى ئايالىنىڭ ئىسسىق قۇچىقىدىن سۆرەپ چىقىپ، ھاشارغا ھەيدەپ كەتكەن ئەختەم ئەمدى رەھىمسىز تەقدىرنىڭ ھاقارەتلىك مەسخىرىسىگە قالىدۇ. ئۇ ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ ئەقلەن ھېس قىلىپ، ئاڭلىق ۋە ئىختىيارىي ھالدا ئىنتىلىپ كۆرمىگەن مۇھەببەت ۋە ياخشى كۆرۈش دېگەنلەرنىڭ بۇنچىلىك زور ھاياتىي قۇدرەتكە ئىگە مەنىۋى كۈچ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن ئازاب ۋە خورلۇق ھېس قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەقىل، ۋىجدان ۋە ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەتتە بۇنچىلىك ئەرزان ۋە يارامسىز بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئەلەملىك ياش تۆكىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەممە ھاياتىي ئارزۇلىرىدىن قول ئۈزۈپ، شەپقەتسىز

تۇرمۇشنىڭ خورلۇق پاتقىقىغا پېتىپ ، ۋاپاسىز ھايات ، رەھىمسىز تەقدىر بىلەن چەكسىز ھەسرەت ۋە ئەلەم ئىچىدە خوشلىشىدۇ . ئاپتور بۇ ھېكايىسىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنىڭ بەكمۇ تىپىك ، بەكمۇ ئومۇمىي تۈس ئالغان جانلىق بىر كۆرۈنۈشىنى قەلەمگە ئېلىپ ، خاراكتېر يېقىدىن تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل دېھقان ئوبرازىنى يارىتىپ ، ئۇلارنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ بەدىئىي تەسۋىرى ئارقىلىق ئىنساننى روھىي تەرەپتىن بۇزۇپ ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئادىمىيلىكنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇچقۇنلىرىنىمۇ ئۆچۈرۈپ تۈگىتىدىغان ھەممە ئەخلاقىي رەزىللىكلەرنى قارىلاپ ، قەلبى مۇھەببەت ۋە پاكلىقتىن نۇرلانغان ئالىيجاناب ئىنساننىڭ مەنىۋى گۈزەللىكىنى مەدھىيىلەيدۇ . تەقدىرنىڭ ھاياتتىكى ھەرقانداق ئادەمگە نىيەت - ئىقبالى قانداق بولسا شۇنداق كۈن بېرىدىغانلىقىنى ، شەخسنىڭ ھاياتىي ئىنتىلىشىنى بوغىدىغان ھەرقانداق رەزىللىكنىڭ ئۆمۈرلۈك بىر غايىۋى قىساس تەھدىتى ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى ، خۇنۇك مەنىۋىيەت ئىگىسىنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆزى كۆتمىگەن بىر ھاياتىي پاجىئەگە ، تەقدىرنىڭ ھەرقانداق قىلىپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ھالاكەتلىك بىر جازاسىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئوبرازلىق ئېچىپ بېرىدۇ . مانا بۇ «كۆز ياماغۇرى» ھېكايىسىنىڭ رېئال ھاياتنىڭ تىپىك كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بەدىئىي تەسۋىرى ئارقىلىق يارانقان يۈكسەك ئېستېتىك قىممىتى . «كۆز ياماغۇرى» ھېكايىچىلىقىمىزدا كەم تېپىلىدىغان بەدىئىي يارقىنلىققا ئېرىشكەن ، ئەخلاقىي پاكلىق ۋە ئەقلىي مۇكەممەللىككە ئىنتىلىشنىڭ ئىنساننىڭ مەنىۋى كامالەتكە يېتىشىنىڭ بىردىنبىر يولى ئىكەنلىكىنى بەدىئىي ھالدا گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىپ ، ئوقۇرمەنلەرگە روھىي ئەركىنلىك ۋە مەنىۋى ئازادلىقنىڭ كەڭ نۇرانە ئالەمىنى ئېچىپ بەرگەن بەدىئىي پەلسەپىۋى مەزمۇن قاتلىمىغا ئىگە بولغان يېپيېڭى ئىجادىي ئەسەر . ئۇ بۈگۈنكى زامان ھېكايىچىلىقىمىزنىڭ كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان



بىر بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى .

«كۆز ياماغۇرى» ھېكايىسىنىڭ ئوقۇرمەننى قايىل قىلىدىغان يەنە بىر ئۆزگىچىلىكى شۇكى ، ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى جانلىق ۋە تىپىك ، بەدىئىي سەھنە ئىخچام ۋە يىغىنچاق بولۇپ ، ھەممە نەرسە چەت ۋە خىلۋەت بىر كەنتتىكى ئاددىي ئىككى دېھقان ئائىلىسىنىڭ ئادەتتىكى تۇرمۇش ۋە تىرىكچىلىك مۇھىتى ئىچىگە يىغىلىدۇ . ھېكايە مۇرەككەپ ، ئەگرى - توقاي ، ئاجايىپ - غارايىپ غەلىتە ۋەقەلەردىن خالىي بولۇپ ، بۇ ھېكايە سۇژىتىغا خۇددى دېھقان تۇرمۇشىدەك ساددىلىق ۋە تەبىئىيلىك بېغىشلايدۇ . ھېكايە پېرسوناژلار خاراكتېرلىرىنىڭ چىنلىقى ، تۇرمۇش ئادەتلىرىدىكى خاسلىقى ۋە سەمىمىيلىكى ، بەدىئىي تەپسىلاتلارنىڭ تىپىكلىكى ، ھېكايە تىلىنىڭ دېھقان تۇرمۇش پۇرىقىغا بايلىقى ، تەبىئىي ۋە سەمىمىي كۆلكە تۈيغۇسىغا تويۇنغانلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە شۇنچىلىك يېقىن ۋە سۆيۈملۈك بولۇپ تۇيۇلىدۇ . ئېنىقكى ، بۇنداق ئەسەر ئوقۇرمەن ئېڭىغا يېڭىچە بىر ئېستېتىك زوق بېغىشلاپ ، ئۇنىڭ روھى ۋە ئەقلىنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي غايىۋى مەقسىتى بىلەن بىر پۈتۈن مەنىۋى گەۋدىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ .

بۇغدا ئابدۇللا : «مەلىكە ئامانىيسا»

شائىر بۇغدا ئابدۇللا بۇ لىرىك داستانىدا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتان ئابدۇرىشىتخان دەۋرىدە ياشاپ ۋە ئىجاد قىلىپ ، مۇقامنىڭ رەتلىنىپ قېلىپلىشىشى ۋە خەلق ئىچىگە تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشىغا بۈيۈك تۆھپە قوشقان مۇقامشۇناس ، شائىرە مەلىكە ئامانىيسانىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس شېئىرىي ئابىدىسىنى تىكلەشنى مەقسەت قىلىدۇ . ئۇ داستاندا تارىخىي مىللىي ھايات كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بەكمۇ تىپىك ۋە بەكمۇ ماھىيەتلىك تەپسىلاتلىرىنىڭ شېئىرىي مەنزىرىلىرىنى سىزىپ بېرىپ ، ئۆز دەۋر تۇرمۇشىنى يارانقان سەنئەتخۇمار خەلقىنىڭ مىللىي روھ ، مىللىي ئېڭىنىڭ ئوقۇرمەن ئۈچۈن

يېپيېڭى بولغان ئىجادىي شېئىرىي لەۋھەلىرىنى يارىتىدۇ .
شائىر داستانىدا ئەسىرىنىڭ بەدىئىي مەزمۇنىغا مۇناسىپ ھالدا ئەينى دەۋردىكى شاھلار ھاياتى بىلەن سارايى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى كەڭ سەھىپىدە قەلەمگە ئالىدۇ . شۇ يېرى خاراكتېرلىككى ، ئۇ بۇنىڭدا ئەنئەنىۋى ئەقىدە ۋە چۈشەنچىلەر كەينىدىن ئەگەشمەي ، شاھلار خاراكتېرىنى سىنىپىي - سىياسىي نۇقتىدىن ئەمەس ، بەلكى ئۆزىنىڭ ئەقلى ۋە تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتالايدىغان مۇستەقىل ، تىرىك ئادەم نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە قىلىپ ، سەلتەنەتلىك شاھانە تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدىنمۇ پاك ۋىجدان بىلەن ساغلام ئەقىل - ئىدراكنىڭ نۇرانە ئۇچقۇنلىرىنى تاپىدۇ . ئۇلارنى قىيامىغا يەتكۈزۈپ ئەكس ئەتتۇرۇپ ، ئىنسان قەلبىنىڭ باي ۋە رەڭدارلىقى بىلەن مۇرەككەپ ۋە سىرلىقلىقىنى تىپىك تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ئارقىلىق جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ . شۇڭا ، داستاندا تەسۋىرلەنگەن ئامانىسا بىلەن سۇلتان ئابدۇرىشىتخاننىڭ مۇھەببىتى بىزگە شۇنچىلىك ساپ ، تەبىئىي ، ئىنسانىي سۈپەتلەرگە شۇنچىلىك باي بولغان ھەقىقىي ھالال ، ئەقىدىلىك سۆيگۈ بولۇپ تۇيۇلىدۇ .
ئاپتور داستان پېرسوناژلىرىنىڭ مەنىۋى خاراكتېرلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەندە ، ئەينى زامان مىللىي تۇرمۇشىنىڭ مەزمۇن ، ماھىيىتىنى بەدىئىي مىزان قىلىپ ، پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئانا تەبىئەت بىلەن مىللىي ئەقىل ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى بۆشۈكى بولغان تەكلىماكان روھى بىلەن بىر پۈتۈن نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ پېرسوناژلار ئەينى دەۋرنىڭ تۇرمۇش رېئاللىقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ ، تېخىمۇ پايانسىز ھايات كۆكىدە پەرۋاز قىلىپ ، ئوقۇرمەن قەلبىنى بىرمۇنچە يېڭى ئەقلىي ھېكمەتلەر بىلەن بېيىتىدۇ .
شۇنداق قىلىپ ، ئاپتور تارىختا شۇنچە بۈيۈك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ياراتقان پاراسەتلىك خەلقىمىزنىڭ ناخشا بىلەن



تۇغۇلۇپ ، ناخشا بىلەن ئۆلىدىغان ، ئۆزىنىڭ مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى ئۆزلىرىنىڭ تۈگىمەس ناخشىلىرىدا تىنىمسىز كۈيلەپ ، ھاياتىي ئەبەدىيلىككە يېتىدىغان يىمىرىلمەس مىللىي روھىنىڭ دولقۇنلۇق بەدىئىي ئېقىنىنى يارىتىش مەقسىتىگە يېتىدۇ .
داستاننىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى ، ئاپتور ئەسىرىدە لىرىك ئوبراز يارىتىشنى ئىجادىيىتىنىڭ تۈپ يۆنىلىشى قىلىپ ، ئوخشىتىش ، جانلاندۇرۇش ، تەڭلەشتۈرۈش ، سىمۋوللاشتۇرۇش ، مۇبالىغىگە ئوخشاش بەدىئىي ۋاسىتىلەرنى ئىجادىي قوللىنىپ ، داستاننى قويۇق شېئىرىي ئوبرازچانلىققا ئىگە قىلىدۇ . ئۇنىڭدا تەبىئەت جانلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ . پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى سىرلىق ئالەمنىڭ پايانسىزلىقىغا تەڭلەشتۈرۈلىدۇ . مۇقامنىڭ ئىچكى مۇزىكىلىق ساداسى نۇرانە قۇياشنىڭ ئاتەشلىك ھارارىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلىدۇ . ئۇنىڭدىن ياغقان مۇڭ ۋە جاسارەتنىڭ قۇدرەتلىك ئېقىمى مىللىي روھ ، مىللىي ئېڭىمىزنىڭ شېئىرىي سۈرىتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ . ئۇلاردا قوللىنىلغان ئوخشىتىش ، جانلاندۇرۇش ۋە مۇبالىغىگە ئوخشاش بەدىئىي تەركىبلەر داستاندا يارىتىلغان ھەربىر لىرىك ئوبراز بىلەن تەبىئىي بىر پۈتۈنلۈككە ئايلىنىپ كېتىدۇ :

ياپراقتا تىترىگەن شەبنەمدەك ،
ئوتتۇنچى كۆزىدە ئىسسىق ياش .
مۇرادى غۇنچىسى ئەنە شۇ ،
تۇغۇلدى ئۈمىدتىن بىر قۇياش .
...
پەلەكتىن يۈكسەكلىك تالاشقان ،
يەكەننىڭ ساناقسىز مۇنارى .
گۈمبەزلەر ھەربىرى بىر ئاسمان ،

جان تاپقان ھەر نەقش نىگارى .
مەلىكە دەرلەرگى ، گۈل ھىدى ،
ياپراقنىڭ قوينىدا پىنھاندۇر .
مۆكۈندۈم ھەر تارنىڭ ئىچىگە ،
جامالىم — مۇقامدۇر ، ئاھاڭدۇر .
ئورمانلار ناخشىنىڭ بۆشۈكى ،
چوققىلار مۇقامنىڭ ئەۋجىدۇر .
بۇلاقلار ئۈزۈلمەس كۈمۈش تار ،
يالقۇنلار ھارارەت تەپتىدۇر .

بەدىئىي ئەدەبىيات ئەسلىي ماھىيىتىدىن ئالغاندا رېئال ھايات تەسىراتلىرىدىن تۇغۇلغان خىيال ۋە فانتازىيىنىڭ مەھسۇلى . ئۇ يېڭى تەپەككۇرلار ئېقىنى بىلەن كەڭ ۋە ئەركىن تەسەۋۋۇرلار پەرۋازىدىن تۆرىلىپ ، كىشىلەر قەلبىدە ۋايىغا يېتىدىغان ، ئۇلاردا ئويغانغان ھەر خىل تۇيغۇ ۋە تەسىراتلارنىڭ كۈچى ۋە خاسىيىتى بىلەن بىپايان ئالەمگە بېرىپ تۇتىشىدىغان بىرخىل ئەقلىي گۈزەللىك . شۇڭا ، خىيال ۋە فانتازىيە بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىجادىي ئامىلى بولغان ئەدىبنىڭ بەدىئىي دىت ، بەدىئىي ئىقتىدارىنى ، يارىتىش ۋە كەشىپ قىلىش قابىلىيىتىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان خىسلەتلىك بەدىئىي ئەينەك .

شائىر بۇ داستاندا رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىغا تايىنىپ ، ئەينى دەۋرنىڭ تارىخىي تۇرمۇش رېئاللىقىنى چىن ۋە ھەققانىي ئەكس ئەتتۈرگەن . شۇنداقلا ، ئۇنىڭغا يەنە رومانتىك ئىجادىي تەركىبلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ، تەكلىماكانغا كۆمۈلگەن ئەسىرلىك مۇمىيادىن تەمبۇرنىڭ چىقىشى ، سېھرىي قۇدرەتكە ئىگە بولغان خاسىيەتلىك مەلىكىنىڭ سازەندە بوۋايغا ئالتۇن تار ھەدىيە قىلىشىغا ئوخشاش فانتاستىك لىرىك كۆرۈنۈشلەرنى كىرىشتۈرۈپ ، داستاننىڭ بەدىئىي چىنلىق دەرىجىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان . شۇنداق



قىلىپ ، ئۇيغۇر لىرىك داستانچىلىقىدا رېئالىزم بىلەن رومانتىزمنى ئىجادىي بىرلەشتۈرۈشنىڭ جانلىق بەدىئىي نەمۇنىسىنى ياراتقان . «مەلىكە ئامانىسا» — مىللىي تارىخىي تۇرمۇشىمىزنىڭ ئىنتايىن كەڭ ۋە سەلتەنەتلىك بىر دەۋرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلانغان لىرىك داستان . لېكىن ، ئۇ شۇنچىلىك ئىخچام ۋە يىغىنچاق بولۇپ ، ئۆز ھەجمىگە قارىغاندا ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇننى سىغدۇرغان . بۇ ھال شائىرنىڭ تۇرمۇشنى يۇكسەك دەرىجىدە تاۋلاپ ۋە تىپىكلەشتۈرۈپ ، ئۇنى رەڭدار لىرىك ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەن ئەڭ قىسقا ۋە يىغىنچاق بەدىئىي لەۋھەدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئالاھىدە بەدىئىي ماھارىتىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن .

ياسىن زىلال : «ئەلۋىدا شائىر»

تومۇرىدا تارىم ، يورۇقلاش ،
روھ ۋەسلىدە نوم ئاھى ، باغداش .
يۈرىكى ئوت يالقۇنتاغ ئوخشاش ،
بېشى بۇغدا كەبى ئاپئاق باش .
تارىم ، جوڭغار ئىككى قولىدا ،
سۆيگۈسىدە ئاي بىلەن قۇياش .
كۆكۆل ـ كۆكسى يايلاقتەك چەكسىز ،
دىلى مىليون دىللارغا تۇتاش .
ئۇلتۇراتتى نۇر ئارا بىر زات ،
تەڭرىتاغنىڭ يېنىدا يانداش .

مانا بۇ شائىر ياسىن زىلالنىڭ ئەلەم ۋە ھەسرەت ياشلىرى بىلەن ھۆللەنگەن لىرىك مەرسىيىسى «ئەلۋىدا شائىر»دا تەسۋىرلەنگەن ، بەدىئىي تالانت ۋە ئىلىم ـ ھېكمەتتە يۇكسەك بىر نۇرانە پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ ، ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي كامالەتنىڭ

مەڭگۈلۈك ھاياتىي ئابىدىسىگە ئايلانغان بۈيۈك زات ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ سەلتەنەتلىك بەدىئىي سىيماسى. قاراڭ، نۇرغا پۈركەنگەن «پامىر»دەك گىگانت بەستلىك بۇ زات بىزنىڭ ھەممە ھەسرەت - نادامەتىمىز بىلەن شادلىق ۋە ئىپتىخارىمىزنىڭ ئۆمۈرلۈك شاھىتى بولغان مۇقەددەس بىر تاغ بىلەن مۇڭداشماقتا. ئۇنىڭ شىجائەتلىك قەلبىدە ئانا يەرنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي ئېقىنى جۇش ئۇرۇپ ئاقماقتا. ئۇنىڭ «يالقۇنتاغ ئوخشاش» يالقۇنلۇق يۈرىكى ئەبەدىيلىككە ئىگە بۇ زېمىننىڭ ئالەمچە مۇھەببىتى بىلەن ئوت بولۇپ يانماقتا. بۈيۈك ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ شانلىق مەدەنىيەت تارىخىنى ياراتقان ئۇلۇغ خەلقىنىڭ بۇ «مۆھتەرەم نەسلى» ئۆز خەلقىنىڭ تەشۋىش ۋە خۇشاللىق ياشلىرىدا «تاھىر» بولۇپ ئاقماقتا. شائىر مەرسىيىسىدە ئۆز لىرىك پېرسوناژىنى بەدىئىي تىل ۋاستىسىدە ئىپادە قىلىش مۇمكىن بولغان ھەممە بۈيۈك سۈپەت ۋە ئالىي پەزىلەتلەر بىلەن ئۇلۇغلايدۇ. ھەتتا ئۆز لىرىك پېرسوناژىنىڭ ئاددىي، لېكىن مەنىلىك ھايات يولىنى «ئەلنىڭ غەمخان ئاتىسى» بولغان «نۇر - پەرىشتە» دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلقىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىززەت - ھۆرمىتىگە كۆمۈلگەن بۇ ئاددىي ئىنساننىڭ لىرىك ئوبرازى پاكلىق ۋە ئالىيجانابلىقنىڭ غايىۋى - سېھرىي يۈكسەكلىكىدە ئايان بولۇپ، ئوقۇرمەننىڭ لىرىك پېرسوناژغا بولغان ئەسلىدىكى تەبىئىي مۇھەببىتىنى تېخىمۇ بېيىتىپ ۋە ئۇلغايتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ۋىجدانىي دوستى ۋە ئۇستازىغا ئايلاندۇرىدۇ. بۇ ھال شېئىرنىڭ كېيىنكى بۆلەكلىرىگە سىڭدۈرۈلگەن مۇسىبەت ۋە ھازا ساداسىنىڭ پۈتكۈل خەلقنىڭ قايغۇ ۋە ھەسرىتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشىنى مۇناسىپ بەدىئىي مۇقەررەرلىك بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مەرسىيە لىرىك پېرسوناژىنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمى بىلەن شېئىرنىڭ غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىدا جانلانغان ۋەزمىن بەدىئىي ئېقىمى بىردىن كۆتۈرۈلۈپ، كىشى قەلبىنى ئېزىدىغان ئېغىر ھەسرەتتىن كەلگەن ئەلەملىك مەنىۋى ساداغا ئۆزگىرىدۇ. ئەمدى ئوقۇرمەن كۆز ئالدىدا بىر - بىرىدىن ئېغىر ۋە ئازابلىق



بولغان ھەسرەتلىك بەدىئىي سۈرەتلەر ئايان بولىدۇ:

ئەلەم ئەزدى ئالەم كۆكسىنى،
يۈرەكلەرگە ئۇرۇلدى بازغان.
بۇلۇت كۆمدى قۇياش ھۆسنىنى،
قىزىل دەريا ئاقتى چايقاپ قان.
مۇڭ دەسسىدى ئېلى بەستىنى،
يورۇقاشنىڭ ۋادىسى ۋەيران.
چاراسلىدى ئالتاي، يالقۇنتاغ،
بوغدا كۆلى ياش تولغان پەيمان.
زېدىلەندى ھازىدار مىللەت،
دىلىم كاۋاپ، باغرىم ئاتەشدان.

مۇدھىش ئۆلۈمدىن باغرى ئېزىلىپ چېھرىنى ئەلەم كۆلەڭگىلىرى، كۆزلىرىنى «مەرۋايىت ئېقىن»لار قاپلىغان مىليون كىشىلىك ھازىدارلار توپى. ئەلەم بازغىنىدىن كۆكسى مىجىلغان پايانسىز ئالەم بىلەن ھەسرەت تۇمانلىرىدىن نۇرى ئۆچكەن، خىرەلەشكەن قۇياش. ۋەزنى ئالەمچە ئېغىر مۇسىبەتتىن قېتىپ قالغان سۈكۈتلۈك كائىنات. ھەممە يەر، ھەممە ئادەم بۈيۈك بىر تەنھالىق ئەلىمىدىن ئازابلىق ئۆكسۈمەكتە.

مەرسىيىدە يارىتىلغان بۇ شېئىرىي مەنزىرىلەر شۇنچىلىك چىن، شۇنچىلىك رەڭدار بولۇپ، لىرىك پېرسوناژىنىڭ نۇرلۇق قەلبىگە ئوخشاشلا يارقىن. ئىنسان ھاياتىدەك كەڭلىك ۋە ئەبەدىيلىككە ئىگە بولغان بۇ بەدىئىي مەنزىرىلەرنىڭ پايانى قەيەردە؟ بۇ ھەربىر ئوقۇرمەننىڭ ئەقلىي تەسەۋۋۇر ۋە زېھنىي تەپەككۇر بوشلۇقىدا. بۇ بوشلۇق ئوقۇرمەننىڭ تەگسىز پىكىر - خىياللىرىنىڭ تىنىمسىز ئېقىمىغا ئەگىشىپ كېڭىيىپ، ھايات ۋە كىشىلەر قەلبىنىڭ سىر - ھېكمەتلىرىنىڭ پايانسىز ئالىمىگە تۇتىشىپ كېتىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي ئىجادىي ئەسەر تەسىرىدە

ئوقۇرمەن قەلبىدە تۇغۇلۇپ ۋايىگە يەتكەن بەدىئىي ـ ئېستېتىك زوقنىڭ تەڭداشسىز مەنىۋى كۈچى.

شائىر بۇ مەرسىيىسىدە شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ تۈپ بەدىئىي تەلىپىگە ئەمەل قىلىپ، لىرىك ئوبراز مۇكەممەللىكىگە ئىنتىلىپ، پىكىر ۋە تەسەۋۋۇرنى كەڭ ۋە ئەركىن قويۇۋەتكەن. ئۆز لىرىك پېرسوناژىنىڭ مۇسىبەت ئازابىدىن تۇغۇلغان تۇيغۇ ـ تەسىراتىنى ئەلەم ۋە قايغۇنىڭ پايانسىزلىقىغا كېڭەيتىپ، ئۆلۈم دەھشىتى ئازابىنىڭ ھەممە ئۇچۇن ئورتاق بولغان ئەلەملىك تۇيغۇلىرىنى ئىجادىي ھالدا ئومۇملاشتۇرغان، ئۇنى لىرىك پېرسوناژىنىڭ مۇسىبەت بىرلىكىگە قويۇپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى غايەت كەڭ ۋە يۈكسەك ئەقلىي، ئەخلاقىي قىممەتكە ئىگە قىلغان.

مەلۇمكى، شېئىر لىرىك ئوبرازلار كۈچىدە تىرىلىپ، ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ نەزمىي بايانىدا ئۆلىدىغان بەكمۇ نازۇك ۋە مۇرەككەپ بىر سەنئەت. ئۇ پەقەت ئوقۇرمەن ئەقلىنى لال قىلىدىغان رەڭدار لىرىك ئوبرازلار بىلەن ھەرىكەتچان بەدىئىي سۈرەتلەر مۇھىتىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. شائىر بۇ مەرسىيىسىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرى بىلەن كىشىلەر خاراكتېرىنىڭ ئىپادىلىرىنى ئەسلىدىكى تەبىئىي ھالىتى بويىچە قوبۇل قىلماي، ئۇلارنى ئىجادىي ئوبرازلاشتۇرۇش ئارقىلىق چىنلىق ۋە گۈزەللىك تۇيغۇلىرىغا تېخىمۇ تويۇندۇرغان. ھەممە نەرسىنى ئوبراز ۋە سۈرەت تۈسىدە بايان قىلىپ ھەم خىيال ۋە تەسەۋۋۇر كۈچى ئارقىلىق جانلاندۇرۇپ، ئوقۇرمەننى ئادەتتىكى تەبىئىي ھېسسىي دۇنيادىن ئېنىقلىق ۋە كونكرېتلىقتا ئىگە بولغان سەنئەتلىك ئوبرازلار ئالەمىگە باشلاپ كىرگەن. نەتىجىدە ئۇنىڭ بۇ مەرسىيىسى ئوقۇلۇشى بىلەنلا ئوقۇرمەن قەلبىگە كۆچۈپ، ئوقۇرمەننىڭ پىكرى ۋە تۇيغۇسىدا يېڭى ھاياتى باشلىنىدىغان ئالاھىدە بەدىئىي ـ ئېستېتىك پەزىلەتكە ئىگە بولغان:



...

تىرىكلەرنى تىلغىدى ھازا،
يۈرەكلەرگە چۈشتى ئوت ـ چېقىن.
بۇلدۇقلىدى ياشلار ئۇلغىيىپ،
چېھرىلەردە مەرۋايىت ئېقىن.

...

ئاپئاق بەتلەر قالدى ئاق پېتى،
ئاق دەپتەرلەر تاشلىدى ۋاراق.
ئاپئاق بەتلەر ئاق باغاق بولۇپ،
يىغلاپ ـ يىغلاپ يول ئالدى ھەرياق.

«ئەلۋىدا شائىر» — ھەربىر بەدىئىي بۆلىكى ئون شېئىرىي مىسرانىڭ گۇرۇپپىلىنىشىدىن تۈزۈلۈپ، ئەركىن ئاھاڭدارلىقنى تەلەپ قىلىدىغان، ھەربىر بەدىئىي بۆلەكتە نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولغان لىرىك ھېسسىيات بىلەن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە ئالاھىدە لىرىك مەزمۇن يورۇتۇپ بېرىلىدىغان مۇرەككەپ بىر بەدىئىي شەكىلدە يېزىلغان. لېكىن، شائىر چەكلىمىلىككە ئىگە بولغان مۇشۇنداق قىيىن شېئىرىي شەكىلدىمۇ شۇنچىلىك ئەركىن ۋە ئازادە قەلەم تەۋرىتىپ، مەرسىيىنىڭ بەدىئىي ئېقىمىغا مۇناسىپ بولغان مۇزىكىلىق ئىچكى ساداغا ئىگە يېڭىدىن ـ يېڭى شېئىرىي پىكىرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

شائىر ياسىن زىلال «ئەلۋىدا شائىر» ناملىق مەرسىيىسىدە ئۆزىنىڭ ئەڭ ساپ، ئەڭ ھەسرەتلىك تەبىئىي تۇيغۇسىغا تايىنىپ، ئۆز لىرىك پېرسوناژىنىڭ ئىجادىي بەدىئىي ئوبرازلاردىن تۈزۈلگەن مەڭگۈلۈك شېئىرىي ئابىدىسىنى تىكلىدى. بىزدىن جىسمانەن ئايرىلغان بىر بۈيۈك زاتنى ئىجادىي سەنئەت خاسىيىتىدە قايتا تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا روھ ۋە جان ئاتا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭمۇ مەرسىيىنىڭ لىرىك پېرسوناژىغا ئوخشاشلا پاكلىق ۋە

سەممىيلىكنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ، ئىزدىنىش ۋە كەشىپ قىلىش روھىغا باي تالانتلىق شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى . مانا بۇ شائىرنىڭ ئازابلىق ئىجادىي تولغىقىدىن تۇغۇلغان يېڭى بىر شېئىرنىڭ شائىرنىڭ ئۆزىنى قايتا يارىتىدىغانلىقىنىڭ بىر ئەمەلىي دەلىلى .

## خالىدە ئىسرائىل : «ئوربىتا»

خالىدە ئىسرائىل بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئورتاق ئېتىراپى بىلەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ بىردەك مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشكەن تالانتلىق يازغۇچىسى . ئۇنىڭ دەۋرىمىز ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇش ۋە مۇھەببەت قاراشلىرى يېڭى ئىجادىي نۇقتىدىن ئوبرازلىق ئېچىپ بېرىلگەن «ئوربىتا» پوۋېستى ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىجادىي ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ سەرخىلى .

پوۋېستنىڭ باش پېرسوناژى ئاسىيە ھەممىنى ئەقلىي مۇھاكىمىدىن ئۆتكۈزۈپ ، مۇئەييەن پىكىر ۋە خۇلاسىگە كېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئوقۇمۇشلۇق شەھەر ئاياللىرىنىڭ تىپىك بەدىئىي ئوبرازى . ئۇ ئەخلاق قارىشى يۇكسەك ، ھايات چۈشەنچىسى كەڭ ، مۇھەببەت ۋە ئائىلە مۇقەددەسلىكى ئېڭى كۈچلۈك تەلەپچان بىر ئانا . لېكىن ، قەلبى شۈنچىلىك پاك ۋە سەمىمىي بولغان بۇ ئايال مۇھەببەت ۋە ئائىلە تۇرمۇشىدىن ئۆزى كۈتكەندەك مەنىۋى لەززەت تاپالمايدۇ . يولدىشى ئابلىكىمنىڭ دائىملىق تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن جىسمانىي ، روھىي زورلاۋانلىقى ، بالىلىرىنىڭ تۇيغۇ ۋە ھېسسىيات يېقىدىكى يىراقلىقى ، ئەتراپىدىكى ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەر مۇھىتىنىڭ شۈنچىلىك سوغۇق ۋە يېقىمسىزلىقى ئۇنى قىينايدۇ . ھەر كۈنى بىر خىلدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان مەنىسىز ھايات ، ھەر خىل غايىۋى ئارزۇلار بىلەن ئۆز - ئۆزىنى ئاۋۇندۇرۇپ تۇرىدىغان روھىي تۇرغۇنلۇق ، كىشىنىڭ غەشلىكىنى



كەلتۈرىدىغان ھەر خىل غەلىتە تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئۇنى زېرىكتۈرىدۇ . ئۇنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشتىكى ئورنى ، ئۆزىنىڭ ھېچقانداق ئىستىقبال كېپىللىكى بولمىغان كاج تەقدىرى ئۇنى ئازابلىق خىياللارنىڭ تەگسىز قايىنىمىغا تاشلايدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ بەكمۇ ئالاھىدە بولغان مۇرەككەپ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئەقىل تېپىپ ، ئۆزىنىڭ بۇ خىل ھايات پاجىئەسىنىڭ تۈپ سەۋەبلىرىنى ئېنىق چۈشىنىپ يەتكەن ھالدىمۇ ، يەنىلا بۇ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشنىڭ ھېچقانداق ئامالىنى قىلالمايدۇ . ئاشۇنداق بىر خىل ئېغىر ، مەنىسىز تۇرمۇش مۇھىتى ئۇنىڭ ھەممىگە كۆنۈكىدىغان ئاجىز روھىيىتىگە يەنە بۇرۇنقىدەكلا سايە تاشلاپ تۇرۇۋېرىدۇ . ئاپتور ئۆز پېرسوناژىنىڭ يۇقىرىقىدەك روھىي كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئوبرازلىق بەدىئىي تەسۋىرى ئارقىلىق دەۋرىمىز ئاياللىرىنىڭ روھىيىتىگە يوشۇرۇنغان ئۆز تەقدىرى ۋە كېلەچىكى ئۈستىدىكى چوڭقۇر ئەندىشە ۋە تەشۋىشنى ئېچىپ بېرىدۇ . بۇ مەنىدىن ئالغاندا پوۋېستنى ئاياللارنىڭ مەنىۋى ئەركىنلىك ۋە روھىي ئازادلىقىنى ئەسىرلەردىن بۇيان بوغۇپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ — كونىچە مۇھەببەت ۋە ئائىلە قارىشىنىڭ ھازىرقى ھايات رېئاللىقىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەنىۋى قالدۇقلىرى ئۈستىدىكى بەدىئىي ئەيىبنامە دېيىشكە بولىدۇ .

«ئوربىتا» پوۋېستى ھاياتقا تۈگىمەس مەنە ، كۈندىلىك تۇرمۇشقا يورۇقلۇق ۋە ئىللىقلىق ئاتا قىلىۋاتقان پاك ۋە ئالىيجاناب ئانىلارنىڭ ھاياتىي ئورنى ۋە ئىنسانىي قەدىر - قىممىتى ئۈستىدىكى بەدىئىي ئىزدىنىش بولۇپ ، ئاپتورنىڭ ئۇنىڭدىكى بەدىئىي غايىۋى مەقسىتى ئاياللارنى روھىي جەھەتتىن چۈشەپ ، ئۇلارنى تەڭسىز رېئاللىقنىڭ ھەسرەتلىك تۇيغۇلىرىغا ئەسىر قىلغان ھەممە ئەنئەنىۋى ئادالەتسىز مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزگەرتىپ ، ئۇلارنى ھەقىقىي ئەركىن ۋە ئازاد ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇش . لېكىن ، بۇ

بىر ئارزۇ بولۇپ ، ھاياتتا يېتىش بەكمۇ تەس بولغان ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش يولى بىلەن پىكىر - چۈشەنچە قۇرۇلمىسى ئۆزۈل - كېسىل ئۆزگىرىپ ، يېپيېڭى بىر ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنيا يارىتىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئېرىشكىلى بولىدىغان بىر غايىۋى پەللە . ئۇنداق بولسا بۇ ئاددىي ھەقىقەتنى بەكمۇ ئوبدان بىلىدىغان ئاپتور بۇ پوۋېستنى يەنە نېمە ئۈچۈن يازدى ؟ ئەدەبىيات ئوبرازلىق سەنئەت كۈچى بىلەن ھايات ۋە ئادەملەرنى ئۆزگەرتىپ ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىستىقبالىنى تاپىدىغان ھاياتبەخش سەنئەت . بۇ يەردىكى ئۆزگەرتىش دېگىنىمىز ، ئۆزىمىزدە بولمىغان نەرسىلەرگە ئىنتىلىش ، ئىرادە ۋە ئەقلىي كۈچىمىزگە تايىنىپ ئۇنىڭغا ئېرىشىش دېگەنلىكتۇر . شۇڭا ، ئىنسانىنىڭ ئەسلىي خاراكتېر ۋە ماھىيىتىگە سادىق بولغان ئەدەبىيات ئادەملەرنىڭ ئېرىشكەن نەرسىلىرى بىلەن يەتكەن مەنىۋى پەللىسىنى ئەمەس ، بەلكى ئۇلارنىڭ تېخى ئېرىشەلمىگەن ، ئىنتىلىپ يېتەلمىگەن نەرسىلىرىنى قەلەمگە ئالىدۇ . ئۇلارنىڭ ھەۋەس ۋە ئىنتىلىش تۇيسىدىكى ھەرىكەتچان روھىي ھالىتىنى ، ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ئارزۇلىرىنىڭ شەپقەتسىز رېئاللىقنىڭ سىرلىق قىسمەتلىرى بىلەن ئۇچرىشىشىدىن پەيدا بولغان چوڭقۇر ۋە مۇرەككەپ مەنىۋى تراگېدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ . شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى ئويلىنىش ۋە پىكىر قىلىشقا ، ئۆز ئارزۇلىرى يولىدا تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىشقا يېتەكلەپ ، ئۇلارنى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى يارىتىشنىڭ ، ئۆزلۈكنىڭ خاسلىقىنى تىكلەپ ، ئۆزىنىڭ ئىندىۋىدۇئال مەنىۋى دۇنياسىنى ئېچىشنىڭ ئىستىقباللىق يېڭى يولىغا باشلايدۇ . «ئوربىتا» ئەنە شۇنداق مەنىۋى پەزىلەتلەرگە ئىگە بولغان ، ئاياللارنىڭ ئارزۇ - ئىنتىلىشىدىكى يېتىش بەكمۇ تەس بولغان بىر غايىۋى سېھرىي ئالەمنىڭ بەدىئىي مەنزىرىسى سىزىپ بېرىلگەن ئىجادىي پوۋېست . ئۇ ئەدەبىياتىمىزدا بارلىققا كەلگەن بەدىئىي خاراكتېر يارىتىشنىڭ ، پېرسوناژلار مەنىۋى دۇنياسىنى ئەسلىدىكى مۇرەككەپ ۋە



سىرلىقلىقى بويىچە ئوبرازلىق ئېچىپ بېرىشنىڭ بىر ياخشى نەمۇنىسى .

«ئوربىتا»دا ئالاھىدە چوڭ بىرەر ۋەقەلىك يوق . بىر - بىرىنى تولدۇرىدىغان ، بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغان ئۇلانما ۋەقەلىكلەردىن تۈزۈلگەن ئىزچىللىقتا ئىگە بىر پۈتۈن بەدىئىي سۈژىتمۇ يوق . پوۋېستتا تەسۋىرلەنگىنى باش پېرسوناژ ئاسىيەنىڭ رېئال ھايات مۇناسىۋەتلىرىدىن تۇغۇلغان پىكىر -. خىياللىرى بىلەن كۆندىلىك تۇرمۇش ھالەتلىرىنىڭ ئۇنىڭ روھىيىتىدە پەيدا قىلغان تۈيغۇ ، تەسىراتلىرىدىن ئىبارەت . رېئال تۇرمۇشنىڭ مەزمۇن ، ماھىيىتىنى مۇئەييەن بىر پېرسوناژنىڭ روھىيەت ئالىمىنىڭ ئۆزگە خاس ئىچكى ھەرىكىتى دائىرىسىدە مۇنداق ئىنچىكە ، مۇنداق ئوبرازلىق ئېچىپ بېرىش ھەقىقەتەن ئاپتوردىن ئالاھىدە تالانت ۋە ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان بىر مۇشەققەتلىك جەريان .

«ئوربىتا» باشتىن - ئاخىر بەكمۇ ئىنچىكە ، بەكمۇ نازۇك ھېس - تۇيغۇلارنىڭ ئىجادىي تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىغا تويۇنغان ، شۇنچىلىك چوڭقۇر ۋە سۇزۇك بەدىئىي تەسۋىرلىرى بىلەن تولغان . ئاپتور ئەسىرىدە پروزىچىلىقىمىزدا ئەمدىلا شەكىللىنىشكە باشلىغان ، پېرسوناژلار روھىي دۇنياسىنى ئۇلارنىڭ ئىچكى مەنىۋى ئېلىشىشلىرى نېگىزىدە ئېچىپ بېرىش ئىمكانىيىتى بېرىدىغان ئىنچىكە پسىخىك تەسۋىر ئۇسۇلىنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىپ ، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئەسلىي ماھىيىتى بويىچە چىن ۋە يارقىن ئېچىپ بەرگەن .

«ئوربىتا»دا تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى ، بولۇپمۇ پوۋېستتىكى ھەر خىل خاراكتېرلىك بىر توپ ئاياللارنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى قارىماققا ئايرىم ۋە ئالاھىدە مەزمۇنغا ئىگە بولغان مۇستەقىل ھېكايىلەردەك ، تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنىڭ بەدىئىي ئىزغا چۈشمىگەن غەلىتە كۆرۈنۈشلىرىدەك بىلىنىدۇ . لېكىن ،

دىققەت بىلەن كۆزەتسەك ، ئەسەردىكى ۋەقە - ھادىسىلەرنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى بەدىئىي مەنتىقىلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ، ئۇلارنى باش پېرسوناژ ئاسىيەنىڭ تۇيغۇ ۋە تەسىراتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىر خىل ھېسسىيات ئىزچىللىقىنىڭ بەدىئىي بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىپ تۇرغانلىقى ئايان بولىدۇ . بۇ ھال بىزگە ئاپتورنىڭ تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىنىڭ يادروسى بىلەن رېئال مۇناسىۋەتلەرنىڭ ماھىيىتىگە كىرىپ ، پېرسوناژلارنىڭ يوشۇرۇن «قەلب خانىلىرى»نى ئېچىشتا ئۆزىگە خاس ئالاھىدە يول تۇتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

ئاپتور پوۋېستتا بەدىئىي مەزمۇنىنىڭ خاراكتېرى ۋە خاسلىقىنى توغرا ئىگىلەپ ، ئەسىرىنى باش پېرسوناژ ئاسىيەنىڭ ھاياتىي ئىنتىلىشىنىڭ يىمىرىلىشىدىن پەيدا بولغان ئازابلىق روھىي ھالىتىگە مۇناسىپ بولغان بىر خىل ئېغىر ۋە ھەسرەتلىك بەدىئىي مۇھىتقا ئىگە قىلىدۇ . پوۋېستتا ئاسىيە مۇھەببەت ۋە ئائىلە تۇرمۇشىدا بولۇشى مۇمكىن بولغان ، كىشىنى روھىي ئازادلىق ۋە مەنىۋى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈپ ، ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرالايدىغان ھەممە نەرسىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ . ئۇلارغا شۇنچىلىك ھەۋەس ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئىنتىلىدۇ . لېكىن ، ئۇ ئاخىرىدا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەي ، يەنە ئاشۇ ئەنئەنىۋى ئەخلاق ۋە مۇناسىۋەت چەمبىرىكىنىڭ قورشاۋىدا ھەسرەت چەككىنىچە قالىدۇ . ھەتتا ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشقا ئەمدىلا كۆز ئاچقان كىچىككىنە قىزىنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش قۇتۇلۇش تەس بولغان مۇشۇنداق ئەپسۇنلۇق ئورىبتا دائىرىسىدە بەند قىلىنىش خەۋپىنى ئويلاپ قاتتىق ئازابلىنىدۇ . پوۋېست ئەنە شۇنداق ئەندىشىلىك روھىي كەيپىيات بىلەن ئېغىر تراگېدىيىلىك تۇيغۇ ئىچىدە ئاخىرلىشىدۇ . پوۋېستنىڭ مۇنداق ھەسرەتلىك تۈگەللىمىسى ئۇنىڭغا تېخىمۇ يۇقىرى بەدىئىي ئېستېتىك قىممەت بېغىشلايدۇ .



توختى ئايۇپ : «قۇربانلىق»

يازغۇچى توختى ئايۇپنىڭ «قۇربانلىق» ھېكايىسىدە تەسۋىرلەنگەن سەلبىي تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى پروزىچىلىقىمىزدا كۆپ قېتىم قەلەمگە ئېلىنغان ، ھەممىمىزگە ئۇبدان تونۇشلۇق بولغان ئومۇمىي بىر تېما . تۇرمۇشىمىزدا ئىجتىمائىي ئاپەتكە ئايلىنىپ ، ھاياتىمىزنى بۇلغاپ ، روھىيىتىمىزنى چىرىتىۋاتقان مەنىۋى ، ئەخلاقىي بۇزۇلۇش ھادىسىلىرى دەستىدىن قانچىلىك ساپ ، ھالال كىشىلەرنىڭ ئېغىر روھىي ئازاب يۈكلىرى ئاستىدا مىجىلىۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە ئايان . ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنى ئورۇن - مەرتىۋىدە ھېس قىلىپ ، ئۆزىنىڭ ئىرادە ۋە شەخسىيىتىنى قانۇنىي ئەخلاق ئۆلچەملىرىدىنمۇ بۈيۈك بىلىدىغان بىر قىسىم تەلۋىلەرنىڭ سادىدا ، ھالال كىشىلەرنى زار - زار قاقشىتىپ ، ئۆزلىرىنىڭ خۇنۈك مەنىۋىيىتىنى ھۇزۇر ۋە ئارام بىلەن شادلاندۇرۇۋاتقانلىقى ھېچقايسىمىزغا سىر ئەمەس . ئۇنداقتا ھەممىمىزگە ئۇبدان تونۇشلۇق بولغان مۇشۇنداق بىر ئومۇمىي تېما ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئادەتتىكى بىر ھېكايە نېمىشقا بىزنى بۇنچىلىك تەسىرلەندۈرەلىدى ؟ بۇنىڭدىكى سىر - ھېكمەت زادى قەيەردە ؟ بۇنىڭدىكى سىر ئالدى بىلەن بۇ ئەنئەنىۋى تېمىنىڭ «قۇربانلىق» ھېكايىسىدە يېڭى ئىجادىي ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەن يېڭى بەدىئىي مەزمۇن تاپقانلىقىدا . ھېكايىدىكى قەمبەرخان ئوبرازى ئەسەردىكى پۈتۈن ھەسرەتلىك ئەدەبىي مەزمۇننى تىپىك گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان بەدىئىي مەركەز . ئۇ يۇقىرىدىن بېرىلىدىغان ئازغىنا تۇرمۇش پۇلىغا تايىنىپ جېنىنى ساقلاپ كەلگەن ، ئاق كۆڭۈل ، مېھرىبان ئايال . ئۇنىڭ قەلبى ئانىلىق مېھرى ۋە باشقىلارغا بولغان كۆيۈمچانلىقى بىلەن يورۇق ، لېكىن ئۇنىڭ قەلبىنى كۆيدۈرۈپ كەلگەن چوڭقۇر بىر ھەسرىتى بار : ئۇنىڭ مىڭ بىر ئۈمىدتە تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقان يالغۇز ئوغلى يىراق بىر يېزىغا كېتىپ ، ئۆزى تىكەندەك يالغۇز قالغان . شۇڭا ، ئۇ ئوغلى بىلەن بىر ئۆيدە

جەم بولۇپ، كېيىنكى ئۆمرىنى غەم - قايغۇسىز ئۆتكۈزۈشنى كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئانىنىڭ قىلىشى مۇمكىن بولغان ھەممە ئىشنى قىلىدۇ. بارمىغان ئىدارىسى، ئىزدىمىگەن كىشىسى قالمايدۇ. كۆڭلىنىڭ تېخى ئېچىلمىغان پىنھانخانىلىرىدا ساقلىنىپ كەلگەن، ھازىرغىچە بىرەر كىشىگىمۇ ئېيتىپ كۆرمىگەن ئەڭ ياخشى سۆزلىرى بىلەن ئەڭ ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈپ ھارمايدۇ. لېكىن، ئانىنىڭ ئوغلىنى ئۆز يېنىدا كۆرۈش ئىستىكى يەنىلا قۇرۇق ئارزۇ بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

ئەسلىدە قەمبەرخاننىڭ بىر دېھقاندىن سېتىۋالغان بىر قوتۇر قوزىسى بار ئىدى. قەمبەرخان بۇ ھالسىز قوزىنى بېقىش ۋە پەرۋىش قىلىشتىن ئۆزىگە ئارام ۋە تەسەللى تېپىپ كۈنلىرىنى ئىشەنچ ۋە ئۈمىد ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋەردى. كۈنلەر ئۆتۈپ بۇ قوزىغا ماغدۇر كىرىپ، بېقىش تاپقان بالىدەك سەمرىپ قامەت تۈزدى. دائىم بىللە بولۇش ۋە كۆيۈنۈپ پەرۋىش قىلىش قوزىنى قەمبەرخاننىڭ ئەڭ يېقىن، سۆيۈملۈك نەرسىسىگە ئايلاندۇردى. قەمبەرخان سەمرىپ قىيامىغا يەتكەن بۇ قوزىغا گويا ئۆز ئوغلىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنەتتى. ئۇنىڭدىن ئۆزىگە ئارام ۋە تەسەللى تاپاتتى، بۇ قوزىسىز ئۆز ھاياتىنى ئازابلىق ۋە مەنىسىز ھېسابلايتتى.

ئاپتور ھېكايىسىدە قەمبەرخاننىڭ قوي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى نېمە ئۈچۈن گويا ئانا - بالىلىق مۇناسىۋەتتەك بۇنچىلىك ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي تەسۋىرلەيدۇ؟ ئاپتور ئەسىرىدە قەمبەرخاننىڭ ھاياتىي تۇيغۇسىغا قويغا بولغان مۇھەببەت ۋە ئامراقلىق ھېسسىياتىنى سىڭدۇرۇپ، ئوبرازنىڭ كېيىنكى مەنىۋى پاجىئەسىنىڭ تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر ئېچىلىشى ئۈچۈن مۇناسىپ بەدىئىي زېمىن ھازىرلايدۇ. ئاپتور ھېكايىسىنىڭ كېيىنكى بۆلەكلىرىدە قەمبەرخاننىڭ ھاياتقا بولغان ھەممە مۇھەببەت ۋە ئۈمىدىنىڭ تىرىك شاھىتى بولغان بۇ سۆيۈملۈك نەرسىسىنى



ئامالسىزلىقتىن جېنىدىن جۇدا قىلىپ ناھىيە ھاكىمىغا سوۋغا قىلىش نىيىتىگە كەلگەن چېغىدىكى ئەلەملىك تۇيغۇ - ھېسسىياتىنى بەكمۇ ئىنچىكە ۋە نازۇك تەسۋىرلەپ، قەمبەرخاننىڭ روھىيىتىدىكى بۇ ئازابلىق پاجىئەنى بەكمۇ ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاخىرىدا قەمبەرخاننىڭ ئۆزىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ھەمراھىنىڭ جېنىنى بەدەل قىلىپ تۇرۇپمۇ يەنىلا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى، بۇ خىل پاجىئەنىڭ ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا پەيدا قىلغان تەڭداشسىز ئازاب، ئۆكۈنۈشنى چوڭقۇر ئېچىپ، ھاياتتىكى ھەممە تەڭسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىكلەر ئۈستىدىن، مۇشۇنداق ئازابلىق ئەخلاقىي مۇھىتنىڭ ياراتقۇچىلىرى بولغان، مەنىۋىيىتى بۇزۇلغان بىر قىسىم چىرىك ئەمەلدارلار ئۈستىدىن غەزەپلىك شىكايەت قىلىدۇ.

ھېكايىدە قەمبەرخان ئۆز ھاياتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن سۆيۈملۈك نەرسىسىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن نەپسى بالا بىر ئوپقاننىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەرگىنى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆمۈر بويى كەچۈرمەيدۇ، ئۆزىنى ئەبەدىي گۇناھكار ھېسابلاپ، كېچە - كۈندۈز ئازابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل روھىي ئازابى كۈچەيگەنسېرى قەلبى رەزىللىك بىلەن تولغان، ۋۇجۇدىدا رەھىم - شەپقەتتىن ئەسەر بولمىغان چىرىك ئەمەلدارلارغا بولغان غەزەپ - نەپرىتى قايناپ تاشىدۇ. ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن ھالال، باشقىلارنىڭ دەرد - ھالىغا يېتىدىغان ۋىجدانلىق قاساپنىڭ بۇ خىل ئېچىنىشلىق پاجىئەنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە ھېس قىلىپ يەتكەن ئەلەملىك نەرسىلىرى قەمبەرخاننىڭ ۋۇجۇدىنى تىنىمسىز كۆيدۈرۈۋاتقان ئاچچىق ھەسرىتىنىڭ مەنىۋى سالمىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشىمىزدىكى ئەخلاقىي رەزىللىكلەرنىڭ مەنىۋى قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەن بىر بىچارە ئانىنىڭ بەكمۇ تەسىرلىك بولغان بەدىئىي ئوبرازى كۆز ئالدىمىزدا يارقىن قەد كۆتۈرىدۇ.

ئاپتورنىڭ ھېكايىدە ئەكس ئەتكەن تۇرمۇشنى تونۇش ۋە ئۇنى

ئۆزلەشتۈرۈشتىكى خاسلىق ۋە ئۈستىلىقى شۇ يەردىكى، ئۇ قەمبەرخاننىڭ مەنۋى پاجىئەسىنى ئادەتتىكى پۇل - پۇچەكلەر بىلەن قىممەتلىك ماددىي نەرسىلەردىن ئايرىلىشتەك ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان ئادەتتىكى ۋەقەلىكلەر ۋاستىسىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پۈتۈن مۇھەببىتى بىلەن ئامراقلىقىنى ئۆزىگە يىغقان تىرىك بىر جاننىڭ ھاياتتىن ئۈچۈشىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق ھاياتىيلىققا ئىگە بولغان ماھىيەتلىك تۇرمۇش مەنزىرىسى ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن. نەتىجىدە قەمبەرخاننىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسىدىن ئايرىلىشى، ئۇنىڭ نەپسى بالا كىشىلەرنىڭ ئەرزان قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىشى بۇ پاك ئانا قەلبىدە ئۆمۈرلۈك ئازاب ۋە ئەلەم داغلىرىنى قالدۇرغان. بۇنداق پايانى بولمىغان روھىي سىقىلىشنىڭ مەنىۋى ۋەزنى ھەرقانداق قىممەتلىك ماددىي بۇيۇمنىڭ يوقىلىشىدىن پەيدا بولىدىغان ئازاب ۋە قىيىنىلىش تۇيغۇسىدىن ھېسابسىز ئېغىر ۋە ئەلەملىك بولغان. مانا بۇ رېئال ھاياتتىن ئەقلىي ھېكمەت تېپىپ، ئۇنى ئوقۇرمەنلەرگە ئوبرازلىق يەتكۈزۈپ بېرىشنى بىلىدىغان ماھارەتلىك يازغۇچىنىڭ ئالاھىدە بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ ئىجادىي مەھسۇلى.

مۇھەممەتجان راشىدىن: «ئارتىس قىزنىڭ ئانىسى»

ئىنسان قەدىر - قىممىتىنىڭ ھەممە ئۈچۈن ئورتاق ئەنئەنىۋى مىزانى بولغان ۋىجدان ۋە بۇرچ تۇيغۇسى ھەققىدىكى چوڭقۇر لىرىك مۇلاھىزە شائىر مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ئالاھىدە كەڭ تەسىرگە ئىگە ئىجادىي شېئىرلىرىنىڭ مۇھىم بىر بەدىئىي مەزمۇنى. ئۇ شېئىرلىرىدا ئىنسانىي ئەخلاق ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى پاكلىق ۋە سەممىيلىكنى ئۇلۇغلاپ، ساختىلىق ۋە رەزىللىككە نەپرەت ياغدۇرىدۇ. قەلبى ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك بىلەن يورۇغان ئالىيجاناب كىشىلەرنىڭ مەنىۋى پەزىلەتلىرىدىن سۆيۈنۈش ۋە ئىپتىخارلىق ھېس قىلسا، چىرىگەن روھىيىتى بىلەن



ھاياتىمىزنى بۇلغاپ خۇنۇكلەشتۈرۈۋاتقان رەزىل ئادەملەرنىڭ يىرگىنىشلىك قىلمىشلىرىدىن قەھر - غەزەپكە كېلىدۇ. مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرىنىڭ بۇنداق ئالاھىدىلىكى ھاياتىمىزنىڭ يەڭگىل سەلبىي كۆرۈنۈشلىرى قەلەمگە ئېلىنىپ، غەزەپ ۋە ئېچىنىش تۇيغۇلىرى تەبىئىي بىرىكىپ كەتكەن ئادەتتىكى ئەخلاقىي تېمىدىكى ئەسەرلىرىدە بەكمۇ روشەن كۆزگە تاشلىنىدۇ. شائىرنىڭ ئەنە شۇ خىلدىكى ئەسەرلىرىنىڭ بىرى بولغان «ئارتىس قىزنىڭ ئانىسى» ناملىق شېئىردا ئۆز قىزىنىڭ ۋاپا ۋە كۆيۈمچانلىقىغا تەلپۈنۈپ ھالىدىن كەتكەن بەختسىز بىر ئانىنىڭ ئېچىنىشلىق بەدىئىي ئوبرازى يارىتىلىدۇ.

ئەنە، ئۆزىنىڭ ئىككى دۇنيالىق بايلىقى، ئەبەدىي يىقىلماس روھىي تۈۋرۈكى بولغان ئەركە قىزىنى مېھىر - مۇھەببەتلىك باغرىدا پەپىلەپ ئۆستۈرۈپ، ئۆمۈرلۈك ھاياتىي ئارزۇسىغا يەتكۈزگەن كۆيۈمچان ئانا. ئۇنىڭ ھەممە ئوي - پىكرى سەنئەتنىڭ يېڭى شەرەپ مۇنبىرىدە جەۋلان قىلىۋاتقان ئامەتلىك قىزىنىڭ سېغىنىشلىق خاتىرىلىرى بىلەن بەند. قەلبىدە بولسا ئالەمچە شادلىق ۋە ئىپتىخارلىقنىڭ تىنىمسىز دولقۇنى. ئانا ئەنە شۇنداق پاك، سەممىي تۇيغۇ بىلەن دىدار تەشنالىقىغا بېرىلىپ، قىزىنى ئىزدەپ شەھەرگە كىرىدۇ. لېكىن، رەڭگارەڭ ئېزىتقۇلۇق تۇرمۇشنىڭ سېھرىي كۈچى تەسىرىدە پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئۇنتۇپ، تۇزكورلۇق يولىغا ماڭغان قىزىنىڭ ھاقارەتلىك مۇئامىلىسى ئۇنىڭ ھەممە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ تېغىنى ئۆرۈپ، ئۇنى تۈگىمەس ئازابنىڭ تەگسىز قايىنىمىغا تاشلايدۇ:

يالاڭ چاپان يات قىلدى ئۆز قىزىنى ئانىغا،
كىم چىدايدۇ بۇ دەردكە، ئەمما ئانا چىدىدى.
قانچە - قانچە مۇشكۈلنى چەيلەپ كەلگەن بىلەن ئۇ،
ئەمما، بۇ رەت بىچارە يىغىشتىن جۇدىدى.

شەيتان بۇزغان ۋۇجۇدى غالىب كەلدى قىزنىڭ ،
قاراپ قالدى ئانىسى ، كەتكىنىدە بۇرۇلماي .
تاپتى ئانا شۇندىمۇ ياتىقىدىن قىزىنى ،
قىزى يەنە قايتقۇچە ئۇندا ساقلاپ تۇرالماي .
ئانا كېلەر ئايلىنىپ قانچە قېتىم ئىشىككە ،
تەنها ياتاق بوش ، ئەمما ، كىرگۈزمەيدۇ قۇلۇپ پوس .
تۈن تەڭگىچە ئىشىكتە ئۆرە تۇرار بىچارە ،
قىزى قايتىپ كەلگۈچە نەلەردىندۇر كۆڭلى خۇش .

ئانىسىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى ئۆچۈپ ، ياتلىق تۇيغۇسىغا ئەسىر بولغان ۋاپاسىز قىزنىڭ رەھىمسىزلىكى بىلەن بۇ بەختسىز ئانىنىڭ يىغى ھەسرەتلىك كۈنلىرى باشلىنىپ ، بىر - بىرىدىن ئېغىر كۆڭۈلسىز قىسمەتلەر بېسىپ كېلىدۇ . ھەممىدىن ئازابلىقى شۇكى ، قىزىغا بولغان چەكسىز ئۈمىد ۋە ئىشەنچ تۇيغۇسى بىلەن ھاياتتا تىك تۇرۇپ ياشاپ كەلگەن بۇ غۇرۇرلۇق ئانا ئۆز يۈرەك پارىسىنىڭ ھۆرمەت ۋە مۇھەببەتكە ئېرىشەلمەي يالغۇزلۇق ۋە سەرسانلىق بىلەن كۈلكە ۋە كەمسىتىشنىڭ ئېغىر خورلۇقىغا قالىدۇ . ئاپتور شېئىرىدا بۇ بەختسىز ئانىنىڭ ئەنە شۇنداق ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى بەكمۇ تىپىك ، بەكمۇ رېئال تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئوبرازلىق بەدىئىي تەسۋىرى ئارقىلىق ئىنتايىن روشەن ۋە يارقىن يورۇتۇپ بېرىدۇ . ئۆزىنىڭ ئانىلىق بۇرچىنى ئىمان ۋە ۋىجدان بىلەن پاكىز ئادا قىلىپ ، ھاياتقا ئاشۇنداق بىر تالانت ئىگىسىنى يېتىشتۇرۇپ بەرگەن مېھرىبان تۆھپىكار ئانىنىڭ مۇردا تۇسىدىكى ئەپتى بىلەن كوچىدا يالغۇز سۆرىلىپ يۈرگەن ئېچىنىشلىق ھالىتىنى كۆرگەن ئوقۇرمەننىڭ قەلبى ئاچچىق ئەلەم ۋە ھەسرەتكە تولىدۇ .
شېئىردا ئوقۇرمەننى تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىراتلار ئالەمىگە باشلاپ كىرىدىغان يەنە بىر بەدىئىي يارقىنلىق شۇكى ، ئۆز يۈرەك



پارىسىنىڭ شۇنچىلىك ئېغىر ئەلەم ۋە خورلۇقىدىن قەددى پۈكۈلگەن بۇ بەختسىز ئانا قىزىغا بولغان مۇھەببەت ۋە ئامراقلىقىدىن يەنىلا كەچمەي ، ئانىلىق مېھرىنى ئاخىرىغىچە پاك ساقلاپ ، ئۆزىنىڭ باغرى ئالەمدەك كەڭ ، ھەقىقىي ئۇلۇغۋار ئىنسان ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ . بۇ ھال ئانا ئوبرازىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭ بەدىئىي ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ .

ئانا تۇرار تالادا ، ناخشىسىنى قىزىنىڭ
ئاڭلىغاندا كانايدىن : ئاشۇ مېنىڭ بالام ! دەپ .
قىز سەھنىدە سايرايدۇ ، گۈرۈلدەيدۇ تۆۋەندىن ،
ياشاپ كەتسۇن تۇمەن يىل سېنى تۇغقان ئاناڭ دەپ .

يەكۈنىمىز شۇكى ، شائىر مۇھەممەتجان راشىدىن ئۆزىنىڭ «ئارتىس قىزنىڭ ئانىسى» ناملىق شېئىرىدا جانلىق ۋە تىپىك شېئىرىي تەپسىلات ، چىن ۋە رېئال لىرىك ئوبرازلار ئارقىلىق پۈتۈن ھاياتىي بارلىقىنى ئۆز پەرزەنتىگە بېرىپ ، ئۇنىڭدىن ۋاپا ۋە مېھرىبانلىقتىن باشقا ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايدىغان پاك ۋە ئالىيجاناب ئانىلارنىڭ يارقىن بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىدۇ .

ئەخمەت ئىمىن : «مۇزىكىدىكى سۈرەت»
ماۋزۇنىڭ ئۆزىلا ئوقۇرمەننىڭ تەپەككۇرىنى قوزغايدىغان بىر سېھرىي ھېكمەت . ھەقىقەتەنمۇ يازغۇچى ئەخمەت ئىمىننىڭ بۇ لىرىك نەسرى جانغا راھەت ، پىكىرگە قۇۋۋەت بېغىشلىغۇچى ئانا مۇزىكا ئارقىلىق سىزىلغان مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ كەم تېپىلىدىغان بەدىئىي سۈرىتى !
ئاپتور بۇ نەسردە دولقۇنلۇق ، ھاياجانلىق ھېسسىياتى بىلەن قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن كۆتۈرۈلگەن تۇيغۇلىرىنى يۈكسەك بەدىئىي تىل ئارقىلىق ئىپادىلەپ ، ئوقۇرمەننى رەڭدار بەدىئىي

ئوبرازلار ئالمى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ . ئۇ «ھېسسىياتلىق ئىنسان قەلبىنىڭ تىلى » ھېسابلىنىدىغان «ئەڭ گۈزەل ، ئەڭ نەپىس ، ئەڭ نازۇك ھېس - تۇيغۇ »لارنى ئىزھار قىلىدىغان سېھرىي مۇزىكىنى كەشىپ قىلغۇچى رەسسام ئورنىغا قويۇپ ، سىمفونىيە قەھرىمانى لەيلىگۈلنىڭ مۇھەببەتلىك ھايات ئۈچۈن ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەشلىرىنىڭ ئاجايىپ يارقىن بەدىئىي مەنزىرىسىنى يارىتىدۇ .

ئاپتور ئەسىرىدە سىمفونىيىنىڭ مۇزىكىلىق راۋاجىغا ئەگىشىپ ، لەيلىگۈلنىڭ مەنىۋى ئۆزگىرىشلىرىنى لىرىك يول بىلەن بايان قىلىپ ، ئۇنى تارىخىي مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ مۇھەببەت ۋە ۋاپا بىلەن رەزىللىك ۋە زوراۋانلىق ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەتكەن ئائىلە ۋە نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرىدۇ . ئۇ لەيلىگۈل بىلەن قادىرنىڭ مۇھەببىتىنى خەلقىمىزنىڭ ئەخلاق ، ئەقىدىسىنىڭ بەدىئىي تىپى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ، زېمىندار بىلەن ئۇنىڭ غالچىلىرىنىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىش يولىدىكى غالجىرانە ئۇرۇنۇشلىرىنى زۇلمەتلىك دۇنيانىڭ مەزمۇنى ۋە ماھىيىتى يۈكسەكلىكىدە ئومۇملاشتۇرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن نەسىردە ئىككى خىل ئەخلاق ۋە ئىككى خىل ئىجتىمائىي كۈچنىڭ بىر - بىرىنى ھالاك قىلىش ۋە بېسىپ چۈشۈش يولىدىكى شىددەتلىك ئېلىشىشىنىڭ ئاجايىپ مۇرەككەپ ۋە سەلتەنەتلىك بەدىئىي كۆرۈنۈشلىرى پەيدا بولىدۇ . بۇ مەنزىرە - كۆرۈنۈشلەر ئەينى يىللار تۇرمۇشىمىز ئىجتىمائىي رېئاللىقىنىڭ بىر رەڭدار سۈرىتى بولۇپ ، ئۇ ئوقۇرمەن قەلبىگە گويا ھايات ھېكمەتلىرىدىن پۈتۈلگەن بىر بەدىئىي ئابىدىدەك ئۆچمەس بولۇپ ئورناپ قالىدۇ .

ئاپتور نەسىردە سىمفونىيىنىڭ مۇزىكىلىق راۋاجىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە پەسىيىشىگە ئەگىشىپ ، لەيلىگۈلنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان ماھىيەتلىك ، ئوبرازلىق بۆلەكلەرنىڭ بەدىئىي مەزمۇنىنى كىرىشتۈرۈپ بايان قىلىپ ، خەلقنىڭ ئازادلىق ۋە ئەركىنلىك يولىدا ئېلىپ بارغان پۈتۈن بىر دەۋرلىك كۈرىشىنى ھاياجان بىلەن كۈيلەپ ، خەلقنىڭ يېمىرىلمەس



باتۇرانە مىللىي روھىغا يالقۇنلۇق مەدھىيە ئوقۇيدۇ . بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ بۇ بەدىئىي نەسرى ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇشىنى مۇزىكىلىق بەدىئىي زېمىن بىلەن تەمىنلىگەن لىرىك سىمفونىيىنىڭ بەدىئىي ئېستېتىك قىممىتىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدۇ . مانا بۇ تىل سەنئىتى بولغان بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تەڭداشسىز مەنىۋى كۈچى ، ئۇنىڭ سەنئەتنىڭ باشقا ھەرقانداق بىر تۈرىدە تېپىلمايدىغان ئالاھىدە يۈكسەك بەدىئىي پەزىلىتىدۇر .

«مۇزىكىدىكى سۈرەت » ئەسىرىدە مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن بەدىئىي تىلنىڭ ئىپادە قۇدرىتى بىرلىشىپ ، ئاجايىپ راۋان ۋە يېقىملىق بىر خىل بەدىئىي ئېقىم ھاسىل قىلغان . بۇ ئېقىمنىڭ ھەرىكەت مەنبەسى ئاپتورنىڭ ئۆزىگە خاس پىكىر ، چۈشەنچىسى بىلەن نازۇك ۋە مۇرەككەپ ھېس - تۇيغۇسى بولۇپ ، ئۇ نەسرنىڭ ئەڭ كىچىك بەدىئىي بىرلىكىگىچە سىڭدۈرۈلگەن . شۇڭا ، بۇ ئەسەر ھېسسىيات دولقۇنى ، بەدىئىي پىكىر قاينىمى ، تىل سەنئىتىنىڭ تىنىمسىز ئۇرغۇپ تۇرغان ئۆركىشىگە ئايلانغان .

«مۇزىكىدىكى سۈرەت » — مۇزىكىلىق تىلنىڭ بەدىئىي تەسۋىرى ئارقىلىق پۈتۈن بىر دەۋر رېئاللىقىنىڭ تېپىكلەشتۈرۈلگەن بەدىئىي مەنزىرىسى سىزىپ بېرىلگەن يېپيېڭى بىر ئىجادىي ئەسەر . ئۇنىڭ شەكلىدىن تارتىپ مەزمۇنىغىچە بولغان ھەممە بەدىئىي تەركىبلىرى نەسرچىلىكىمىزدە بىرىنچى قېتىم قوللىنىلغان بىر يېڭىلىق . يازغۇچى ئەخمەت ئىمىن يارىتقۇچى ۋە كەشىپ قىلغۇچى ئەدىب سۈپىتىدە بۇ ئەسىرىدە ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرمىگەن ئالاھىدە بىر خىل بەدىئىي ئىپادە قىلىش ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ ، نەسرچىلىكىمىزنىڭ بەدىئىي رەڭدارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇردى . ھايات رېئاللىقى بىلەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بىۋاسىتە بەدىئىي تەسۋىرى ئورنىغا مۇزىكىلىق تەسىراتتىن تۇغۇلغان مۇرەككەپ ۋە نازۇك لىرىك تەسۋىر ۋاسىتىسىنى دەسسىتىپ ، رېئاللىقنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ ، ئۇنى تىل بىلەن مۇزىكىنىڭ ئوبرازلىق بىرىكىشى نېگىزىدە ئوبرازلىق

ئېچىپ بەردى. نەتىجىدە نەسرنىڭ بەدىئىي ئېستېتىك قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ئوقۇرمەنگە ئۆزگىچە بىر خىل بەدىئىي زوق بېغىشلىدى. بۇ ئەخمەت ئىمىنىنىڭ ئۆز نەسرىدە ئېرىشكەن ئالاھىدە زور بەدىئىي ئۇتۇقىدۇر.

«مۇزىكىدىكى سۈرەت» ئەسىرىدە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى قارىماققا بىز بۇرۇن كۆرۈپ ئۆتكەن ئەسەرلەردە گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئەنئەنىۋى نىكاھ ۋە ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئادەتتىكى زىددىيەت - توقۇنۇشلىرىغا ئوخشايدىغاندەك بىلىنىدۇ. لېكىن، بىز ئۇلارنى ئەقىل بىلەن كۆزەتسەك، ئاپتورنىڭ ئىندىۋىدۇئال ھېس - تۇيغۇلىرى بىلەن جانلاندۇرۇلغان بۇ بەدىئىي سۈرەتلەر تۈركۈمى ئاستىدا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان دەۋر خاراكتېرلىك ئۆتكۈر بىر ئىجتىمائىي مەزمۇننىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقى بىلىنىدۇ. بۇ بەدىئىي مەزمۇن نېمە؟ ئىككى پاك قەلبنىڭ ئەركىن ۋە ئازاد مۇھەببەتكە ئىنتىلىشى نېگىزىدە ئەكس ئەتكەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازادلىق ۋە ھۆرلۈككە تەلپۈنۈشى، ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك شەخسىيىتى بىلەن ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى ھەقىقىي نۇرلاندۇرۇش يولىدىكى باتۇرانە ئېلىشىشىدۇر. بۇنداق كەڭ ۋە مول ئىجتىمائىي مەزمۇن نەسرنىڭ ھەربىر سەھىپىسىگە شۇنچىلىك چوڭقۇر ۋە تەبىئىي سىڭدۇرۈلگەنلىكى، ئۇنى ئوقۇغان ئوقۇرمەن ئادالەت ۋە ھەققانىيەت، ۋاپا ۋە ساداقەتنىڭ تىرىك ئابىدىسى بولغان لەيلىگۈل بىلەن قادىرنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشقاندەك بولىدۇ.

«مۇزىكىدىكى سۈرەت» نەسرى رېئال ھايات تەسىراتلىرىدىن تۇغۇلغان پاك ۋە قايناق ھېسسىياتقا تولۇپ تاشقان بولۇپ، بۇ ئەسەرنى بىزنىڭ بەدىئىي نەسرچىلىكىمىز تېخى يېتەلمىگەن بىر خىل ھېسسىيات يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرىدۇ. نەسردىكى لىرىك ھېسسىيات بىلەن ھاياجانلىق ھېس - تۇيغۇ بەزىدە تاغ كەلكۈنلىرىنىڭ گۈركىرىشىدەك شىددەتلىك بەدىئىي سادا بەرسە،



بەزىدە ئوقۇرمەن قەلبىنى دېھقان تۇرمۇشىنىڭ ھارغىن، شېرىن ئۈگدىكى ياكى ئاسايىشلىق يېزا كېچىسىنىڭ راھەتلىك تىنىقىدەك تىنچ ۋە مەيىن روھىي ئازادلىك تۇيغۇسى بىلەن تولدۇرىدۇ. نەسردىكى بۇ خىل ئالاھىدە ھېسسىيات ئېقىمى سىمفونىيىدە ئەكس ئەتكەن مۇزىكىلىق بەدىئىي مۇھىتنىڭ ئىچكى، يوشۇرۇن ھەرىكىتىگە بەكمۇ ماس بولۇپ، ئۇ نەسرنى ئوبرازلىق بەدىئىي تىل بىلەن مۇزىكىلىق لىرىك تەسىراتنىڭ تەبىئىي بىر پۈتۈنلۈكىگە ئىگە قىلىدۇ.

«مۇزىكىدىكى سۈرەت» ئەسىرىنىڭ بەدىئىي تىلى لىرىك تۇيغۇغا، ھاياتىي ھېكمەتكە، كىشى روھىيىتىنىڭ جانلىق سۈرىتى بولغان ئىجادىي ئوبرازچانلىققا تويۇنغان بولۇپ، ئۇ ئوقۇرمەنگە بىر خىل لىرىك شېئىر تۇيغۇسىنى بېرىدۇ. نەسردە ھەممە نەرسە ھەرىكەت قىلىدۇ، ھەممە نەرسە ئۆز تۈسى، ئۆز گۈزەللىكى بىلەن جىلۋە قىلىدۇ. شېئىرىي پۇراققا تولغان گۈزەل ۋە رەڭدار بەدىئىي سەھىپىلەردىن بىر - بىرىدىن كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىچكى مەنىگە ئىگە بولغان ھاياتىي پىكىرلەر ئۇرغۇپ چىقىدۇ. بۇ ھال نەسرنى ھەم سەنئەت، ھەم ھېكمەت، ھەم ماھارەتنىڭ تەبىئىي بىر پۈتۈنلۈكىدىن تۇغۇلغان، يارىتىلغان ۋە كەشىپ قىلىنغان يېڭى ئىجادىي ئەسەر پەزىلىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

يۇقىرىقى پىكىرلىرىمىزدىن ئايان بولىدىغىنى شۇكى، «مۇزىكىدىكى سۈرەت» ناملىق بۇ بەدىئىي نەسر ئىنسان قەلبى ۋە روھىيىتىنىڭ ئوبرازلىق رەڭدار سۈرىتى، مىللىي روھ ۋە مىللىي ئاڭ، ئىنسانىي غۇرۇر ۋە ھاياتىي ئىپتىخارلىقنىڭ يېڭى بەدىئىي پەللىدە ئىجادىي گەۋدىلىنىشىدۇر.

# دەللىك ۋە ئېنىقلىق ئەدەبىي تەنقىدنىڭ جېنى

(«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ تەكلىپلىك مۇخبىرى ئېزىزجان خۇدابەردى بىلەن مۇھەممەت پولاتنىڭ سۆھبىتى)

سوئال: مۇھەممەت پولات ئاكا، مېنىڭچە، بىر ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ ئىلمىي خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشى ۋە ئوبزورچىلىق ئۇسلۇبىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۇنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىسى بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. مەن سىزدىن سوراپ باقسام، سىزنىڭ ياشلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك يىللىرىڭىز قانداق ئۆتكەن؟ ئەدەبىياتقا كىرىپ كېلىشىڭىزگە سەۋەب بولغان تۈپ ئامىللار قايسىلار؟

جاۋاب: مەن تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئايدىڭكۆل يېزىسىدا تۇغۇلغان جاپاكەش دېھقان بالىسى. مېنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك يىللىرىم يېشىمغا مۇناسىپ بولمىغان ئېغىر ئەمگەك ئىچىدە ئۆتتى. يېتىملىك موھتاجلىقى مېنى ھەممە نەرسىگە كۆندۈردى. بۇنداق جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇش ئۆز نۆۋىتىدە مېنىڭ ھايات ئىرادەمنى تاۋلاپ، مەندە تىرىكچىلىككە بولغان بىر خىل جاھىلانە ئىشەنچ تۇيغۇسىنى يېتىلدۈردى. بۇ ھال كېيىنكى يىللاردا مېنىڭ مۇشەققەت ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرگە تىز پۈكمەي ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بىلەن ياشاپ، ساۋاتلىق بىر ئادەم بولۇپ يېتىلىشىمدە زور رول ئوينىدى.

مەن دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ئاساسىي ساۋاتىمنى چىقارغاندىن كېيىن باشلانغۇچ مەكتەپكە كىردىم. ئۇ چاغدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرى ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان



ماتېرىياللار بولۇپ، مەزمۇنى مول ۋە قىزىقارلىق ئىدى. شۇ چاغدىكى تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن ھەر خىل تېمىدىكى چۆچەك، قىسسە، ھېكايە، شېئىر ۋە داستانلارنى ئوقۇش ئارقىلىق مەندە بەدىئىي ئەدەبىياتقا نىسبەتەن بىر خىل تەبىئىي ھەۋەس ۋە ئىشتىياق پەيدا بولدى. شۇڭا، مەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش يىللىرىمدىلا مەشرەپ، سوپى ئاللايار، پۇشكىن، تولستوي، چېخوف، گيوگو، لۇشۈن، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، پازىل يولداش، ئىرگەش جۇما بۇلبۇل، سەدرىدىن ئەينى، زەپەر دىيار قاتارلىق بىرمۇنچە ئەدىبلەر بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشۇپ ئۈلگۈردۈم.

1952 - يىلى شىنجاڭ 2 - دارىلمۇئەللىمىن (1958 - يىلىدىن كېيىن ئۈرۈمچى 2 - دارىلمۇئەللىمىنگە ئۆزگەرتىلدى) مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردىم. بۇ مەكتەپ شىنجاڭدىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا بارلىققا كەلگەن زامانىۋى پەن - مائارىپ ئوچىقى ئىدى. مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ۋە باشقۇرۇش سىستېمىسى ئىلغار، ئۈسكۈنە ۋە ماتېرىياللىرى تولۇق، ئوقۇتقۇچىلىرى قابىل ۋە خىل ئىدى. شۇ چاغنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن پېداگوگ ۋە ئەدىبلىرىدىن ھۈسەيىن ناسىروف، ئابدۇرېھىم ئەيسا، مەھمۇد مالىك، يۇسۇپ ئىلياس، ئابدۇرېھىم قەييۇم، غالىبجان، مەريەم تۇردى، سۇرەۋباي، ئەسئەت گابىتوف، غېنىزات غەيۇرانى، مىجىت خۇدابەردى، رەئۇب باۋشېۋ، ئابدۇسالام توختى، تۇرسۇن رەھمىتۇللا، مىجىت سىيىت، ئابلەت ياقۇپ، ئابدۇراخمان قاھار، ئايشەم ئەخمەت قاتارلىقلار بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىدى. مەكتەپنىڭ بىلىم بېرىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، شەخسنىڭ قىزىقىشىنىڭ دائىملىق ئىلمىي كاپالەتكە ئىگە ئىكەنلىكى مېنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشىمنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. مەن بۇ يىللاردا بەدىئىي

ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقلىرىغا پۈتۈن زېھنىم بىلەن كىرىپ كەتتىم دېسەم بولىدۇ. ئۇ چاغلاردا ئۈرۈمچىدە مەكتىپىمىزنىڭ ناھايىتى مۇكەممەل كۈتۈپخانىسىدىن باشقا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك كۈتۈپخانا، شىنجاڭ جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى كۈتۈپخانىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى كۈتۈپخانىسى بار ئىدى. بۇ كۈتۈپخانىلاردا بېيجىڭ ۋە ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنغان ھەر خىل ئوقۇشلۇقلاردىن باشقا، ئالمۇتا ۋە تاشكەنت نەشرىياتلىرىدا نەشر قىلىنغان، مەزمۇنى بەكمۇ مول ۋە رەڭدار بولغان ئۇيغۇر، ئۆزبېك ۋە قازاق تىللىرىدىكى ھەر خىل كىتاب ۋە گېزىت - ژۇرناللار بار ئىدى. بۇ يىللاردا مېنىڭ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىم ئاساسەن شۇ كۈتۈپخانىلاردا ئۆتتى.

1959 - يىلى 2 - دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا كىردىم. بۇ مەكتەپنىڭ كۈتۈپخانىسى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭ تىل ئىنستىتۇتىنىڭ بارلىق كىتاب - ماتېرىياللىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن ئۇنىۋېرسال كۈتۈپخانا بولۇپ، ئۇنىڭ ماتېرىيال مەنبەسى بەكمۇ باي ئىدى. مېنىڭ ئوقۇرمەنلىك ھاياتىم بۇ مەكتەپتە تېخىمۇ كەڭ ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر بەدىئىي ئىلمىي مەزمۇنغا ئىگە بولدى. مەن ئاشۇ يىللاردا كۈتۈپخانا ۋاستىسى بىلەن تېخى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنمىغان شېكسپىرنىڭ «ئوتېللو»، «ھاملېت»، «يولى سېزار»، «رومېئو - ژۇلىيتتا»، «كورول لىر» قاتارلىق تراگېدىيىلىرى بىلەن، پۇشكىننىڭ «ئارزىرومغا ساياھەت»، «قاغا ماتكىسى»، «بورىس گودونوف» ئەسەرلىرى بىلەن، چېخوفنىڭ «ۋانىيا تاغا»، «ئالۇچىزار»، «چايكا»، «ئالتىنچى پالاتا»، «بوينىدىكى ئاننا»سى بىلەن، گوركىينىڭ «تۆۋەنلىكتە»، «ئىتالىيە چۆچەكلىرى» بىلەن، ۋوينىچنىڭ «كۆكيۇن»، شولوخوفنىڭ «تىنچ دون»، تاگورنىڭ «ھالاكەت»، رىشات نۇرى



كۈنتىگىننىڭ «چالىقۇشى» رومانلىرى بىلەن، گوگولنىڭ «شىنېل»، مۇسا جەلىلنىڭ «مۇئابىت دەپتىرى»، بورودىننىڭ «سەمەرقەنت ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار» ناملىق ئەسەرلىرى بىلەن، جېك لوندون ۋە مارك تۋېننىڭ ھېكايە، پوۋېستلىرى قاتارلىق بىرمۇنچە مەشھۇر ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشتۇم، شۇنداقلا ئۆزبېكىستاندا نەشر قىلىنىدىغان «ئۆزبېكىستان ئەدەبىيات - سەنئىتى» گېزىتى بىلەن «شەرق يۇلتۇزى»، «مۇشتۇم»، «گۈلخان» ژۇرناللىرىنىڭ دائىملىق ئوقۇرمەنلىرىنىڭ بىرى بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن مەندە تەبىئىي ھالدا بىر خىل ئەدەبىي يېزىقچىلىق ئىستىكى پەيدا بولۇپ، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ جاپالىق يولىغا كىرىپ قالدىم. شۇ يىللاردىكى باي كىتابىي ئەدەبىيات بىلەن يېتىملىك قەدىرسىزلىكى ئىچىدە ئۆتكەن مۇشەققەتلىك تۇرمۇش مېنى بۇ ساھەگە يانداشتۇردى.

سوئال: سىزنىڭ تۇنجى ئەسىرىڭىز قاچان، قايسى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان؟

جاۋاب: مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمنىڭ كۆپ قىسمى ئاساسەن بەدىئىي ئەدەبىيات ئوقۇرمەنلىكى بىلەن ئۆتتى. شۇڭا، مېنىڭ ئەدەبىي يېزىقچىلىق ھاياتىم بەكمۇ كېچىكىپ باشلاندى. مېنىڭ تۇنجى ئەسىرىم، يەنى دەسلەپكى ھېكايەم 1959 - يىلى نويابىردا «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىندى.

سوئال: ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭ ئېيتىشىچە، سىز شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان يىللىرىڭىزدا نۇرغۇنلىغان ياخشى شېئىر، ھېكايىلەرنى يازغانىكەنسىز، يازمىلىرىڭىزنى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى خاتىرىلىرىگە كۆچۈرۈۋېلىپ، قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ ئوقۇشار ئىكەن. كېيىنچە سىز شېئىر، ھېكايە ئىجادىيىتىدىن قول ئۈزۈپ ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە كىرىشىپ كېتىپسىز. بۇنداق بولۇشىدا ئالاھىدە بىر سەۋەب بارمۇ، قانداق؟

جاۋاب: راست، مەن ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئوقۇغۇچىلىق

يىللىرىمدا ئون پارچىغا يېقىن ھېكايە ، ئاتمىش پارچىدىن ئوشۇق شېئىر يازغانىدىم . بۇ يازمىلىرىمنى ئەدەبىياتىمىزنىڭ شۇ يىللاردىكى سەۋىيىسى بىلەن ئۆلچىسەك يامان ئەمەس ئەسەرلەر ھېسابلىناتتى . شۇڭا ، ئۇلار بىر قىسىم ساۋاقداشلىرىمنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى . ھېكايىلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى شۇ يىللاردا ئېلان قىلىندى . لېكىن ، شېئىرلىرىمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇھەببەت ۋە ۋاپا تېمىسىغا بېغىشلانغان ، ئازاب ۋە تەنھالىق تۇيغۇسى ئەكس ئەتكەن غەيرىيرەك شېئىرلار بولغاچقا ئېلان قىلىشقا بولمىدى . ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىرى شۇكى ، ئاتا مىراس تەۋەررۇك مۇلۇكتەك قىممەت بىلىپ ساقلاپ كەلگەن بۇ شېئىرلىرىم كېيىنكى سورۇقچىلىق يىللىرىدا ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ ، مىللىي مەتبۇئاتچىلىقىمىزنىڭ گۈللەنگەن يېڭى دەۋرىگە ئۇلىشالمىدى .

مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكى ئاغدۇرۇلۇپ ، ئەدەبىي ئىجادىيەت يولى ئېچىلغاندىن كېيىن ، قۇربان بارات ، زوردۇن سابىر ، بۇغدا ئابدۇللا ، سەمەت دۇگايىلى ، ئەخەت تۇردى ، ئوسمانجان ساۋۇت ، مەتىمىن ھوشۇرلارغا ئوخشاش بىر قىسىم زامانداش ئاپتورلار يېڭى ئىجادىي قىياپەت بىلەن ئەدەبىياتىمىزدا قايتا نامايان بولدى . مەن ئۆز يازمىلىرىمنى ئۇلارنىڭ بەدىئىي رەڭدارلىقىغا تويۇنغان يېڭى ئىجادىي ئەسەرلىرىگە سېلىشتۇرۇپ ، ئۆزۈمدە بەدىئىي ئەدەبىياتقا تەۋە بىرەر ئىجادىي ئىستېداتنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئازاب ئىچىدە ھېس قىلىپ يەتتىم . شۇنىڭ بىلەن مەن ئاڭلىق ۋە ئىختىيارىي ھالدا ھېكايە ۋە شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىن قول ئۈزدۈم .

ئويلاپ كۆرسەم ، مەن ئالاھىدە تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ئىچىدە ئاز - تولا ئەقىل تېپىپ ، ئوقۇغانلىرىمنى قەدىرئەھۋال چۈشىنەلەيدىغان ، ئويلىغان ۋە ھېس قىلغانلىرىمنى ئوقۇرمەنلەرگە ئادەتتىكى ئىستېمال تىلى بىلەن يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان قىزغىن ۋە سەمىمىي بىر ئوقۇرمەن ئىكەنمەن . ماڭا بەدىئىي ماغدۇرۇم يەتمەيدىغان ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەس ، بەلكى بىلگەنلىرىمنى



ئوقۇرمەنلەر بىلەن دائىمىي ئورتاقلىشىپ تۇرۇش ئىمكانىيىتى بېرىدىغان ئەدەبىي تەسىرات يېزىقچىلىقى كۆپرەك مۇۋاپىق كېلىدىكەن . بۇ ئەقلىي يەكۈن مېنى روھلاندۇردى . شۇ يىللاردىكى ئەدەبىي مۇھىتنىڭ تەقەززاسى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ رىغبەت ، ئىلھامى ئاخىر مېنى ئەدەبىياتىمىزدا ئەمدىلا شەكىللىنىشكە باشلىغان يېڭى ئەدەبىي تەنقىد ساھەسىنىڭ جاپاكەش بىر ئاپتورى قىلىپ قويدى . بەدىئىي ئەدەبىياتقا بولغان تەبىئىي ھۆرمەت ۋە سەمىمىي ئېتىقاد مېنى تەمسىزلىكى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى بىزار قىلىدىغان يارامسىز ئەسەرلەرنىڭ قەدىرسىز ئاپتورى بولۇش ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى .

سوئال : سىز قايسى يازغۇچى ، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان؟ ھاياتىڭىز ۋە ئىجادىيىتىڭىزگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن ئەدىبلەر قايسىلار؟

جاۋاب : بۇ سوئالىڭىزغا ئېنىق بىرنېمە دېمەك ھەقىقەتەن تەس . چۈنكى ، بۇ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئۇزاق بىر تارىخ - دە . شۇڭا ، مەن سىزگە بەدىئىي ئىلمىي تەربىيىلىنىشىمدە ھەل قىلغۇچ ئورۇن تۇتىدىغان ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمنىڭ ئاخىرى ، يەنى 1964 - يىلىغىچە بولغان ئوقۇرمەنلىك ھاياتىمنىڭ قىسقىچە يەكۇنىنى بايان قىلىپ بېرەي :

ھېسابلاپ كۆرسەم ، بۇ ۋاقىت ئىچىدە مەن ئەسەرلىرى بىلەن ئۇچراشقان ھەرقايسى ئەل يازغۇچى ، شائىرلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى بىر يۈز قىرىققا يېتىپتۇ . مىللىي ئەدەبىي مەتبۇئاتچىلىق ئىشلىرىمىز تازا گۈللەنگەن ، قېرىنداش خەلقلەر تىللىرىدا نەشر قىلىنغان ھەر خىل ئەدەبىي كىتابلار كەڭتاشا تارقىلىدىغان ئاشۇ يىللاردا بۇنى ئۇنچىلىك كۆپ سان دېگىلى بولمايدۇ ، ئەلۋەتتە .

ئويلاپ كۆرسەم ، مەن ئۆزۈمنىڭ ئوقۇرمەنلىك ھاياتىمدا رۇس ، ئىنگلىز ، فرانسۇز ، ئىسپان ، گېرمان ، ئۇكرائىن ، ئەرەب ، ھىندى ، پارس ، تۈرك ، ئۆزبېك ، قازاق ، ئەزەربەيجان ،

تاتار، گرۇزىن، ئەرمەن، تۈركمەن، تاجىك، قىرغىز، باشقىرت ۋە ئاۋار ئەدەبىياتلىرى بىلەن ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئۇچرىشىپتىمەن. بۇلاردىن مەندە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى يەنىلا رۇس ۋە ئۆزبېك ئەدەبىياتلىرى بوپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، بەلكى رۇس ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي غايىۋى پەللىسىنىڭ يۈكسەكلىكى بىلەن ئۇنىڭ شېئىرىيەت، پروزا، دراماتورگىيە ۋە ئەدەبىي تەنقىد ساھەلىرىدە بىردەك يېتىلگەن مۇكەممەل ئىجادىي ئەدەبىيات بولغانلىقى، ئۆزبېك خەلقىنىڭ بىز بىلەن تارىخىي مەدەنىيەتتە بىرلىككە ئىگە بولغان قانداش، دىلداش، قېرىنداش خەلق بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

راستىنى ئېيتسام، مەن ھەقىقىي ئىجادىي پروزىنىڭ مۇكەممەل بەدىئىي ئۈلگىسىنى بىرىنچى بولۇپ پۇشكىنىنىڭ «كاپىتان قىزى»، «دوبروۋسكى»، «ئېتىش»، «قاغا ماتكىسى» قاتارلىق ئاجايىپ ئەسەرلىرىدىن كۆردۈم. پۇشكىنىنىڭ رۇس تىلىدىكى گۈزەل ۋە پايانسىز بولغان قۇدرەتلىك بەدىئىي تالانتى مېنى ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ «باغچە ساراي فونتانى»، «كافكاز»، «دېڭىزغا»، «سىبىرغا خەت»، «گۈل»، «رومانس»، «قارا شال» قاتارلىق غايە ۋە جاسارەت، مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك تۇيغۇلىرىغا تويۇنغان ئەسەرلىرى ماڭا رۇس لىرىك تەپەككۇر ئالىمىنىڭ قانچىلىك كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقىنى ئەمەلىي ھالدا ھېس قىلدۇردى. ساتىرىك ئەدەبىياتنىڭ دۇنياۋى ئۇستازى ھېسابلىنىدىغان گوگولنىڭ «ئۆلۈك جانلار»، «تاراس بولبا»، «رېۋىزور»، «مىرگورود»، «شىنېل»، «ئۆيلىنىش» ناملىق ئەسەرلىرىدىكى غەزەپلىك كۈلكە ئېقىمىدىن ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى. رۇس تۇرمۇشىنىڭ كۈندىلىك ئۇششاق - چۈششەكلىرىدىن ئاجايىپ ھېكمەتلىك ھاياتىي مەنە تاپالايدىغان ھېكايىچىلىق پىرى چېخوفنىڭ «ئالتىنچى پالاتا»، «خامېلېئون»، «غىلاپ بەندىسى»، «ئونتىر فىرىبىيشىف»، «تۇگمەندە»، «يېزا تېۋىپى»



گە ئوخشاش ئاچچىق يۇمۇرلۇق كۈلكە بىلەن ئازابلىق ئېچىنىش تۇيغۇسى ئارىلىشىپ كەتكەن ئەسەرلىرى ماڭا ھېكايىچىلىق ئىجادىيىتىنىڭ ئۆزۈمگە تېخى مەلۇم بولمىغان بىرمۇنچە يوشۇرۇن بەدىئىي سىرلىرىنى يورۇتۇپ بەردى. ئۆز ۋەتىنىنىڭ تارىخىي تەقدىرىنى ئۆزىنىڭ ۋىجدان ۋە ئەقىل نۇرى بىلەن يورۇتۇپ كەلگەن بۈيۈك ئەدىب تولستوينىڭ «ئاننا كارېنىنا»، «تىرىلىش»، «ھاجى مۇراد»، «سېۋاستوپول ھېكايىلىرى»، «كافكاز تۇتقۇنى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ھاياتىي تۇيغۇلىرىنىڭ شۇنچىلىك ساپ ۋە سەممىيلىكى بىلەن قەلبىمدە يېڭى بىر مۇھەببەت - سۆيگۈ دۇنياسىنى ئاچتى. ئىجادىي ھاياتى بىر بەدىئىي مۆجىزە ھېسابلىنىدىغان گوركىينىڭ «ئارتامونوفلارنىڭ ئىشى»، «مېنىڭ دارىلفۇنۇنلىرىم»، «فوما گوردىيېف»، «ئانا» رومانلىرى بىلەن «چېلكەش»، «ماكار چودرا»، «ئىزىرگىل موماي»، «زېرىكىشتىن بىر ئىش»، «يىگىرمە ئالتە ۋە بىر» ئەسەرلىرى ماڭا ھاياتنىڭ قانچىلىك كەڭ ۋە مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى ئوبرازلىق ھالدا گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن بولسا، بەدىئىي ئۇسلۇبى ئۆز مىجەزىدەك چۈس ۋە كەسكىن شولوخوفنىڭ «ئېچىلغان تىڭ»، «تىنچ دون»، «ئادەمنىڭ تەقدىرى»، «دون ھېكايىلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ تەبىئەت ئالىمىدەك باي، خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ ھاياتتەك مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك بولىدىغانلىقىنى بەدىئىي ھالدا يورۇتۇپ بەردى.

ئەنئەنىۋى شەرق پروزىسىنىڭ تەڭداشسىز ئۇستىسى يازغۇچى ئابدۇللا قادىرىنىڭ «ئۆتكەن كۈنلەر»، «مېھرابتىن چايان» رومانلىرى مېنى مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ دەل ئاشۇنداق بىر دەۋرىگە قايتۇرسا، گرازدانلىق لىرىكىسىنىڭ ئاجايىپ ماھىرى ئاكادېمىك شائىر غاپۇر غۇلامنىڭ «كۆكەن» داستانى بىلەن «تۈركسىب يوللىرىدا»، «سەن يېتىم ئەمەسسەن»، «ئارزۇ»، «ئەسسالام» ناملىق شېئىرلىرى، «باھار كۈيچىسى» دەپ

ئاتىلىدىغان لىرىك شائىر خەمىت ئالىمجاننىڭ «زەينەپ ۋە ئامان» داستانى بىلەن «ئۆرۈك گۈللىگەندە» ، «ئۆزبېكىستان» ، «بەختلەر ۋادىسى» ، «ئۆلكە» قاتارلىق شېئىرلىرى مېنى مىللىي روھ ۋە مىللىي ئىپتىخارلىقنىڭ شېئىرىي ئابىدىسى يېنىغا باشلاپ كەلدى . ئاتاقلىق دراماتورگ كامىل يەشىننىڭ «نۇرخان» ۋە «گېنېرال رەخىموف» درامىلىرى بولسا ماڭا ھەقىقىي دراماتىك توقۇنۇش بىلەن دراماتىك بەدىئىي تىلنىڭ ئىجادىي ئۈلگىسىنى تونۇتتى .

مەن يۇقىرىقى ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەقىقىي مەنىۋى كۈچىنى ئەقلەن ھېس قىلىپ يەتتىم . ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مەن ئۈچۈن تېخى يېڭى بولغان ، ئېچىلمىغان بىرمۇنچە بەدىئىي ھېكمەتلىرى بىلەن ئۇچراشتىم . ئۇلار مېنى ھايات ۋە تىرىكچىلىكنىڭ مۇھەببەتلىك يېڭى يولىغا باشلاپ ، بەدىئىي ئەدەبىياتنى ۋىجدانەن سۆيۈش ۋە قەدىرلەشكە يېتەكلىدى .

سوئال : سىزنىڭچە ، ھازىرقى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە ساقلىنىۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلەر قايسىلار ؟

جاۋاب : ئەسلىدە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز ئۆز مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ ، ئۇنىڭدا پەيدا بولۇۋاتقان يېڭى ھادىسە ، يېڭى يۈزلىنىشلەرگە تېگىشلىك نەزەر ئاغدۇرۇشى ، ئۇلارنى ئىلمىي ھالدا ئىجادىي مۇھاكىمە قىلىپ ، ئومۇميلىققا ئىگە قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىپ ، ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەمەلىي تۆھپە قوشۇشى كېرەك ئىدى . لېكىن ، بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات تەلىپىگە مۇناسىپ بولمىغان تار مەزمۇن دائىرىسىگە قاپسىلىپ قېلىپ ، ئوقۇرمەنگە پەقەت ئۆتكۈنچى تەسىراتلا بېرەلەيدىغان ئادەتتىكىچە ئەسەرلەر ھەققىدىكى ھالسىز مۇھاكىمىلەر ، بىرەر ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت يولى ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى توغرىسىدىكى ھەممىگە مەلۇم بولغان



ئومۇمىي ھادىسىلەر ، ئەدەبىيات بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تىپىدىكى ئۆزلەشتۈرمە پىكىر ۋە چۈشەنچىلەر ئەتراپىدا ئايلاندى . شۇڭا ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز يېقىنقى يىللار ئىچىدە تەنقىدچى مۇھەممەتتۇرسۇن ئىبلىننىڭ يېڭى دەۋر تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمىسىدىن باشقا ، ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ مەلۇم بىر مەزگىلى ، ئۇنىڭ بىرەر ژانىرى ، بىرەر بەدىئىي تۈرىنىڭ يېڭى ئۆزگىرىشلىرى ، بىرەر ئەدىبنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتىگە سىڭگەن ئومۇمىي بەدىئىي خاسلىقى يېڭى ئىجادىي نۇقتىدىن يورۇتۇپ بېرىلگەن بىرەر يىرىك ئەسەرنى بارلىققا كەلتۈرەلمىدى . ئەزەلدىن مىللىي ھاياتىمىزنىڭ ئوبرازلىق ئىنكاسى بولۇپ كېلىۋاتقان بەدىئىي ئەدەبىياتىمىز ئۆزىنىڭ ئىجادىي بۇرچىنى ۋىجدانەن ئادا قىلىپ ، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ مەنىۋى دۇنياسى ئېچىپ بېرىلگەن بىرمۇنچە ئىجادىي ئەسەرلەرنى ياراتتى . بۇ ئەمەلىيەتتە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ناھايىتى كەڭ ۋە ئۈنۈملۈك پائالىيەت زېمىنى ، باي ۋە رەڭدار ئىلمىي مۇھاكىمە ماتېرىيالى ئىدى . لېكىن ، تەنقىدچىلىكنىڭ دەللىك ۋە كونكرېتلىق تەلىپىدىن بارغانچە يىراقلاپ كېتىۋاتقان بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز مانا مۇشۇنداق ئىجادىي رېئاللىققا دەل ۋاقتىدا ئەمەلىي ياندىشىپ ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پىكىر - كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئۇ ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي ئېقىمىغا مۇناسىپ بولغان يېڭى ئىلمىي سادا بېرەلمىدى .

بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدىمىز مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەزەلدىن بىللە تۇغۇلۇپ ، بىللە ئۆسۈپ كېلىۋاتقان ئايرىلماس بىر قىسمى . ئۇنىڭ ئۆز ئەدەبىياتى ياراتقان ئىجادىي مەھسۇلاتلارنى بەدىئىي ئېستېتىك نۇقتىدىن باھالاپ ، ئۇلارنىڭ ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي قىممىتىنى ئىلمىي ھالدا ئېچىپ بېرىدىغان ئەنئەنىۋى مەجبۇرىيىتى بار . بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆز ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان ، ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ ، سۆيىدە ئاقالايدىغان ، ئۆزگىچە

ئىزدىنىش ۋە ئىجاد قىلىش روھىغا ئىگە مەخسۇسلاشقان مۇقىم ئەدەبىي تەنقىدچىلەر سېپىگە موھتاج . ۋەھالەنكى ، بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ بۇ مۇھىم ئەمەلىي مەسىلىگە بولغان ئېتىبارى يېتەرلىك بولمىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھاكىمە دائىرىسىنىڭ تار ۋە جانسىزلىقى ، ئوقۇرمەنلەر ئىچىدىكى ئىلمىي نوپۇزىنىڭ تۆۋەنلىكى ، ئۆزىگە بولغان كەسپىي تەلەپچانلىقىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن ، ئازاد سۇلتان ، ئابدۇۋەلى كېرىم ، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ، مۇھەممەد ئەيسا ، ئابدۇللا مەتقۇربان ، كېرىمجان ئابدۇرېھىم ، ئابدۇبەسىر شۇكۇرى ، مۇھەممەتتۇرسۇن ئېلى ، ئىبراھىم ئىزاقى ، ئەنۋەر ھوشۇرلاردىن باشقا يېڭى بىر مەخسۇسلاشقان ئەدەبىي تەنقىدچىنى يېتىشتۈرۈپ چىقالمىدى . يۇقىرىقى ئەھۋاللار بىزگە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئۆز مىللىي ئەدەبىياتى بىلەن بولغان بىردەكلىك مۇناسىۋىتىنىڭ بەكمۇ سۇسلۇقىنى ، ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە بولغان ئىلمىي ئېتىبارىنىڭ بوش ۋە سۇيۇقلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . مېنىڭچە ، بۇنى ھازىرقى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلمىي نەپسىنى بوغۇپ ، ھاياتىي ئىستىقبالىنى خىرەلەشتۈرىدىغان ئەجەللىك ئاجىزلىقى دېيىش كېرەك .

سوئال : مۇھەممەت پولات ئاكا ، بىلىشىمچە ، سىز بېلىنسكىينى ئۇلۇغ بىر تەنقىدچى سۈپىتىدە تونۇيسىز ، لېكىن ھازىر بىر قىسىم كىشىلەر «بېلىنسكىينىڭ دەۋرى ئاللىقاچان ئۆتتى . ئۇنىڭ كونا نەزەرىيىلىرى ئەمدى ئاقمايدۇ» دېيىشمەكتە . سىزنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆزقاراشلىرىڭىز قانداق ؟

جاۋاب : مەن بۇنداق گەپ - سۆزلەرنى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا بىرنەچچە قېتىم ئاڭلىدىم . ھەتتا مەلۇم بىر گېزىتتىن مۇشۇنداق مەزمۇندا يېزىلغان بىر پارچە مۇھاكىمە ماقالىسىنىمۇ ئوقۇدۇم . لېكىن ، مەن بۇلاردىن ھېچقانداق ھەيرانلىق ھېس قىلمىدىم . چۈنكى ، بىز ئۆزى بىلمىگەن ۋە چۈشەنمىگەن نەرسىلەر



توغرىسىدا يەڭگىللىك بىلەن پىكىر بايان قىلىشنى بىر خىل ئىلمىي جاسارەت دەپ بىلىدىغان غەلىتە كىشىلەرنى ئاز ئۇچراتتۇقمۇ ؟

ئاشۇ كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن مەلۇمكى ، ئۇلار بېلىنسكىينىڭ ئەدەبىي نەزەرىيىۋى پائالىيىتىنى بىر دەۋر تۈسى ھېسابىدا بىلىدىكەن ، ئۇنداقتا بىر دەۋر روھىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بىر پۈتۈن ئىجادىي ئەمگەكنىڭ ، ئىنسان بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ ئەقلىي جەۋھەرلىرى ئۈستىدىكى بىر ئۆمۈرلۈك جاپالىق ئىلمىي ئىزدىنىشنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىي تەپەككۇر تارىخى بىلەن بىللە ئەبەدىي ياشاپ قالىدىغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن ئايان ئەمەسمۇ ؟

بېلىنسكىي رۇس ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىگە دېموكراتىزم ۋە خەلقچىللىق ئېڭىنى بىرىنچى بولۇپ ئېلىپ كىرگەن ، رۇس ئەدەبىياتىنىڭ بىر پۈتۈن تەرەققىيات تارىخىنى يېڭىلىق ۋە ئىجادىيلىق نۇقتىسىدىن باھالاپ ۋە تەتقىق قىلىپ ، 19 - ئەسىر دۇنيا ئەدەبىياتىدا شۆھرەتلىك ئورۇن تۇتىدىغان رۇس مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا غايەت زور ئىجادىي تەسىر كۆرسەتكەن ئۇلۇغ تەنقىدچى . ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەللىك ئېڭى بىلەن جەمئىيەت ، تەبىئەت ۋە تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرىنىڭ سىر - ھېكمەتلىرى ئۈستىدە بىر ئۆمۈر ئىزدىنىپ ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىي تەپەككۇر تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان ئاتاقلىق ئېستېتىكشۇناس ، پەيلاسوپ . ئۇ ئوتتۇز ئالتە يىللىق قىسقا ھاياتىدا بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئىلمىي مەسىلىلىرى يېڭى پىكىر ، يېڭى تەپەككۇر يولى بىلەن مۇھاكىمە قىلىنغان مىڭ پارچىدىن ئوشۇق ماقالە يازغان بولۇپ ، ئۇنىڭ بەزى يىرىك ماقالىلىرى ئوتتۇرا ھەجىملىك بىر كىتابقا باراۋەر كېلىدۇ . بۇنىڭدىن بىز بېلىنسكىينىڭ ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ يۈكسەك ئىلمىي سالمىقىنى ، ئۇنىڭ ھايات ۋە تەبىئەت ئاتا قىلغان ئالاھىدە ئەقلىي تالانتىنىڭ ۋەزىن قىممىتىنى ھېس قىلالايمىز .

توغرا ، ھاياتنىڭ يېڭىلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ نەزەرىيىۋى قۇرۇلمىسىدا ، ئۇ ھەقتىكى ئەنئەنىۋى پىكىر ۋە كۆزقاراشلاردا مۇئەييەن ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىنىشلار بولىدۇ . لېكىن ، بۇ ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىنىشلار بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەسلىي ئۆزىدە ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن تۈپ قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى ئاغدۇرۇۋېتىش ئەمەس ، بەلكى ئۇلارنى تېخىمۇ بېيىتىپ ، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ بېرىشتىن دېرەك بېرىدۇ . بېلىنسكىينىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە ئىككى ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت بولدى . بەدىئىي ئەدەبىيات ئىلمى كۆرۈلمىگەن تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈرۈلۈپ ، ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى قۇرۇلمىسىمۇ بىر مۇنچە يېڭى پىكىر ۋە كۆزقاراشلار بىلەن بېيىپ تېخىمۇ مۇرەككەپ بىر ئەقلىي ساھەگە ئايلاندى . لېكىن ، بۇنىڭلىق بىلەن بېلىنسكىينىڭ بىرەر ئەدەبىي نۇقتىئىنەزىرى ئاغدۇرۇلۇپ كەتتىمۇ ؟ ياق ، ئۇنىڭ ئۆز دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ رېئاللىقىدىن ئالغان ئىجادىي بەدىئىي پىكىرلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ ، تېخىمۇ زور ئىلمىي قىممەت تاپتى . بېلىنسكىينىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇن ، ماھىيىتى بىلەن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى ھەققىدىكى قاراشلىرى ، ئەدەبىياتنىڭ مىللىيلىق ۋە خەلقچىللىق پرىنسىپى بىلەن بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى تۈر ۋە ژانىرلىرى ھەققىدىكى ئىلمىي خۇلاسىلىرى ، ئەدەبىياتتا خىيال ۋە فانتازىيىنىڭ ئورنى مەسىلىسى بىلەن رۇس ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەدىب ۋە يېڭى ئىجادىي ئەسەرلەرگە بولغان باھالىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئوخشاشلا كىشىلىرىمىزنىڭ جاپالىق ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىگە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ تۇرمامدۇ ؟ بېلىنسكىي غەرب مەدەنىيىتى بىلەن كۈندە دېگۈدەك ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ، ئۆزىنىڭ ئەقىل ۋە ۋىجدانىغا تايىنىپ دۇنيادىكى ئەڭ شۆھرەتلىك ئەدەبىياتلارنىڭ بىرىنى ياراتقان مەدەنىيەتلىك رۇسلار تەرىپىدىن بۇرۇنقىدەكلا قەدىرلىنىۋاتقان بىر چاغدا ، ئۇنىڭ



ئۆزىمىزنىڭكىدىن باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتىنى تېخى تۈزۈكرەك چۈشىنىپ يەتمىگەن ھالىسىز تەنقىدچىلىكىمىز تەرىپىدىن بۇنداق قاراملارچە ئىنكار قىلىنغانلىقى مېنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇردى .

قارىغاندا ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك سېپىدىكى بىر قىسىم كىشىلىرىمىز ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات مۇھىتىدا يېتىلىپ ، كونىچە پىكىر ئەندىزىسىگە ئادەتلىنىپ قالغان ماڭا ئوخشاش بەزى ئادەملەرنىڭ تەنقىدىي ماقالىلىرىدىكى تەپەككۇر قاشاڭلىقى بىلەن پىكىر قاتماللىقىنى بېلىنسكىينىڭ ئەدەبىيات قاراشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ ئويلىسا كېرەك . ياق ، بېلىنسكىي ئۆمۈر بويى ئەدەبىياتنىڭ چىنلىق ۋە گۈزەللىكى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ، تالانت ۋە ماھارەت ئالدىدا تىزلىنىپ كەلگەن ، پىكىر ۋە تەپەككۇر كەڭلىكىدە ھازىرمۇ كەم تېپىلىدىغان ئالاھىدە تەقلىدتىكى بۈيۈك تالانت ئىگىسى . ئۇنىڭ بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدىكى ھەرقانداق بىر قاتمال پىكىر ۋە ساختا كۆرۈنۈشلەر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق . بۇ نەرسىلەر ئۆز ۋاقتىدىكى سول نەزەرىيىۋى تەپەككۇردىن تۇغۇلغان سول ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەربىيىسىنىڭ ئېڭىمىزدىكى قالدۇق تەسىرى . «بەدىئىي ئەدەبىيات — بايان ۋە تەرىپلەر بىلەن ئەمەس ، سۈرەت ۋە ئوبرازلار بىلەن سۆزلىشى كېرەك . ئەدەبىيات بىرەر نەرسىنى تەرىپلىمەيدۇ ، بەلكى ئۇنى يارىتىدۇ» ، «سەنئەت — ئالدى بىلەن سەنئەت بولغاندىلا ئاندىن ئۇ مۇئەييەن بىر دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي روھى ۋە خاھىشىنىڭ ئىنكاسى بولالايدۇ» . مانا بۇلار بېلىنسكىينىڭ ، يەنى «بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ خاسلىقى ئوبرازلىق تەپەككۇردا» دېگەن كلاسسىك تەبىرنى بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان بۈيۈك قەلەم ساھىبىنىڭ پۈتۈن بەدىئىي ئېستېتىك قاراشلىرىنىڭ جەۋھىرى ، ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى ئىلمىي سىستېمىسىنىڭ مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان ھاياتىي ئېنېرگىيىسىدۇر .

سوئال: يارامىلىق يازغۇچى، شائىر بولۇپ چىقىشنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرى قايسىلار؟ يازغۇچى، شائىرلارغا باھا بېرىشتە نېمىلەرگە قاراش كېرەك؟

جاۋاب: يارامىلىق شائىر، يازغۇچى بولۇپ چىقىشنىڭ مۇھىم شەرتلىرى ناھايىتى كۆپ. ھاياتتا پاك، سەمىمىي بولۇش، تۇرمۇش بىلىمى مول، بىلىم قۇرۇلمىسى كەڭ بولۇش، تىرىشىپ ئۆگىنىش ۋە جاپالىق ئىزدىنىش دېگەنلىرىمىز ئەنە شۇ مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىر قىسمى. لېكىن، مېنىڭچە، ئۇلاردىنمۇ مۇھىم بولغان بىر ھەل قىلغۇچ شەرت بار. ئۇ بولسىمۇ يارامىلىق ئەدىب بولۇپ چىقىشنى كۆڭلىگە پۈككەن كىشىدە ئەڭ ئالدى بىلەن ھايات ۋە تەبىئەت تەرىپىدىن بېرىلگەن ئالاھىدە ئەقلىي ئىقتىدار بولۇشى، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، تەڭرى ئاتا قىلغان، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تەبىئىي سىڭىشكەن بىر خىل سېھرىي تالانت بولۇشى كېرەك. مۇبادا مۇشۇ ھەل قىلغۇچ شەرت بولمىسا، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن مۇھىم تەرەپلەر ھەرقانچە تولۇق، ھەرقانچە مۇكەممەل مۇجەسسەملەنگەن تەقدىردىمۇ، بىرەر كىشىنىڭ يارامىلىق ئەدىب بولۇپ چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس. بۈيۈك رۇس شائىرى پۇشكىن پادىشاھ سارىيى ئىلكىدىكى ئاقسۆڭەكلەر بىلىم يۇرتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا، ئون بەش يېشىدا «پادىشاھ يېزىسىنىڭ خاتىرىلىرى» ناملىق يىرىك ئودا (قەسىدە) سىنى يېزىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق شائىرلىرىدىن بولغان ژۇكوۋسكىي بىلەن دېرژاۋىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن رۇس شېئىرىيەت ساھەسىنى ھەيران قالدۇرغان. مانا بۇ بىز دەۋاتقان ئالاھىدە ئەقلىي ئىقتىداردىن تۇغۇلغان ئۆزگىچە سېھرىي تالانتنىڭ كۈچى بولماي نېمە؟

ھەرقانداق بىر يازغۇچى، شائىر ھاياتتا ئۆزىگە خاس خاراكتېر بىلەن ياشايدىغان مۇستەقىل بىر ئادەم. ئۇنىڭمۇ ئۆزى ئارزۇ قىلىدىغان، ئىنتىلىدىغان ھايات يولى، تۇرمۇش ئادىتى، ئەخلاق مىزانى، مۇناسىۋەت دائىرىسى بولىدۇ. بۇ شۇ يازغۇچى، شائىرنىڭ



شەخسىيىتىگە ئائىت نەرسىلىرى، ئۆزلۈكىنىڭ تاللىشى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ھاياتىي قىممىتىنى باھالاشنىڭ ئەمەلىي شەرتلىرى بولالمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق ياراتقان بەدىئىي ئېستېتىك قىممىتىلا ئۇنىڭغا باھا بېرىشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئەقلىي ئۆلچىمى ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە دائىم دېگۈدەك تەكرارلىنىۋاتقان «ئادەمگە ئەمەس، ئەسەرگە قاراش» دېگەن ئاممىۋى تەلەپنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئەنە شۇ.

سوئال: بەزىلەر «شائىر، يازغۇچىلار ھەممىگە ئېسىلىۋالماي بىر ئەدەبىي تۈردە مەخسۇسلاشقىنى ياخشى» دەيدىكەن، سىز بۇ پىكىرگە قوشۇلامسىز؟

جاۋاب: بۇنىڭ نەرى يامان، ئەدىبلىرىمىز بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەممە تۈر، ژانىرلىرىدا ئوخشاش قەلەم تەۋرىتەلىسە تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ لېكىن بۇنىڭدا باشقا ئەقلىي ئەمگەك تۈرلىرىدە تەشەببۇس قىلىنىدىغان، «كۆپكە قادىر، بىرگە ماھىر بولۇش» تەلىپىنى تەكىتلىمەسلىك كېرەك. چوقۇم ھەممىسىگە ئوخشاشلا ماھىر بولۇش لازىم.

رۇس ئەدەبىياتىنىڭ ئىككى بۈيۈك نامايەندىسى پۇشكىن بىلەن لېرمونتوف ئەنە شۇنداق ھەممىگە ماھىر ئەدىبلەردىن ئىدى. ئۇلار «كاپىتان قىزى»، «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى» رومانلىرى ئارقىلىق رۇس بەدىئىي پروزىسىنى يېڭى بىر غايىۋى پەللىگە كۆتۈرگەن بولسا، «يېۋگېنىي ئونېگىن»، «پولتاۋا»، «سىگانلار»، «شائىرنىڭ ئۆلۈمى»، «بورودىنو»، «دېمون» ناملىق ئەسەرلىرى بىلەن رۇس شېئىرىيىتىنىڭ بەدىئىي مەزمۇنىنى يېڭى بىر ھاياتىي كەڭلىككە ئېلىپ كىردى. «بورىس گودونوف»، «ماسكاراد» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئارقىلىق رۇس دراماتورگىيىسىنى ياۋروپا تىياتىرلىرى بىلەن ھۆسن تالىشالايدىغان بەدىئىي پەزىلەتكە ئىگە قىلدى.

بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ شېئىرىيەت، دراماتورگىيە، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە؛ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر شېئىرىيەت، پروزا ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىقتا ئۆزىنى كۆرسەتتى. سەمەت دۇگايلى شېئىرىيەت، پروزا، دراماتورگىيە بىلەن، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ماخمۇت مۇھەممەت شېئىرىيەت، پروزا ئىجادىيىتى بىلەن ئوخشاش شۇغۇللىنىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىگە چۈشتى. مېنىڭچە، بىزنىڭ بۇنداق ئەدىبلىرىمىز قانچە كۆپ بولسا ئەدەبىياتىمىز ئۇچۇن شۇنچە ياخشى.

سوئال: بەزىلەر سىزنىڭ ماقالىلىرىڭىزدە «ماختاش بىلەن مۇئەييەنلەشتۇرۇش كۆپ» دەپ قارايدىكەن، بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟

جاۋاب: ئەدەبىي تەنقىد — مۇئەييەن بىر ئېستېتىك قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە يازغۇچى، ئەدەبىي ئەسەر، ئەدەبىي ئېقىم ۋە ھەر خىل ئەدەبىي ھادىسىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان جاپالىق ئىلمىي ئىزدىنىش. بۇ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتى بويىچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى چىنلىق ۋە گۈزەللىك نۇقتىسىدىن باھالاپ ۋە مۇھاكىمە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى بىلەن ئېستېتىك قىممىتىنى ئېچىپ بېرىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ زوقلىنىشىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا ئەمەلىي ئىلھام بېرىدۇ.

دېمەك، ئەدەبىي تەنقىد — ناھايىتى يۇكسەك ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان بىر خىل مۇرەككەپ ئەقلىي ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش، ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە تەبىئەتنىڭ ھەممە ماھىيەتلىك تەرەپلىرى بىلەن ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ ئەڭ نازۇك ھەرىكەتلىك ھالەتلىرىگە چېتىلىدىغان مۇرەككەپ ئىلمىي تەلەپلىرىنى ئىجادىي ھالدا ئورۇنداش ھەممە كىشىنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئوخشاشلا بەدىئىي ئەدەبىياتنى بارلىقى بىلەن



سۆيىدىغان، يازغۇچى، شائىرلارنى ئۆز ھاياتىدەك ئەزىز بىلىپ قەدىرلەيدىغان، ئالاھىدە بەدىئىي پەرقلەندۇرۇش قابىلىيىتى بىلەن ئۆزگىچە ئەقلىي ئىقتىدارغا ئىگە پاك قەلب بولۇشى كېرەك.

ئەدەبىي تەنقىد ئۆز پائالىيىتىنى ئادەتتە مۇئەييەنلەشتۇرۇش ئارقىلىقمۇ، ئىنكار قىلىش ئارقىلىقمۇ گەۋدىلەندۇرۇشى، بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتى ئۈستىدىكى ئىلمىي ئىزدىنىشنى مەدھىيە ئارقىلىقمۇ، تەنقىد ئارقىلىقمۇ ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇ ئۆز پائالىيىتىنى قانداق مەزمۇن ۋە شەكىلدە ئېلىپ بارسۇن، ئۇنىڭ غايە ۋە مەقسىتى چىنلىق ۋە گۈزەللىكنى ئۇلۇغلاپ، يارىتىش ۋە كەشىپ قىلىش روھىغا ئىگە بولغان ھەرقانداق بىر ئىجادىي تالانتنى سۆيۈش ۋە قەدىرلەشتىن ئىبارەت بولىدۇ. پەقەت مۇشۇنداق ئەدەبىي تەنقىدنىڭلا خۇددى بەدىئىي ئەدەبىياتقا ئوخشاشلا مەڭگۈ ئۆچمەس ھاياتىي ئەبەدىيلىكى بولىدۇ. بېلىنسكىي، دوبروليۇبوف، چېرنىشېۋسكىي ۋەكىللىكىدىكى رۇس ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ دۇنيادا رۇس بەدىئىي ئەدەبىياتىغا ئوخشاشلا يۇكسەك مەنىۋى شۆھرەت تېپىشىنىڭ سىر - ھېكمىتى ئەنە شۇ يەردە.

مەن بۇگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىز ئەمدىلا تۇغۇلۇپ گۆدەكلىك دەۋرىگە قەدەم قويغان مەنىۋى قەھەتچىلىك يىللىرىدا ئەدەبىي تەنقىد ساھەسىگە يانداشتىم. شۇڭا، ئەدەبىياتىمىزدا بارلىققا كەلگەن ھەربىر يېڭىلىق، ھەربىر ئىجادىيەتتىن، يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدە چاقنىغان تالانت ۋە ماھارەتنىڭ ئەڭ كىچىك بىر بەدىئىي ئۇچقۇنىدىنمۇ سۆيۈنۈش ۋە ئىپتىخارلىق ھېس قىلدىم. مېنىڭ ماقالىلىرىمدىكى ماختاش ۋە مۇئەييەنلەشتۇرۇش مېنىڭ ئەنە شۇنداق سەمىمىي ھېسسىياتىمنىڭ بىر خىل تەبىئىي تۇغۇندىسى، تەنقىد ۋە رەت قىلىش بولسا ئەدەبىياتىمىزدا ئەقلىي خۇلاسىلەردىن خالىي ھالدا تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئىجادىي سەۋەنلىكلەردىن تۇغۇلغان ئازابلىق ئۆكۈنۈشۈمنىڭ مەھسۇلى.

راست ، مەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىن تارتىپ ئابدۇرېھىم ئابدۇللاغىچە بولغان قىرىقتىن ئارتۇق تالانتلىق ئاپتورىنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئۇلارغا بولغان قايىللىق ۋە ھەيرانلىق ھېسسىياتىمنى ئەكس ئەتتۈردۈم . ئۇنىڭغا يېقىن ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدىكى بەدىئىي مەزمۇن ھالسىزلىقى ئۈستىدە ئازابلىق پىكىر بايان قىلىپ ، ئۆزۈمنىڭ ياخشى تىلەك ، سەممىي ئارزۇلىرىمنى بىلدۈردۈم . مېنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پائالىيىتىمدە ئاسان نام چىقىرىشقا بولىدىغان تەنقىدىي ئىنكارچىلىققا قارىغاندا مۇشەققەتلىك ئىلمىي ئىزدىنىشتىن تۇغۇلىدىغان مەدھىيە ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈش ھەقىقەتەن كۆپ بولدى . بۇنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى نېمىدە؟

مەن دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى خېلى كۆپ مەشھۇر ئەسەرلەر بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشۇشقا ئۈلگۈرگەن بىر ساۋاتلىق ئوقۇرمەن . شۇڭا ، باشقا ئەللەر ئەدەبىياتىدا يۈز بەرگەن ھەرقانداق ۋەقە ۋە ھادىسە ئالدىدا (گەرچە ئۇلار ھەرقانچە ئاجايىپ ، ھەرقانچە سەلتەنەتلىك بولسىمۇ ) ھەيران قالمايمەن . لېكىن ، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن كىچىككىنە بىر تالانت بىلەن ئادەتتىكىچە بىر ئىجادىي ئەسەردىنمۇ سۆيۈنۈپ ، قايىللىق بىلەن باش ئېگىمەن . چۈنكى ، ئۇلار ئۆز باغرىمىزدا يېتىلگەن ، باشقا ھېچكىم بىزگە يارىتىپ بېرەلمەيدىغان ، ھەرقانداق ۋاقىتتا بىزگە يېقىن ۋە سۆيۈملۈك تۇيۇلىدىغان قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىمىز .

ئۇ بىزنىڭ بەدىئىي پىكىر ۋە ئىجادىي سەنئەتتە بالاغەتكە يېتىشىۋاتقانلىقىمىزنىڭ بىر ئەقەللىي دەلىلى . مۇشۇنداق ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىدىكى بىر ئاددىي قەلەمكەشنىڭ ئۆز ئەدەبىياتىغا بولغان قايناق ھېسسىياتىنى ئادەتتىكىچە بولمىغان ھاياجانلىق پىكىرلەر بىلەن ئەكس ئەتتۈرمەي تۇرالىشى مۇمكىنمۇ؟

بىزنى ئەدەبىي ئوقۇرمەنلىككە ئۆگەتكەن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 - ۋە 60 - يىللىرىدا بىرنەچچە پارچە ھېكايە بىلەن



بەش - ئون پارچە شېئىر يېزىپ قويغان كىشى يازغۇچى ۋە شائىر دەپ ئاتىلاتتى . بىر - ئىككى پارچە تەسىرات تۈسىدە باھا يېزىپ قويغان ئادەم ئەدەبىي تەنقىدچى ھېسابلىناتتى . ھازىر ئەھۋال ئۆزگەردى . بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ نېمىلىكىنى ئەقلەن ھېس قىلىپ يەتكەن مەدەنىيەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىز تومۇلاپ ھېكايە ، رومان يازغان ، ئۆمۈرلۈك مول شېئىرىي مەھسۇلاتلىرى بىلەن تونۇلغان ئىشچان ئاپتورلىرىمىزنىمۇ ھەقىقىي يازغۇچى ، شائىر دەپ ھېسابلىمايدىغان ، ئەدەبىي مۇھاكىمە ماقالىلىرى بىلەن گېزىت - ژۇرناللىرىمىزنى بېزەپ كېلىۋاتقان ھوسۇللۇق قەلەمكەشلىرىمىزنىمۇ ئەدەبىي تەنقىدچى دەپ بىلمەيدىغان ئەدەبىي خوجايىنلىق دەۋرىگە قەدەم قويدى . بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنى ، ئۇنىڭ گۈدەكلىك دەۋرىنى تاماملاپ ، تۇتقىنىنى يۇلۇپ ئالالايدىغان ئىجادىي قىرانلىق مەزگىلىگە كىرگەنلىكىنى ، ئۆزىنى ھەقىقىي كۆزىتىپ باھالىيالايدىغان ساۋاتلىق ئوقۇرمەنلەر قوشۇنىغا ئىگە مۇنتىزىم بىر ئەدەبىياتقا ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . ئەدەبىياتىمىز ئۆز ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تىنىمسىز يېڭى نەرسىلەرنى بېرىپ ، ئىستىقباللىق يېڭى ئىجادىيەت مۇساپىسىدە شىجائەت بىلەن ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان بىر چاغدا ، ئۆزىنى مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ساداقەتمەن ئاپتورى دەپ بىلىدىغان بىر سەممىي قەلەمكەش زادى نېمە قىلىشى كېرەك؟ ئۆز مىللىي ئەدەبىياتىدا يېتىلىۋاتقان يېڭىچە مىللىي روھ ۋە مىللىي ئاڭدىن ، بىزگە ئۆزۈنىچە نېسىپ بولماي كەلگەن ئىجادىي سېھرىي سەنئەتتىن ھەقىقىي خۇشاللىق ۋە ئىپتىخارلىق ھېس قىلالايدىغان مۇھەببەتلىك ئوقۇرمەن بولۇشى كېرەكمۇ ياكى ھەممە ئەدەبىي تەقدىرىنى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى بىلەن باغلاپ ، ئۇن - تىنسىز ئىجاد قىلىۋاتقان جاپاكەش ئەدىبلىرىمىزنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ ، ئۇلارنىڭ ئىجادىي نەپسىنى بوغىدىغان

كەسپلەشكەن جېدەلخورلاردىن بولۇشى كېرەكمۇ؟ مېنىڭچە، بۇنى ئۆز مىللىي ئەدەبىياتىنى چىن دىلىدىن سۆيىدىغان ۋە قەدىرلەيدىغان ھەرقانداق بىر ساۋاتلىق ئوقۇرمەن ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ.

سوئال: بىز ئەدەبىياتىمىزنى ئېلىمىز ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىشىمىز كېرەك؟ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز.

جاۋاب: ھازىر بىزنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىز ئازاد پىكىر، ئەركىن تەسەۋۋۇردىن تۇغۇلغان، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى ھەرتەرەپلىمە چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن مۇكەممەل ئەدەبىيات بولۇپ قالدى. ئۇ بەدىئىي خاسلىق ۋە بەدىئىي ماھارەتتە مۇئەييەن سەۋىيىگە ئېرىشىپ، مىللىي تۇرمۇش ۋە مىللىي پسىخىكىمىزنىڭ ئوبرازلىق ئىنكاسى بولغان بىرمۇنچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ياراتتى. لېكىن، تىل قېيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىرەرىمۇ ئەسلىدىكى بەدىئىي جىلۋىسى بىلەن خەنزۇ ياكى چەت ئەل ئوقۇرمەنلىرىگە يېتىپ بارالمىدى. ئۇنداق بولسا بۇ قېيىن ئۆتكەلدىن قانداق ئۆتۈش كېرەك؟ بۇنىڭ جاۋابى پەقەت بىرلا: ئىمىن ئەھمىدى، ئازاد سۇلتان، ئەكبەر غۇلام، غەيرەت ئاسىم، تىلەك ئىبراھىم، ئابدۇبەسىر شۇكۇرى، پەرھات جىلان، ئابدۇللا مەتقۇربان، دىلمۇرات تەلئەت، ئارزۇگۇل تۇراپ قاتارلىق ئىككى تىلدا يازالايدىغان، ئەدەبىياتىمىزنى باشقا مىللەت ئوقۇرمەنلىرىگە ئەسلىدىكى مەزمۇن خاسلىقى ۋە بەدىئىي ئۆزگىچىلىكى بويىچە تولۇق يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان ئالاھىدە ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك.

سوئال: ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 1980 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى، 1990 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا بىر تۈركۈم ياش شائىرلار مەيدانغا چىقىپ، ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت قاراشلىرىنى دادىل ئىسلاھ قىلدى. زامانىۋى سەنئەت ئېلېمېنتلىرىنى قوللىنىپ، شېئىرىي پىكىر، شېئىرىي شەكىل جەھەتلەردە يېڭىلىق ياراتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ



شېئىرلىرى بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن «مىللىي ئەنئەنىنى ئىنكار قىلغانلىق»، «گۇڭگا، چۈشىنىكسىز» دېگەندەك قاراشلار بىلەن ئەيىبلەندى. سىز شۇ مەزگىلدە بۇ مۇھاكىمىگە ياندىشىپ ئۆزىڭىزنىڭ لىللا پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويمىدىڭىز، بۇنىڭدا ئۆزىڭىز ئويلىغان بىرەر سەۋەب بارمۇ، قانداق؟

جاۋاب: مەن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا بۇ شېئىرلار توغرىسىدا بىرپارچە ماقالە يېزىپ «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدىم. پىكىر ۋە كۆزقاراشلىرىم شۇ ماقالەمدە خېلى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەن ئەزەلدىن بۇ شېئىرلارنى يېڭىچە بەدىئىي تەپەككۇر ئۇستىدىكى بىر خىل ئىجادىي ئىزدىنىش دەپ ھېسابلاپ كەلدىم. بۇ شېئىرلارنىڭ كۆپىنچىسى مېنى زوقلاندۇرۇپ، كۆز ئالدىمدا يېڭى بىر لىرىك مەنزىرە ئاچتى. ئۇلار ماڭا سىز ئېيتقاندەك گۇڭگا، چۈشىنىكسىز بىلىنمىدى. لېكىن، سەمىمىي بىر ئوقۇرمەن سۈپىتىدە شۇنى ئېيتىپ ئۆتمىسەم بولمايدۇكى، بۇ شېئىرلارنىڭ بەزىلىرى شېئىرىي پىكىر ۋە شېئىرىي تىلدىن نامراتلىقى، بەدىئىي سەنئەت تۇسىنىڭ سۇيۇقلۇقى بىلەن ماڭا ھەقىقىي ئىجادىي شېئىرىيەتنىڭ بەدىئىي لەززىتىنى بېرەلمىدى. بۇنىڭدىن مەن بۇ يېڭى شېئىرىيەتنىڭمۇ ئۆز - ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشى لازىملىقىنى ھېس قىلدىم.

سوئال: سىز ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدە ئۆزگىچە يول تۇتۇپ يېڭى ئىجادىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىۋاتقان تەنقىدچى. سىز ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: بىزدە بىر يۈز ئەللىكتىن ئوشۇق رومان نەشر قىلىنىپ، رومانچىلىقىمىز پروزىمىزدىلا ئەمەس، پۈتۈن مىللىي ئەدەبىياتىمىزدىمۇ يېتەكچى بەدىئىي تۈر ئورنىغا كۆتۈرۈلدى. بۇ ئانچە ئۇزاق بولمىغان رومانچىلىق ئىجادىيەت تارىخىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەقىقەتەن ئاز نەتىجە ئەمەس. ئەمدى رومانچىلىقىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتى قانداق بولىدۇ؟ ئىجادىي

يۇكسىلىشى بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ كەڭ بولىدۇ. رومانچىلىق ئىجادىيىتىمىزنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشۇپ مول بەدىئىي تەجرىبە توپلىغان ئەخەت تۇردى، جالالىدىن بەھرام، ئابدۇراخمان قاھار، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، سەمەت دۇگايلى، ئالىمجان ئىسمائىل، ئابدۇللا ساۋۇت، غەيرەت ئاسىم، پەرھات جىلان، ئەختەم ئۆمەر، ياسىنجان سادىق قاتارلىق يازغۇچىلىرىمىز ئۆز ئوقۇرمەنلىرىگە يېڭىدىن يېڭى ئىجادىي مەھسۇلاتلارنى بېرىۋاتىدۇ. ئالاھىدە ئىلمىي تەربىيىلىنىشتىن ئۆتكەن بىر قىسىم ئىقتىدارلىق ياش يازغۇچىلىرىمىز رومان ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇزاققا قالماي پروزىمىزنىڭ بەدىئىي مەزمۇنى ئوقۇپ ئۇلگۈرگىلى بولمايدىغان تېخىمۇ مول، سۈپەتلىك يىرىك ئەسەرلەر بىلەن بېيىيدۇ.

سوئال: سىز ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە ئۆزۈمگە خاس ئۇسلۇب ياراتتىم دەپ قارامسىز؟ ئۆزىڭىزنىڭ تەنقىدچىلىك پائالىيىتىڭىزگە بولغان باھايىڭىز قانداق؟

جاۋاب: مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇسلۇب دېگىنىمىز، شۇ ئاپتورنىڭ ئۆزى، ئۇنىڭ ئەقلىي تەپەككۇر ئۆزگىچىلىكى بىلەن خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ ئەسەرلىرىدە بەدىئىي ھالدا ئەكس ئېتىشى. ئۇ ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ ئەگىشىشى ۋە تەقلىد قىلىشى مۇمكىن بولمايدىغان بىر خىل مەنىۋى خاسلىق. مەنمۇ ئۆزۈمچە كۆپ نەرسىلەر ئۇستىدە ئويلىنىپ، بىرمۇنچە يېڭى پىكىر، كۆزقاراشلار ئۇستىدە ئىزدىنىپ باقتىم. لېكىن، ئۇلارنى بىرەر قېتىممۇ ئۆز ئارزۇيۇمدىكىدەك تويغۇدا يورۇتۇپ بېرەلمىدىم. شۇڭا، مەن تىلغا ئالغۇدەك بىرەر يېڭىچىلىق ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرەلمىدىم.

مېنىڭ تەنقىدچىلىك پائالىيىتىمنىڭ كۆپ قىسمى ئەقلىي تەمتىرەش ۋە روھىي تېڭىرقاش ئىچىدە ئۆتتى. بۇنىڭغا ئىلمىي ماغدۇرۇمنىڭ كەملىكى بىلەن يېڭىچىلىق جاسارىتىمنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەب بولدى. ئەڭ ياخشى كۆڭۈل سۆزلىرىم بىلەن



كىشىلەر قەلبىنى ئىللىتالايدىغان سەمىمىي پىكىرلىرىم ئوقۇرمەنلەرگە ئەسلىي ھالىتىدە يەتمەي قالدى.

مۇبادا مېنىڭ تەنقىدچىلىك پائالىيىتىمدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىگۈدەك بىرنەرسە بار دېيىلسە، ئۇ ئالدى بىلەن مېنىڭ تەنقىدچىلىك ئەخلاقىغا بولغان مۇناسىۋىتىمنىڭ سەمىمىيلىكىدە بولۇشى مۇمكىن. راستىنى ئېيتسام، مەن تەنقىدچىلىك ئەمگىكىمدە ھەرقانداق غەرەز ۋە مۇددىئادىن خالىي ھالدا باشتىن-ئاخىر تالانت ۋە ماھارەتنى قەدىرلەش، كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتنى مەدھىيىلەش تەرىپىدە تۇردۇم. تەنقىدچىلىكنى بىرەر شەخسنىڭ ئورۇن - مەرتىۋىسى بىلەن باغلىمىدىم. ئۇنى ئەرزان شۆھرەتكە يامىشىشنىڭ ياكى بىرەر نەرسىگە ئېرىشىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلمىدىم. باشقىلارنىڭ ئەدەبىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئازاب ۋە بىئاراملىق ھېس قىلىدىغان ھەسەتخورلاردىن، ئۇلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ ھۇزۇر قىلىدىغان قىتىغۇرلاردىن بولمىدىم. يازغۇچى ۋە ئەسەرلەرنى مۇھاكىمە قىلغان چېغىمدا باشقىلاردىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن تەييار پىكىرلەرنى تەكرارلىمىدىم. ھەممە نەرسىنى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىجادىي رېئاللىقىدىن ئالدىم. ماڭا ناھايىتى ياخشى ئايان: مېنىڭ تەنقىدچىلىك پائالىيىتىمدە ئوقۇرمەنلەرگە زورۇقۇپ تۇرۇپ سۇنغان ئۇ ئاددىي يازمىلىرىم مۇئەييەن ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئەقلىي بايلىق بولالمايدۇ. لېكىن، كېيىنكى چاغلاردا بىرەر ئىجتىھاتلىق قېرىندىشىمىز ئۆز مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ بىز شاھىت بولغان مۇشۇ دەۋرىنى ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ قالسا، مېنىڭ بۇ يازمىلىرىمنىڭ ئاددىي بىر پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ قالىدىغانلىقى ئېنىق. مانا بۇ مېنىڭ ئۇزۇن يىللىق جاپالىق تەنقىدچىلىك ئەمگىكىمگە بېرىلگەن ئەڭ ياخشى ئارام ۋە تەسەللى!

سوئال: سىز نۇرغۇنلىغان ماقالىلىرىڭىز بىلەن ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، پىكىر يوللىرىنى ئېچىپ كېلىۋاتقان مەسئۇلىيەتچان تەنقىدچى. سىز ياش ئەدەبىي

تەنقىدچىلەردىن ئىسىملەرنى كۈتىسىز ؟

جاۋاب : مېنىڭ ياش ئەدەبىي تەنقىدچىلەردىن يېڭى بىر نەرسە تەلەپ قىلغۇدەك كەسپىي پېشقەدەملىك سالاھىيىتىم يوق . شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇلارنىڭ دائىملىق ئوقۇرمەنلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئۆزۈمنىڭ مۇنداق بىر سەمىمىي پىكرىمنى ئېيتىپ قويغۇم كېلىدۇ : پەقەت ئۆزىمىزنىڭ مۇشۇ مىللىي ئەدەبىياتىلا بىزنىڭ مىللىي ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزگە تۈگىمەس - پۈتمەس ھاياتىي كۈچ ۋە شۆھرەتلىك ئىلمىي ئىستىقبال بېرەلەيدىغان ھەقىقىي قۇدرەتلىك مەنىۋى بايلىق بولالايدۇ . مەن ياش ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ ئۆز مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى ئالاھىدە مۇھەببەت بىلەن چوڭقۇر ئۆگىنىشىنى ، ئۆزلىرى قەلەمگە ئېلىۋاتقان مۇھاكىمە ئېمىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەممە نەرسىلەرنى تولۇق ئىلمىي سالماق بىلەن تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن .

سوئال : سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق يېڭى ئىجادىي پىلانلىرىڭىز بار ؟

جاۋاب : يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى ، ئەقلىي پىكرىم ئاجىزلاشتى ، غەيرەت - شىجائىتىم سۇسلاشتى . ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى پائالىيىتىمدە يېتىدىغان بىرەر چوڭ ئىلمىي نىشانىم قالمىدى . ئاللا بۇيرۇپ ئەقىللىق قېرىش نېسىپ بولۇپ قالسا ، يەنىلا ھازىرقىدەك ئەقلىمگە يېڭى نەرسە بېرىپ ، قەلبىمدە سۆيۈنۈش ئويغاتقان يېڭى ، ئىجادىي ئەسەرلەر ھەققىدىكى ھېس - تۇيغۇلىرىمنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىپ تۇرۇش خىيالىم بار .

2007 - يىلى 8 - ئاي



# «ساداقەت»تىن تۇغۇلغان ئويلار

مەن شائىر ياسىن زىلالنىڭ يېڭى كىتابى «ساداقەت»نى بىر قېتىمدىلا ئوقۇپ تۈگەتتىم . قەلبىمدىكى خۇشاللىق ۋە سۆيۈنۈش تۇيغۇسى ئۆزۈنغىچە ئۆچمىدى . راستىنى ئېيتسام ، مەن يېقىنقى يىللار ئىچىدە كىشىنى بۇنچىلىك قىزىقتۇرىدىغان ، ھەقىقىي ئىجادىي شېئىرىيەتتىن تۈزۈلگەن بىرەر كىتاب بىلەن ئۇچرىشىپ باقماپتىمەن . بۇ كىتاب ماڭا كۈتكىنىمدىنمۇ جىق يېڭى نەرسىلەرنى بەردى . مەن قايناق ھاياتتىن تۇغۇلۇپ ، ھارارەتلىك قەلبتە يېتىلگەن ئوتلۇق شېئىرىيەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئەمەلىي ھالدا ھېس قىلىپ يەتتىم .

ياسىن زىلال شېئىرىيىتىدىكى بۇنداق بەدىئىي سېھرىي كۈچ قەيەردىن كەلگەن ؟ ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى پەقەت ئۆزىگىلا خاس بولغان ئالاھىدە بەدىئىي ئۆزگىچىلىكتىن كەلگەن . مېنىڭچە ، بۇ خىل ئۆزگىچىلىك ئالدى بىلەن ئۇنىڭ شېئىرىيىتىنىڭ تېماتىك مەزمۇنىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى ، شېئىرىي پىكىرلىرىنىڭ يېڭى ۋە ئىجادىيلىقى ، شېئىرىي ئوبرازلىرىنىڭ جانلىق ۋە كونكرېتلىقى ، بەدىئىي شەكلىنىڭ رەڭدار ۋە تۇراقلىقلىقى ، شېئىرىي رىتىمىنىڭ مۇزىكىلىق ئىچكى ساداغا بايلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ .

ياسىن زىلال شېئىرىيىتىنىڭ بەدىئىي مەزمۇنىنى ۋەتەن مۇھەببىتى ، ئانا يۇرت سۆيگۈسى ، ئاتا - ئانا ھۆرمىتى ، ئىنسانىي ئەخلاق ، مەنىۋى پاكلىق ، دوستلۇق ۋە ساداقەت ، مۇھەببەت ۋە ۋاپا ، ئىشەنچ ۋە ئۈمىد ، غۇرۇر ۋە جاسارەت ، غەزەپ ۋە نەپرەت ، ئەلەم ۋە ھەسرەتكە ئوخشاش ھاياتىي تېمىلار تەشكىل قىلىدۇ . ئۇنىڭدا شادلىق ۋە ئىپتىخارلىققا تولغان قىزغىن مەدھىيىمۇ ، ئاچچىق غەزەپ ۋە مەسخىرە بىلەن نەپرەتلىك شەخسنى روھەن ھالاك

قىلىدىغان ئۆتكۈر ساتىرىمۇ، ماتەملىك قەلبىنىڭ ئەلەملىك ساداسى بولغان ھەسرەتلىك مەرسىيەمۇ، گۈزەل ۋە مەنىلىك ھاياتنىڭ لەززەتلىك ئەسلىمىلىرىدىن تۇغۇلغان دوستانە يېزىشمىلارمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇ مىللىي ھاياتىمىزنىڭ ماھىيەتلىك كۆرۈنۈشلىرى بىلەن مىللىي ئاڭ - پىكرىمىزنىڭ رېئال ھالىتىنى ئەنئەنىۋى مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ ھەممە بەدىئىي تۈرلىرىدە قەلەمگە ئالىدۇ. ئۇ ئىرادە ۋە ئىشەنچكە تولغان رېئال تۇرمۇشىمىزدىن قۇدرەتلىك ئىجادىي ئىلھام ۋە مول شېئىرىي تۇيغۇ بىلەن يېڭى شېئىرىي پىكىرلەرنى ئېلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە خىيال ۋە فانتازىيە كۈچى بىلەن يېڭى ھاياتىي مەنىلەر ئۇپۇقىغا كۆتۈرۈپ، پايانسىز ئەقلىي ھېكمەتلەر ئالەمىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. تۆۋەندىكىسى ئۇنىڭ «كېرىيە دەرياسى» شېئىرىدىن كەلتۈرۈلگەن بىر پارچە:

ئېقىنلار دەم ئۇرار ئۆزگە تىل بىلەن،
كىم دەيدۇ سۆزلىمەس تەبىئەت - ئالەم؟!
ئىنسانلار دۇنيانىڭ بەرقى، زەررىسى،
ئالەمدۇر ئادەمدىن ئۇلۇغ، مۇقەددەم.
كىم دەيدۇ دەريانى يىغلىمايدۇ دەپ؟
ئاسماننىڭ كۆز يېشى ئەمەسمۇ شەبنەم!
تاغلارمۇ سۆزلەيدۇ ئۆز نۆۋىتىدە،
كۈلدۈرەر خۇشاللىق، يىغلىتار دەشنەم.
مەن بۇدەم ساھىلدا گاھى شاد خەندان،
گاھى زار يىغلايمەن ئەزگەندە ئەلەم.

جانلاندۇرۇلغان بۈيۈك تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرى بىلەن سۈرەتلەشتۈرۈلگەن، ئۇلۇغ ئىنسان مەنىۋىيىتى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بۇ مىسرالار ئۆزگىچە شۇنچىلىك كەڭ ئىجتىمائىي مەنىنى سىغدۇرغانكى، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ ئانا يۇرتى قەدىمىي



كېرىيىنىڭ ھەممە مۇرەككەپ ھايات يولى بىلەن ئازاب ۋە ئىپتىخارلىق ئارىلىشىپ كەتكەن تارىخىي تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ئوبرازلىق ئايان بولغان. ئەمدى «ئاتا» شېئىرىدىن كۆچۈرۈلگەن مۇنۇ مىسرالارغا نەزەر ئاغدۇرۇپ كۆرەيلى:

قاناتلاندى لەۋزىڭدىن روھىم،
شادلىقىمغا تار كەلدى جاھان.
سەن ۋەسلىمدە يانغان قۇياشىم،
سەن مۇقەددەس، سەن ئۇلۇغ ئىنسان.

سەن پاسىبان، ھەمراھ قاياشىم،
ئۇگۇتلىرىڭ ھېكمەتلىك داستان.
ئارمانلىرىڭ بولغاي ئانارلىق،
ئۈمىدلىرىڭ كۆيزار گۈلىستان.

شائىرنىڭ بۇ پارچىدا ئەكس ئەتكەن ئىپتىخارلىق مەنىۋى دۇنياسىنىڭ كەڭلىكى ۋە رەڭدارلىقىغا قاراڭ. ئاتا مەدھىيىسى ھەممىمىزگە ئورتاق ۋە يېقىن بولغان يۈكسەك بەدىئىي مەزمۇنلار بىلەن نۇرلاندۇرۇلغان بۇ نادىر مىسرالار ئۆز بەدىئىي يالقۇنى بىلەن ئوقۇرمەن قەلبىنى ياندۇرماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ مانا بۇ ئاتىغا بولغان ئوتلۇق مۇھەببەتنىڭ، ئۇنىڭ بۈيۈك ئىززەت - ھۆرمىتى ئالدىدا روھەن تىزلىنىشنىڭ ھەقىقىي لىرىك سۈرىتى!

بەدىئىي ئوبراز — شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە جان بېغىشلايدىغان ھاياتىي قان. ئۇ شائىرنىڭ ئىجادىيەتتىكى خاھىشچانلىقىنى يوشۇرۇپ، شېئىرىي پىكىرلەر بىلەن لىرىك مەنزىرىلەرنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرىدىغان، شائىرنىڭ شەكىلسىز، مەۋھۇم ھېس - تۇيغۇسىنى جانلىقلىق ۋە كونكرېتلىققا ئىگە قىلىدىغان ئىجادىي بەدىئىي سۈرەت. ئۇ ئاپتورنىڭ ئۆتكۈنچى تۇرمۇش تەسىراتى بىلەن يەڭگىل، لەيلىمە ھېس - تۇيغۇلىرىدىن

ئەمەس ، بەلكى شائىرنىڭ ئىنسانىي خىسلەت ۋە خاراكتېرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولغان تىپىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىدىن ، ئۇنىڭ يارىتىش ، ئىختىرا قىلىشتىكى ئالاھىدە ئىقتىدارىدىن تۇغۇلىدۇ . بۇنداق شېئىرىي ئوبراز بەدىئىي سەھىپىلەردىن ئوقۇرمەن قەلبىگە تەبىئىي ھالدا كۆچۈپ ، ئۆزىنىڭ يېڭى كەڭلىك مۇھىتىنى يارىتىپ ، شېئىرىي مەزمۇننى ھاياتنىڭ چەكسىزلىكى ۋە مۇقەددەسلىكىگە تۇتاشتۇرىدۇ . مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ماھارىتىنى بەدىئىي ئوبراز يارىتىش ماھارىتى دېيىشكە بولىدۇ .

ياسىن زىلال شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە ئوبرازچانلىققا ، ئۇنىڭ بەدىئىي ۋاستىلىرى بولغان سۈرەتلەش ، جانلاندۇرۇش ، ئوخشىتىش ۋە مۇبالىغىگە ئوخشاش قىيىن ۋە مۈرەككەپ بولغان بەدىئىي ئىزدىنىشلەرگە جاپالىق ياندىشىشقا ئادەتلەنگەن تەلەپچان شائىر . ئۇنىڭ ئىجادىي شېئىرىيىتى ھاياتنىڭ سىر - ھېكمەتلىرىنى روشەن يورۇتۇپ ، ئۇنى ئوقۇرمەن قەلبىگە رېئال ۋە كونكرېت ھالدا تەبىئىي قۇيۇپ قويالايدىغان يېڭى ئىجادىي بەدىئىي ئوبرازلارغا تويۇنغان . مانا ، ئۇنىڭ «كېرىيە ئانام» ناملىق لىرىك شېئىرىدىن ئېلىنغان بىرنەچچە مىسرا :

مەن جىسمىڭدا پارلىغان بىر تاڭ ،
مەن ۋەسلىڭدىن تامغان قەترە قان .
مەن مېھرىڭدە كۆكلىگەن بالاڭ ،
مەن بىر ئارچا مەزمۇت ، باراقسان .
مەن روھىڭدىن ياڭرىغان ئاھاڭ ،
گاھ شاد خەندان ، گاھ مۇڭ - پەرىشان .

مەن كېچەڭدە پارلىغان چولپان ،
مەن دەشتىڭدە يانغان زور گۈلخان .
ھىدلىرىڭدا ئانامنىڭ ھىدى ،



قۇچاقلىسام سېنى ھەرقاچان .
لاۋا تاغدەك دولقۇنلار باغرىم ،
كۆزلىرىمدىن تاشار ھاياجان .

بۇ پارچىدا ئەسلىدىكى تەبىئىي ئۇقۇم ھالىتى بويىچە تۇپتۇز ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھېچ نەرسە يوق . ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسە ھەرىكەتلىك ھالەتتە جانلاندۇرۇلۇپ ، ئوقۇرمەن كۆرەلەيدىغان ۋە ھېس قىلالايدىغان بەدىئىي روشەنلىككە ئىگە قىلىنغان . پارچىدىكى لىرىك پېرسوناژنىڭ ئانا يۇرت ئىشقىدا ئۇرۇۋاتقان دولقۇنلۇق قەلبىنىڭ گاھ پارلىغان تاڭ ، تامغان قان ، ياڭرىغان ئاھاڭ ، گاھ پارلىغان چولپان ، يانغان گۈلخان تۈسىدە ئوبرازلاشتۇرۇلۇشى ئارقىلىق ۋاپادار پەرزەنتىنىڭ مۇھەببەتلىك مەنىۋى دۇنياسىنىڭ رەڭدار بەدىئىي سۈرىتى سىزىپ بېرىلگەن . شۇنىڭ بىلەن بۇ پارچىدىكى بەدىئىي مەزمۇن ئۆزىنى يورۇتۇۋاتقان بەدىئىي ئوبرازلارغا ئوخشاشلا بەدىئىي يارقىنلىققا ئېرىشكەن .

ئەمدى بىز ئاپتورنىڭ شائىر روزى سايىتنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلانغان «تاغلارغا تەققاسەن ، كۆيلىرىڭ دەريا» ناملىق مەرسىيىسىدىن ئېلىنغان ، شائىرنىڭ ئوبراز يارىتىش ماھارىتىنىڭ يەنە بىر بەدىئىي دەلىلى بولغان تۆۋەندىكى ئاجايىپ مىسرالارغا نەزەر ئاغدۇرۇپ كۆرەيلى :

زېمىنغا چېچىلدى تۇمەنلەپ ئاق بەت ،
مۇقەددەس روھ يەردىن كۆتۈرۈلگەن دەم .
مىسرالار جىسمىدا ئۈيغان ھەسرەت ،
ھىجراندا ئۆزىنى سۈندۇردى قەلەم .

تاشلارغا ئۇرۇلدى پەيمانى تاقەت ،
پەلەكنىڭ بەھرىدىن سىرغىدى شەبنەم .

دەرىخاھ ، بۇ بىزگە ئەمدى نېمە دەرد ،
باغرىمدا بۇرغىدەك دەھشەت بىر ئەلەم .

بۇ پارچىدىكى شېئىرىي ئوبرازلار شۇنچىلىك ساددا ۋە تىنىق ، لېكىن كىشىنى ئازابلىق ھاياجانغا سالىدىغان بەدىئىي سەلتەنەتكە ئىگە . پارچىدىكى ئوبرازلار تۇركۇمىنىڭ ئىزچىللىقىدىن شەكىللەنگەن ھەسرەتلىك بەدىئىي ئېقىم ئۆزىنىڭ تۆھپىكار ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغان ئەلەملىك خەلقنىڭ ھىجران ئازابىدىن مىجىلغان مۇسىبەتلىك قەلبىنىڭ نادامەتلىك ئاھ - زارى بىلەن ئاھاڭداش . بەدىئىي مۇھىت بىلەن بەدىئىي مەزمۇننىڭ مۇنداق يۇكسەك بىرلىكىگە ئېرىشىپ ، كىشىلەر قەلبىنى ئېغىر ھەسرەتلىك كەيپىيات بىلەن تولدۇرۇپ ، ئۇلاردا ئۆلۈم ۋە تىرىكلىك بىلەن ھايات ۋە ئادەملەر ھەققىدە يېڭى ئازابلىق ئوي - خىياللارنى ئويغىتالايدىغان مۇنداق ئىجادىي مەرسىيىلەر شېئىرىيىتىمىزدە ھەقىقەتەن يوق دېيەرلىك .

بەدىئىي شەكىلدىكى مۇقىملىق ۋە دەخلىسىزلىك بىلەن ۋەزىن ، تۇراق ، قاپىيىلەرنىڭ تەبىئىي ماسلىشىشچانلىقىدىن بارلىققا كېلىدىغان شېئىرىي رىتىم بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ قىممەتلىك بەدىئىي بايلىقى . شەكىلدىكى مۇقىملىق ۋە تۇراقلىقلىق شېئىرىيىتىمىزنى مۇئەييەن فورما بىرلىكى ۋە ئىزچىللىقىغا ئىگە قىلسا ، شېئىرىي رىتىم ئۇنىڭغا قويۇق سەنئەت تۈسى بېغىشلاپ سېھرىلىك مۇزىكىلىق ئىچكى سادا بېرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن شېئىرىيىتىمىز ئۆزىنىڭ سەنئەتلىك ھاياتىي كۈچىنى يېڭى ئېستېتىك قىممەتتە ئىجادىي نامايان قىلالايدۇ .

ئەپسۇسكى ، يېقىنقى يىللاردا شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن بىر قىسىم كىشىلىرىمىز مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ شەكىل مۇقىملىقى بىلەن شېئىرىي رىتىم ئىزچىللىقىدىن ئىبارەت ئىجادىي ئەنئەنىسىنى ئىنكار قىلىپ ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ



مۇزىكىلىق ئىچكى سادادا ئىپادىلىنىدىغان بەدىئىي گۈزەللىكىنى خۇنۇكلەشتۇرۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدىكى ھېچقانداق بەدىئىي ئۆلچىمى ۋە چەكلىمىسى بولمىغان ، شېئىرىي سەنئەتنىڭ ھەرقانداق ئىجادىي تەركىبىدىن خالىي بولغان بىر خىل زەئىپ شېئىرىيەتنى تەشەببۇس قىلىشتى . مىللىي شېئىرىيىتىمىزنى ئەڭ ياخشى بەدىئىي پەزىلىتىدىن مەھرۇم قىلىدىغان بۇ زىيانلىق تەشەببۇسنى ئۇلار ھەتتا «شېئىرىيىتىمىزنى يېڭىلاش ۋە ئىسلاھ قىلىش» دەۋالدى . لېكىن ، شائىر ياسىن زىلال شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنى سۇيۇقلاشتۇرىدىغان بۇ خىل تەشەببۇسنىڭ ھەيۋىسىدىن چۆچۈمەي ، مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ بۇ قىممەتلىك ئەنئەنىسىنى ۋىجدانەن قەدىرلەپ ، ئاسان يەتكىلى بولىدىغان بۇنداق ئەرزان شان - شۆھرەتكە بېرىلمىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئەقىدىسىگە سادىق بولۇپ ، مۇشەققەتلىك ئىجادىيەت يولىدا ئاخىرغىچە تەۋرەنمەي مېڭىپ ، شەكىل مۇقىملىقى بىلەن مۇزىكىلىق سادا گۈزەللىكىگە ئىگە بولغان ، ئۆزىنىڭ روھى ۋە ئىرادىسى ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان ھەقىقىي ئىجادىي شېئىرىيەتنى يارىتىپ ، مىللىي شېئىرىيىتىمىز- نىڭ بۇ خىل ئېسىل پەزىلىتىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇردى :

سەن باغرىم - مېھرىمگە كۆمۈلگەن ،
مەن روھىڭ ۋەسلىڭگە چۆمۈلگەن .
يۈزۈمنى ياقتىم پاك توپاڭغا ،
مەن كىمنىڭ ئالدىدا پۈكۈلگەن ؟
مەن سېنىڭ ئالدىڭدا ئېگىلدىم ،
ساڭا چىن مۇستەھكەم چېگىلدىم .

.

بىر نوتا ئانارىڭ بولايچۇ ؟
ئاتەشگاھ زېمىنغا تىكىلدىم !
چىرىيە قانچىگە كىرگەنسەن ؟
كۆك ئۆمرى ئۆمرۈڭگە يانداشمۇ ؟

كەچمىشنىڭ بارخانلار تېگىدە ،
ئاھلىرىڭ قۇملارغا سانداشمۇ ؟
(«چىرىيە . . . ؟ »دىن )

بۇ پارچىدىكى ھەربىر مىسرا ، ھەربىر كۇپلېت شۇنچىلىك مۇستەھكەم بىرلىك ۋە مۇقىملىققا ئىگە ، ئۇلار گويا شېئىرىي پارچىنىڭ لىرىك مەزمۇنى بىلەن بىللە تۇغۇلغان مۇقەددەس بەدىئىي قوشكېزەك . قۇرلار ئارىسىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان ۋاپادار قەلبنىڭ ئاتەشلىك تىنىقى بىلەن ئانا سازنىڭ سېھىرلىك ساداسىنى ئەسلىتىدىغان قۇدرەتلىك مۇزىكىلىق رىتىمنى دېمەمسىز تېخى !

ئەمدى بىز شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس شەكىل ۋە مەزمۇن مۇرەككەپلىكىگە ئىگە بولغان تۆۋەندىكى سەككىزلىكى بىلەن ئۇچرىشىپ كۆرەيلى :

ئۇچۇپ كۆك قەرىدىن چوغلانغان چېچەك ،
بالقىتىپ زەر شولا ، چاقنىتىپ جاھان .
سىلكىپ نۇر پەرلىرىن شۇنداق چىرايلىق ،
لاۋۇلداق قەلبىمنى قىلدى ئاشىيان .
شائىرلىق — ئاشىقلىق گۈل بولدى باغرىم ،
يىرتىلغان يالقۇندەك ئېچىلدىم شۇئان .
كۆكسۈمدە يالجىغان چېچەكمۇ ، يۈرەك ؟ !
پاك روھىم گۈل ئۆزرە بىر قەترە مارجان .
(«ئارمانلىرىم ئارمان قۇچىدۇ »دىن )

بۇ شېئىرىي پارچىنى جانلاندۇرۇپ ، ئۇنىڭغا يارقىن ئىجادىي گۈزەللىك ئاتا قىلىۋاتقان خىسلەتلىك كۈچ نېمە ؟ پارچىنىڭ شېئىرىي مەزمۇنىغا تەبىئىي ھالدا سىڭىشىپ ، ئۇنىڭ بەدىئىي ھاياتىغا ئايلىنىپ كەتكەن شەكىل مۇقىملىقى بىلەن مۇزىكىلىق رىتىم ئەمەسمۇ ؟



مۇبادا بۇ شېئىرىي پارچە يۇقىرىقى بەدىئىي ئامىللاردىن مەھرۇم قىلىنىپ ، مۇئەييەن بەدىئىي ئۆلچەم ۋە چەكلىمىدىن خالىي بولغان ھالسىز شېئىرىيەت مۇھىتىغا بەند قىلىپ قويۇلسا ئۇنىڭدا لىرىك مەزمۇن بىلەن شېئىرىي سەنئەتكە تەۋە بولغان يەنە نېمە قالىدۇ ؟ ھېچ نەرسە قالمايدۇ . ھەممە نەرسە قۇرغاق ۋە يالىڭاچ زەئىپ شېئىرىيەت مۇھىتىدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ ، پۈتۈن شېئىر ھالاك بولىدۇ . بۇ ھال بىزگە شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ئۈچۈن شەكىل مۇقىملىقى بىلەن مۇزىكىلىق رىتىمنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭسىز شېئىرىيەت سەنئىتىنىڭ ھەرقانداق قىلىپمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئەمەلىي ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

ياسىن زىلال ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتىدە شېئىردىن باشقا داستانچىلىق بىلەنمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك شۇغۇللىنىپ ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ يىرىك ئەسەرلەر ئىجادىيىتىنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشقان كۆپ قىرلىق شائىر . ئۇنىڭ داستانچىلىق ئىجادىيىتى شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ . ئۇنىڭ «ساداقەت» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن تۆت پارچە داستانى ئۇنىڭ شۇ يىللاردىكى ئىجادىي ئىزدىنىشىنىڭ يىرىك بەدىئىي مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ . شائىرنىڭ بۇ داستانلىرى ئۇنىڭ شېئىرىيىتىگە ئورتاق بولغان يۇقىرىقى ئومۇمىي بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەردىن باشقا ، داستانچىلىقىمىزنىڭ ئەينى يىللار ئىجادىي ئەنئەنىسىگە ئوخشىمايدىغان بەزى مۇھىم ئۆزگىچىلىكلەرگىمۇ ئىگە . ئۇنىڭ بۇ داستانلىرىدا پېرسوناژلار پائالىيىتىنى ئىزچىللىق ۋە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىپ تۇرىدىغان سىستېمىلىق سۇژېت قۇرۇلمىسى يوق دېيەرلىك بولۇپ ، بەدىئىي مەزمۇن كۆپىنچە ھاللاردا ئادەتتىكى ئۇششاق ۋە تارقاق تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى بىلەن پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ يەككە ۋە ئايرىم ھالەتلەردىكى مەنىۋى

پسخىك ئىپادىلىرىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇغا تويۇنغان ھاياجانلىق تەسۋىرلىرى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ . بۇ ھال داستانلارنىڭ لىرىك تۇسىنى يەنىمۇ قويۇلدۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ بەدىئىي رەڭدارلىقى بىلەن بەدىئىي ئىخچاملىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ . ئۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىغا بېغىشلانغان «ئانا» داستانىدا ۋەتەننىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە مۇقەددەسلىكىنى ئانا خاراكتېرىگە كۆچۈرۈپ ، ئۇنى خانتەڭرىنىڭ بۈيۈكلۈكى ، قۇياشنىڭ نۇر ئاپتىپى ، ئاينىڭ نۇرانە جىلۋىسى قاتارلىقلارغا تەڭلەشتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ سىمۋوللۇق شېئىرىي تەسۋىرى ئارقىلىق تېماتىك مەزمۇننى ئۆزگىچە بىر خىل لىرىك روشەنلىكتە ئېچىپ بەرسە ، ۋاپا ۋە ساداقەتلىكنى ئۇلۇغلايدىغان «ساداقەت» داستانىدا ئەسەر مەزمۇننى ئىككى لىرىك پېرسوناژنىڭ سەكرەتمىلىككە ئىگە بولغان تارقاق ۋە تۇراقسىز مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ھايات ۋە ئادەملەرگە بولغان چۈشەنچە ۋە مۇناسىۋەتلىرىدىكى زىددىيەتلىك پەرقلەردىن تۇغۇلغان خاراكتېرلار ئېلىشىشلىرىنىڭ تىپىك ۋە ئىخچام كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ . ئازابلىق مەرسىيە تۈسىگە ئىگە بولغان «جۇدالىق» داستانىدا بولسا ئاپتورنىڭ ھەممە بەدىئىي غايىۋى مەقسىتى ئۇنىڭ ئانا مېھرى خاسىيىتىدە ئۆتكەن گۈزەل ۋە لەززەتلىك بالىلىقى ۋە ئۆسمۈرلۈكى ھەققىدىكى شېرىن ئەسلىمىلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئانا ۋۇجۇدىغا پۈتۈلگەن ، ھاياتىي ئەبەدىيلىككە ئىگە بولغان پاكلىق ، گۈزەللىك ۋە ئالىيجانابلىق توغرىسىدىكى لىرىك مۇھاكىمىلىرى ئاساسىدا بەدىئىي روشەنلىك تاپىدۇ . داستاندا ئاپتور ئانىسىنىڭ ھەسرەتلىك ئۆلۈمىدىن دىلىدا قوزغالغان جۇدالىق ئەلىمىگە ئۆزىنىڭ ھەممە ھاياتىي ئارزۇلىرى بىلەن بۇرچ ۋە ساداقەت تۇيغۇلىرىنى قوشۇۋېتىپ ، قايغۇلۇق تەسەللى تاپىدۇ .

ياسىن زىلالنىڭ بىز قىسقىچە مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتكەن بۇ داستانلىرىنىڭ يەنە بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئۇ تۇرمۇشنى كۆزىتىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشتە ھاياتنىڭ ھەممىگە ئورتاق بولغان



چوڭ ، ئالاھىدە ۋەقەلىرى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ سەلتەنەتلىك ئومۇمىي ھادىسىلىرى كەينىدىن ئەگەشمەي ، ھەممە نەرسىنى ئاددىي كىشىلەرنىڭ ھېچقانداق دەبدەبىسى بولمىغان سادىدا ، مەنىلىك ھاياتىدىن ئېلىپ ، ئۆزىنىڭ بەدىئىي تەسۋىرىي نۇقتىسىنى تۇرغۇزغان . ئۇ رېئال تۇرمۇشنىڭ كۆز ئالدىمىزدا كۈندە دېگۈدەك تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى ئەھمىيەتلىك ۋەقە ـ ھادىسىلىرىگە ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن ئۆزگىچە ھايات تەسىراتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ، داستانلىرىنىڭ ئىخچام ، لېكىن دولقۇنلۇق سۇژىت ئېقىمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن . ئۇنىڭدىكى ھەربىر پېرسوناژنىڭ ھەرىكەت ـ پائالىيىتى بىلەن ئوي ـ خىياللىرىنى ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن زىددىيەتلەر تەرەققىياتىنىڭ مەنتىقىلىق راۋاجىغا ماس ھالدا تەشكىللەپ ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى رېئال تۇرمۇشنىڭ ئەڭ تىپىك ماھىيەتلىك كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدە ئېچىپ ، ئۇلارنىڭ ئاسان نەزەرگە چۈشمەيدىغان ئەڭ كىچىك ھەرىكەتلىرىگىچە مۇئەييەن ھاياتىي مەنىلەرنى بېرىپ ، ئۇلارنى ھەقىقىي تىرىك تۇرمۇش ئادەملىرىگە ئايلاندۇرغان . بۇ ھال داستانلارنى تۇرمۇش ۋە ئوقۇرمەنلەرگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئېستېتىك قىممىتىنى ئاشۇرغان .

بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي شېئىرىيىتىمىز ماھىيىتىدىن ئالغاندا ھەرقانداق بىر شائىرغا خالىغىنىچە ئەركىن ئىجاد قىلىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدىغان كەڭ ۋە ئازادە بىر سەھنە . لېكىن ، ئۇنىڭ شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئېستېتىك گۈزەللىك بىلەن بەدىئىي مۇكەممەللىك تەلىپىدىن تۇغۇلغان ، ئورۇنداش بەكمۇ تەس بولغان بىرمۇنچە قائىدە ۋە مىزانلىرى بار . بۇلار ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە خاس بەدىئىي ساداسى بولمىغان بىر قىسىم شائىرلىرىمىزنىڭ بۇ ئازادە سەھنىدە خالىغىنىچە ھەرىكەت قىلىش ئىنتىلىشىنى توسۇيدىغان ، ئۇلارنىڭ ئىجادىي سەنئەت تەلىپىگە ئۇيغۇن بولمىغان نەرسىلىرىنى رەت قىلىدىغان ئۆلچەم ۋە چەكلىمىدۇر . بۇنداق تار ، چەكلىمىلىك

ئىجادىيەت سەھنىسىدە ئۆزى خالىغىنىچە ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكىگە ئېرىشىش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس. بۇنىڭغا پەقەت ئۆز خەلقىنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ ھاياتىنىڭ روھىي ماھىيىتى بىلەن ئۆز مىللىي شېئىرىيىتىنىڭ ھەممە بەدىئىي تەلەپلىرىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرگەن، تىنىمسىز ئىزدىنىپ ۋە ئىجاد قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان رەڭدار شېئىرىي ئالىمىنى ئاچالايدىغان ئالاھىدە ئەدەبىي ئىقتىدارغا ئىگە ھەقىقىي تالانت ئىگىلىرىلا ئېرىشەلەيدۇ. مېنىڭچە، ياسىن زىلال يۇقىرىقى تەلەپلەرنى ئۆز ئىجادىيىتىدە تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرگەن، شېئىرىيىتىمىزنىڭ مۇرەككەپ چەكلىمە ۋە بەلگىلىمىلەر بىلەن قورشالغان ئاشۇ تار سەھنىسىدە ئۆزىنى ھەرقاچان ئەركىن ۋە ئازادە ھېس قىلىپ كېلىۋاتقان كەم تېپىلىدىغان تالانتلىق شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى.

ياسىن زىلال ئۆز مىللىي ئەدەبىياتىنى بارلىقى بىلەن سۆيدى، ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئىستىقبالىنى ئۇنىڭ تەرەققىيات تەقدىرىدە دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا بولغان ۋىجدانىي ۋارىسلىق تۇيغۇسىدىن شەرەپ ۋە ئىپتىخارلىق ھېس قىلدى. ئۇ ھەرقانداق كۆڭۈلسىزلىك ۋە كېلىشمەسلىكلەر ئالدىدىمۇ ئۆز مىللىي ئەدەبىياتىغا بولغان ئەقىدە ۋە ئېتىقادىدىن كەچمەي، بىر خىلدا چىدام بىلەن ئىجاد قىلىپ، مىللىي روھ، مىللىي خاراكتېرىمىز بىلەن ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي يۈكسەكلىكىمىز پارلاپ تۇرىدىغان ئىجادىي ئەسەرلەرنى يارىتىپ، مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ ھەقىقىي مەنىۋى كۈچى بىلەن ئەنئەنىۋى ئىجادىي قۇدرىتىنى ئەمەلىي ھالدا گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. ئۇنىڭ «ساداقەت» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن، ھايات ۋە ئادەملەرگە بولغان چەكسىز مۇھەببەتتىن تۇغۇلغان، ئۆزگىچە بەدىئىي رەڭ ۋە پۇراققا ئىگە بولغان بىرمۇنچە يېڭى ئىجادىي شېئىرلىرى بۇ سۆزىمىزنىڭ روشەن دەلىلى.

2007 - يىلى 4 - ئاي



# ئابدۇللا توقاي ئىجادىيىتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى

ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي ھايات سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن رېئال تۇرمۇش ھالىتىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئەقلى ۋە روھىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان بەدىئىي ئەدەبىيات ئادەم ۋە ئۇنىڭ روھىيىتىنى، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ «قەلب دىئالېكتىكىسى»نى تەتقىق قىلىدىغان مۇرەككەپ بىر پەن. لېكىن، ئۇ ئۆزى بىلەن مەزمۇنداش بولغان باشقا پەن تۈرلىرىگە سېلىشتۇرغاندا ئوخشاشمايدىغان بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىك يالغۇز ئۇنىڭ تەپەككۇر شەكلىدىكى ئۆزگىچىلىكىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇش ۋە راۋاجلىنىش ھالىتىدىكى خاسلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. تارىخ، پەلسەپە، لوگىكا، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە مىللەتشۇناسلىققا ئوخشاش بىرمۇنچە پەن تۈرلىرى جەمئىيەت ھاياتىنىڭ ھەرقانداق بىر دەۋرىدە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق بىر ھالىتىدە ئوخشاشلا مەۋجۇت بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى مۇمكىن. لېكىن، بەدىئىي ئەدەبىيات جەمئىيەت تەرەققىياتىدا مۇئەييەن بىر ئىجتىمائىي دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ، كىشىلەرنىڭ ھايات قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى ئاڭ - چۈشەنچىلىرىدە ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىنىش يۈز بەرگەن ئالاھىدە تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا بارلىققا كېلىپ راۋاجلىنىدۇ. ئۇ ئۆزى تەۋە بولغان خەلق ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي تەرەپلەردە يېڭى بىر سەكرەشنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۆزىنىڭ يېڭى، ئىجادىي مەدەنىي ئالىمىنى ئاچقاندىلا ئاندىن ئۇ ھەقىقىي گۈللىنىش يولىغا كىرىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئەقلى ۋە ۋىجدانى ھېسابلىنىدىغان ھەقىقىي بۈيۈك ۋەكىللىرىنى يارىتالايدۇ.

قېرىنداش تاتار خەلقى ئالاھىدە تارىخىي، ئىجتىمائىي ئورنى ۋە مىللىي پسىخىكىسىدىكى تىنىمسىز ئىزدىنىش ۋە ئىنتىلىش روھى بىلەن ئۆزىنىڭ تىلداش ۋە دىلداش بولغان باشقا قېرىنداشلىرىدىن خېلى يىللار بۇرۇنلا يېڭىچە ئەقلىي تەپەككۇر يولىغا كىردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنىڭ مەركىزىي رۇسىيە بىلەن مەركىزىي ياۋروپاغا تۇتىشىدىغان ۋولگا، تۇمەن ۋە قىرىم رايونلىرىغا جايلاشقانلىقى، قالغانلىرىنىڭ رۇسىيىنىڭ پېتىربورگ، موسكۋا، نىژنى نوۋگورد، يېكاتېرىنبورگ، سىمبىرسكى، ئورىنبورگ ۋە ئومىسكى قاتارلىق تەرەققىي قىلغان شەھەرلىرىگە تارقالغانلىقى، شۇنداقلا شەھەرلەشكەن تاتار خەلقىنىڭ زور بىر قىسمىنىڭ سودا - سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، 19 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىلا يېڭىچە ئىقتىسادىي - مەدەنىي مۇھىتقا قەدەم قويغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ ئىلغار رۇس مەدەنىيىتى بىلەن ياۋروپا مەدەنىيىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلدى. يېڭىچە تەربىيە مۇھىتى بىلەن ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەر مۇھىتىنى يارىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىيلىكىمۇ، زامانىۋىلىقىمۇ ئىگە بولغان ئۆزگىچە بىر ئەقلىي پىكىر دۇنياسىنى ئاچتى. شۇڭا، ئۇلار 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى زۇلمەتلىك ئىجتىمائىي مۇھىتتىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىلغار، دېموكراتىك ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، مىللىي ئەقىل - پاراستىنىڭ مەڭگۈلۈك نۇرانە ئابىدىسى بولغان ئابدۇللا توقايغا ئوخشاش ئۇلۇغ بىر تىل سەنئەتكارىنى ياراتالىدى.

ئابدۇللا توقاي دۇنياۋى ئەدەبىياتتىمۇ كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان ئالاھىدە بىر خىل تالانت ئىگىسى. ئۇ ئۆزىنىڭ بەكمۇ قىسقا داۋام قىلغان ئىجادىي ھاياتىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ قۇدرەتلىك بەدىئىي تەپەككۇرىنى ئاخىرقى تىنىقىغىچە ئىشقا سېلىپ، ئۆز خەلقىگە غايەت مول ۋە رەڭدار بولغان بۈيۈك ئىجتىمائىي مىراس قالدۇردى. ئۇ ئەينى زامان تاتار جەمئىيىتىدىكى ھەممە رېئال ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي مەسىلىلەرنى



قەلەمگە ئېلىپ، ئۆز خەلقىنىڭ قەلبىدىكى زىددىيەتلىك روھىي ئامىللارنى بەدىئىي مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي قىممەتكە ئىگە بولغان يېڭى ھاياتىي يەكۈنلەرنى چىقىرىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ مەنىۋى تەربىيە مۇھىتىنى بىرمۇنچە ئىجادىي مەزمۇنلار بىلەن بېيىتتى. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ بۈيۈك تارىخىي ئىزلىرى بىلەن ھەممىنى يارىتىشقا قادىر بولغان ئۇلۇغۋار ئەقلىي قۇدرىتىدىن قانچىلىك ئىپتىخارلىنىپ شادلانسا، ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى پاكلىق ۋە گۈزەللىك نۇرلىرىنى خىرەلەشتۈرۈۋاتقان ھەر خىل ئەخلاقىي زەئىپلىكلەردىن شۇنچىلىك ئۆرتىنىپ ئازابلاندى. ئۇ ھەقىقەتەن ئۆز خەلقىنىڭ مۇھەببەتلىك باغرىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇ - ئارمانلىرىنى بىر ئۆمۈر ھەسرەت ۋە ساداقەتمەنلىك بىلەن كۈيلەپ ئۆتكەن ئەلەملىك شائىر.

ئابدۇللا توقاي ھايات شارائىتىنىڭ شۇنچىلىك ناچار ۋە مۇشەققەتلىكلىكىگە قارىماي، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئەقلىي كۈچىگە تايىنىپ كۆپ خىل چەت ئەل تىللىرىنى ئىرىشىپ ئۆزلەشتۈرۈپ، رۇس ۋە ياۋروپا ئەدەبىياتى بىلەن قېرىنداش تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىنى پىششىق ئۆگەنگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا ئۇلاردا بارلىققا كەلگەن بۈيۈك ئەقىل نامايەندىلىرىگە بولغان چەكسىز ھۆرمەت ۋە سەمىمىي مۇھەببەت تۇيغۇسى پەيدا بولغان. ئۇ ئەسەرلىرىدە ئۇلارغا پاك ئەقىدە، مۇقەددەس ئېتىقاد بىلەن كۆپ قېتىم ياندىشىپ، ئۇلارنى ئىنسان مەنىۋى يۈكسەكلىكىنىڭ نۇرانە پەللىسى ھېسابىدا ئۇلۇغلىغان.

لېكىن، ئابدۇللا توقاي ئۆزىنىڭ بەكمۇ مۇرەككەپلىككە ئىگە بولغان مۇشەققەتلىك ئىجادىيەت يولىدا بۇ بۈيۈك ئەدىبلەرگە قانداق مۇئامىلىدە بولغان؟ ئۇ ئۆزىنى ئۇلارنىڭ ئۆمۈر بويى چوقۇنىدىغان رايىش شاگىرتى ئورنىغا قويمىغان. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە يارىتىلغان ئەقلىي يەكۈن ۋە ھاياتىي ھېكمەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ، زامانىۋى تۇستە يېڭىدىن تەكرارلىمىغان. ئەكسىچە، ئۇلاردىن مەنىۋى ئىلھام ۋە ئىجادىي مەدەت ئېلىپ، ئۆزىنىڭ چىدام ۋە

قىزغىنلىق بىلەن تولغان ئالاھىدە ئىجادىيەت يولىنى ياراتقان . ئۇ ئىجادىيەتتە تاتار ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىنىڭ شەكىل ۋە فورمىسىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ ، لىرىك ھېس - تۇيغۇسىنى تاتار مىللىي تۇرمۇشىنىڭ قايناق مەنزىرىلىرىدىن ئېلىپ ، تاتار جەمئىيىتىدىكى ھەممە قاتلام كىشىلىرىنى ئوخشاش ئويغىتىپ روھلاندۇرالايدىغان بىر پۈتۈن ئىجادىي لىرىك مەزمۇننى يارىتىپ ، مىللىيلىك ۋە ئىجادىي خاسلىقنىڭ يېڭى يۇكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەن . شۇڭا ، ئابدۇللا توقاينى ھەرقانداق ۋاقىتتىمۇ ئىجادىي ئۆزلۈكىنى يوقاتماي ، ئۆمۈر بويى ئۆزىگە ۋە ئۆزىنى ياراتقان ئانا خەلقىگىلا ئوخشاپ ئۆتكەن ئالاھىدە تەقلىدتىكى بىر دۇنياۋى مىللىي شائىر دېيىشكە بولىدۇ .

تىل ، ئېتىقاد ، تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي تۇيغۇ تەرەپلەردىكى ئورتاقلىق ۋە بەكمۇ ئۆزگىچە بولغان قۇدرەتلىك تالانت كۈچى تۈپەيلىدىن ئابدۇللا توقاي ئىجادىيىتى بىزنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىزغا ئالاھىدە زور تەسىر كۆرسەتتى . ئۇنىڭ بەدىئىي چوڭقۇرلۇقىمۇ ، ئىجادىي ئامىمۋىلىقىمۇ ئىگە بولغان جەلپكار شېئىرىيىتى يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنىڭ ئىجادىي بەدىئىي ئەندىزىسى بولدى . ئەدەبىياتىمىزنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن باشلاپ 60 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئۇزۇن بىر تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن زور بىر تۈركۈم ئەدىبلىرىمىز ئابدۇللا توقاي ئىجادىيىتىنىڭ تەسىرىدە مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىگە يېقىنچە نەزەر بىلەن ياندىشىپ ، ئۆز ئەسەرلىرىنى مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك تەرەپلەردىن تېخىمۇ باي ۋە رەڭدارلىققا ئىگە قىلدى .

ئۇيغۇر يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارلىرىنىڭ بىرى ، تونۇلغان جامائەت ئەربابى ، تالانتلىق شائىر ۋە يازغۇچى نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوف (1887 — 1951 )نى تاتار مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى ئەڭ بۇرۇن قوبۇل قىلغان باشلىغۇچى



زىيالىيلىرىمىزنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ . ئۇنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك يىللىرى تاتار يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى راۋاجلىنىپ مۇئەييەن نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن ، تاتار ئاممىۋى مەتبۇئاتچىلىقى يېڭىچە قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەر خىل مەزمۇندىكى گېزىت - ژۇرناللار كۆپلەپ نەشر قىلىنىشقا باشلىغان مەرىپەتلىك يىللارغا توغرا كېلىدۇ . كىچىكىدىنلا تاتار تىلى ۋە مائارىپى بىلەن ئۇچراشقان نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوف بۇ مەتبۇئاتلار ئارقىلىق ئابدۇللا توقاي ئىجادىيىتى بىلەن يېقىندىن تونۇشقان . ئۇ ئىجادىيەتتە توقاي ئىزىدىن مېڭىپ ، مىللىي تۇرمۇشىمىزدىكى قالاقلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىك ئىللەتلىرىنى پاش قىلىپ ، يېڭىلىق ۋە ئىلغارلىقنى تەرغىب قىلغان . ئۇ مىللىتىمىزنىڭ تارىخى ، مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىنغان بىرمۇنچە جەڭگىۋار شېئىر ۋە ماقالىلەرنى يېزىپ ، قازان ۋە ئورىنبورگلاردا نەشر قىلىنىدىغان «شورا» ۋە «تىل يارىش» ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىپ ، ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىپ راۋاجلىنىشىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان .

خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلى ، زۇلمەتلىك يىللارنىڭ ئىسيانكار شائىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قازان ، ئۇفا ۋە سىمپالاتىنسكى شەھەرلىرىدە تاتار تىلى ۋە مائارىپىنىڭ سىستېمىلىق تەربىيىسىدىن ئۆتۈپ ئابدۇللا توقاي ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ قىزغىن ئوقۇرمەنلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى . ئۇنىڭدىن روھ ۋە ئىلھام ئېلىپ مەرىپەت ۋە دېموكراتىيىنى كۈيلەپ ، ئىنقىلابىي قەھرىمانلىقنى ئۇلۇغلايدىغان ئاجايىپ نادىر ئەسەرلەرنى ياراتتى . ئۆزىنىڭ ئابدۇللا توقاي ئىجادىيىتىگە بولغان ھۆرمەت ۋە ئىنتىلىشىنى ئىپادىلەپ تاتار تىلىدا بىرمۇنچە ئىجادىي شېئىرلارنى يازدى . ئەپسۇسكى ، ئۇنىڭ بۇ شېئىرلىرى باشقا ئەسەرلىرى بىلەن بىللە ھالاكەتلىك قىسمەتكە يولۇقۇپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىدى . ئۇنىڭ پەقەت باشقىلارنىڭ قولىدا ئامان ساقلىنىپ

قالغان «ئىللە كىم كۆتە» ناملىق ئالتە كۆپلېتلىق بىر پارچە شېئىرىلا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەسەرلىرى قاتارىدا نەشر قىلىنىپ دەۋرىمىز ئوقۇرمەنلىرى بىلەن ئۇچرىشالىدى .

ئوت يۈرەك شائىرىمىز لۇتپۇللا مۇتەللىپ غۇلجا تاتار مەكتىپىدە ئوقۇپ ، ئابدۇللا توقاي ئىجادىيىتىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىدى . ئۇنىڭ كېيىنكى يىللاردا ئېنىق ئىجتىمائىي غايە ۋە كۈچلۈك ھاياتىي ئېتىقادقا ئىگە تالانتلىق ئىنقىلابىي شائىر بولۇپ يېتىشىشىدە ئابدۇللا توقاي ئىجادىيىتى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى .

ئەل سۆيگەن تۆھپىكار ئەدىب ۋە ئالىمىمىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۆسمۈرلۈك يىللىرىدىن باشلاپلا ئابدۇللا توقاي ئىجادىيىتىنى تەشنالىق بىلەن ئوقۇپ ئۇنى پىششىق ئۆزلەشتۈردى . شۇڭا ، ئۇ ئۇنىڭغا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن قاراپ ، ئۇنىڭ باي ئىجادىي مىراسىنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىزغا بولغان ئىجادىي تەسىرىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلدى . ئۇ ئەدەبىيات ھەققىدىكى ھەر خىل يىغىن ۋە سۆھبەت سورۇنلىرىدا ئابدۇللا توقاي ئەسەرلىرىنى مۇھەببەت بىلەن تىلغا ئېلىپ ۋە ئۇنىڭدىن ئۈلگىلىك بەدىئىي پارچىلارنى ئوقۇپ ، ئۆز پىكىر ۋە كۆزقاراشلىرىنى جانلاندۇراتتى .

بىزنىڭچە ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان بۇ تۆت ئەدىبىمىزنىڭ يۇقىرىدا قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ھايات يولى بىلەن ئىجادىيەت سەرگۈزەشتىلىرى ئابدۇللا توقاي ئىجادىيىتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن بەدىئىي تەسىرىنىڭ قانچىلىك كەڭ ، چوڭقۇر بولغانلىقىنى ئىلمىي ھالدا تولۇق دەلىللەپ بېرەلەيدۇ .

باسما مەنبەلەردىن قارىغاندا ، ئابدۇللا توقاي ئەسەرلىرى 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن باشلاپلا سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان ھەرخىل تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر



تىلىدا ئوقۇرمەنلەر ئارىسىغا تارقىلىشقا باشلىغان . كېيىنچە غۇلجا ۋە ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنىدىغان گېزىت - ژۇرناللاردا ئابدۇللا توقاي ئىجادىيىتىدىن بەدىئىي ئۈلگىلەر بېرىلگەن . بۇ ھال ئازادلىقتىن كېيىنكى مەتبۇئاتچىلىقىمىزدىمۇ ئىزچىل داۋاملىشىپ ، كەڭ ئوقۇرمەنلەر ئابدۇللا توقاي ئىجادىيىتى بىلەن تېخىمۇ كەڭ تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان . 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا كەلگەندە خەلقىمىزنىڭ ئابدۇللا توقاي ئىجادىيىتىگە بولغان تونۇش ۋە چۈشەنچىسىدە سەكرەش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش يۈز بەردى : بۇنىڭدا ئۆز ۋاقتىدا تاتار تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ تاتار خەلقى بىلەن چوڭقۇر دوستانە مۇھەببەت ئورناتقان ئاتاقلىق شائىر ، يېتۈك ئەدەبىي تەرجىمان ھېزىم ئىسكەندەروفنىڭ تۆھپىسى ئالاھىدە زور بولدى . ئۇ ئابدۇللا توقاي شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ نادىر ئۈلگىلىرىنى ئىجادىي ھالدا نەشرگە تەييارلاپ ، 1955 - يىلى تاشكەنت «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتىدا «شېئىر ۋە داستانلار» نامى بىلەن نەشر قىلدۇردى . ھەجمى خېلىلا چوڭ بولغان بۇ كىتاب ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئابدۇللا توقاي ئەسەرلىرىگە بولغان قىزغىنلىقى ۋە تەشنالىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە قاندۇردى . ئۇلار بۇ كىتابتىن ھەقىقىي مىللىي شائىر ۋە مىللىي شېئىرىيەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئەمەلىي ھالدا چۈشىنىپ يەتتى .

ئابدۇللا توقاي كۆپ قىرلىق ئەدەبىي ئىجادىيىتى بىلەن تاتار يېڭى بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى سالغان ، يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا غايەت چوڭ ئىجادىي تەسىر كۆرسەتكەن ئۇلۇغ ئەدىب . شۇڭا ، ئۇنىڭ باي ئەدەبىي مىراسىغا ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز مۇھىم بىر تەتقىقات ئېمىسى سۈپىتىدە ياندىشىپ ، ئۇنىڭدىن يېڭى قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىپ ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىجادىيلىقى بىلەن ئاممۇبلىقىنى

يېڭى بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ماتېرىيال قەھەتچىلىكى تۈپەيلىدىن ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز ئۆزىنىڭ بۇ ئەزگۈ نىيىتىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرالمىدى. ئىشىنىمىزكى، ھەرقايسى نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ تەدبىرلىك مەسئۇللىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئابدۇللا توقاينىڭ بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر بۇرۇن ئوقۇرمەنلىرىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشكەن «شېئىر ۋە داستانلار» ناملىق تەۋەررۇك كىتابى قايتا نەشر قىلىنىپ قالسا، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئۇ ھەقتىكى ئىلمىي ئىزدىنىشى تېخىمۇ كەڭلىك ۋە مۇكەممەللىككە ئىگە بولىدۇ.

2006 - يىلى 10 - ئاي



# ئابلىز نازىرى بەدىئىي ئىجادىيىتىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزدا تۇتقان ئورنى

مەن ئابلىز نازىرىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى بىلەن تۇنجى قېتىم 1952 - يىلى ئۇنىڭ «خۇاڭخې دولقۇنى» ناملىق شېئىرى ئارقىلىق تونۇشتۇم. زۇلۇم ۋە زورلۇقنىڭ ئەسىرلىك ئازاب - ئوقۇبەتلىرىدىن ئەمدىلا قۇتۇلۇپ، ئۆز تەقدىرىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنلىرىغا ئايلانغان ئازاد خەلقنىڭ ئاپەتلىك ئۇرۇشقا بولغان غەزەپ - نەپرىتى بىلەن تىنچلىق ۋە دوستلۇققا بولغان قىزغىن ئىنتىلىشى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇ شېئىر مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەندە ئابلىز نازىرىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن بىر خىل تەبىئىي قىزىقىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ ھەر خىل مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئۈزۈلدۈرمەي ئوقۇپ كەلدىم. بۇ قېتىم ئابلىز نازىرىنىڭ ئەدەبىياتشۇناس ۋە شائىر مەھمۇد زەيدى قاتارلىقلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن نەشرگە تەييارلانغان «كۆڭلۈم سەندەدۇر» ناملىق كىتابى يەنە مېنى بۇ تۆھپىكار ئەدىبىمىزنىڭ ئۆز ئەقلى ۋە ۋىجدانى بىلەن ياراتقان رەڭدار بەدىئىي دۇنياسىغا باشلاپ كىردى.

مەن ئابلىز نازىرىنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىز يېڭىچە تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغان 1940 - يىللارنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن، ئۆزىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك زېھىي قۇۋۋىتىنى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بېغىشلاپ، ئۆزىنىڭ دەۋر تۇيغۇسى بىلەن مىللىي روھقا تويۇنغان يېڭى ئىجادىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىككى دەۋرلىك تەرەققىيات

تارىخىدا ئۆزىگە خاس روشەن بەدىئىي ئىز قالدۇرغان ئالاھىدە تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم . مەن ئىشىنىمەنكى ، مەزكۇر توپلامنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى زۆرۈر ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپ ، بۇ مۆھتەرەم ئەدەبىيات پېشۋاسىنىڭ ئەدەبىياتىمىزغا قوشقان تۆھپىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە توغرا چۈشىنىشىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلىگۈسى .

مەن توپلامنى ئوقۇۋېتىپ ، ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ دەسلەپكى نەتىجىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن شۇ چاغلاردىكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزدىلا ئەمەس ، ھەتتا ھازىرمۇ ئاز ئۇچرايدىغان مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ مەنىۋى قاتلاملىرى ئاجايىپ مۇپەسسەل سۈرەتلەنگەن بۇ سەنئەت كارتىنىلىرىدىن ھۇزۇرلاندىم . ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ھايات ئىستىقبالىنى مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات تەقدىرىگە باغلاپ ، بەدىئىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەرقايسى تۈر ۋە ژانىرلىرىغا چېتىلىدىغان كۆپ قىرلىق ئىجادىي ئىزدىنىشى بىلەن ئەدەبىياتىمىزغا تېخىمۇ ھۆسن قوشقان مۇشۇنداق بىر تالانت ئىگىسىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ھەقلىق ئىلمىي ئورنى بىلەن مۇناسىپ قەدىر - قىممىتىنى تاپالماي ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى مېنى قاتتىق ئۆكۈندۈردى . بەدىئىي ئەدەبىياتقا مۇشۇنداق پاك تۇيغۇ ، ئەزگۈ نىيەت بىلەن ياندىشىپ ، ئۆزىدە بار ھەممە نەرسىنى ئۇنىڭغا بېرىپ ، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلماي ئۆتكەن بۇنداق ئالىيجاناب روھقا چىن دىلىمدىن قايىل بولماي تۇرالمىدىم .

ئابلىز نازىرىنىڭ ئومۇمىي ئەدەبىي ئىجادىيىتى شېئىرىيەت (شېئىر ، داستان ) ، پروزا (ھېكايە ، ئەدەبىي خاتىرە ، نەسر ) ، ئەدەبىي تەنقىدتىن تەشكىل تاپقان . ئۇنىڭ شېئىرىيىتىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى كەڭ ۋە رەڭدار بولۇپ ، ئۆز دەۋرىنىڭ ھەممە ئاكتۇئال مەسىلىلىرى بىلەن ئۆز دەۋرى كىشىلىرىنىڭ جەمئىيەتنىڭ



ئومۇمىي ئىجتىمائىي رېئاللىقىدىن تۇغۇلغان ئالاھىدە تۇيغۇ - تەسىراتلىرى ئۇنىڭدا تولۇق ئەكس ئېتىدۇ . ئازاب - ئوقۇبەتتىن قەلبى مىجىلغان دەردمەن خەلقنىڭ ئاھۇ زارى ، ئۇلارنىڭ ئازادلىق ۋە ھۆرلۈككە بولغان ئۈمىدلىك تەشنالىقى ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبە تەنتەنىسى ، ئىنقىلابىي قەھرىمانلىقتا بولغان قىزغىن ئىنتىلىش ، ئازاد بولغان خەلقنىڭ كۆڭۈل شادلىقى ، يېڭى زامانغا بولغان قايناق مەدھىيە ، خەلققە بولغان چەكسىز مۇھەببەت ، ئىنتېرناتسىئونالىزم ۋە خەلقلەر دوستلۇقى ، ياش ئەۋلادقا بولغان ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ، دېھقان ۋە دېھقان ئەمگىكىدىن تۇغۇلغان ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئانا يۇرتقا مۇھەببەت قاتارلىقلارغا ئوخشاش كۆپ تەرەپلىمىلىك تېمىلار ئۇنىڭ شېئىرىيىتىنىڭ بەدىئىي مەزمۇن يادروسىنى تەشكىل قىلىدۇ . يەنە كېلىپ ، بۇ خىل تېماتىك مەزمۇنلار ئۆز دەۋرى شېئىرىيىتى ئۈچۈن ئورتاق بولغان ئۇقۇم ، شوئار ۋە چاقىرىق تۈسىدە ئەمەس ، بەلكى ئۆزىگە خاس بىرخىل ئىجادىي تۈستە ، يەنى لىرىك ئوبراز ۋە لىرىك سۈرەت تۈسىدە ئايان بولىدۇ .

ئېھ ، ئىدى ئانا ئىگە - چاقىسىز ،
تولا كۈنلىرى ئۆتىدۇ نانسىز .
بوۋاق ئېسىلىدۇ ئانا كۆكسىگە ،
لېكىن ،
ئانا ياتار دەرمانسىز .
شۇ ھالەتتە ،
ئانا بىر چاغدا ،
بوۋاقنى ئاران باغرىغا ئالدى .
ئۇزاق ئۆتمىدى ۋاقىت ،
تۈن شاملى ئاچچىق ۋىژىلداپ ،
ئاھ ، نادامەت كۈيىنى چالدى .

ئانا ئۆلدى ،
گۆدەك قالدى يېتىمە بولۇپ .
ۋاقىت ئۆتتى ،
ئۆستى ئۇ ،
شۇنىڭدىن شۇڭغىچە ،
دېدەك ، قۇل بولۇپ .

بۇ شائىرنىڭ 1950 - يىلىنىڭ بېشىدا «قەشقەر قىزىغا» ناملىق شېئىرىدا يازغان ھەسرەتلىك قۇرلىرى . بۇ قۇرلار ئازاب ۋە خورلۇق بىلەن تولغان ئۆتمۈش جەمئىيەت ھاياتىنىڭ بىز كۆرۈپ يۈرگەن ئاددىي ھالدىكى شېئىرىي بايانى ئەمەس ، بەلكى ئۇ ئادالەتسىز تەقدىر ئىسكەنجىسىدە بوغۇلغان ھەسرەتلىك قەلبتىن كۆتۈرۈلگەن سادا ، پاجىئەلىك ھايات تۇيغۇلىرىنىڭ ئوبرازلىق بەدىئىي تىلغا كۆچۈرۈلۈشىدىن تۇغۇلغان لىرىك تراگېدىيە ، كىشى قەلبىنى ئېزىپ ، ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالىدىغان ئېچىنىشلىق بەدىئىي سۈرەتتۇر . ئابلىز نازىرىنىڭ باشقا شېئىر ، داستانلىرىمۇ يۇقىرىقىدەك بەدىئىي پەزىلەتلىرىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ ، ئۆز دەۋرى رېئاللىقى ئۈچۈن ئورتاق بولغان ئومۇمىي ھېس - تۇيغۇلارنى ئوبرازلىق ھالدا ئىجادىي يورۇتۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ، ئوقۇرمەن ئېسىدىن ئۇزاققىچە كۆتۈرۈلمەيدۇ .

ئابلىز نازىرى ئۆزىنىڭ ئىجادىي ھاياتىدا شېئىرىيەتتىن باشقا پروزا ئىجادىيىتى بىلەنمۇ ئىزچىل شۇغۇللىنىپ ، ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىزدىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ، ئۆز ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ كەڭ بەدىئىي مەزمۇن بەردى . ئۇ ئۆز دەۋر كىشىلىرىنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ تىپىكلىككە ئىگە بولغان ماھىيەتلىك كۆرۈنۈشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئون پارچىغا يېقىن ھېكايە ، خاتىرە ۋە نەسىر ئېلان قىلىپ ، ئەدەبىياتىمىزدا رېئالىستىك پروزىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا مۇناسىپ ئىجادىي تۆھپە



قوشتى . ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئوبرازلىق بەدىئىي مەزمۇندىن مەھرۇم قىلىدىغان سىياسىي خاھىشچانلىق بىلەن سىنىپىي زورۇقۇشتىن خالىي بولۇپ ، ئۇلاردىكى ھەممە زىددىيەت - توقۇنۇشلىرى بىلەن مۇرەككەپ ھايات كۆرۈنۈشلىرى رېئال تۇرمۇشنىڭ تەبىئىي ئېقىمى ئىچىدە ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولىدۇ . ئۇلاردىكى ئەسەر پېرسوناژلىرى يېنىك خاراكتېر ئۆزگىرىشىگە ، ئۇلاردىكى مەنىۋى داۋالغۇشلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ كۈتۈلمىگەن بىر خىل جىددىيلىك ۋە كەسكىنلىك ھالىتىدە ئايان بولۇپ ، ئوقۇرمەن قەلبىنى ئۆزگىچە ھاياتىي چىنلىق تۇيغۇسى بىلەن تولدۇرىدۇ .

ئابلىز نازىرى پروزا ئەسەرلىرىنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى يەنە بىر خاسلىقى شۇ يەردىكى ، ئۇ ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى مىللىي تۇرمۇشنىڭ ئەڭ تىپىك ، ئەڭ ئومۇمىي تۈس ئالغان ماھىيەتلىك ۋەقە ، ھادىسىلىرىنىڭ زىددىيەتلىك قايىنىمىغا قويۇپ تەسۋىرلەپ ، ئۇلارنى مىللىي روھ ۋە مىللىي ئاڭ مۇھىتىدا يېتىلگەن ھەقىقىي مىللىي پېرسوناژلارغا ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ، پىكرى ، چۈشەنچىسى ، ھېس - تۇيغۇسى ۋە ئارزۇ - ئىنتىلىشلىرى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ھاياتىي تىرىك ئادەملەرگە ئايلاندۇرىدۇ .

ئابلىز نازىرى پروزا ئەسەرلىرىگە ئورتاق بولغان يۇقىرىقى بەدىئىي پەزىلەتلەرنى ئۇنىڭ «مىجىلغان ياش يۈرەكلەر» ، «مۇڭلۇق ئالچۇق» ، «بىر پارتىزاننىڭ خاتىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئەڭ ياخشى ئەكس ئەتكەن دېيىشكە بولىدۇ .

مۇھەببەت ۋە ۋاپا تېمىسىغا بېغىشلانغان «مىجىلغان ياش يۈرەكلەر» ھېكايىسىدە ئۆز دەۋر تۇرمۇشى ئۈچۈن بەكمۇ تىپىك بولغان مۇنداق بىر ۋەقە تەسۋىرلىنىدۇ : بارلىقىنى مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ياش ئوقۇتقۇچى

ئەنۋەر بىلەن كىشىلەر «ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ ئۆرنىكى» دەپ بىلىدىغان ساددا شەھەر قىزى دىلبەر بىر - بىرىنى يوشۇرۇن ياخشى كۆرۈشىدۇ. ئۆزىنىڭ ھەممە ھايات ئارزۇلىرىنى ئەنۋەرنىڭ پاك مۇھەببىتىگە باغلىغان بۇ قىز يىگىتنىڭ ئۆزىنى تەقەززا قىلىپ كەلگەن سۆيگۈ خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ چەكسىز بەخت تۇيغۇسىغا چۆمىدۇ. ئەنە شۇنداق بىر چاغدا ئەنئەنىۋى نىكاھ ئەقىدىسىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، جەمئىيەتتىكى تەڭسىز مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەھدىت ۋە بېسىمىدىن دائىم ۋەھىمە ھېس قىلىپ ياشاپ كەلگەن ئاق كۆڭۈل ئاتا ساقچى ئىدارىسىنىڭ مەخپىي خادىمى قاسىمنىڭ ھەيۋە - دوقلىرىدىن چۆچۈپ، ئۆزى ئۇچۇن ھەممىدىن سۆيۈملۈك بولغان يالغۇز قىزىنى ئۇنىڭغا بېرىشكە رازى بولىدۇ. تۇيۇقسىز يوپۇرۇلۇپ كەلگەن بۇ چىدىغۇسىز ئېغىر روھىي ئازاب دىلبەرنىڭ قەلبىدىكى ھەممە ئىشەنچ ۋە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى ئۇچۇرۇپ، ئۇنى ھاياتتا ھېچنېمىسى بولمىغان بىر بىچارە دەردمەنگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئاپتورنىڭ ماھارەتلىك قەلىمىدىن تۇغۇلغان تۆۋەندىكى ھەسرەتلىك قۇرلار ئۆمۈرلۈك دەرد - ئەلەمگە ئەسىر بولغان ئۇ بەختسىز قىزنىڭ ئاشۇ چاغدىكى ئازابلىق روھىي كەچۈرمىشىنىڭ جانلىق بەدىئىي تەسۋىرى: «ھۇجرىدىكى شىرە ئالدىدا بىر قىز ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا بېشىنى قويۇپ غەمگە پاتقان ھالدا ئولتۇراتتى. ئۇ شۇ ھالەتتە ئۇزاقتىن ئۇزاق ئولتۇرغاندىن كېيىن شىرەنىڭ تارتمىسىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ قايتىلاپ ئوقۇدى. ئۇ جاۋاب تەلەپ قىلىۋاتقان بۇ خەت ئالدىدا بىقارارلىقتىن قىينىلاتتى. ئۇ ئۇزاقتىن بېرى ئۆزى يوشۇرۇن كۆيۈپ كەلگەن بۇ يىگىتنىڭ مۇشۇنداق دېيىشىنى كۈتۈپ كېلىۋىدىغۇ، ئاڭلاشقا تەشنا بولغان بۇ ئوتلۇق سۆزلەرگە جور بولۇش شۇنچىلىك تەسمۇ؟ كېچە - كۈندۈز ئىسمىنى زىكرى قىلىپ، سىيماسىنى خىيال ئېكرانىدا كۆرۈپ كەلگەن بۇ سۆيگەن يىگىتىگە جۇپ بولۇشقا يەنە نېمە كەم؟ قىز ‹ئاھ، خۇدا›، دەپ ئوتلۇق پىغان چەكتى - دە،



بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.»

سۆيگىنى بىلەن بەختلىك قوشۇلۇشنىڭ غايىبانە شادلىقىدىن كۈچ ئېلىپ يېڭىدىن - يېڭى ئارزۇلار كۆكىدە پەرۋاز قىلىۋاتقان دىلبەر بىردىن ئەنە شۇنداق ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ قولىدىن كەلگەن ھەممە ئاماللارنى قىلىپمۇ ئۆزىنى بېسىپ كېلىۋاتقان بۇ شەپقەتسىز رېئاللىقنىڭ ئازاب ۋە خورلۇقىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ساختىلىق بىلەن زورلۇقنى ئۆزىنىڭ ھايات مىزانى قىلغان ساقچى قاسىم ئەمەلدارلارنىڭ قولى بىلەن ئەنۋەرنى كۆزدىن يوقىتىپ، دىلبەرنى مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئالىدۇ. ئادالەتسىز تەقدىرنىڭ بۇنداق ئېغىر ھاقارەتلىك جازاسىدىن ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ يانغان دىلبەر مەردانە ئۆلۈم بىلەن ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۆز سۆيگىنىگە بولغان ئۆمۈرلۈك ساداقىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاپتور ھېكايىسىدە دىلبەرنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئەينى يىللار ھېكايىچىلىقىدىكى قېلىپلاشقان ئەنئەنىۋى ئۇسۇللارغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە بىر خىل ئىجادىي يول بىلەن ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇ ئۆز پېرسوناژىنىڭ ھەرىكەت پائالىيىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ چىقىش يولىغا ماڭماي، پېرسوناژ پائالىيىتىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك، ئەڭ جىددىي پەيتلىرىنى تاللاپ تەسۋىرلەپ، ئەسەر ۋەقەلىكىنى ئەڭ قىسقا ۋاقىت بىرلىكىگە يىغىپ، ھېكايىدىكى زىددىيەت - توقۇنۇشلىرىنىڭ كەسكىنلىكى ۋە ئۆتكۈرلۈكىنى ئاشۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ تەسۋىردە پېرسوناژنىڭ تاشقى ھەرىكىتى بىلەن نۇتۇق ئىنچىكىلىكىنى ئاساس قىلماي، ئۇنىڭ روھى ۋە قەلبىگە كىرىپ، مەنىۋى ئالىمىنىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ پىنھان ھالەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ ماھىيىتىنى ئوبرازلىق ئېچىپ بېرىدۇ.

ئەينى يىللاردىكى ئەمدىلا شەكىللىنىۋاتقان ھالسىز پروزىمىزنىڭ تۇرغۇنلۇق ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان قاتمال بەدىئىي

سەۋيىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئىجادىي ئىزدىنىشتىكى بۇ خىل دادىللىقنى بۆسۈش خاراكتېرلىك بىر يېڭىلىق ، كەم تېپىلىدىغان ئالاھىدە بەدىئىي ماھارەت دېمەي مۇمكىن ئەمەس .

ئاپتورنىڭ ئەينى يىللاردىكى دېھقان تۇرمۇشىنىڭ ئېچىنىشلىق مەنزىرىلىرىنى سىزىپ بېرىشكە بېغىشلانغان «مۇڭلۇق ئالچۇق» ھېكايىسى كىشىلەر تەرىپىدىن كۆپ قېتىم قەلەمگە ئېلىنغان بۇ ئەنئەنىۋى تېمىنى يېڭى ھاياتىي نۇقتىدىن يورۇتۇپ بەرگەن ھەقىقىي ئىجادىي ، بەدىئىي ئەسەردۇر . ھېكايىدە ياش دېھقان نىيازنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىدىكى خاسلىق ۋە تىپىكلىككە ئىگە بولغان ئالاھىدە ۋەقەلەر تەسۋىرلىنىدۇ . نىياز ھاياتتا ھېچقانداق تىرىكچىلىك يولى بولمىغان ، قارا كۈچىنى سېتىپ كۈن كۆرىدىغان ئېچىنىشلىق كۆك نامراتلاردىن ئەمەس . ئۇنىڭ ئاز بولسىمۇ تېرىپ يېگۈدەك بىر پارچە يېرى ، پاناھلانغۇدەك كونا بىر تۇرالغۇسى بار . لېكىن ، ئۇنىڭ بۇ تۇرالغۇسى قىشتا شىۋىرغان ۋىژىلدايدىغان ، يازدا چاڭ - توزانلىق بوران گۈركىرەيدىغان ، مەھەللە سىرتىغا جايلاشقان ۋەيرانە بىر كەپە . شۇڭا ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى مۇشۇ قىيسايغان تۇرالغۇسىنى بىر ئاماللاپ يېڭىلاپ ، جاپاكەش ئايالىنى خۇشال قىلىش ئىستىكى بىلەن بەند . نىياز بۇ ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن ھەممە جىسمانىي كۈچى بىلەن زېھنىي قۇۋۋىتىنى ئىشقا سالىدۇ . مېھرىبان ئايالى زۆھرەخان بىلەن ئەتىدىن - كەچكىچە ھېرىپ - ئېچىپ ئېتىزدا ئىشلەيدۇ . ۋاپادار دوستى قادىرنىڭ ياردىمىدە باشقىلارنىڭ ئات ھارۋىسىنى ئارىيەتكە ئېلىپ ، يېرىنى تويلاپ ، ئۇرۇقنى چۆكتۈرۈۋالىدۇ . ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پۈتۈن يىللىق جاپالىق ئەمگىكىنىڭ دەسلەپكى مېۋىسى — بولۇق ئۆسكەن بۇغداي مايسىلىرى بىلەن قاپلانغان پەلپۈنۈپ تۇرغان بىر پارچە يېشىللىق قۇچاق ئاچىدۇ . بۇ ئۇنىڭغا ھەممە ئۈمىد - ئىشەنچىسىنىڭ قايتا نۇرلىنىشى ، ئارزۇسىدىكى يېڭى ئۆيىنىڭ ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ



تۇيۇلىدۇ . خامان مەزگىلى يېتىپ كېلىدۇ . نىيازنىڭ مىڭ بىر جاپادا ئېرىشكەن ھوسۇلىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ كونا - يېڭى قەرزلىرىگە كېتىپ ، ئۆزى يەنە بۇرۇنقىدەكلا قىيسايغان كونا ئالچۇقى بىلەن قالىدۇ .

«مۇڭلۇق ئالچۇق» — ئۆز دەۋرى پروزىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا يېڭىلىق ھېسابلانغان بىرمۇنچە بەدىئىي ، ئىجادىي پەزىلەتلەرگە ئىگە . ئۇنىڭدا دېھقان تۇرمۇشىنىڭ سىنىپىي كۈرەش ئەمەلىيىتىدە ئىپادىلىنىدىغان چوڭ ، ئالاھىدە ۋەقەلىرى ئەمەس ، بەلكى يېزا ھاياتىنىڭ ئەنئەنىۋى قالاق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى مۇھىتىدىكى ئاسان كۆزگە چېلىقمايدىغان ، لېكىن كۈندىلىك تۇرمۇشتا دائىم دېگۈدەك تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان كىچىك ، ماھىيەتلىك كۆرۈنۈشلىرى تەسۋىرلىنىدۇ . بۇ ھال ئاپتورغا دېھقان تۇرمۇشىنىڭ تۈپ ماھىيىتىگە ، ئۇنىڭ پەقەت ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلەر مۇھىتىدىلا ئاشكارىلىنىدىغان يوشۇرۇن قەلبىگە كىرىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ . ئاپتور ھېكايىسىنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسىدا پېرسوناژلارنى ئاز ، بەدىئىي سەھنىنى ئىخچام ، ۋاقىت بىرلىكىنى قىسقا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، پېرسوناژلار پائالىيىتىنىڭ تېخىمۇ يىغىنچاق ۋە مەركەزلىك گەۋدىلىنىشىگە مۇناسىپ بەدىئىي زېمىن ھازىرلايدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئاپتور نىياز ئائىلىسىنىڭ كىشى دىلىنى غەش قىلىدىغان كۆڭۈلسىز تۇرمۇش مەنزىرىلىرىنى بەكمۇ نازۇك ، بەكمۇ ھەسرەتلىك تەسۋىرلەپ ، ئەسەرنىڭ تېماتىك مەزمۇنىغا مۇناسىپ بولغان ئېغىر ۋە ئازابلىق بەدىئىي ئېقىمنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ، دەرد - ئەلەملىك دېھقان تۇرمۇشىنىڭ ھەقىقىي مۇڭلۇق ساداسىنى يارىتىدۇ .

يۇقىرىقى بىر قاتار بەدىئىي ئامىللار تۈپەيلىدىن ھېكايىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازى تېخىمۇ ئېنىقلىق ۋە كونكرېتلىققا ئىگە بولۇپ ، ئۆزىگە خاس خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئايان بولىدۇ . بەخت - تەلىيىنى ئۆزىنىڭ ھالال

ئەمگەكدىن ئىزدەيدىغان ئىشچان دېھقان نىيازنىڭ ھەممە ئادەمنى ئۆزىدەك پاك ۋە ھالال دەپ بىلىدىغان، ئۆزى يولۇققان تەڭسىز مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەكتىگە يېتەلمەي باللارچە ھەيران قالىدىغان سادداغاق كۆڭۈللۈكى بىلەن كۆرۈمسىز ئۆيى ۋە ئامەتسىز ئېرىگە بولغان ئامراقلىق ۋە كۆيۈمچانلىقىدىن بەخت ئىشەنچىسىدە ياشايدىغان، سادداغۇمىدۋارلىقى بىلەن ئۆز نېسىۋىسىدىن ھەرقاچان رازى بولۇپ ئۆتىدىغان زۆھرەخاننىڭ دېھقانچە قانائەتچانلىقى قەلبىمىزگە ئورناپ قالىدۇ.

«نىياز بېشىنى كۆتۈرۈپ يىراق - يىراقلاردىكى بىر نۇقتىغا قادىلىپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن پەس ئاۋازدا گەپ قىلدى:

— مەن تارتقان جاپالىرىمغا ئۆكۈنمەيمەن. جاپادىن يىقىلىپمۇ قالمايمەن. لېكىن، شۇنچىلىك تىرىشىپ- تىرماشسامۇ كۈنۈمنىڭ ئوڭشالماي تەتۈرگە كېتىپ بارغانلىقىغا ھەيرانمەن. سېنى ئالغاندا ئۆزۈمگە ئىشەنچىم بار ئىدى. سېنى ياخشى كۈنگە يەتكۈزەلەيمەن دەپ ئويلىغۇدىم، ھازىر كۆزۈم يەتمەيۋاتىدۇ. سىلەرنى جاپاغا قويدۇم. ھەي···

نىياز ئۇھ تارتىپ سۆزىدىن توختاپ قالدى.

— ئۇنداق دېمىسىلە، مەن سىلىدىن كۆرمەيمەن. پېشانىمىزدىن كۆرىمەن، كەمبەغەلنىڭ ئىشى مۇشۇنداق تەس بولىدىكەن. بۇنىڭغا شۈكۈر دېمەي نېمە ئامال؟ لېكىن، ئۈمىد ئۈزمىسىلە، ئوغلىمىز چوڭ بولۇۋاتىدۇ، ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئۇمۇ ئەسقېتىپ قالىدۇ. قاراپ باقسىلا، كۈن ئاللىمايۋاتقانلار بىزلا ئەمەسقۇ، ھەممىلا خەقنىڭ كۈنى بىزدەكلا. قەرزىمىزنىڭ يېرىمىنى بۇ يىل ئۈزۈۋەتسەك، قالغىنىمۇ كېلەر يىلى تۈگەپ قالار.

زۆھرەخاننىڭ بۇ گەپلىرى نىيازغا تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭ مۇزلاپ كەتكەن ۋۇجۇدى سەل ئىللىغاندەك بولدى.»

ھېچقانداق پەردازلانمىغان، سادداغادېھقان تىلىدىن تۈزۈلگەن



بۇ قىسقا سەھىپىگە ھېكايە پېرسوناژلىرىنىڭ روھىيىتىدە ئىپادىلىنىۋاتقان ھەيرانلىق ۋە تېڭىرقاشنىڭ، تەسەللى ۋە چۈشىنىشنىڭ، ساداقەت ۋە مېھرىبانلىقنىڭ، پاكلىق ۋە ھالاللىقنىڭ، چىدام ۋە شۈكۈر - قانائەتنىڭ، ئۈمىد ۋە ئىشەنچ، ئارزۇ ۋە ئىنتىلىشنىڭ قانچىلىك قۇدرەتلىك يوشۇرۇن مەنىۋى كۈچى سىڭدۈرۈلگەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن ئايان. مانا بۇ ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېر خاسلىقى، ئۇلارنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا تەئەللۇق بولغان پىنھان روھىي دۇنياسىدۇر.

«بىر پارتىزاننىڭ خاتىرىسى» — ئابلىز نازىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بېغىشلانغان، رېئال تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىدا يارىتىلغان يىرىك ئەسىرى. ئۇنىڭدا زۇلۇم ۋە زورلۇققا قارشى كۆتۈرۈلگەن بىر توپ پارتىزانلارنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىنى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلىش يولىدىكى باتۇرانە كۈرەشلىرى تەسۋىرلىنىدۇ. ئەسەر مۇشۇ تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ شاھىتى، قوراللىق كۈرەشنى تەشكىللىگۈچىلەرنىڭ بىرى بولغان ئوقۇتقۇچى ئابدۇكېرىمنىڭ تەييار خاتىرىسى سۈپىتىدە بايان قىلىنىدۇ. ئەسەردە پارتىزانلار گۇرۇپپىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئۇنىڭ جاپالىق كۈرەشلەر ئىچىدە ئۆيغىنىپ ئاخىر مۇنتىزىم قوراللىق قوشۇنغا ئايلىنىشى، ئۇلارنىڭ قانلىق جەڭ بىلەن قابا، جىمنەي، قوۋۇق ۋە ئۈلكۈن كۈرەلىرىنى ئازاد قىلىشىغا ئوخشاش تارىخىي ۋەقەلەر بەكمۇ ئېنىق ۋە تەرتىپلىك بايان قىلىنىپ، ئالتاي پارتىزانلىرىنىڭ ئازادلىق ۋە ھۆرلۈك يولىدا ئېلىپ بارغان سەلتەنەتلىك كۈرىشىنىڭ ئەدەبىي ئابىدىسى تىكلىنىدۇ. ئەسەر ۋەقەلىكلىرى جىددىي ۋە مۇرەككەپ، تەپسىلاتلىرى كەسكىن ۋە ئۆزگىرىشچان، شەخسلەر مۇناسىۋىتى تراگېدىيىلىك تەسەۋۋۇرلارغا باي بولۇپ، ئەسەردە بەدىئىي تۈس قويۇق بولغان بىر خىل ئىنچىكە، تەپسىلىي تەسۋىرلەش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. بۇ ھال ئەسەرنىڭ ئوقۇشچانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان.

«بىر پارتىزاننىڭ خاتىرىسى» — شانلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ سەلتەنەتلىك بەدىئىي خاتىرىسى، ئىنقىلابىي قەھرىمانلىقنىڭ ياڭراق مەدھىيىسى، خەلقئارا دوستلۇقنىڭ يېڭىلمەس كۈچ - قۇدرىتىنىڭ ئۆچمەس نامايەندىسىدۇر.

ئازادلىقتىن كېيىن بىزدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا بولۇپ ئۆتكەن جەڭگىۋار كۈرەشلەر توغرىسىدا بىرمۇنچە خاتىرە ۋە ئەسلىمىلەر يېزىلدى. لېكىن، شۇنى راستچىللىق بىلەن ئېيتىپ ئۆتمەي بولمايدۇكى، مەزمۇن دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، جەڭگىۋارلىق تۈسىنىڭ قويۇقلۇقى، تەسۋىر، بايانلىرىنىڭ بىر خىل جىددىي، ۋەھىملىك كەيپىياتقا تويۇنغانلىقىغا ئوخشاش تەرەپلەردە ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ ئابلىز نازىرىنىڭ بۇنىڭدىن ئەللىك ئالتە يىل بۇرۇن يېزىلغان «بىر پارتىزاننىڭ خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىنىڭ سەۋىيىسىگە يېتەلمىدى. بىزنىڭچە، مۇشۇ بىر پاكىتنىڭ ئۆزىلا بۇ ئەسەرنىڭ بىز ئۈچۈن قانچىلىك قىممەتلىك ئەدەبىي يادىكارلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنىسى ئېنىقكى، دەل مۇشۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارلىرىنىڭ قەلىمى بىلەن پۈتكەن ئەڭ نادىر ئەسەرلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلغان ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىنى دېرەكلىگەنىدى.

ئابلىز نازىرى 1940 - يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك تەرەپلەردە ئۆزگىچە بولغان بىر تۈركۈم ھېكايە ۋە خاتىرىلەرنى يارىتىپ، پروزىمىزنىڭ ئەينى دەۋردە بارلىققا كەلگەن بىر تالانتلىق يازغۇچىسى بولۇپ قالدى. شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە بولسا ئۆزىگە خاس يول ئېچىپ، ئۆز دەۋر كىشىلىرىنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنىڭ لىرىك تەسۋىرى بولغان بىرمۇنچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يارىتىپ، ئۆزىنىڭ شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئالدىنقى



ۋەكىللىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا ئىجادىيىتى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا ئاجىز ھالەتتە بولۇپ، ئەسەرلەر بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا ھالەتتە تۇرۇۋاتقان شارائىتتا ئىجاد قىلىنغان ئابلىز نازىرىنىڭ ھېكايە - ئوچېركلىرى سان ۋە سۈپەت جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى بىلەن بۇ تۆھپىكار ئەدىبنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا مەنسۇپ ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئاشۇ ئەسەرلىرى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن كېيىن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قايتا يورۇقلۇققا چىقالماي، ئۇنىڭ ئىجادىيەت تۆھپىسى يېتەرلىك ئېتىراپقا ئېرىشەلمىدى. بۇ نوقۇل مەزكۇر ئەدىبنىڭ شەخسىيىتىگە تەئەللۇق مەسىلە بولماستىن، بەلكى پۈتۈن بىر مىللەت ئەدەبىيات تارىخىنى ئۆز ئەينەنلىكى بويىچە تونۇش ۋە باھالاش مەسىلىسى، شۇنداقلا ئىجادىيىتىمىزنىڭ تونۇگۈننى بۈگۈنگە ئۇلايدىغان ھەم ئۇنى ئەتىگە تۇتاشتۇرىدىغان تەرەققىياتىنىڭ ئىزچىللىقى مەسىلىسىدۇر.

ئابلىز نازىرى 1987 - يىلى ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ئومۇمەن، ھەرقانداق ئەدىبنىڭ تارىختا ئوينىغان رولى بىلەن تارىختا تۇتقان ئورنى ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ماھىيەتلىك مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلگەن - بۆلمىگەنلىكى، تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن - ئەكس ئەتتۈرمىگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئۆز دەۋرىدە قانداق ئىجتىمائىي ئۈنۈم بەرگەنلىكىگە باغلىق.» بۇ ناھايىتى جايىدا ئېيتىلغان پىكىر!

ئابلىز نازىرى بەدىئىي مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، بەدىئىي شەكىللىرىنىڭ رەڭدارلىقى، بەدىئىي تەرەپتىن ئالاھىدە پىششىق ۋە ئىنچىكە ئىشلەنگەنلىكى بىلەن ئۆز دەۋرداشلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن روشەن پەرقلىنىدىغان ئورگىنال ئىجادىيىتى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ ئاكتۇئال مەسىلىلىرىنى، شۇنداقلا دەۋر تۇرمۇشىنىڭ ماھىيەتلىك

تەرەپلىرىنى ئىجادىي ھالدا يورۇتۇپ، يۇقىرى بەدىئىي ئېستېتىك قىممەت يارىتىپ، ئۆز ئوقۇرمەنلىرى ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىغان تۆھپىكار ئەدىب. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئۆسۈش ۋە يۈكسىلىش تارىخى مىللىي ئەدەبىياتىمىز تەرەققىيات تارىخىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر قىسمى. بىز بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن مول ئىجادىيەت مىراسىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ مول ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ ئۆبدان ئۆگىنىشىمىز، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ئىلمىي ھالدا باھالىشىمىز، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن مۇناسىپ ئورۇن بېرىپ، ئۇنىڭ مۇبارەك نامىنى مەڭگۈلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

2004 - يىلى 10 - ئاي



# «شۇڭقار» رومانىنىڭ بەدىئىي - ئېستېتىك قىممىتى ئۈستىدە قىسقىچە مۇھاكىمە

مېنىڭ توختى سابىرنى بىر ئىجادكار ئەدىب سۈپىتىدە تونۇشۇم ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاندى. بۇنىڭغا ئۇنىڭ رىئال تۇرمۇش تەسىراتلىرىدىن تۇغۇلغان، ئۆزگىچە بەدىئىي پۇراققا ئىگە ئىجادىي ئەسەرلىرى بىلەن سىستېمىلىق ئۇچرىشىشىم سەۋەب بولدى. مەن ئۇنىڭ ساددا ۋە سەممىي قەلبىنىڭ تەبىئىي ساداسى بولغان، ھايات نەپەسىگە تويۇنغان بىر قىسىم شېئىرلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ھېكايە ۋە ئەسلىمىلىرىنى قىزىقىش ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم. شۇنىڭ بىلەن مەندە 1960 - يىللاردىلا ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن بۇ پېشقەدەم ئاپتورىمىزنىڭ ئومۇمىي ئىجادىيەت يولى ھەققىدە مۇئەييەن ئەقلىي چۈشەنچە پەيدا بولدى. مەن توختى سابىرنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتقا ئوتتەك قىزغىن مۇھەببەت بىلەن يانداشقان، ئىجادىي ئىزدىنىش روھىغا باي تەلەپچان ئاپتور ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى مول ھوسۇللۇق ئەدەبىي ئىجادىيىتى بىزنىڭ بۇ پىكرىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئەمەلىي ھالدا ئىسپاتلىدى.

توختى سابىر دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېڭى ئىجادىي غەيرەتكە كېلىپ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەممە تۈر ۋە ژانىرلىرىغا دېگۈدەك تۇتۇش قىلىپ، ئۆز ئوقۇرمەنلىرىگە قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا «دوقمۇش پاراڭلىرى»، «شۇڭقار»، «ئەنسىز يىللاردىكى ئوغرى» قاتارلىق ئۈچ رومان، «ئالتۇن پەسىلدىكى ناۋا»، «شېئىرلىرىم ئۈنچە ئەمەس، ھاياتتىن بەلگە» قاتارلىق ئىككى شېئىر توپلىمى تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا

«قىر ئاشالمىغان يىللاردا» ، «كوزىباش» قاتارلىق ئون بەشكە يېقىن ھېكايە ۋە پوۋېستلىرى ، «جاپالىق يىللاردا» ، «بىز باسقان ئىزلار» ، «تېۋىلغا» قاتارلىق ئونغا يېقىن ئەدەبىي ئەسلىمىسى ئېلان قىلىندى . ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى بەدىئىي مەزمۇنىنىڭ يېڭى ، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى ، دەۋر تۈيغۇسىنىڭ كۈچلۈك ۋە يارقىنلىقى ، ھېسسىياتىنىڭ ساپ ۋە سەمىمىيلىكى بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئىچىدە مۇئەييەن تەسىر قوزغىدى . بۇ ھەقىقەتەن قالتىس ئىش بولدى . بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ سىستېمىلىق نەزەرىيىۋى تەربىيىلىنىشىدىن ئۆتمىگەن ، ئۇزاق مۇددەت مەمۇرىي - تەشكىلىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ ھاياتىنىڭ يەتمىش يىللىق پەللىسىگە قەدەم قويۇۋاتقان بۇ پېشقەدەم ئەدىب ئۆزىنىڭ مول تۇرمۇش بىلىمى ، ئۆزگىچە پىكىر ۋە تەسەۋۋۇر كۈچى ، ئالاھىدە يېزىقچىلىق ئىقتىدارىغا تايىنىپ ، مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ تېخى يورۇتۇلمىغان ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئېچىپ ئۆز ئوقۇرمەنلىرىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدى . بۇنى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان ئەھمىيەتلىك ھادىسە دېمەي مۇمكىن ئەمەس .

توختى سابىرنىڭ تۇنجى رومانى «دوقمۇش پاراڭلىرى» ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ئاسان نەزەرگە چۈشمەيدىغان ئۇششاق تەپسىلاتلىرىنى ، كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ يۇمۇرلۇق تۈسكە تويۇنغان تىپىك ۋەقەلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىجتىمائىي ھاياتىمىزنىڭ بىز تېخى ھېس قىلىپ يەتمىگەن تۇرمۇش قىزىقچىلىقى بىلەن تولغان ئىچكى قاينىمىنى يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان ساتىرىك ئەسەر . ئۇنىڭدا سىياسىي ، ئىجتىمائىي تۈسكە ئىگە بولغان ، شەخسنىڭ تەشكىلىي ، ئىدىيىۋى تۇرمۇشىغا چېتىلىدىغان ، كەسكىن ۋە مۇرەككەپ مەنىۋى ئېلىشىشلار مۇھىتى بىلەن باغلانغان بىرەر ئالاھىدە جىددىي ۋەقەلىك يوق . ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگىنى ھاياتىي بۇرچىنى ۋىجدانەن ئادا قىلىپ ، ئۆزىنىڭ بەختلىك كېلەچىكىنى ياراتقان بىر توپ غەمسىز كىشىلەرنىڭ



كۈندىلىك تۇرمۇشتىن ئالغان مەنىۋى لەززىتى ۋە روھىي شادلىقى . رومانىنىڭ باش پېرسوناژى ھامۇت ئەپەندى ساددا ، ئاق كۆڭۈل ، ئەپۇچان ، خۇشخۇي ، ئۆزىگە تونۇشلۇق بولمىغان يېڭى تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە يولۇققان چېغىدا ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بەزى غەلىتە قىلىقلارنى قىلىپ قويىدىغان يۇمۇرلۇق شەخس . ئاپتور رومان ۋەقەلىكىنى مۇشۇ بەدىئىي تۈگۈندىن باشلاپ راۋاجلاندۇرۇپ ، ئۆز قەھرىمانىنى ھەر خىل ساتىرىك تۇرمۇش ھادىسىلىرى مۇھىتى ئىچىدە ھەرىكەتلەندۈرۈپ ، ئۇنىڭ يۇمۇرلۇق تۈسكە ئىگە بولغان ئۆزگىچە سۆيۈملۈك بەدىئىي قىياپىتىنى ياراتقان . شۇنداق قىلىپ ، ئەينى يىللار رېئاللىقىنى كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان بىر خىل سەمىمىي كۈلكە ۋە شادلىق تۈيغۇسى ئىچىدە يورۇتۇپ ، مىللىي روھ ۋە مىللىي پسىخىكىمىزنىڭ ماھىيەتلىك بىر تەرىپىنى ئوبرازلىق ئېچىپ بەرگەن . «دوقمۇش پاراڭلىرى» رومانىنىڭ تۇرمۇشنى يورۇتۇشتىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭغا ئۆزگىچە بەدىئىي خاسلىق بېغىشلاپ ، ئۇنى مۇئەييەن ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە قىلغان .

ئاپتورنىڭ يەنە بىر رومانى «ئەنسىز يىللاردىكى ئوغرى»دا ئوخشىمىغان سىياسىي ، ئىجتىمائىي مۇھىت شارائىتىدا ئوخشىمىغان ھاياتىي سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن تىپىك ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ ئەينى يىللاردىكى رېئال تۇرمۇشى بەكمۇ جانلىق ، بەكمۇ قىزىقارلىق بەدىئىي لەۋھەلەردە ئېچىپ بېرىلىدۇ . روماندا باشتىن - ئاخىر ئۆزىگە خاس پىكىر ، چۈشەنچىگە ، ئالاھىدە تۈستىكى تۇرمۇش قارىشى ۋە ھايات غايىسىگە ئىگە بولغان ساددا ، لېكىن مەنىۋىيىتى بەكمۇ مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك بولغان ، ئوقۇرمەنلەر تېخى ئۇچرىشىپ كۆرمىگەن بىر توپ تىرىك كىشىلەر ھەرىكەت قىلىدۇ . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ساددا ، قىزىقارلىق ھەرىكەتلىرى ، پىكىر - خىياللىرى ، يېزا تۇرمۇشىنىڭ مەزمۇن ماھىيىتىگە تويۇنغان مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق تۇرمۇش تەرەققىياتىنىڭ مۇنداق بىر ئاددىي ئەقلىي مەنتىقىسىنى ، يەنى

شەخسنىڭ ھاياتي ئارزۇسى ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى ئىنتىلىشى ئومۇمي ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئېقىمى بىلەن بىر پۈتۈن سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ تەبىئىي بىرلىكىگە ئېرىشكەندىلا ئاندىن شەخسنىڭ ئىندىۋىدۇئال تەرەققىياتى بىلەن ئۇنىڭ مەنىۋى ئازادلىقىنىڭ تولۇق ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنى بەدىئىي تۈستە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ نۇقتىدا رومان تۇرمۇش رېئاللىقىنىڭ ئادەتتىكى كۆچۈرۈلمىسى، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئۆزگىرىش ۋە بۇرۇلۇشلارنىڭ بايانى خاتىرىسىدىن ئىبارەت بولۇپ قالغان، سەنئەت مەھسۇلاتى ھېسابلانمايدىغان ئىپتىدائىي تۈيغۇدىكى ھالسىز ئەسەرلەردىن جىددىي پەرق قىلىدۇ.

توختى سابىرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە رومانى «شۇڭقار» ئازادلىقتىن كېيىنكى تۇنجى ئەۋلاد مىللىي سانائەت ئىشچىلىرى قوشۇنىمىزنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىدىن ئىبارەت مۇھىم تارىخىي ئىجتىمائىي تېمىنى يورۇتۇپ بېرىشكە بېغىشلانغان. ئاپتور روماندا بۇ باي ۋە مۇرەككەپ تېمىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنىڭ بىر خىل سېھرىي قايىنىمى، ھاياتىمىز ۋە مىللىي پسىخىك خاراكتېرىمىزنىڭ ھىدى ۋە نەپىسى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئاجايىپ نازۇك ۋە تىپىك كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدە ئوبرازلىق ئېچىپ بەرگەن. ئۇ روماندا دەۋرىمىز ئىشچىلىرى تۇرمۇشىنىڭ رەڭدار ۋە ھارارەتلىك بەدىئىي لەۋھەلىرىنى يارىتىپ، بۇ ھاياتبەخش تېمىنى يېڭى بىر يارقىن پەللىدە يورۇتقان.

ئاپتور روماندا قانداق قىلىپ مۇنداق زور بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلىگەن؟

ئاپتور ئالدى بىلەن رومانىنىڭ بەدىئىي مەزمۇنىنى ناھايىتى كەڭ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنىنىڭ تەلىپى ۋە خاراكتېرگە مۇناسىپ بولغان ھەممە زۆرۈر ۋەقەلىكلەرنى قەلەمگە ئالغان. ئۇ شىنجاڭ زامانىۋى سانائىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان 1950 - يىللارنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىدە قەد كۆتۈرگەن مەلۇم بىر سانائەت كارخانىسىنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ



ئىلگىرىلەپ، ئىلغار پەن - تېخنىكا قۇرۇلمىسىغا ئىگە زامانىۋى سانائەت بازىسى بولۇپ چىققۇچە بولغان ئەللىك يىللىق تارىخىي جەريانىدا يۈز بەرگەن ھەر خىل باي ۋە مۇرەككەپ زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئاپتور روماندا ھەممە ئىجادىي زېھنىنى مىللىي ئىشچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتەك ماھىيەتلىك ئىجتىمائىي مەزمۇنغا يىغىپ، بۇ بەدىئىي تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مول ئىجتىمائىي، تارىخىي ۋەقەلەرنى مۇناسىپ بەدىئىي سەھىپىدە يورۇتۇپ، خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك مۇرەككەپ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ رەڭدار بەدىئىي خاتىرىسىنى ياراتقان. يەنە كېلىپ، ئاپتور سىياسىي، ئىجتىمائىي تۈسى شۇنچە قويۇق، ئىدىيىۋى، تەشكىلىي خاراكتېرى شۇنچە روشەن بولغان، ئىككى خىل ئاڭ، ئىككى خىل ئىدىيە، ئىككى خىل ئەخلاقنىڭ شىددەتلىك ئېلىشىشى بىلەن تولغان بۇ چوڭ، مۇرەككەپ ھاياتي ھادىسىلەرنى تىپىك ۋەقەلىكلەر مۇھىتىدا ھەرىكەت قىلىدىغان تىپىك شەخسلەرنىڭ قىزىقارلىق كونكرېت مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق بەكمۇ تىنىق ۋە مەيىن بەدىئىي ئېقىمدا گەۋدىلەندۈرگەن. رومان پېرسوناژلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە خاراكتېرى بۇ چوڭ، ئالاھىدە ۋەقەلەرنىڭ روھىي ماھىيىتىنى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ قىزىقى ۋە شادلىقىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن. بۇ ھال رومانىنى ئوقۇرمەنگە بىر خىل ئازادە مەنىۋى مۇھىت بىلەن چوڭقۇر روھىي لەززەت بېرەلەيدىغان بەدىئىي سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلغان.

بەدىئىي ئەدەبىياتتا ئاپتورنىڭ پۈتۈن ئەقلىي تالانتىنى ئىشقا سېلىپ ھەل قىلىدىغان نەرسىسى ئالدى بىلەن ئۆزى يارىتىۋاتقان پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ بەدىئىي تەسۋىرىدۇر. مەلۇمكى، بەدىئىي ئەدەبىيات سۈنئىي ياساپ چىقىلغان، ھاياتي ئاساسى بولمىغان غەلىتە قەھرىمانلارنىڭ ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشتىكى رېئال، تىرىك ئادەملەرنىڭ ئەقلىي پائالىيەت زېمىنى. ئېنىقكى، رېئال تۇرمۇشتىكى بۇنداق جانلىق، تىرىك ھاياتي كىشىلەرنىڭ

بەدىئىي خاراكتېرى ئۆزئارا ئوخشاشمايدىغان، ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەر رامكىسىغا چۈشمەيدىغان، ئۆزئارا زىددىيەتلىك بولغان مەنىۋى پەزىلەت ۋە روھىي ئالامەتلىرىنىڭ تەبىئىي مۇرەككەپ بىرىكمىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بەدىئىي ئەسەردىكى پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ تەسۋىرى يۇقىرىقى مەنىۋى سۇپەتلەرگە ئىگە بولغاندىلا ئاندىن ئۇ مۇئەييەن بەدىئىي ئېستېتىك قىممەت تاپالايدۇ.

«شۇڭقار» رومانى دەۋرىمىز ئىشچىلىرىنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ قايناق، ئەڭ مۇرەككەپ بىر دەۋرىنى كەڭ بەدىئىي پىلاندا تەسۋىرلەپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان يىرىك بەدىئىي ئەسەر. شۇڭا، ئۇنىڭدا مەزمۇنغا مۇناسىپ بولغان زور بىر تۈركۈم تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلغان. شۇ يېرى خاراكتېرلىككى، ئاپتور بۇ پېرسوناژلىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى رومانىنىڭ ئومۇمىي ۋەقەلەر ئېقىمىغا تەبىئىي ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى روماندىكى زىددىيەت ـ توقۇنۇشلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىدا مۇئەييەن بەدىئىي ئورۇنغا ئىگە قىلغان. نەتىجىدە روماندىكى بىرەر پېرسوناژنىڭ خاراكتېر ئىپادىسىگە تەۋە بولغان ئەڭ كىچىك بىر دېتال تەۋرىتىلسىمۇ ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن بەدىئىي گەۋدىسىگە تەسىر يېتىدىغان ئۆزگىچە بىر خىل بەدىئىي مۇقىملىق ھالىتى شەكىللەنگەن.

ھەرقانداق بېسىم ۋە زورلۇقلار ئالدىدىمۇ ئۆزىنىڭ غايە ۋە ئەقىدىسىدىن قايتمايدىغان، خاراكتېر قەتئىيلىكى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان زاۋۇت باشلىقى سادىق، ھەممە ئەقىل ـ پاراستىنى كارخانىنىڭ گۈللىنىشى بىلەن مىللىي ئىشچىلار قوشۇنىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بېغىشلىغان پارتكوم شۇجىسى تاڭ ۋېنسەي، ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن ئەقلىي ئىزدىنىشىدە ھېس قىلىدىغان ئىنژېنېر قۇدرەت، ئۆزىنىڭ ھالاللىقى ۋە بىر سۆزلۇكلۇكى بىلەن سەپداشلىرىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئوقۇمۇشلۇق يىگىت ئوسمان، ئۆزى



تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن مىللىي ئىشچى شاگىرتلىرىدىن ھەرقاچان غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدىغان تېخنىكا يېتەكچىسى لىۋ دىڭيۈەن، ئۆز كەسپىگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتى بىلەن باشقىلارغا بولغان سەممىي مۇناسىۋىتىدىن خۇشاللىق ۋە شادلىق تاپىدىغان تەرجىمان ئەلى، يېزا قىزلىرىنىڭ قەلب گۈزەللىكىنى ئۆزىگە يىغقان، مەنىۋى پاكلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئىستانوكچى قىز گۈلنىسا، تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدەك شوخ ۋە تېتىك، پىكرى قەلبىدەك ئوچۇق ۋە يورۇق توقۇمىچى قىز سەلىمە، راستچىللىق ۋە ئىشچانلىقنى ئۆزىنىڭ دائىملىق ھايات مىزانى قىلغان غۇرۇرلۇق يىگىت توختى، يېڭى تۇرمۇش، يېڭى مۇناسىۋەتلەر مۇھىتىدىن ئۆزىنىڭ ئىستىقباللىق ھايات يولىنى تاپقان سايىم بۇرۇت، ياخشىلىق ۋە ئاسايىشلىقنى ھېچكىمگە راۋا كۆرمەيدىغان، تەپرىقىچىلىقتىن ئۆزلىرىگە ئارام ۋە تەسەللى تاپىدىغان قارام كاتتىۋاشلار جاڭ داپاۋ ۋە ھېلىمباي، ئىزىدىن جېدەل، بالا ـ قازا ياغدىغان كۆكەمە، لۈكچەك سېيىت نوچى، كۈنلىرىنى باشقىلارنى تىڭتىڭلاش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان كونا چېقىمچى سەمەت قاتارلىق بىرمۇنچە پېرسوناژلار رومانىنىڭ ئومۇمىي بەدىئىي ئېقىمىغا تەبىئىي سىڭىپ كەتكەن، ئۆز خاراكتېرلىرى بىلەن ئەسەر مەزمۇنىنى ئوخشىمايدىغان بەدىئىي نۇقتىدىن نۇرلاندۇرىدىغان تىپىك ئوبرازلاردۇر. بۇ ئوبرازلارنىڭ ھەربىرى مەنىۋى دۇنياسى بار ۋە رەڭدار، ھايات يولى مۇرەككەپ ۋە ئەگرى ـ توقاي، پىكىر ۋە چۈشەنچىلىرى ساددا ۋە ئېنىق، تۇرمۇشقا ھەرقاچان بىر خىل جىددىيلىك ۋە قىزغىنلىق بىلەن ياندىشىدىغان، ھاياتىمىزدا بىز بىلەن بىللە ياشاپ، بىللە كۈلۈپ كېلىۋاتقان تىرىك ئادەملەردۇر. ئۇلارنىڭ روماندا تەسۋىرلەنگەن، پەقەت ئۆزلىرىگىلا تەئەللۇق بولغان ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتىدىن ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە تەۋە بولغان زۆرۈر بەدىئىي سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ.

رومانىنىڭ باش پېرسوناژى سادىق ئەسەردىكى پۈتۈن ۋەقەلەر

ئىقىمى بىلەن زىددىيەتلەر توقۇنۇشىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى، ئاپتورنىڭ ئەسەردىكى بەدىئىي مەقسىتىنىڭ تېپى. ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ئىشەنچ ۋە جاسارەت، سەممىيەت ۋە ساداقەتلىك. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان كارخانا بىلەن سەپداشلىرىنىڭ ھاياتى، ئىستىقبالى ھەممىدىن قىممەت. شۇڭا، سادىقنىڭ ھەممە مەنىۋى پائالىيىتى ئۇلارنىڭ تەقدىرى بىلەن تەبىئىي ھالدا باغلانغان. سادىق خاراكتېرىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىدىغان بۇ تۈپ ئامىل دەل روماندا تەسۋىرلەنگىنىدەك ئۇنىڭ ھەرقانداق رەزىللىك ۋە زورلۇقلارنى يىمىرىپ، ئۆز غايىۋى پەللىسىگە يېتەلەيدىغان ھاياتىي جاسارەتكە ئىگە بولالىشىنىڭ مەنىۋى يىلتىزى.

كونا ئەسكەرلىكتىن كەلگەن خۇيزۇ تەرجىمان ئەلى كەم تېپىلىدىغان ساددا ۋە سەممىي بىر ئادەم. ئۇزاق مۇددەتلىك مەجبۇرىي ياللانما ئەمگەك، زوراۋانلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان ھەر خىل ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەر مۇھىتى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىنسانىي قەدىر - قىممەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇچقۇنلىرىنىمۇ ئۆچۈرۈپ تۈگەتكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسى بەكمۇ ئاجىز بولۇپ، ئىرادىسىگە خىلاپ بولغان بەزى ھاقارەتلىك مۇناسىۋەتلەرگىمۇ كۆنۈشكە رازى. ئۇنىڭ ئۈچۈن تۇرمۇشتا كىشىلەردىن ئەيمىنىدىغان، سىر ھېسابىدا ئۇلاردىن يوشۇرىدىغان ھېچ نەرسە يوق. بۇ ئۇنىڭ ئۆز شەخسىيىتىگە دائىم پەرۋاسىز قارىشىنىڭ، بەزى چاغلاردا ھەتتا ۋاپاسىز خوتۇنىدىن كېلىۋاتقان ئائىلىۋى خورلۇقلىرىنىمۇ باشقىلارغا قىلچە يوشۇرماي ئاشكارا ئېيتىۋېتىشىنىڭ سىرى.

كارخانا بىلەن بىللە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئىشچى ئىنژېنېر قۇدرەت رومان ۋەقەلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان نۇقتىلىق پېرسوناژلارنىڭ بىرى. ئۇ ئۆز ئىستىقبالىنى تىنىمسىز ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىشتە دەپ بىلىدىغان، ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى بىلىمى بىلەن ئەمەلىي تېخنىكىلىق ئىقتىدارىغا تايىنىپ كارخانىنى



زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئۆمۈرلۈك مەقسىتى قىلغان غايىلىك بىر ئادەم. ئۇ تۇرمۇشنىڭ ئۆتكۈنچى چۇقان - سۈرەنلىرى ئالدىدا تەۋرەنمەيدىغان، سىياسىي - تەشكىلىي ئېلىشىشلىرىنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا بېرىلمەيدىغان ئېغىر ۋە تۇراقلىق خاراكتېر ئىگىسى. شۇڭا، تىنماي ئۆگىنىپ، ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي مۇكەممەللىكنىڭ يېڭى پەللىسىگە كۆتۈرۈلۈش ئۇنىڭ كۈندىلىك ئىش - ھەرىكىتىنىڭ دائىملىق مەزمۇنى. رومانىنىڭ باشقا پېرسوناژلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرلىرىنىڭ شەكىللىنىشىمۇ يۇقىرىقى ئوبرازلارغا ئوخشاشلا مۇقىم بولغان مەنتىقىلىق تۇرمۇش ئاساسى بىلەن مۇناسىپ ئىجتىمائىي مۇھىتقا ئىگە. شۇڭا، بۇ ئوبرازلار ھەرقانداق مۇرەككەپ ۋە سىرلىق تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدىمۇ پەقەت ئۆزىگىلا ئوخشايدىغان روشەن بەدىئىي خاسلىقى بىلەن ئالدىمىزدا ئايان بولىدۇ.

يېقىنقى يىللار ئىچىدە ئەدەبىياتىمىزدا مىللىي سانائەت ئىشچىلىرى ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلانغان بىرمۇنچە ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. لېكىن، بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى زامانىمىز ئىشچىلىرى ھاياتىنىڭ مەزمۇن، ماھىيىتى بىلەن ھەقىقىي تونۇشلۇقى بولمىغان، ئۇ ئاكتۇئال تېمىغا ئۆزىنى دەڭسىمەي يەڭگىللىك بىلەن ياندىشقان بەزى ئاپتورلارنىڭ قۇرۇق خىيال ۋە تەسەۋۋۇرىدىن تۇغۇلغىنى ئۈچۈن ئوقۇرمەنگە ھېچقانداق يېڭى ئەقلىي نەرسە بېرەلمىدى. بۇ ئەسەرلەردە ئۆز ئىجادىي ئەمگىكى بىلەن دۇنيانى ئۆزگەرتىپ، تۇرمۇشىدىكى خۇشاللىق ۋە تەشۋىشى بىلەن ھاياتىمىزغا مەنە ۋە ھارارەت بېرىۋاتقان زامانىۋى سانائەت ئىشچىلىرىمىزنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ ھايات سەرگۈزەشتلىرى ئوبرازلىق يورۇتۇپ بېرىلمىدى. بۇ ئەسەرلەردە تۇرمۇشنى يارىتىشنىمۇ، ئۇنىڭدىن لەززەتلىنىشنىمۇ بىلىدىغان، پىكرى ۋە ھەرىكىتى بىلەنمۇ، ئارزۇ ۋە ئىنتىلىشى بىلەنمۇ روھەن تىرىك بولغان بۇ ئادەملەر دائىم تۇرمۇشتىن يىراق چوڭ ۋە ئالاھىدە ۋەقەلەر ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان، باش - ئايىغى يوق تەشكىلىي

ماجىرالار ئارىسىدا قاڭقىپ يۈرىدىغان، تېخنىكىلىق شەرھى ۋە تالاش - تارتىشلار بىلەن كۆنۈلىرىنى ئۆتكۈزىدىغان غەلىتە كىشىلەردىن قىلىپ يېزىلدى. زامانىمىز ئىشچىلىرىنىڭ پىكرى ۋە تۇرمۇشىنىڭ زورۇقۇپ قۇراشتۇرۇلۇپ چىقىلغان ئابستراكت بەدىئىي قېلىپىدىن ئىبارەت بولغان بۇ ئەسەرلەردە ئىشچىلىرىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى، شەخسىيىتىگە تەۋە بولغان ئالاھىدە ھېس - تۇيغۇلىرى، كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان قىزىق، ئازادە كۆرۈنۈشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلمىدى. شۇڭا، ئىشچىلار تۇرمۇشىنىڭ ئۇقۇم ۋە چۈشەنچە تۇسىدىكى قۇرۇق بايانىدىن ئىبارەت بولغان بۇ ئەسەرلەر ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ ئاكتۇئال تېمىنى ئۆزىگە مۇناسىپ بەدىئىي قىممەتتە ئېچىپ بېرەلمىدى.

توختى سابىر زامانىمىز ئىشچىلىرى ھاياتىنى يارىتقۇچىلارنىڭ بىرى، ئۇ ئاشۇ ھاياتنىڭ ئۇزاق يىللىق تارىخىي شاھىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ تېمىغا ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان يېڭى ئىجادىي يول بىلەن يانداشىپ ھەممە نەرسىنى يېڭىدىن ياراتتى. ئۇ ئۆز پېرسوناژلىرىنى ئىشچىلار تۇرمۇشى بىلەن تەبىئىي بىرلىككە ئىگە بولغان سېھرىي كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدە ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ پىكىر - خىيالى بىلەن ئارزۇ - ئىنتىلىشلىرىنى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان مۇرەككەپ ئادەملەرنىڭ جانلىق ۋە قىزىقارلىق مۇناسىۋەتلىرى مۇھىتىدا ئېچىپ بەردى. بۇنىڭدا ئۆز پېرسوناژلىرىنى ئىش - ھەرىكەتتە كەڭلىك ۋە ئازادىلىككە ئېرىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى ھېسسىي پائالىيەتلىرىگە ئارىلاشماي، ئۆزلىرىنىڭ خالىغىنىچە ياشىشى ۋە پىكىر قىلىشىغا يول قويۇپ، ئۇلارنى ئۆز خاراكتېرلىرىنى ئۆزلىرى ئېچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇلار ئاپتور تەرىپىدىن ئالدىن بەلگىلەپ بېرىلگەن ھەرقانداق تۇرمۇش تەرتىپى، ھەرىكەت رىتىمى، مۇناسىۋەت مىزانىنىڭ چەكلىمىسىدىن خالىي ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئاڭلىق ۋە ئىختىيارىي پائالىيىتى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ



يوشۇرۇن قەلب سىرلىرىنى ئاشكارىلىدى. ئۇقۇم ۋە قېلىپلاشتۇرۇش خاھىشىدىن ئەمەس، بەلكى رېئال ھاياتنىڭ قانۇنىيەتلىك ئىچكى قايىنىمىدىن تۇغۇلغان بۇ تىپىك پېرسوناژلار ئاپتورنىڭ ھەرقانداق ئىرادە كۈچىگە بېقىنماي ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېر مەنتىقىسى دائىرىسىدە ئەركىن ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ھايات يولىنى يارىتىپ، ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ مەنىۋى قۇدرىتىنى ئېچىپ بەردى. بۇ ھال ئاپتور قەلەمگە ئالغان بۇ تېمىغا كەڭ ۋە چوڭقۇر بولغان بەدىئىي ئىجادىي قىممەت بېغىشلىدى. مانا بۇنى رېئال تۇرمۇش قايىنىمىدىن تۇغۇلغان ئىجادىي بەدىئىي پىكىر بىلەن ھەممە نەرسىنى ئوبراز ئارقىلىق جانلاندۇرالايدىغان يېزىقچىلىق ماھارىتىگە تايىنىپ تۇرمۇش ۋە ئادەملەرنى قايتا يارىتىش، قەلەمگە ئېلىنغان تېمىنى يېڭى، ئىجادىي نۇقتىدىن يورۇتۇپ بېرىش دېسە بولىدۇ.

كىشىلەر ھېس - تۇيغۇسىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بەدىئىي تىل ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ گۈزەل، ئەڭ چوڭقۇر مەنە ۋە ئىپادىلەر ئېقىمى بىلەن جانلىنىپ تۇرىدىغان ئەڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى ئەقلىي كۈچتۇر. ئۇ ھەقىقىي بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تۇغۇلۇشىنىڭ، ئۇنىڭ ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلەر زېمىنىغا قەدەم قويۇشىنىڭ باشلىنىشى، ئاپتورنىڭ بەدىئىي تەربىيىلىنىشى بىلەن بەدىئىي ماھارەت سەۋىيىسىنىڭ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە كىشىلەر مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تۇيغۇ - تەسىراتى بىلەن بەدىئىي پىكىر ۋە بەدىئىي تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ يارىتىش ۋە كەشىپ قىلىش قابىلىيىتىنىڭ ئەڭ جانلىق ۋە ئەڭ ئەمەلىي گەۋدىلىنىشى. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ پروزا ئىجادىيىتىمىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ بەدىئىي تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان بۇ مۇھىم مەسىلىگە بولغان ئېتىبارى دېگەندەك يۇقىرى بولماي كەلدى. نەتىجىدە بىزنىڭ بىر مۇنچە ئەسەرلىرىمىز سەنئەت ۋە بەدىئىي رەڭدىن خالىي، ھېس - تۇيغۇ قەھەتچىلىكى بىلەن بەدىئىي ئوبراز نامراتلىقىدىن

تەمدىن كەتكەن ھالسىز تىل بىلەن يېزىلدى . ئۇلاردا ئاپتور ھېچقانداق بەدىئىي ئىجادىي ئىش قوشۇلمىغان ، پېرسوناژلار پائالىيىتىنى ئاددىي خەۋەر قىلىپ قويىدىغان قۇرغاق ، ۋەزنىسىز تىل بىلەن سۆزلىسە ، پېرسوناژلار ئۆزلىرىنىڭ ھېچقانداق شەخسىيىتى ئايرىلاشمىغان ، خاراكتېر خاسلىقىغا تەۋە ھېچ نەرسە بولمىغان ، ئاپتور تەرىپىدىن ئالدىن بېكىتىپ قويۇلغان تەييار نۇتۇق تىلىدا سۆزلىدى . شۇڭا ، بۇ ئەسەرلەر ئوقۇرمەنگە ھەقىقىي ئوبرازلىق تىل سەنئىتىدىن تۇغۇلغان ئىجادىي بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ ئېستېتىك لەززىتىنى بېرەلمىدى .

بىزنى سۆيۈندۈرگىنى شۇ بولدىكى ، توختى سابىر «شۇڭقار» رومانىدا ئوبرازلىق بەدىئىي تىلنى ئىجادىي ئۆزلەشتۇرۇپ ، خالىغىنىچە ئەركىن ۋە ئازادە ئىشلىتىپ ، ئۇنى رېئال تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى بىلەن كىشىلەر مەنىۋى دۇنياسىنىڭ رەڭدار سۈرىتىگە ئايلاندۇردى . بولۇپمۇ ئۇ پېرسوناژلار تىلىنى بەكمۇ ئىنچىكە ۋە پىششىق ئىشلەپ ، ئۇنى روشەن خاسلىق ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلىپ ، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تەبىئىي بىردەكلىككە ئېرىشتۇردى .

ئەسەر پېرسوناژلىرى مۇقىم پائالىيەت دائىرىسى بىلەن چەكلەنگەن ، ھەر كۈنى بىر خىل قېلىپتا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئەندىزىلىك ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىشنى كەسىپ قىلغان ئاددىي دېھقان باللىرى . لېكىن ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسى شۇنچىلىك باي ۋە كەڭ ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن مۇقەددەس ھېسابلىنىدىغان تۇراقلىق ئەخلاق چۈشەنچىسى بىلەن مۇقىم قىممەت قارىشى ، ئۆزلىرى ئەقىدە قىلىدىغان ئۆزگىچە تۇرمۇش يولى بىلەن ئالاھىدە ھايات پەلسەپىسى بار . ئۇلار ئادەتتە بەكمۇ تۈز ۋە ساددا ، لېكىن ئۇلارنىڭ قەلبى ئاشۇنداق كىشىلەردىلا تۇغۇلۇشى مۇمكىن بولغان چوڭقۇر ھاياتىي مەنە ، باي ئەقلىي ھېكمەتلەر بىلەن تولغان . ئۇلارنىڭ شەخسىيىتى بىلەن تەبىئىي باغلانغان ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتىگە ئۆزلىرىنىڭ ئىرادە ۋە ئەقىدىسىنى بوغىدىغان ھەممە



ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەرنى بىسىپ چۈشىدىغان شىددەتلىك مەنىۋى كۈچ يوشۇرۇنغان . ئۇلار ھەرقانداق ۋاقىتتا ھاياتتىن شادلىق ۋە خۇشاللىق تاپالايدىغان ، تۇرمۇشنىڭ ئەڭ قىيىن ، مۇرەككەپ پەيتلىرىدىمۇ ھۆزۈرلىنىپ كۈلەلەيدىغان جاسارەتكە ئىگە . رومان پېرسوناژلىرىنىڭ رېئال تۇرمۇش تەسىراتلىرىدىن تۇغۇلغان ، چىنلىق ۋە گۈزەللىك تۇيغۇلىرىغا تويۇنغان ئوبرازلىق بەدىئىي تىلىدىن ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ھەممە ئالامەتلىرى تولۇق ئايان بولدى .

ئۆز دەۋرى كىشىلىرىگە ئايانكى ، 1950 ـ يىللار بىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەققىيات تارىخىمىزنىڭ بىر قاينام ـ تاشقىنلىق دەۋرى بولغانىدى . بۇ يىللاردا رايونىمىزنىڭ سانائەتلىشىش ۋە ئىلىم ـ پەننى يۈكسەلدۈرۈش ھەرىكىتى يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ ، زامانىۋى يىرىك سانائەت كارخانىلىرى كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇلۇپ ، زور مىللىي تېخنىكا ئىشچىلىرى قوشۇنى يېتىشىپ چىقتى . ئۇلار ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە زامانىۋى تېخنىكىلىق مەشغۇلاتلار مۇھىتى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ ، ئۇلاردىن يېڭى ئاڭ ، يېڭى ئىدىيە قوبۇل قىلىپ ، ئۆزلىرىنى غەيرەت ۋە جاسارەتتە تېخىمۇ تاۋلاپ ، بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي تۇرمۇشىمىز بىلەن مىللىي ئەخلاق قۇرۇلمىمىزنى يېڭىلاش ۋە ئۆزگەرتىشىمىزنىڭ ئەڭ قابىل زەربىدار كۈچى بولۇپ قالدى . بۇ ئەمەلىيەتتە بىر مىللەتنىڭ گەۋدە قۇرۇلمىسىدا يېڭى بىر ئىجتىمائىي قاتلامنىڭ بارلىققا كېلىشى ، ئۇنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ يېڭى بىر تەرەققىيات دەۋرىگە كىرىشى بولۇپ ، ئۇ ماھىيەتتە بىر خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا يۈز بەرگەن دەۋر خاراكتېرلىك زور بۇرۇلۇش ئىدى . ۋەھالەنكى ، مىللىي تۇرمۇشىمىزنى يېڭى زامانىۋى مەزمۇن مۇھىتىغا باشلاپ كىرىپ ، بىزنىڭ دۇنيا ۋە ئۆزىمىزنى بىلىش ئاڭلىقلىقىمىزنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك زور ئىجتىمائىي ھادىسە بىزنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىزدا ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزىنىڭ

مۇناسىپ بەدىئىي ئورنىنى تاپالماي كەلدى. ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ قاينام - تاشقىنىدا تۇغۇلىدىغان، ئۇنىڭ مىللىي روھ، مىللىي ئېڭىنىڭ مۇكەممەل ئوبرازلىق ئىنكاسى بولغان مىللىي ئەدەبىيات ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇنى ھەقىقەتەن بىر ئىلمىي سەۋەنلىك دېمەي مۇمكىن ئەمەس.

يازغۇچى توختى سابىر ئۆزىنىڭ ئالاھىدە بەدىئىي زېھنىي كۈچىگە تايىنىپ، ئۇنتۇلۇپ كېتىش تەقدىرىگە دۇچ كەلگەن بۇ يېڭى مۇرەككەپ تېمىنى دادىل قەلەمگە ئېلىپ، مىللىي سانائەت ئىشچىلىرىمىز ھاياتىنىڭ بىز تېخى ھېس قىلىپ يەتمىگەن يارقىن بەدىئىي مەنزىرىلىرىنى يارىتىپ، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى يېڭى بىر ماھىيەتلىك بەدىئىي مەزمۇن بىلەن بېيىتتى. بۇ توختى سابىرنىڭ ئەدەبىياتىمىز تەرەققىياتىغا قوشقان بىر ئىجادىي تۆھپىسى، ئۇنىڭ «شۇڭقار» رومانىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىز ئىلمىي ۋە ئەمەلىي ھالدا ئورتاق ئېتىراپ قىلىشى لازىم بولغان ئالاھىدە بەدىئىي ئېستېتىك قىممىتىدۇر.

2006 - يىلى 10 - ئاي



## ۋەتەن ئىشقى — ئىلھام بۇلىقى

ئوسمانجان ساۋۇت — ئۇزاق يىللىق ئىجادىي ئەمگىكى بىلەن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن تالانتلىق شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ھېس - تۇيغۇسىنىڭ چىن ۋە سەمىمىيلىكى، بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ يېڭى ۋە ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئىجادىي شېئىرىيىتى ئارقىلىق ئەدەبىياتىمىز تەرەققىياتىدا روشەن بەدىئىي ئىز قالدۇردى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە ئىجادىيىتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، ھەقىقىي تاللانغان ئىجادىي ئەسەرلەردىن تۈزۈلگەن «ئالمىدەك يۇرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ»، «تاڭ لىرىكىلىرى»، «تەڭرىتاغ شاماللىرى»، «تاڭلار بىلەن سۆزلىشىش»، «تۈن تىنۋىشلىرى»، «زېمىن قەسىدىسى» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىندى.

ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىجادىي تۆھپىسى شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇ ئۇزاق يىللاردىن بېرى تەرجىمە ئىجادىيىتى بىلەنمۇ ئىزچىل شۇغۇللىنىپ، ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردە مەشھۇر بولغان بىرمۇنچە داڭلىق ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىي قۇرۇلمىسىنىڭ يېڭىلىنىشى ۋە مۇرەككەپلىشىشىگە ئالاھىدە زور تۆھپە قوشتى. ئۇ ھازىرغىچە نوبېل ۋە لېنىن ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن دۇنياۋى مەشھۇر شائىرلاردىن نېرۇدا، پاستېرناك، مىلوش ۋە مېژېلايتىسلارنىڭ تاللانغان شېئىرلىرىنى، ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق شائىرلىرى بەي خۇا، گۇ ڭ لىۇ ۋە جياڭ شۇملارنىڭ شېئىرىي سىيكىللىرىنى، ئاتاقلىق رۇس شائىرلىرى يېسىنىن ۋە تىۋاردوۋسكىلارنىڭ دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە

بولغان «پارس لىرىكىلىرى»، «خاتىرە ھوقۇقى» ناملىق داستان ۋە سېكىللىرىنى، رۇس ئايال شائىرلىرىدىن ئاننا ئاخماتوۋا، رىمما كازاكوۋا، بېللا ئاخماتولىنا ۋە سېۋىتايېۋالارنىڭ تاللانغان شېئىرلىرىنى، شۇنداقلا قېرىنداش قازاق ۋە قىرغىز شائىرلىرى ئاباي قونانبايېف، ئولجاس سۇلايمانوۋ ۋە جولىن مامباتوۋلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلدى. ئۇ يەنە بەدىئىي پروزا ۋە ئىجادىيەت تەتقىقاتى ئەسەرلىرى تەرجىمىسى بىلەنمۇ ئىزچىل شۇغۇللىنىپ، مول ئىجادىي مېۋە بەردى. ئۇ ئاتاقلىق گروزىن يازغۇچىسى دومبادزىنىڭ «مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت» رومانىنى، بالزاكنىڭ «ئالۋاستى ساھىبجامال دېلوسى» پوۋېستىنى، ئەنگلىيە يازغۇچىسى ماۋھامنىڭ «كۈلگۈلۈكمۇ - يىغلىغۇلۇقمۇ» پوۋېستىنى، پاكىستان يازغۇچىسى شىھابىدىن قۇددۇسىنىڭ «ئاھ، ياراتقان ئىگەم» پوۋېستىنى، ئېلىمىزنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى ليۇ شياۋتاڭنىڭ «رەناگۈل كۆلى» ۋە «قىزىل شالداما» پوۋېستلىرىنى تەرجىمە قىلدى. ئەي چىڭ، يېۋتوشىنكو، ۋاڭ مېڭ، جۇ لياڭخې ۋە شاۋ شۇنلارنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ھەققىدىكى يىرىك ماقالىلىرىنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇشتۇردى.

ئوسمانجان ساۋۇت بۇ ئەسەرلەرنى ئاددىي ھالدا تەرجىمە قىلىپ، مەزمۇنەن يەتكۈزۈپ قويۇش بىلەنلا چەكلەنمىدى، بەلكى بۇ ئەسەرلەرگە جاپالىق ئىجادىي ئىش قوشۇپ، مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك تەرەپلەردىن تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئېلىمىز ئەدەبىياتى ۋە دۇنيا ئەدەبىياتى بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە خەلقلەر دوستلۇقى ھەققىدىكى پىكىر - چۈشەنچىلىرىنى تېخىمۇ بېيىتتى.

ئورنى كەلگەندە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ بارغانچە بېيىشى ۋە رەڭدارلىشىشى، تاشقى مەدەنىي ئالاقە ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئەدەبىي تەرجىمە



ئىشلىرىمىزمۇ يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلدى. ھازىر بىزدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن مول ھوسۇللۇق يېتۈك تەرجىمانلار كەينى - كەينىدىن يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ. لېكىن، شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، ئوسمانجان ساۋۇتقا ئوخشاش بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەممە تۈرىدە جاپالىق، ئىجادىي ئىزدىنىپ، پروزا، شېئىرىيەت ۋە ئىجادىيەت، نەزەرىيە تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوخشاش بەدىئىي، ئىلمىي سەۋىيىدە تەرجىمە قىلىپ، ئالاھىدە تەرجىمە پەللىسىنى ياراتقان كۆپ قىرلىق ئەدەبىي تەرجىمانلار بىزدە ھەقىقەتەن كۆپ تېپىلمايدۇ.

ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرىيىتىنىڭ بەدىئىي مەزمۇنى كەڭ ۋە خىلمۇخىل. ئۇنىڭدا ئىنسان مەنىۋى ئالىمىگە تەۋە ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ. ئۇنىڭدا پاكلىق ۋە گۈزەللىك رەزىللىك ۋە خۇنۈكلۈك ئۈستىدىن مەردانە ئىسيان قىلىدۇ. ھېس ۋە تۇيغۇلارنىڭ روھىي پىنھانلىق ھالىتىدە تۇرغان قۇدرەت ۋە لاتاپىتى ئۆز - ئۆزىدىن جانلىنىپ، تاشقى ئالەمنىڭ پايانسىزلىقىغا كۆچىدۇ. ئىنساننىڭ ئەبەدىيلىككە ئىگە بولغان ئالىيجاناب غايىلىرى بىلەن ئەزگۈ نىيەتلىرى ئوقۇرمەن ئەقلىنى لال قىلىدىغان رەڭگارەڭ، گۈزەل سېھرىي دۇنيا تۈسىگە كىرىدۇ. ھايات ۋە كىشىلەرگە بولغان مۇھەببەت ۋە ساداقەتنىڭ يېڭى نۇرانە لەۋھەلىرى يارقىن تۈستە جىلۋىلىنىپ، كىشىنى ھاياتنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ شېرىن دەملىرىگە قايتۇرىدۇ. ھەقىقەت ۋە ئادالەتكە ئىنتىلىشتىكى ئوتلۇق قىزغىنلىق بىلەن ئۇنى يارىتىشتىكى ئىشەنچ ۋە جاسارەت ئوقۇرمەن روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇنى مەردلىك ۋە شىجائەتنىڭ تېخىمۇ يۈكسەك پەللىسىگە كۆتۈرىدۇ. قىسقىسى، ئۇنىڭ شېئىرىيىتىدە ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئەبەدىيلىككە ئىگە بولغان ھاياتىي غايىلىرى بىلەن ئۇنىڭ مەنىۋى پاكلىق ھالىتىدىكى ھەممە ئۇلۇغۋارلىق ۋە ئالىيجانابلىقى تولۇق بەدىئىي ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئانا يەرگە مۇھەببەت — ئوسمانجان ساۋۇت

شېئىرىيىتىنىڭ مەزمۇن يادروسى . ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ ئەسەرلىرى مۇشۇ ھاياتبەخش تېمىغا بېغىشلانغان . ئۇ ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ، ئەينى يىللار ئوقۇرمەنلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە تەسىر قوزغىغان «ئالمىدەك يۇرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» ناملىق لىرىك شېئىرى ئارقىلىق بۇ ئەنئەنىۋى تېمىنىڭ ئىجادىيەت زېمىنىغا قەدەم قويدى . ئۇ بۇ شېئىرىدا ئادەتتىكى تەبىئەت ھادىسىلىرى ماھىيىتىنىڭ ۋەتەننىڭ مەنىۋى پەزىلەتلىرىگە بولغان بەكمۇ ئاددىي ۋە يىغىنچاق بەدىئىي سىلىشتۇرمىسى ئارقىلىق ۋەتەننىڭ مېھرىدىن تاشقىمۇ سەزگۈ بېرىپ ، ئالمىدەك يۇرەككە ئالەمچە سۆيگۈ ئورۇنتالايدىغان بۈيۈك خىسلىتىنى ئوبرازلىق ئېچىپ بەردى . 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئۇنىڭ بۇ تېمىدىكى شېئىرلىرىدا جىددىي بۇرۇلۇش بولدى . ئۇ بەدىئىي تەپەككۇردا كەڭلىك ۋە مۇرەككەپلىككە ، بەدىئىي مەزمۇندا چوڭقۇرلۇق ۋە خىلمۇخىللىققا يۈزلەندى . بۇ ھال ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى تېخىمۇ يارقىن بەدىئىي پەزىلەتكە ئىگە قىلدى . «قۇياش قەسىدىسى» ، «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق» ، «ياشلىقىم» ، «توزان قەسىدىسى» ، «يۈرىكىمنى تۇتىمەن ساڭا» ، «ئۈرۈمچى — سەن مېنىڭ ئون توققۇز يېشىم» ، «سەپەر كۈيلىرى» ، «دادام قويغان سوئاللار» ، «ئانامسەن ، باغرىمسەن تۇغۇلغان يېرىم» قاتارلىق شېئىرلار ئۇنىڭ ئەنە شۇ ئىجادىي بۇرۇلۇشىدىن كېيىن ياراتقان ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىدۇر . ئاپتور بۇ شېئىرلىرىنىڭ بەزىلىرىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىغا توغرىدىن - توغرا مۇراجىئەت قىلىپ ھېس - تۇيغۇسىنى بىۋاستە ئىپادىلىسە ، بەزىلىرىدە جەمئىيەت ۋە تەبىئەتتىكى تىپىك ۋەقە ، ھادىسىلەرنىڭ سىمۋوللۇق تەسۋىرى ئارقىلىق ۋەتەن ھەققىدىكى پىكىر ، چۈشەنچىلىرىنى گەۋدىلەندۈردى . لېكىن ، ئاپتور بۇ شېئىرلاردا ئوخشاشلا ، ئىجادىي بەدىئىي تەپەككۇردىن تۇغۇلغان تىپىك بەدىئىي ئوبرازلارنى ئىجادىي شەخسىيىتىنىڭ قوشۇلۇشىدىن پەيدا بولغان روشەن بەدىئىي



خاسلىقىغا ئىگە قىلىپ ، ئۇلارنى ۋەتەن ئىشقىدا ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان ۋاپادار قەلبىنىڭ ھەقىقىي رەڭدار بەدىئىي سۈرىتىگە ئايلاندۇرغان .

ئاپتورنىڭ «قۇياش قەسىدىسى» ناملىق شېئىرى كىشىلەر قەلبىگە ئۆمۈرلۈك دەرد - ئەلەم تاشلاپ كەتكەن ئاشۇ قاباھەتلىك يىللارنىڭ غەزەپلىك ئەيىبنامىسى ، ۋەتەن قۇدرىتىنىڭ مۇھەببەت ۋە ۋاپادىن تۇغۇلغان ئوتلۇق مەدھىيىسى . قەلبىدە پاك مۇھەببەت بىلەن ئەزگۈ تىلەكلەردىن باشقا ھېچ نەرسە بولمىغان ھالال ئادەم زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى باسقان مۇدھىش زىنداندا ھالسىز ئىڭرىماقتا . جانغا پاتقان قىيناق ئازابىدىن ئۇنىڭ ھايات ئىرادىسى بارغانچە سۇنماقتا . ھەممە ياقنى قاراملىق ۋە تەلۋىلىك ئەسەبىيلىكى بىلەن دەھشەتلىك ئۆلۈم ۋەھىمىسى قاپلىغان ، لېكىن بۇ بىچارە ئادەم ئۇلۇغۋار ھاياتنىڭ بۈيۈك نېمىتىدىن بەھرىمەن . ئۇ بولسىمۇ ، ئۇ كۈندە بىر قېتىم ئۈچرىشىپ تۇرىدىغان قۇياش نۇرى ، يەنى ئانا ۋەتەننىڭ ھەرقانداق زوراۋانلىقلارنى بېسىپ چۈشۈشكە قادىر بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتى . دەل مۇشۇ مۇھەببەت ئۇنىڭ قەلبىنى ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولدۇرۇپ ، ئۇنى ئۆلۈم ۋە ھالاكەتتىن ساقلاپ ، نۇرانە ھايات بىلەن قايتا ئۇچراشتۇرىدۇ . ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى تاپقانلىقى بىلەن چەكسىز شادلىق تۇيغۇسىغا چۆمگەن بۇ ئەركىن ۋە ئازاد ئادەم ھاياجان بىلەن مۇنداق خىتاب قىلىدۇ :

ئانا قۇياش تىرىكلىك تەڭرى ،
سەن يانىسەن ، سەن ئەبەدىي يان .
مېنى قىيناپ يۇتسىمۇ كەڭرى ،
سېنى ھەرگىز يۇتالماس زىندان .

«ياشلىقىم» شېئىرىدا «ھايات گۈلتاجى» بولغان خىسلەتلىك ياشلىقىدىن مەڭگىلىك ئايرىلغان نادامەتلىك ئادەمنىڭ ئەلەم ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ روھىي

دۇنياسى تەسۋىرلىنىدۇ . ئۇ «ئەس تاپقۇچە» ئۆزىدىن يىراقلاپ كەتكەن سەرۋىناز ياشلىقىنى ئەسلەپ ھەسرەتلىك خىيال سۈرىدۇ . مانا ، تۇن لىباسىنى كۆتۈرۈپ ، ۋىلىقلاپ كۈلۈپ ، جىلۋە بىلەن پارلىغان تاڭ نۇرى ، باھار ، يازلارغا ھاياتلىق بېغىشلاپ ، لەڭ ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان كۈمۈش سۈلۈق ئەزىم دەريا ، كېچە ئاسمىنىنى سۈتتەك نۇرلارغا بۆلەپ ، تۇننى يورۇقلۇققا پۈركىگەن پەرى سىياق تولۇن ئاي ، كۆك يۈزىنى زەر سىزىقلىق ئالتۇن رەڭگە بوياپ ئۆتكەن گۈلدۈرماما شەمشىرى — بۇلارنىڭ ھەممىسى لىرىك پېرسوناژنى ئاشىق بىقارار قىلغان گۈزەل ياشلىقىنىڭ پەرى سۈپەت سىيماسى . مانا ، يەر - جاھاننى نۇر - ئاپتاپقا ئوراپ ، باھار بۇلۇتىنى يىمىرىپ كۆتۈرۈلگەن ئانا قۇياش ، زەڭگەر كۆككە تاقىشىپ قۇشلارنىڭ يولىنى توسۇغان ئالماستەك تىك چوققا ، تۇننى ھېكمەتكە ئايلاندۇرىدىغان قىيانلىق نۇر دەرياسى سامانيولى — بۇلار لىرىك پېرسوناژنىڭ سۆيۈملۈك ياشلىقىنىڭ لەززەتلىك خىياللار ئىلكىدە يېڭىچە جانلانغان كۆرۈنۈشى . لېكىن ، ئۇنىڭ نۇر ۋە ھېكمەتلەرگە تولغان مۇنداق گۈزەل ياشلىقى ئۇنى ئاللىقاچان تەرك ئەتكەن . ئۇنىڭ قانداقتۇر بىرەر كارامەت بىلەن ھۆرلىقادەك ھۆر چىراي ئېچىپ ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس . شۇڭا ، ئەمدى لەززەتلىك ئەسلىمە — شىرىن ئازاب ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ . شائىر بىردىن تەگسىز خىياللاردىن ئويغىنىپ ئۆزى ياشاۋاتقان ھاياتقا ، يەنى ئۆزىگە شۇنداق گۈزەل ، پەرى سۈپەت ياشلىقنى ئاتا قىلغان ئانا ۋەتەنگە قايتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىمەھەل كەتكەن گۈزەل ياشلىقى يېڭىدىن نۇرلىنىدۇ :

خۇددى كەۋسەر چۇش كەبى خىياللارنى تەرك ئېتىپ ،
رېئاللىققا يۈزلىنىپ كەلگىنىمدە ئۆزۈمگە .
ھاياجان ۋە ئىلھامغا بېرىپ نۆۋەت ، بېرىپ ئەرك ،
ياشلىقىم بوپ كۆرۈنەر ئانا دىيار كۆزۈمگە .
ياشلىقىم سەن ۋەتىنىم ، ساڭا ھەر چاغ بالىمەن ،



بۇ ئەقىدەم ئۇيرىماس ، ئۇيرىسمۇ يەر شارى ،
مەن ۋەتەندە دېمەككى ياشلىقىمچە قالىمەن ،
مېنىڭ ھايات باھارىم ، ئانا يەرنىڭ باھارى .

شۇنداق قىلىپ ، ئاپتور شېئىرىدا ياشلىقنى ئانا ۋەتەننىڭ ھايات باھارىغا ، ۋۇجۇدىدىكى ھەممە پاكلىق ۋە گۈزەللىكنى ئۇنىڭ تەڭداشسىز سېھرىي قۇدرىتىگە تەڭلەشتۈرۈپ ، ھايات تەقدىرىنى ۋەتەننىڭ ئەبەدىيلىككە ئىگە بولغان مۇقەددەسلىكىگە قوشۇۋېتىدۇ .

ئوسمانجان ساۋۇت «توزان قەسىدىسى» ناملىق شېئىرىدا بەدىئىي مەزمۇننى بەكمۇ يېڭى ، بەكمۇ تىپىك شېئىرىي مۇھىت ئىچىدە ئېچىپ بېرىدۇ . ۋەتىنىدىن كەلگەن بەختلىك قېرىنداشى بىلەن دىدارلاشقان ئەلەملىك مۇھاجىرنىڭ ھەسرەتلىك ئىچكى كەچۈرمىشى بۇ شېئىرغا ئۆزگىچە بىر خىل شېئىرىي سادا بېغىشلايدۇ .

ئوقۇرمەن ئۇچۇن ئەرزىمەس بولۇپ كۆرۈنىدىغان بىر زەررە چاڭ . لېكىن ، ئۇ بەختسىز مۇھاجىر ئۇچۇن بىر زەررە نۇر . ئۇنىڭ ئايرىلغان بەختىنى يورۇتقۇچى چىراغ . ئۇ يۇرتىنىڭ توزىنىدىن ۋەتەن باغلىرىنىڭ ھىدىنى پۇرايدۇ . ئېپار غۇنچە ، چېچەكلەر ھىدى ئۇنىڭ دىلىدىكى ھىجران داغلىرىنى يۇيۇپ ، ئۇنىڭغا تەسەللى ۋە ئارام بېرىدۇ . ئۇلۇغ ئانا — تەڭرىتاغنىڭ كۈمۈش چاچلىق چوققىلىرىنى كۆرۈپ غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىق ئوتىدا يانىدۇ . زەر قىرغاقلىق دەريالارنىڭ يېقىملىق شاۋقۇنىدىن شاھانە مۇقاملارنىڭ ھاياتبەخش ساداسى — ئانا ئەللىيىنىڭ لەرزىتىنى سۈرىدۇ . پېشانىسىگە جۇدالىق ئىزلىرىنى تاشلاپ ، يۈرىكىگە ئۆمۈرلۈك ئازابلىق يارىلار سالغان ۋەتەننىڭ ھەربىر تال گىياھى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا باھار جىلۋىسىدەك نۇرلىنىپ ، ئۇنىڭ دەردلىك كۆڭلىگە بىردەملىك بولسىمۇ شادلىق ئاتا قىلىدۇ . ئۇ يۇرتىدىشىنىڭ ئۈستىدىكى ھەربىر زەررە توزاننى سۆيۈپ ، كۆزلىرىگە سۈرتكەنسېرى شۇنچە شىرىن ، شۇنچە ئازابلىق ئەسلىمىلەر دېڭىزىغا

چۆكۈپ ، ۋىجدان ئازابىدىن قىينىلىپ يوشۇرۇن ياش تۆكىدۇ :

قاقماي تۇرغىن قىرىندىشىم ئۇستۇڭنى ،
ئۇ ۋەتەننىڭ تۇپرىقىدۇر تۇتىيا .
ئىز تاشلىدى پېشانەمگە جۇدالىق ،
يارا سالدى يۈرىكىمگە ھەر گىياھ .
بۇلبۇل دەركەن تىكەنلەرنى ۋەتىنىم ،
ئالتۇن قەپەس ھەيۋىتىنى ئاچسىمۇ .
شۇ بىر قۇشچە بولالمىدىم ، ۋاي ئىسىت ،
ئازغۇ مېنى تاغلار ئېلىپ باسسىمۇ .

مانا بۇ قۇرلار ۋەتەن قەدرىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتكەن ، ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلەمىدە باغرى قان بولۇپ ، ئۆكۈنۈش ۋە پۇشايماندىن قەلبى ئۆرتىنىۋاتقان ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر مۇھاجىرنىڭ ھەسرەتلىك يۈرەك ساداسى ، ئۇنىڭ خۇشاللىق ۋە ئەلەم ، غۇرۇر ۋە ھەسرەت ئارىلىشىپ كەتكەن نادامەتلىك ئىچكى دۇنياسىنىڭ شېئىرىي مىسرالارغا كۆچۈرۈلۈشى .
بەدىئىي مەزمۇنىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان «يۈرىكىمنى تۇتىمەن ساڭا» شېئىرى ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ئۆزگىچە رەڭ ، پۇراققا ئىگە بولغان ، ئوقۇلۇشى بىلەنلا كىشىنى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ سەلتەنەتلىك سېھرىي ئالەمىگە باشلاپ كېتىدىغان ياخشى ئەسەردۇر . ئۇنىڭ لىرىك پېرسوناژىنىڭ مەنىۋى ئالەمى ھاياتتەك كەڭ ۋە باي ، شائىر قەلبىدەك پاك ۋە تازا بولۇپ ، ئۇنىڭغا مەنىۋى كامالەت پەللىسىگە يەتكەن ئالىيجاناب ئادەمنىڭ ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي يۈكسەكلىكىنىڭ ھەممە بۈيۈكلۈكى يىغىلغان . شۇڭا ، ئۇنىڭغا ئىرادە ۋە چىدام بىلەن كۈچ ۋە غالىبلىق ھەرقاچان ھەمراھ . ئۇ گويا ئانا ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت ۋە ساداقەتتىن پۈتكەن بىر سېھرىي قۇدرەت ئىگىسى . ئۇ ئۆزىنى ھەرقاچان ئەنە شۇ ئۇلۇغ ئانىنىڭ بىر زەررە ۋە بىر قەترىسى دەپ بىلىدىغان ،



ئۇنىڭغا بولغان قايناق ئەقىدىسىدىن زېھنى تاۋلىنىپ ، ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ يۈكسەك چوققىسىغا كۆتۈرۈلگەن بىر غايىۋى ئادەم . ئۇ «سايىدەك خىياللار» قوزغىغان ئۆتكۈنچى ھەۋەسنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ياتلارغا قىيا بېقىشتىنمۇ نەپرەتلىنىدۇ . زەر لىباسلىق «ئەجنەبىي»گە ھەۋەس بىلەن قاراشنى ئىنسانلىق سۈپىتىنىڭ بەربات بولۇشى ھېسابلايدۇ ، ۋەتىنى ئۈچۈن تەر تۆكۈپ قاپارغان ئالىقانلىرىنى ئۆمۈرلۈك ھايات خاتىرىسى دەپ بىلىدۇ . ئۇ ۋەتىنىنى «كېچىلەر كېلىپ» باسقاندا ، جىسمىنى پىلىك قىلىپ ياندۇرۇپ ، ئۇنى يورۇتۇشنى بەخت ھېسابلايدىغان ، ئېھتىياج تۇغۇلسا ئۇنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى ئاتاشتىن يانمايدىغان ، «يات ئىقلىم» ئىشقىدا ئۆرتىنىپ يۈرگەن ۋەتەنسىز «ساياق»لاردىن بىر ئۆمۈر نەپرەتلىنىدىغان ۋاپادار پەرزەنت . ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ زور بەخت ۋە بايلىق — ئانا ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت بىلەن ئۇنىڭ ۋەسلى سالغان ئىشقىي پىراق :

تاج ، تىللا گۈل قىلىپ ئېگەلمەس مېنى ،
ئۆمرۈمنىڭ ۋەزنى ھەم جۇلاسى سەندە .
قۇللۇقنى سۆكسەممۇ قارغاپ ، قارىلاپ ،
قۇلۇڭمەن ئەبەدىي ، بىر ساڭا بەندە .
تەبەسسۇم تارىتاي يۇلتۇزلارغا مەن ،
يالاڭ گۈل كەبىمەن قىلىمەن خەندە .
نەپىسىم ئايرىلماس ئىپار ھاۋاڭدىن ،
دېمەككى ، تاغدەك زور قۇدرەت بار مەندە .
يۈرىكىم قولۇمدا تۇتىمەن ساڭا ،
ئانا يەر بىر ئېسىل ئالەمسەن ماڭا !

ئاپتور «يۈرىكىمنى تۇتىمەن ساڭا» ناملىق شېئىرىدا غايە ۋە ئەقىدىسى ، ۋىجدان ۋە ئىرادىسى ، ھاياتىي ئىستىقبال ۋە ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى ئانا ۋەتەننىڭ شەرىپى ۋە ئۇلۇغلۇقىغا قوشۇپ ،

مەنىۋى بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر ئادەمنىڭ ئادىي ، لېكىن بۈيۈك ئوبرازىنى يارىتىپ ، مۇشۇ تېمىغا بېغىشلانغان ئىجادىي ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي مەزمۇنىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈردى .

ئون شېئىردىن تۈزۈلگەن «سەپەر كۈيلىرى» سىكلى ئاپتورنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان تۇنجى سەپىرىدىن ئالغان تەسىرات ، چۈشەنچىلىرىنىڭ بەدىئىي يىغىندىسى . ئۇ ئادەم بىلەن تەبىئەت ، تاشقى ئوبيېكتىپ ئالەم بىلەن ئىچكى سۇبيېكتىپ دۇنيا بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن رەڭدار شېئىرىي مەنزىرە . ئۇنىڭدىكى مەنزىرە ، كۆرۈنۈشلەر شۇنچىلىك گۈزەل ۋە نەپىس ، شۇنچىلىك جانلىق ۋە جۇشقۇن بولۇپ ، گويا ھاياتتا ئەسلىدىنلا مۇشۇ ھالەتتە تەبىئىي مەۋجۇتتەك بىلىنىدۇ . زۇمرەت يېشىللىقىغا پۈركەنگەن چەكسىز مېۋىلىك باغلار ، باھار گۈزەللىكى بىلەن جىلۋىلىنىپ ياتقان پايانسىز داللار ، غۇبارسىز سۈزۈك ئاسمان ، كېچە ئاسايىشلىقىنىڭ پەيزىگە چۆمۈلگەن سىرلىق يېزا تۈنى ، كۈندىلىك تۇرمۇش قىزىقى بىلەن جانلانغان قايناق بازار مەنزىرىسى ، گۈزەللىكنىڭ تىرىك ھەيكىلى بولغان لاتاپەتلىك ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرى ، نەۋرە مېھرىگە قانمىغان پەرىشتە سۈپەت ئاق چاچلىق ئانا ، شېئىر ۋە مۇزىكىنىڭ تەبىئىي ماكانىغا ئايلانغان گۈل - چېچەكلىك باغ - ھويلىلار... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى شائىرنى مەھلىيا قىلىدۇ . پاكلىق ۋە گۈزەللىك بىلەن مۇھەببەت ۋە ۋاپاغا تويۇنغان بۇ گۈزەل ، خاسىيەتلىك زېمىن شائىر قەلبىنى شادلىق ۋە ھەيرانلىق تۇيغۇسى بىلەن تولدۇرۇپ ، ئۇنى قايناق ئىلھامنىڭ پايانسىز كۆكىدە پەرۋاز قىلدۇرىدۇ :

قانداق پارلاق تاڭلار ۋە ئاپتاپ ،
قانداق ئوچۇق بىغۇبار ئاسمان .
ئارمانلاردەك يۇلتۇزلار چاقناپ ،
يۇلتۇزلارنى باغرىغا باسقان .



سۆيەر بولساڭ ئانا يۇرتنى سۆي ،
تىكىنىدە تىتىلسۇن يۈرەك .
كۆيەر بولساڭ ئوتلىرىدا كۆي ،
گۈزەل يوقتۇر ئۇنىڭدىن بۆلەك .

«سەپەر كۈيلىرى» ناملىق بۇ سىكىل پاك ۋە قايناق ھېسسىياتتىن تۇغۇلغان ، غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىق كۆكىدە ئۇزۇۋاتقان لەرزان كۈي ، ئانا ۋەتەننىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە مۇقەددەسلىكىدىن كۆتۈرۈلگەن مەڭگۈ ئۆزۈلمەس ھاياتبەخش ناخشا .

ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ئۆزگىچە بىرخىل بەدىئىي ھارارەت بىلەن ئوقۇرمەن قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان «ئۈرۈمچى ، سەن مېنىڭ ئون توققۇز يېشىم» ناملىق شېئىرىنى ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىغا بېغىشلانغان ئەسەرلىرىنىڭ سەرخىلى دېيىشكە بولىدۇ . ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگىنى 1960 - يىللاردا ئۈرۈمچىدە ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن ستۇدېنتنىڭ مۇرەككەپ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسى . ئاپتور شېئىرنى مەزمۇن خاراكتېرىگە قاراپ بىر - بىرىگە تۇپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى بەدىئىي لەۋھەگە بۆلگەن . بىرىنچى بەدىئىي لەۋھە لىرىك پېرسوناژنىڭ ئۈرۈمچىدە ئۆتكەن ئازادە ۋە ئەركىن چاغلىرىنىڭ شاد - خۇراملىقىنى تەسۋىرلەشكە بېغىشلانغان . ئۇنىڭدا لىرىك پېرسوناژ ھەرقانداق ئەندىشە ۋە تەشۋىشتىن خالىي ھالدا ئىستىقبال بويلاپ ئىشەنچ ۋە جىدام بىلەن ئىلگىرىلەپ ، كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنى ياراتقان ئۈمىدۋار ئادەم سۈپىتىدە قەد كۆتۈرىدۇ :

ئالماسنىڭ يۈزىدەك ياندى مۇھەببەت ،
مۇقەددەس بىر ئوتتا تاۋلاندى ھەرئان .
غايىبتىن پۈتۈلدى ماڭا بىر قۇدرەت ،
ئايلاندىم ئۈرۈۋقا — تاش يارغان سەردان .

كۆزدىكى ياپراقتەك تۆكۈلدى ئىللەت ،
قەددىمدىن ، قەلبىمدىن (يا ، شاھمەردان ! )
زورايدى خىسلىتىم ، تاپتىم كۆپ قىممەت ،
چاقنىدى ئۆمرۈمدە ھەر ئۆتكەن جەريان !
سەن بىلەن ئاسمانغا تاقاشقان بېشىم ،
ئۈرۈمچى ، سەن مېنىڭ ئون توققۇز يېشىم .

ھەقىقەتەنمۇ ئانا يەر ئۇنىڭغا تەلەپچان ئۇستاز ، قەدىردان دوست بولۇپ ، ئۇنى ھايات ۋە ئادەملەرنى ھەرقاچان قايناق مۇھەببەت بىلەن سۆيۈشكە ، تۇرمۇش ئەگرى - توقايلىرىدا جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ، ۋىجدان بىلەن ياشاپ ، ۋىجدان بىلەن ئۆلۈشكە ئۆگىتىدۇ . شۇڭا ، ئۇنىڭغا ئامەت ۋە تەلەي بارغانچە كەڭ قۇچاق ئېچىشقا باشلايدۇ . مۆجىزە ، ھېكمەتلەر دائىم ھەمراھ بولۇپ ،ئۈمىد گۈللىرى رەڭگارەڭ چېچەك ئېچىپ ، كۈنلىرى بايرام شادلىقلىرىغا تولىدۇ ، ھېسلىرى ئاتەشكە ، تۇيغۇلىرى چېقىنغا ئايلىنىپ ، ھەسەتخور ، زۇغۇيلارنىڭ ھايات يولىنى كېسىدۇ . روھىدا يېتىلىۋاتقان جاسارەت ۋە پىداكارلىق ئۇنى كۆتۈرۈپ نۇر - زىباغا تەڭلەشتۈرىدۇ . قىسقىسى ، ئۇ ھاياتتا ئۆزى كۈتكەن ھەممە نەرسىگە ئېرىشىپ ، تېخىمۇ يۈكسەك ئارزۇلار كۆكىدە ئەركىن قانات قېقىشقا باشلايدۇ . لېكىن ، رېئال ھايات ئۇنىڭ خىيالىدەك شېرىن ، ئارزۇسىدەك گۈزەل ، نىيەت - ئىقبالىدەك تىنچ ، سىپايە ئەمەس - دە . ئۇنىڭمۇ تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلىدىغان شىددەتلىك دولقۇنلىرى بىلەن ۋەھىمىلىك كەلكۈنلىرى بولىدۇ :

تىل تەگدى ، قارايدى پەلەكنىڭ يۈزى ،
جاھاننى قاپلىدى قۇتراپ تۇمانلار .
ئىگىردى ئۆلكىنىڭ دالا ۋە تۈزى ،
يېپىلدى تۇتەكتەك شۈبھە - تۇمانلار .
گۇمانلار ، گۇمانلار مۇدھىش بىر جاللات ،



يانداشسا كۆرۈنمەس تۆكۈلەر قانلار .
گۇمانلار تۇغدۇ چاياننى ۋايداد ،
مىڭ كىرىپ ، مىڭ چىقتى بۇ شېرىن جانلار .
سەن بىلەن ئاسمانغا تاقاشقان بېشىم ،
ئۈرۈمچى ، سەن مېنىڭ ئون توققۇز يېشىم .

شېئىردىكى لىرىك پېرسوناژ ئەمدى باشقا بىر خىل ھاياتقا ، يەنى ، ھەقىقەت ۋە ئادالەت يىمىرىلىپ ، زۇلۇم ، زورلۇق باش كۆتۈرگەن پاجىئەلىك كۈنلەرگە قەدەم قويىدۇ . ئۇنى ئەمدى بىر توپ قۇزغۇنلار ئارىغا ئېلىپ ، تۈگىمەس سوئال - سوراققا تارتىپ ، روھىي ۋە جىسمانىي تەرەپتىن خورلاپ ، ئۇنىڭ ئادىمىيلىك قىممىتىنى پايخان قىلىدۇ . ئۇنىڭ ئەلەملىك ، ساددا قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان ھەسرەتلىك قان ياشلىرى شىددەتلىك دەرياغا ئايلىنىپ ، رەزىل ، مۇناپىق ئادەملەرنى ۋەھىمە ، ساراسىمىگە سېلىپ ، دەھشەتلىك شارقىرايدۇ .

شېئىردا 1960 - يىللاردىكى ئىككى خىل ھايات كۆرۈنۈشى تەسۋىرلىنىپ ، تىنچ ، ئاسايىشلىق يىللارنىڭ بەختى ۋە خۇشاللىقى بىلەن ئاپەتلىك يىللارنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتى ئوخشاش گەۋدىلەندۈرۈلگەن . ئۇنداقتا ئاپتورغا بۇ ئىككى خىل تارىخىي ھايات لەۋھەسىدىن قايسىسى يېقىن ۋە قىممەتلىك ؟ ئىككىسىلا قىممەتلىك . چۈنكى ، شېئىردا يارىتىلغان بۇ بەدىئىي لەۋھەلەر ئوخشاشلا مۇشۇ ئانا زېمىندا يۈز بەرگەن ، تەكرارلىنىشى مۇمكىن بولمىغان تارىخىي ھايات كارتىنىسىنىڭ ، يەنى ئۇ بېسىپ ئۆتكەن بىر پۈتۈن تارىخىي دەۋرنىڭ ، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى مەڭگۈ خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان بېشى «ئاسمانغا تاقاشقان» ئالاھىدە بىر دەۋرنىڭ بەدىئىي سۈرىتى .

«ئۈرۈمچى ، سەن مېنىڭ ئون توققۇز يېشىم» ناملىق بۇ شېئىرنىڭ بەدىئىي مەزمۇنى ئۈرۈمچىنى سېغىنىش ، ئۇ يەردە بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ۋەقەلەرنى ئاددىي ھالدا ئەسلەپ ئۆتۈش ئەمەس ،

بەلكى ئەينى يىللار تۇرمۇشىنىڭ مەزمۇنى ، ماھىيىتىنىڭ مۇئەييەن لىرىك پېرسوناژنىڭ كونكرېت ھايات بىرلىكىدە قالدۇرغان تەسىرىنى ، ئۇنى روھىي ۋە مەنىۋى تەرەپتىن تاۋلاپ ، ۋىجدان ۋە بۇرچ تۇيغۇسىغا ئىگە ئالىيجاناب ئادەم قىلىپ چىققانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق ئانا يەرنىڭ بۈيۈك ۋە مۇقەددەسلىكىنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت .

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، شائىر ئوسمانجان ساۋۇت يۇقىرىدا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «ئانىجان ، سۈت بەردىڭ ھالال ۋە ئاپئاق» ناملىق شېئىرىدا ھەرقانداق زورلۇق ۋە رەزىللىكنى بېسىپ چۈشۈشكە قادىر بولغان جاسارەتلىك ئادەمنىڭ ئازابلىق ھايات سەرگۈزەشتىسىگە تايىنىپ ۋەتەننىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە مۇقەددەسلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن بولسا ، «دادام قويغان سوئاللار» ناملىق شېئىرىدا ۋەتەن چۈشەنچىسىنى كىشىلىك ئەخلاق نۇقتىسىدىن كونكرېتلاشتۇرۇپ ، ئۇنى تۇرمۇشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ ، بۇ ھاياتبەخش تېمىنى غايىۋى دۇنيادىن رېئال ئىجتىمائىي ھاياتقا قايتۇرۇپ كەلدى . «ئانامسەن ، باغرىمسەن ، تۇغۇلغان يېرىم» ناملىق شېئىرىدا بولسا ھاياتىنىڭ ئەڭ يۇمران ، ئەڭ سەبىي چاغلىرى ئۆتكەن ئانا يېرىنى ئۆزىگە پارلاق بىر دۇنيا بېرىپ ، قەلبىنى ئەڭ گۈزەل ئارزۇلار بىلەن تولدۇرغان مۇقەددەس ۋەتەن دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن .

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى مۇقەددەس تېمىسى . شۇڭا ، بىرمۇنچە شائىرلىرىمىز بۇ تېمىغا ياندىشىپ ئىجادىي ئەسەرلەرنى يارىتىپ ، بۇ تېمىنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنى كېڭەيتتى . لېكىن ، شۇنى ئېيتىپ ئۆتمەي بولمايدۇكى ، بۇ ئاپتورلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى يەنىلا ئەركىن پىكىر ۋە ئىجادىي تەپەككۇرنى بوغىدىغان ئەنئەنىۋى ئىجادىيەت ئادەتلىرى قورشاۋىنى بۇزۇپ چىقالمىدى . ئۇلار بۇرۇنقىدەكلا قېلىپ ۋە رامكىلار دائىرىسىدە پىكىر قىلىپ ، ۋەتەنپەرۋەرلىك



تېمىسىنى قاتمال ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلىرىنى شەرھلەپ چۈشەندۈرىدىغان بىر خىل بەدىئىي ۋاستىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى . ئۇلار ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ رېئال ، كونكرېت مەزمۇنىنى ھايات ئاساسى بولمىغان ئابستراكت چۈشەنچىلەر بىلەن خىرەلەشتۈرۈپ ، رېئاللىق ئورنىغا خىيالنى ، جانلىق ھايات پاكىتلىرى ئورنىغا بىر دەملىك ساددا قىزغىنلىقنى دەسسىتىپ ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئۇلۇغ ، دەبدەبىلىك ئىشلاردىلا ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان بىر خىل مەۋھۇم ئۇقۇم دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويدى . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ بۇ تېمىدىكى ئەسەرلىرى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا مەزمۇن قۇرۇقلۇقى بىلەن پىكىر نامراتلىقى دائىرىسىدە قاپسىلىپ قېلىپ ، ئىجادىي سەنئەتنىڭ ھەقىقىي كەڭ زېمىنى بىلەن ئۇچرىشالمىدى .

شائىر ئوسمانجان ساۋۇت ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىغا بېغىشلانغان ئەسەرلىرىدە شېئىرىيىتىمىزدىكى بۇنداق قاتمال ھالەتكە ئەگەشمەي ، ھەممە نەرسىدە ئۆزىگە خاس ئىجادىي يول تۇتۇپ ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مەزمۇن ماھىيىتىنى رېئال ھاياتقا ، ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممە ماھىيەتلىك تەرەپلىرىگە باغلىدى . ئۇ ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئىنسان ھاياتىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭگەن ، ئۇنىڭ پىكىر ، چۈشەنچىسى بىلەن ھەرىكەت پائالىيىتىگە دائىم تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىغان بىر خىل مۇقەددەس ئېتىقاد دەپ قارىدى . ئۇ ئىنساننىڭ ئەخلاقىي يۈكسەكلىكىنىڭ مەنىۋى يادروسى ئالدى بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك دەپ بىلىپ ،ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى ئابستراكت خىيالىي دۇنيادىن ئەمەس ، بەلكى دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ رېئال ھاياتىدىن ، ئۇلارنىڭ كونكرېت ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلىرىدىن ئىزدىدى . شۇڭا ، ئۇ ئەسەرلىرىنى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مەزمۇنى ، ماھىيىتىنى ھەقىقىي ئىجادىي يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان كەڭ ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە قىلالىدى .

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ، شائىر ئوسمانجان ساۋۇت ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى بىلەن ئىزچىل ۋە ئىجادىي شۇغۇللىنىپ ،

مەزمۇن كەڭلىكى ۋە بەدىئىي رەڭدارلىقى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان بىرمۇنچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ياراتتى. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرىنىڭ غايىۋى پەللىسى يۈكسەك، شېئىرىي مۇھىتى قايناق ۋە جۇشقۇن، تىلى ھەرىكەتلىك سۈرەتتەك جانلىق ۋە ئوبرازلىق، پىكرى ئەقلىي ھېكمەت ۋە ھاياتىي پەلسەپىگە باي بولۇپ، ئوقۇرمەنگە ئۆزگىچە بىر خىل بەدىئىي كۈچ بىلەن تەسىر قىلىدۇ.

بىز بۇ قېتىم ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىغا بېغىشلانغان بىر قىسىم ئەسەرلىرىنىلا مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتۈش بىلەن چەكلەندۇق. بۇنداق قىلغانلىقىمىز ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ باشقا شېئىرلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلغانلىقىمىز ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇلارمۇ ئوخشاشلا يۇقىرى بەدىئىي ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولغان ئىجادىي ئەسەرلەردۇر.

1999 - يىلى 2 - ئاي

2008 - يىلى 12 - ئاي



# بۇ زېمىندا ھەقىقىي ئەدەبىيات يارىتىلماقتا

ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ ھەممە سەممىي ئوقۇرمەنلىرى ئۇنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ ئون يىللىقىدىن چەكسىز سۆيۈنۈش ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئانا مېھرىدەك ئەزىز ۋە سۆيۈملۈك بولغان بۇ سېھرىي ماكاندا ھەقىقىي ئىجادىي سەنئەتنى ياراتتى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ پەخرى ۋە باشلىغۇچىسى بولغان ئوت يۈرەك شائىرىمىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شانلىق ئىجادىي ئەنئەنىسى، ئۇنىڭ يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يارىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى جاپالىق ئىجادىي ئىزدىنىشى بۇ خاسىيەتلىك زېمىندا يېڭى بەدىئىي ھارارەت بىلەن قايتا نۇرلاندى. ھازىر بۇ ئەدەبىيات ئۆزىگە خاس ئىجادىي يول بىلەن بەدىئىي بالاغەتسېرى ئىلگىرىلەپ، ئۆزىنىڭ يېڭىچە بەدىئىي، غايىۋى پەللىسىنى يارىتىپ، مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ قەلبى ۋە ۋۇجۇدىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۇلارنى ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي مۇكەممەللىكنىڭ يېڭى پەللىسىگە يېتەكلىمەكتە.

تۇرپاننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرى ئۈستىدە ئويلانغان چېغىمىزدا كۆپىنچە تۇرپاننىڭ 1970 - يىللاردىكى ئەدەبىيات ئەھۋالى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئۇ چاغلاردا تۇرپاندا ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىگە چۈشكەن ساناقلىق بىرنەچچە ئاپتورلا بار ئىدى. مانا ئارىدىن ئون يىل ئۆتتى. تۇرپاننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنى مىسلىسىز دەرىجىدە كېڭىيىپ، ئۆز رايون ئەدەبىياتى سەۋىيىسى دائىرىسىدىن ھالقىپ، پۈتۈن مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ

ئورتاق سەۋىيىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئۇنلاپ ئىقتىدارلىق ياش ئاپتورلار بارلىققا كەلدى. بۇ يېڭى تەرەققىيات دەۋرىنىڭ روھى ۋە سەلتەنىتى ئىچىدە ئالەمگە كۆز ئاچقان «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا قوشقان زور ئەمەلىي تۆھپىسىدۇر.

* * *

بەدىئىي پروزىنىڭ ھەممە تۈرلىرىدە دېگۈدەك ئۇنۇملۇك ئىشلەپ كېلىۋاتقان مەھسۇلاتلىق يازغۇچى مۇھەممەت شانىيازنىڭ يېقىنقى يىللار ئىچىدىكى ئىجادىي ئەمگىكى ئاساسەن يالقۇنلۇق شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھاياتىي ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ئۈستىدە بەدىئىي ئىزدىنىشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇ بۇ تېمىدا «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر» (رومانىدىن پارچە)، «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەققىدە ھېكايىلەر»، «كەلگۈسىنىڭ شائىرى» ناملىق ئۈچ پارچە زور ھەجىملىك ئەسەر ئېلان قىلىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى بەدىئىي پروزا ژانىرىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باشلىدى. بۇ ئەسەرلەردىن ئۇنىڭ «كەلگۈسىنىڭ شائىرى» ناملىق بەدىئىي خاتىرە شەكلىدە يېزىلغان ئىجادىي ئەمگىكى كۆپرەك دىققەتكە سازاۋەردۇر. ئەسەردە نۇقتىلىق ھالدا شائىرنىڭ بالىلىق يىللىرى تەسۋىرلىنىدۇ. ئاپتور ئابدۇخالىقنىڭ بالىلىق دەۋرىگە ئائىت بىرمۇنچە رېئال، جانلىق تۇرمۇش پاكىتلىرىنى توپلاپ ۋە بەدىئىي تەرەپتىن پىششىقلاپ، شۇنداقلا ئۇنىڭ بالىلىق ئەقلى ۋە چۈشەنچىسىنىڭ بەدىئىي مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولغان بىرمۇنچە يېڭى ھاياتىي كۆرۈنۈشلەرنى ئۆزىنىڭ ئىجادىي تەسەۋۋۇر كۈچىگە تايىنىپ يارىتىپ، ئابدۇخالىق بالىلىقنىڭ خېلى كەڭ ۋە رەڭگارەڭ بولغان ئومۇمىي بەدىئىي كۆرۈنۈشىنى ياراتقان. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇرمەن كۆز ئالدىدا



ئەقىللىق، چېچەن، ھەممە نەرسىنى بىلگۈسى ۋە چۈشەنگۈسى كېلىدىغان ئوماق ۋە سۆيۈملۈك بالىنىڭ يېقىملىق ئوبرازى پەيدا بولىدۇ. بۇ ئوبراز كەلگۈسى شائىرنىڭ بەدىئىي تۇغۇندىسى، ئۇنىڭ ئىدىيە ۋە چۈشەنچىسى بىلەن ئالىيجاناب پەزىلەتلىرىنىڭ ئۇنىڭ سەبىي بالىلىق دەۋرىدىكى كونكرېت ئومۇملىشىشىدۇر.

ئەسەر ئەينى يىللار تۇرمۇشىنىڭ مەزمۇن، ماھىيىتى بىلەن ئابدۇخالىقنىڭ ئەقلىي ۋە ئىدىيىۋى تەربىيىلىنىشىنىڭ ئومۇمىي شارائىتىنى تىپىك ۋە كونكرېت تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىدە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان ئىزچىللىق ۋە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان جانلىق ۋە ئىبرەتلىك ھېكايىلەردىن تۈزۈلگەن. بۇ ھېكايىلەر خېلى قويۇق مىللىي تۇرمۇش پۇرىقى بىلەن روشەن يەرلىك تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئۇلاردا ئەينى يىللاردىكى تۇرپاننىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى، ھەرقايسى قاتلام ۋە تەبىقىلەرنىڭ ئىدىيىۋى-روھىي ھالىتى چىن ۋە رېئال ئەكس ئەتكەن. ئابدۇخالىقنىڭ بالىلىق تۇرمۇش مۇھىتى بىلەن ئۇنىڭ بالىلىق دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىش ئامىللىرى دەل ۋە توغرا گەۋدىلەنگەن. شۇڭا، بۇ ھېكايىلەر ئوقۇرمەننى قىزىقتۇرىدۇ. ئۇنىڭ شائىرغا بولغان مۇھەببەت ۋە سۆيۈنۈش تۇيغۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

ھېلىمنىياز قادىر — بەدىئىي ئەدەبىياتقا بولغان سەمىمىي مۇھەببىتى بىلەن كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۆرمەت ۋە ئېتىبارىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان ئىشچان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىندا ئېلان قىلىنغان «بىر ناخشىنىڭ تارىخى» ناملىق ئەسىرى بىلەن بىزنى تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ يىراق تارىخىي تۇرمۇش مەنزىرىسى ئىچىگە باشلاپ كىردى. ئەسەر لۈكچۈن ۋاڭلىق تۈزۈمى شارائىتىدا ھاياتقا كۆز ئاچقان، تىرىكچىلىك يولى تاپالماي، ئاخىر ئادالەتسىز ھاياتنىڭ ئىسيانكار قۇربانى بولۇپ تۈگىگەن ھازىم بۆرىنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسىنىڭ تەسۋىرى بىلەن باشلىنىدۇ. ھازىم بۆرە ئەسلىدە ئەمگەكچان، ھالال، كىشىنىڭ

ھەق - نېسىۋىسىگە كۆز سالمايدىغان بىر ئاق كۆڭۈل يىللىقچى. ئۇ مەھەللىدىكى سالتاڭبايىنىڭ ئالتە كۇرلۇك يېرىنى ئورتاققا ئېلىپ تېرىپ، ئائىلىسىنى باقىدۇ. لېكىن، كېيىنچە بالىلىرى كۆپىيىپ، ئۇنىڭ كۈن كەچۈرۈشى تەسكە چۈشىدۇ. يوقسۇللۇق ۋە موھتاجلىقنىڭ خورلۇقى ئۇنىڭ ئازابلىق قەلبىنى تېخىمۇ شەپقەتسىز مۇجۇشقا باشلايدۇ. نېمە قىلىش كېرەك؟ يەنىلا شەپقەتلىك ئاللادىن مەدەت تىلەش كېرەك. ھازىم مەھەللە ئىمامىنىڭ مەسلىھىتىگە كۆنۈپ، مەسچىت قوۋمىغا قوشۇلۇپ، خۇداغا تائەت - ئىبادەت قىلىپ نارەسىدە بالىلىرىنىڭ رىزقى - نېسىۋىسىنى تىلەيدۇ. لېكىن، خۇدامۇ ئۇنىڭغا شەپقەت قىلمايدۇ.

ئۇنداق بولسا تەقدىرنىڭ ھېكمىتى بىلەن ئالىي نەسەب بولۇپ تۇغۇلۇپ، ھازىمدەك مۆمىن بەندىلەرنى باشقۇرۇش شەرىپىگە ئىگە بولغان ۋاڭ - گوڭلارچۇ؟ ھازىم ھەممە ئۈمىدىنى ئۆزى رەھىمدىل ۋە ساخاۋەتلىك بىلگەن ۋاڭنىڭ ھىممىتىگە باغلاپ، ئوردىغا شەپقەت تىلەپ بارىدۇ. لېكىن، ۋاڭ ئۇنىڭ بۇنداق ساددا پۇقرالىق ئىشەنچ ۋە ئىلتىجاسىنى ئۇلۇغلارغا قىلىنغان ھاقارەت دەپ ھېسابلاپ، ئۇنى ھالىدىن كەتكۈچە ساۋاپ، ئوردىدىن قوغلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ دۇنيادا يوقسۇللار ئۈچۈن ھېچقانداق نىجات يولى يوق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن ھازىم باشقىچە يول تۇتۇش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇ ئۆزىگە ئوخشاشلا كۈچتۈڭگۈر بولۇپ ئۆسۈۋاتقان بالىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بايلارنىڭ ھارامدىن توپلىغان مال - دۇنيالىرىنى بۇلاپ - تالاشقا كىرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تەقدىرنىڭ ھەرقانداق قىسمىتىگە رايىشلىق بىلەن بويسۇنۇپ كەلگەن بۇ ساددا، مۆمىن دېھقان ئادالەتسىز زامان ۋە ئۇنىڭ ھامىيلىرىدىن ئۆچ ئالغۇچى شەپقەتسىز ئىسيانچىغا ئايلىنىدۇ. بۇ ھازىم خاراكتېرىدىكى، ئۇنىڭ مەنىۋى - روھىي دۇنياسىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىش، ئۇنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىش ئېڭىدىكى ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەش بولۇپ، بۇ نەرسە ئەسەردىكى ھەممە زىددىيەت ۋە



تۇقۇنۇشلارنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە كەسكىنلىشىشىنىڭ بەدىئىي مەنتىقىي ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەسەر ۋەقەلىكى بىلەن پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ئېچىلىشى تېخىمۇ جىددىي، تېخىمۇ كەسكىن تۈس ئېلىشقا باشلايدۇ. بۇرۇنقى تۇرمۇش تەڭسىزلىكى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان ئادەتتىكى ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىشىش ھەرىكىتىنىڭ ئورنىنى بىر - بىرىنى يوقىتىش ۋە ھالاك قىلىشنى مەقسەت قىلىدىغان شەپقەتسىز كۈرەش ۋە ئېلىشىش ئىگىلەيدۇ. ئۇزۇن داۋام قىلغان بۇ ئېلىشىشتا ئاخىر ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى غالىب كېلىپ، ھازىم ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى شەپقەتسىز باستۇرۇپ تۈگىتىدۇ. لېكىن، ئۇلار ھازىم ياققان زۇلۇمغا قارشى ئىسيان ئوتىنى ئۆچۈرەلمەيدۇ. ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ھازىمنىڭ ئاسرانىدىلىقتا چوڭ بولغان جەسۇر ۋە قورقماس نەۋرىسى ئارۇپ بوۋىسى ياققان قىساس مەشئىلىنى قايتا ياندۇرۇپ، رەقىبلىرىدىن ئۆمۈرلۈك ئۆچ ئېلىپ باتۇرلارچە قۇربان بولىدۇ. ئۇ ئائىلىسىنىڭ ئەسىرلىك ھاياتىي سەرگۈزەشتىسى بىلەن جەڭگىۋار كۈرەش تارىخىنىڭ بەدىئىي يادنامىسى بولغان «باللىرا كىچىك» (بالىلار كىچىك) ناخشىسىنى ئېيتىپ دار ئالدىغا كېلىدۇ.

ئاپتور ئەسىرىنى «بىر ناخشىنىڭ تارىخى» دەپ ئاتىغان. لېكىن، ئۇنىڭ ئىجادىي مەقسىتى تۇرپان دېھقانلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «باللىرا كىچىك» ناخشىسىنىڭ ئەسىرلىك ئۆتمۈشىنى بايان قىلىپ بېرىش ئەمەس، بەلكى شۇ ناخشىنىڭ تارىخىي زېمىنىدا تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىش، ئۇلارنىڭ ئازادلىق ۋە ئەركىنلىك يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىش، خەلقنىڭ غايە ۋە ئىرادىسىنىڭ ھەرقاچان ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەسلىكىنى تىپىك ۋە كونكرېت ۋەقەلىكلەرنىڭ بەدىئىي تەسۋىرى ئارقىلىق جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ

بېرىشتىن ئىبارەت .

مېنىڭچە ، ئاپتور ئەسىرىدە بۇ بەدىئىي مەقسەتنى قانائەتلىنەرلىك دەرىجىدە ئىشقا ئاشۇرغان . هازىر ئائىلىسىنىڭ قىساسكار ئەۋلادىنىڭ بەدىئىي مۇنارىنى تىكلەپ ، ھەقىقەت ۋە ئادالەت ئۈچۈن كۆرەش قىلغان ئاددىي ئادەملەرنىڭمۇ خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدىغانلىقىنى بەدىئىي تەرەپتىن دەلىللەپ بەرگەن .

بىز ئۆتكەندە «تۇرپان» ژۇرنىلى سەھىپىلىرىدىن ئاپتورنىڭ مۇھەببەت ۋە ۋاپا كۈچى بىلەن ھەممىنى بېسىپ چۈشۈشكە قادىر بولغان ئىسيانكار ئايال ئوبرازى يارىتىلغان «ئانارخان پاجىئەسى» ناملىق ئەسىرى بىلەن ۋاقىلار سەلتەنىتى مۇھىتى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ ئاددىي بىر دېھقان يىگىتكە مۇھەببەت قويغان پاك ۋە ئالىيجاناب بىر قىزنىڭ ئېچىنىشلىق ئىشق تراگېدىيىسى يورۇتۇپ بېرىلگەن «ئەلۋىدا ، ئايجامال» ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇغاندۇق . بۇ قېتىم ئۇ بىزنى «بىر ناخشىنىڭ تارىخى» ناملىق ئەسىرى بىلەن تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ ۋاقىلىق تۈزۈمى شارائىتى ئاستىدىكى ئۆزگىچە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ قىزىقارلىق تارىخىي مەنزىرىسى بىلەن ئۇچراشتۇردى . ئاپتورنىڭ بۇ ئۈچ ئەسىرىدە ئېرىشكەن دەسلەپكى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى بىزگە شۇنى ئەمەلىي ھېس قىلدۇردىكى ، ئاپتور ئۆز يۇرتىنىڭ تارىخىي تۇرمۇشىنى يورۇتۇشتا يېتەرلىك تارىخىي ، بەدىئىي ئاساسقا ئىگە بولغان .

دەسلەپكى ئەسەرلىرى بىلەنلا ئەدەبىي تەنقىد ساھەسىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان ئىقتىدارلىق ياش يازغۇچى ياسىن نىياز «بىرىنچى مۇھەببەت» پوۋېستى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىنسان خاراكتېرى ئۈستىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك بەدىئىي ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى . ئۇ ئۆز ئوقۇرمەنلىرىنى دەۋرىمىز ستۇدېنتلىرىنىڭ قىزىق ۋە مۇرەككەپ تۇرمۇش كۆرەشلىرى ئىچىگە باشلاپ كىرىپ ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا يېڭى بىر بەدىئىي مەنزىرە ئاچتى . پوۋېست ئاق كۆڭۈل ، ساددا ، پەزىلەتلىك «مەن» بىلەن



گۈزەل ۋە ئۇز سۆزلۈك قىز گۈلبوستان ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت مۇناسىۋىتىدىن باشلىنىدۇ . «مەن» قىزنىڭ چۈشىنىشى ۋە ئىنشەنچىسىگە ئېرىشەلمەي ئۇزاققىچە ئازاب چېكىدۇ . ئاخىر ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش ئۇلارنى يېقىنلاشتۇرۇپ ، ئارىلىرىدا سەمىمىي مۇھەببەت پەيدا بولىدۇ . ئۇلار كۆڭۈللىرىنى ئىشق ۋە بەخت تۇيغۇلىرىغا چۆمگەن ھالدا خۇشال - خۇراملىق بىلەن ئۆتكۈزۈشكە باشلايدۇ . ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە «مەن» يېزا يىگىتى سۇلتاننىڭ گۈلبوستانغا يازغان مۇھەببەت خېتىنى كۆرۈپ قالىدۇ . خەت ئۇنىڭدا ئۆزگىمۇ ، گۈلبوستانغىمۇ بىرخىل نەپرەت ۋە يىرگىنىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ . ئۇ ئۆزىنى باشقا بىرىنىڭ ساپ مۇھەببىتىنىڭ دۈشمىنى ، ئۇنىڭ دەرد - ئەلىمىنىڭ سەۋەبچىسى ھېسابلىسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۆزى بارلىقى بىلەن سۆيۈپ ئەقىدە قىلغان گۈلبوستان ئۇنىڭ نەزىرىدە ۋاپاسىز ۋە ھىيلىگەر بىر قىزغا ئايلىنىدۇ . «مەن»دە پەيدا بولغان بۇ يېڭى ئۆزگىرىش ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت رىشتىسىنى ئۈزۈپ ئۇلارنى ھاياتنىڭ يېڭى پاجىئەلىك قاينىمىغا تاشلايدۇ . ئازابتىن قەلبى مۇجۇلغان «مەن» ھەممە ئىشق ئارزۇلىرىدىن كېچىپ ، ئۆزىنىڭ ئەلەملىك قەلبىگە داۋا ۋە تەسەللى تاپماقچى بولىدۇ . گۈلبوستانچۇ ؟ ھايات ۋە مۇھەببەتتىن پۈتۈن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ، ئادەملەرگە بولغان ھەممە ھۆرمەت ۋە ئىشەنچ تۇيغۇلىرىدىن نەپرەتلەنگەن بۇ قىز ئۆزىنى بەزلەش ۋە «مەن»دىن قىساس ئېلىش مەقسىتىدە شاللاق ۋە ۋاپاسىز يىگىت پەررۇخ بىلەن تېپىشىپ كۆڭۈللىرىنى ئىشقىي لەززەت بىلەن ئۆتكۈزۈشكە باشلايدۇ . بۇ چاغدا پوۋېستتىكى بارلىق زىددىيەت ۋە قارىمۇقارشىلىقلار ، توقۇنۇش ۋە مەنىۋى ئېلىشىشلار ، پېرسوناژلار خاراكتېرىدە يۈز بېرىۋاتقان يوشۇرۇن ، لېكىن شىددەتلىك ئىچكى ئۆزگىرىشلەر ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ . ئوقۇرمەن كۆز ئالدىدا «مەن» بىلەن گۈلبوستاننىڭ مەنىۋى پاكلىقى بىلەن ئەخلاقىي يۈكسەكلىكىنىڭ ناھايىتى

مۇرەككەپ ۋە جىددىي بەدىئىي سىلىشتۇرمىسى پەيدا بولىدۇ . ۋۇجۇدىدا مۇھەببەت ۋە ئىشەنچتىن باشقا ھېچنېمە بولمىغان ، بارلىقىنى پاك ۋە ئالىيجاناب مۇھەببەتكە بېغىشلىغان بۇ ئادەملەرنى بۇنچىلىك ئېغىر ئازاب قايىنىمىغا تاشلىغان قاباھەتلىك كۈچ زادى نېمە؟ ئۇلار نېمىشقا بۇنداق دەرد ـ ھەسرەتكە قېلىشى كېرەك؟ بۇ سىرلىق سوئاللار ئوقۇرمەننى تىنىمسىز قىينايدۇ . لېكىن ، بۇ سوئاللارغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تاپالمايدۇ . پەقەت پوۋېستنىڭ ئازاب ، ئېچىنىش ، ئەپسۇس ۋە نادامەت تۇيغۇلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان بەدىئىي يېشىمىدىلا ئوقۇرمەنگە ھەممە نەرسە ئايان بولىدۇ . ئۇلارنى ھېچكىم بۇنداق ئۆمۈرلۈك ھەسرەتكە قالدۇرغىنى يوق . بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ھايات يولى ، ئۇلارنىڭ مۇرەككەپ ۋە چۈشىنىش تەس بولغان مۇھەببەت ۋە تۇرمۇش قارىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان . بەختسىز ، لېكىن ئىرادىلىك قىز گۈلبوستاننىڭ پوۋېستنىڭ بەدىئىي يېشىمى ئورنىدا بېرىلگەن ھېلىقى خېتىدە ئېيتىلغىنىدەك «مەن»نىڭ «پاك ، لېكىن ساددىلىقى» ، ئۇنىڭ «سۆيگۈ ھېسسىياتىغا باي» ، لېكىن «يۈرەكسىزلىكى» كەلتۈرۈپ چىقارغان . تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق ، ئۆزىنىڭ ، پاك ، سەمىمىيلىكى بىلەن ئوقۇرمەننى تەسىرلەندۈرىدىغان بۇ ۋاپادار يىگىتنىڭ ئىنسان خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپلىكى بىلەن كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ سىرلىقلىقىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتمىگەنلىكى ، ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي قاراشلىرىنىڭ تېخى مەنىۋى مۇكەممەللىك بىلەن ھاياتىي ئاڭلىقلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ كېتەلمىگەنلىكى سەۋەب بولغان . ئۇنداق بولسا بۇ ئىككى دەردمەن ئاشىقنىڭ قايسىبىرى ھۆرمەتكە كۆپرەك سازاۋەر؟ ئۇلارنىڭ قايسىبىرى ئوقۇرمەن ئۈچۈن كۆپرەك يېقىن ۋە سۆيۈملۈك؟ ئەلۋەتتە ، گۈلبوستان . گەرچە ئۇ تۇرمۇش يولىدا بىرمۇنچە خاتالارغا يول قويغان ، قەلبى بەختسىز مۇھەببەتتىن ئۆمۈرلۈك يارىلانغان بولسىمۇ ، ئۇ يەنىلا پاك ۋە ئالىيجاناب بىر قىز . ئۇنىڭ ۋۇجۇدى مۇھەببەت ۋە ۋاپا ، ئىرادە



ۋە ئىشەنچ كۈچىگە تولۇق . ئۇ ئۆز ھايات قىسمىتىنى ئۆزگەرتىش ، ئۆزىنىڭ بەخت ـ سائادەتلىك يېڭى تۇرمۇشىنى يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە . ئەمدى ھېلىقى يىگىتچۇ؟ ئۇ قاچانكى ئۆزىنىڭ ئىرادە ۋە تەقدىرىنى ئاڭلىق ھالدا ئۆز قولىغا ئېلىپ ، ئۆزىنىڭ يېڭى مەنىۋى دۇنياسىنى يارىتىپ ، ھەقىقىي ئەركىن ئادەمگە ئايلانمىغۇچە بۇنداق ھاياتىي ئىرادە ۋە ئىقتىداردىن مەھرۇم . پوۋېستنىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى مانا مۇشۇنداق يېڭى ھاياتىي ھېكمەتنى خاراكتېر يېقىدىن بىر ـ بىرىگە تۇپتىن ئوخشىمايدىغان ئىندىۋىدۇئال بەدىئىي ئوبرازلار ۋاسىتىسى بىلەن جانلىق ۋە كونكرېت ئېچىپ بەرگەنلىكىدەدۇر .

پوۋېستنىڭ قۇرۇلمىسى مۇكەممەل ۋە ھەرىكەتچان ، تەسۋىر ۋە بايانلىرى ئىنچىكە ۋە يىغىنچاق ، بەدىئىي ئىپادە قىلىش ۋاسىتىلىرى يېڭى ۋە ئۆزگىرىشچان ، تىلى روشەن ۋە ئوبرازلىق بولۇپ ، قويۇق ھېسسىيات ۋە چوڭقۇر ئىچكى مەزمۇن بىلەن جانلىنىپ تۇرىدۇ . شۇنى ئېيتىپ ئۆتمەي بولمايدۇكى ، بۇ پوۋېست تۇرپاننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بەيگىسىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ ، پروزا ئىجادىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە مۇئەييەن ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ .

ئەدەبىي ئاخبارات بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ رېئال ئادەملەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى ، ئىدىيىۋى كەيپىياتىنى ، جەمئىيەتىمىز كىشىلىرىنىڭ يېڭىچە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى بەدىئىي شەكىلدە تېز ۋە ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەرىكەتچان شەكلى . تۇرپان رايونىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە بۇ ھاياتبەخش شەكىل ئۆزۈنىچە ئۆزىنىڭ مۇئەييەن ئورنىنى تاپالماي كەلدى . يېقىنقى يىللار ئىچىدە «تۇرپان» ژۇرنىلى بىرنەچچە پارچە يارامىلىق ئاخبارات ئەدەبىياتى ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ ، بۇ بوشلۇقنى دەسلەپكى قەدەمدە تولدۇردى . ئەركىن كېرىمنىڭ دەۋرىمىز

ياشلىرىنىڭ هازىرقى رېئال ئىدىيىۋى هالىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «كوچىدىكى سەرسان خىياللار» ناملىق ئەسىرى بىلەن ئابدىسىم ئىسمائىلنىڭ ئاددىي ئەمگەكچى ئادەمنىڭ باي ۋە گۈزەل مەنىۋى دۇنياسى ئېچىپ بېرىلگەن «پەزىلەت نۇرلىرىنى چاقناتقان ئادەم» ناملىق ئەسىرى ئەنە شۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر.

ئەركىن كېرىمنىڭ «كوچىدىكى سەرسان خىياللار» ناملىق ئەسىرىدە دەۋرىمىز ياشلىرىنىڭ هازىرقى مەنىۋى قىياپىتى بىلەن ئۇلارنىڭ غايە ۋە ئىستەكلىرى بەدىئىي يول بىلەن مۇهاكىمە قىلىنىدۇ. ئاپتور كىشى قەلبىنى ئېزىدىغان بىرنەچچە سەلبىي پاكىتلارنى تەسۋىرلەپ، ياشلىق باهارىنى مەنىسىز، ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن بىكار ئۆتكۈزۈۋاتقان بىر قىسىم ياشلارغا بولغان ئېچىنىش ۋە ئازابلىنىش تۇيغۇسىنى ئەكس ئەتتۈرسە، دەۋر ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل ۋە ۋىجدانىغا تايىنىپ، ئۆزىنىڭ پارلاق كەلگۈسىنى يارىتىۋاتقان شىجائەتلىك ياشلارغا بولغان قايىللىق ۋە ئىپتىخارلىق هېسسىياتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئاپتور ئەسىرىدە ئوبرازلىق ۋە هېسسىياتلىق بەدىئىي تىل، جانلىق ۋە ئىنچىكە بەدىئىي تەسۋىر ۋاسىتىسى بىلەن ياشلار هاياتىنىڭ هەرقايسى ماهىيەتلىك تەرەپلىرىنى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئىجادىي ۋە سەلبىي پاكىتلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنى بەدىئىي مۇهاكىمە ۋە پەلسەپىۋى هېكمەتلەر بىلەن بېيىتىپ، دەۋرىمىز ياشلىرىنى هاياتنى قەدىرلەيدىغان، ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي بۇرچىنى تونۇپ يەتكەن غايىلىك ۋە ئىرادىلىك كىشىلەردىن بولۇپ چىقىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

يۇقىرىدا تۇرپان رايونىنىڭ پروزا ئىجادىيىتىدە مۇئەييەن ئورۇن تۇتىدىغان بىر قىسىم ئەسەرلەر ئۈستىدە توختىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ بۇ ئەسەرلەرگە بولغان ئىجادىي قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇم. مېنىڭ مۇنداق قىلغانلىقىم ئۇ ئەسەرلەرنى هەرقانداق كەمچىلىكتىن خالىي بولغان مۇكەممەل



ئىجادىي بەدىئىي ئەسەرلەر دەپ قارىغانلىقىم ئەمەس، ئەلۋەتتە. هەقىقەتەنمۇ ئۇلاردا ئېيتىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان بەزى يېتەرسىزلىكلەر بار. ئالايلۇق، هېلىمنىياز قادىرنىڭ «بىر ناخشىنىڭ تارىخى» ئەسىرىدە، بايان ۋە تەسۋىرلەردە جانلىقلىق ۋە رەڭدارلىق ئاجىز، بەدىئىي پۇراق دېگەندەك قويۇق ئەمەس، پېرسوناژلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ئۆزىگە خاس روشەنلىكتە ئېچىپ بېرىدىغان بەدىئىي پىسخىك تەسۋىر ئالامەتلىرى يوق دېيەرلىك. مۇهەممەت شانىيازنىڭ «كەلگۈسىنىڭ شائىرى» ئەسىرىدە بەدىئىي ئىخچاملىققا يېتەرلىك ئەهمىيەت بېرىلمىگەن. بەزى هېكايىلەر ئارتۇقچە ئۇزىراپ كەتكەن. ياسىن نىيازنىڭ «بىرىنچى مۇهەببەت» پوۋېستىدا پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى، مەنىۋى - هېسسىي پائالىيەتلىرى ئۇلارنىڭ تاشقى هەرىكەتلىرى، كونكرېت ئىش - پائالىيەتلىرى بىلەن مۇناسىپ بىرلىكتە تەسۋىرلەنمىگەن. ئەركىن كېرىمنىڭ «كوچىدىكى سەرسان خىياللار» ئەسىرىدە ئوقۇرمەن ئەقلىنى يېڭى هاياتىي هېكمەتلەر بىلەن بېيىتىدىغان چوڭقۇر بەدىئىي - پەلسەپىۋى مۇهاكىمىلەر يېتىشمەيدۇ. لېكىن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ ئەسەرلەرنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن بىر قاتار ئالاهىدىلىكلىرى، ئوقۇرمەننى سۆيۈندۈرىدىغان يېڭى ئىجادىي پەزىلەتلىرى بىلەن تۇرپاننىڭ پروزا ئىجادىيىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن نەتىجىلىرى دېمەي بولمايدۇ.

* * *

شېئىرىيەت تۇرپان رايونىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە بىرقەدەر راۋاجلانغان ژانىر. هازىر بۇ ساهەدە جامائەتچىلىككە بۇرۇندىن تونۇش بولغان هوسۇللۇق شائىرلاردىن رىشىت مەخسۇت، ئابابەكرى ئەمەتلەردىن باشقا، يەنە شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ هەرقايسى تۈرلىرى بويىچە مەخسۇسلىشىش يولىغا قاراپ ماڭغان بىرمۇنچە

ئىقتىدارلىق ياش شائىرلار بارلىققا كەلدى.

تالانتلىق ياش شائىر مۇھەممەت خېۋىر ئۆزىنىڭ پىكىر ۋە تۇيغۇغا باي بىر قىسىم شېئىرلىرى بىلەن «تۇرپان» ژۇرنىلى سەھىپىسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مىللىي شېئىرىيەت ئىجادىيىتى سېپىدىمۇ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىز قالدۇردى. ئاپتورنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيەت تېماتىكىسى ناھايىتى كەڭ ۋە خىلمۇخىلدۇر. ئۇنىڭدا جەمئىيەت ۋە تەبىئەتكە، ھايات ۋە كىشىلەر مۇناسىۋىتىگە باغلىق بولغان زۆرۈر نەرسىلەر دېگۈدەك تېپىلىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسىي تېماتىك مەزمۇنى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ مەنىۋىيىتى ئۈستىدىكى لىرىك ئىزدىنىشتۇر. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا جەمئىيەت ۋە تەبىئەتنىڭ قايسى ساھەسى تەسۋىرلەنسۇن، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنىڭ قانداق بىر كۆرۈنۈشى قەلەمگە ئېلىنسۇن، ئۇلاردا ھەرقانداق بىر شېئىرىي پىكىر ئىلگىرى سۈرۈلسۇن، مەزمۇن يېقىدىن ئوخشاشلا يۇقىرىقى ئومۇمىي روھقا يىغىلىدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ ئومۇمىي مەزمۇن ئاپتورنىڭ ھەربىر شېئىرىدا ئۇنىڭ سۇبيېكتىپىغا، ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى ئەڭ نازۇك، ئەڭ ئىنچىكە ئىنسانىي تۇيغۇلىرىغا سىڭىشكەن لىرىك ھېكمەتلەر تەسۋىرى ئارقىلىق روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلىدۇ. مانا ئۇنىڭ ئەخلاقىي مۇكەممەللىك بىلەن ئىنسانىي كامىللىق مەدھىيىلەنگەن «ئالدانماس سوئاللار» ناملىق شېئىرى. شېئىر غايىۋى قۇدرەت بىلەن سېھرىي ھېكمەت سىمۋولى بولغان مۇقەددەس خىزىرنىڭ ئاپتور بىلەن قىلغان شېئىرىي سۆھبىتى تەرىقىسىدە داۋام قىلىدۇ:

بىر كۈنى سوراپ قالدى خىزىر مەندىن،
«ئېيتقىنا ياخشىمۇ سەن، يامان بەندە؟
رازىمۇ دەسسەپ تۇرغان يېرىڭ سەندىن،
ئامانەت جېنىڭ تۇرغان چاغدا تەندە؟



شېئىردىكى خىزىر — شائىرنى ئانا باغرىدەك ئىسسىق قۇچىقىدا پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن مۇقەددەس خەلق ۋە ئۇنىڭ ئىرادىسى. شۇڭا، ئۇنىڭ سوئاللىرى چوڭقۇر ۋە ھېكمەتلىك، جىددىي ۋە كەسكىن. ئۇ شائىردىن «سەن تىرىكلىكىڭدە ۋەتىنىڭ رازى بولغۇدەك ئادەم بولالىدىڭمۇ؟» دەپ سوراۋاتىدۇ. بۇ قارىماققا ئاددىي بىر سوئال. لېكىن، بۇ سوئالنىڭ جاۋابى، ئۇنىڭ ئوقۇرمەنگە ھازىرچە سىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان غايىۋى مەزمۇنى شۇنچىلىك ئېغىر ۋە سالماقلىق. مانا ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ھەقىقىي ئادەمنىڭ مەنىۋى پەزىلەتلىرى:

ياخشىلار يوللىرىڭدا ئەلۋەك ئىدى،
سىغدىمۇ كۈن سۈپەتلەر كۆزلىرىڭگە.
بۇلاقلار بۇلدۇقلىشى ئۆرنەك ئىدى،
سۈزۈكلۈك سىڭىشتىمۇ سۆزلىرىڭگە.
چوققىلار بۇلۇتقىلا ساھىبخانمۇ،
قەدىمىڭ تەگدىمۇ يان، قاپتاللارغا؟
كۈچەتلەر ئۈمىدىڭنى ئاۋۇتقانمۇ؟
ئۆتتۈڭمۇ خېرىدار بوپ باققانلارغا؟
مەھبۇبەڭ ساڭا سادىق سايەڭ كەبى،
مەھبۇبنى يوقاتتىڭمۇ سايىلەردە؟
ۋاپانى ساقلىدىڭمۇ پاكىز - سەبى،
قالدىڭمۇ پىنھان، پىنھان غايىلەردە.

بۇ مىسرالاردا ئەكس ئەتكەن ھاياتىي مەزمۇنلار بىلەن ئادىمىيلىك سۈپەتلىرى ھەقىقەتەن بەكمۇ ئادەتتىكىچە بىلىنىدۇ. لېكىن، سىز ئۇلارنىڭ ۋەزىن - سالمىقىنى ۋىجدانەن ھېس قىلىسىڭىز، ئۇ چاغدا سىزنى قانداقتۇر بىر غايىبانە بۇرچ

سەزگۈسىنىڭ ئۇلۇغ كۆچى كېلىپ باسىدۇ. شۇ چاغدىلا سىز بۇ مىسرالاردا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئەخلاقىي، مەنىۋى تەلەپلەرنىڭ ئۇنچىلىك ئاددىي ئەمەسلىكىنى، ھاياتتا ھەرقاچان ئەقىل ۋە ۋىجدان بىلەن ياشاپ مۇناسىپ ئىز قالدۇرۇشنىڭ تۇرمۇشتىكى ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولىۋەرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىسىز. ئويلاپ كۆرۈڭ، ئادەملەرنى سۆيۈش، ياخشىلارنى قەدىرلەش، پاك ئەقىل، راست سۆزلۈك بولۇش، تەمەخور، خۇشامەتچى بولماسلىق، مۇھەببەت ۋە دوستلۇقتا سادىق بولۇش، غايە ۋە ئەقىدىنى پاك ساقلاش دېگەنلەر چىن مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا ئەخلاقىي پاكلىق بىلەن مەنىۋى مۇكەممەللىكنىڭ تۈپ ئالامەتلىرى ئەمەسمۇ؟ ئۇنداق ئىكەن، بۇ سۈپەتلەرگە پەقەت ئۆزىنىڭ ئىنسانىي بۇرچى بىلەن تىرىكلىك قىممىتىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكەن كامىل ئىنسانلارلا ئېرىشەلەيدۇ. ھاياتنىڭ مەنىسىنى ئۆز نەپسانىيىتىدە ھېس قىلىدىغان دىيانەتسىز كىشىلەر بولسا ئادىمىيلىكنىڭ بۇنداق نۇرانە پەللىسىگە يېقىنمۇ كېلەلمەيدۇ. ئاپتورنىڭ تۆۋەندىكى قۇرلاردا تەسۋىرلىگەن لىرىك پېرسوناژى ئەنە شۇنداق يارامسىز ئادەملەرنىڭ تىپى:

مەندە يوق سۈپەتلەرگە باي بىر دۇنيا،
يوق شۇڭا ياخشىلارنى كۆرەر كۆزۈم.
تېمىم سۇ قوشالمىدى مەندىن دەريا،
لايىقلار ساقتىمىسى لايىقا سۆزۈم.
ئەزەلدىن كارۋان ماڭا ئۇلپەت ئەمەس،
ھويلامدىن ھالقىمىدى يالقاۋ ئاياق.
تەخسىدە كەلدى ھامان نېسىۋەم بەس،
نە كۆچەت، تىكەلمىدىم بىر تال تاياق.
نىگاھتىن كۆچۈپ يۇردۇم نىگاھلارغا،
نەزىرىم ئۈزۈلمىدى بۇلۇڭلاردىن.



تاش ئاتتىم ياندۇرۇپلا ئاگاھلارغا،
مېڭىڭلار دېدىم قالماي يولۇڭلاردىن.

مانا قاراڭ، ئاپتورنىڭ لىرىك پېرسوناژى ئادىمىيلىكنىڭ ھەرقانداق سۈپىتىدىن خالىي بولغان مۇشۇنداق بىر بىچارە شەخس. ئۇ تېخى چىن مەنىسى بىلەن ھەقىقىي ئادەم ئەمەس. ئۇ خۇددى ئاپتورنىڭ يازغىنىدەك «ئۆلۈكمۇ ئەمەس، تىرىكمۇ ئەمەس» بىر غەلىتە مەخلۇق. ئۇنىڭدا ھاياتقا زىننەت، ئەقىلگە رىغبەت بولىدىغان ئالىيجاناب ئىنساننىڭ ھېچقانداق مەنىۋى سۈپەتلىرى تېپىلمايدۇ. ئۇنىڭ قەلبى ھاياتقا يۈك، ئەقىلگە كىر بولۇپ قونىدىغان زەئىپ ۋە بىچارە ئادەملەرنىڭ مەنىۋى خۇنۈكلۈكلىرى بىلەن تولغان. ئۇ ئاپتورنىڭ شېئىرىنىڭ دەسلەپكى مىسرالىرىدا ئىلگىرى سۈرگەن ئادىمىيلىك سۈپەتلىرى بىلەن ئەخلاقىي مۇكەممەللىك ئالامەتلىرىگە نىسبەتەن بىر سەلبىي سېلىشتۇرما. ھاياتىمىزدىكى ۋۇجۇدىدا ھەممە غەيرىي ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ يىغىندىسى مۇجەسسەم بولغان يارىماس ئادەملەرگە نىسبەتەن ئاچچىق بەدىئىي كىنايە. ئاپتورنىڭ پىكرىچە، ھايات بۇنداق ئادەملەردىن قانچە تېز پاكلانسا، ۋەتەن ۋە خەلقنى رازى قىلىشقا قادىر بولغان، ئەقىل ۋە ۋىجدان بىلەن ياشاشقا ئادالەتلەنگەن ئالىيجاناب ئادەملەر شۇنچە تېز كۆپىيىدۇ. مانا بۇ ئاپتورنىڭ «ئالدانماس سوئاللار» شېئىرىدا ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان بەدىئىي - غايىۋى مەقسىتى.

شائىرنىڭ دوستلۇق ۋە ۋاپادارلىق تۇيغۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «دوستۇمغا» ناملىق شېئىرىمۇ ئۆزىنىڭ بىرقاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئوقۇرمەننىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. شېئىردا ناھايىتى كۆپ ئاپتورلار تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان بۇ ئەنئەنىۋى تېما يېڭى مەزمۇن، يېڭى مەنە تاپىدۇ. ئاپتور شېئىردا دوستلۇق ۋە ۋاپادارلىقنى ئادەتتىكى تۇرمۇش چۈشەنچىلىرى بىلەن كۈندىلىك مۇناسىۋەتلەر دائىرىسىدىن چىقىرىپ، ئۇنى يۈكسەك ھاياتىي

مەنىلەر ئۇپۇقىغا كۆتۈرىدۇ . ئۇ ۋۇجۇدىدىكى ھەممە ئەقىل - پاراسەت نۇرلىرى بىلەن ۋىجدان ۋە ئەقىدە پاكلىقىنى ، بەخت ۋە خۇشاللىق تۇيغۇسى بىلەن غايە ۋە ئېتىقاد قۇدرىتىنى ئىنسانىي دوستلۇق ۋە ۋاپادارلىقنىڭ كۈچى ، خاسىيىتىگە باغلاپ ، ئۇنى پاكلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ ئەڭ يارقىن مىسالى سۈپىتىدە ئۇلۇغلايدۇ . ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئۆمۈرلۈك سادىقلىقىنى گويا ۋىجدانىي قەسەمدەك سەلتەنەت بىلەن جاكارلايدۇ :

بەختىمنى بەردىڭ سەن ، بەخت بېرەيمەن ،
كۆڭلۈمنىڭ تەختىدە شاھانە تەختىڭ .
تۆرگە ئۆت ، سېنىمۇ تۆردە كۆرەيمەن ،
چۈنكى سەن مېنىمۇ شۇنداق تۆرلەتتىڭ .

«سەھرا سەھىرى» — ئىقتىدارلىق ياش شائىر ھەبىبۇللا رەجەپنىڭ ئانا يۇرت تەبىئىتىنىڭ گۈزەللىكى ۋە سەلتەنىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بېغىشلانغان لىرىك شېئىرى . ئۇنىڭدا ئاپتور ئۆز يېزىسىنىڭ سەھەرلىك مەنزىرىسىدىن پەيدا بولغان تۇيغۇ ۋە تەسىراتىنى ئويناق تىل ، جىلۋىگەر شېئىرىي ئوبرازلاردا ئومۇملاشتۇرۇپ ، ئوقۇرمەن كۆز ئالدىدا سېھرىي گۈزەللىكنىڭ يېڭى غايىۋى ئالىمىنى ئاچىدۇ . تۆۋەندىكى مىسرالار بۇ پىكرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلى :

ئوراپ شامال سۇبھى دەم ئېتىكىگە تۇماننى ،
تىنىقلىقتا يول ئېچىپ ، ئېلىپ كەتتى يىراقلاپ .
دەۋرەپ چىقتى تەبەسسۇم قىز مەڭزىدەك ئۇپۇققا ،
ناز - خۇلقىدا چىرايلىق ھاياتلىققا كۈي باشلاپ .
ئېتىزلاردا مايسىلار ئوخشاپ يېشىل ئېقىنغا ،
دولقۇنلىرى شوخ ، مەيىن ئۇپۇقلارغا كۆز تىكىپ ،



لەۋھە ئاستى ئۇزلۇقتىن رەڭلىشىپ كەڭ ۋادىلار ،
تىزگىن سەردى ئاتەش نۇر چوققىلارغا گۈل چېكىپ .
دالىلارغا باش قويدى تورغايلارنىڭ سەيلىسى ،
سايرىشىدىن يېقىملىق مۇھەببەتلىك كۈي تۆكۈپ .

ھەقىقەتەن ئاجايىپ مەنزىرە ! ئوقۇرمەن تېخى ئۇچراشمىغان ئۆزگىچە بىر خىل گۈزەللىكنىڭ بەدىئىي تىل بوياقلىرىدا سىزىلغان كۆركەم سۈرىتى . ئۇنىڭدا مەنزىرىلەر ھەرىكەت قىلىدۇ . كۆرۈنۈشلەر قىلىقلىنىدۇ . شېئىرىي ھالەتلەر جىلۋىلىنىدۇ . قىسقىسى ، پۈتۈن تەبىئەت ئۆزىنىڭ ھەرىكەتلىك ھالىتىدىكى گۈزەللىكىنى ئوقۇرمەننىڭ كۆز ئالدىدا نۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن ئالدىرايدۇ . ئۇنداقتا ئۇنى بۇنداق يېڭى گۈزەللىك پەللىسىگە كۆتۈرگەن ، ئۇنىڭغا جان ۋە روھ ئاتا قىلغان خاسىيەتلىك كۈچ نېمە ؟ بۇ ئاپتورنىڭ تەبىئەت بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىشى ۋە ئۇنىڭ باغرىغا ھاياتىي زەررە سۈپىتىدە سىڭىپ كېتىشىدىن پەيدا بولغان لىرىك ھېسسىياتى بىلەن بەدىئىي تەسەۋۋۇرى ، ئۇنىڭ خۇددى تەبىئەتنىڭ قۇچىقىدەك كەڭ ۋە رەڭدار بولغان قايناق بەدىئىي تىلى . قاراڭ ، سەھەر شامىلى تۇماننى لىباسىغا ئوراپ پاكلىق ۋە تىنىقلىققا يول ئاچماقتا . قىز مەڭزىدەك رەڭلەنگەن ئۇپۇققا بوۋاقلار تەبەسسۇمىدەك ۋىلىقلاپ سەھەر قۇياشىنىڭ ھاياتبەخش شولىسى تۆكۈلمەكتە . زۇمرەت ئېقىندەك يەلپۈنۈۋاتقان يېشىل مايسىلار دولقۇنلىنىپ ئۇپۇقلارغا تەلپۈنمەكتە . سەھەرلىك ئۇيقۇسىدىن سۈزۈلۈپ ئويغانغان يېشىل ۋادىلار ئۇزلۇق بىلەن پۈركىنىپ نازلىق كۈلۈمسىرىمەكتە . بوي سوزغان مەزمۇت چوققىلار تىزگىن سەرگەن «ئاتەش نۇر»لاردىن رەڭ ئېلىپ ياللىرىماقتا . پۈتۈن تەبىئەت ، جىمىكى گۈزەللىك شەبنەملەرنى بەرگىدە كۈلدۈرىدىغان لالىزار يۇرتنىڭ ئىپار پۇرىقى بىلەن تولغان .

ئاپتور شېئىردا ئۆز يۇرتىنىڭ بۇ گۈزەللىكىنى يالغۇز تەبىئەتنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن ئانا يۇرتىنىڭ خاسىيىتى دائىرىسىدىلا چەكلەپ قويمايدۇ . ئەكسىچە ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەقىدە ۋە ئېتىقادىغا تايىنىپ شۇ گۈزەللىكنى يارىتىۋاتقان ، مۇقەددەس تەبىئەتنى خۇددى مېھرىبان ئانىدەك سۆيۈپ ئەزىزلەپ كەلگەن ئالىيجاناب دېھقانىنىڭ ھاياتىي تۇيغۇسى بىلەن باغلايدۇ :

ئېرىقلاردا زىلال سۇ ناخشا چايقاپ ھەرياققا ،
مايسىلارغا يەتكۈزدى ئارمىنىنى دېھقانىنىڭ .
گىرەلىشىپ نۇر بىلەن رەڭ چاپقىغان مايسىدىن ،
تاشتى دېھقان شادلىقى تۇسىن ئېلىپ قىيانىنىڭ .

مانا بۇ شېئىرنىڭ ئوقۇرمەننى قايىل قىلىدىغان ئاجايىپ بەدىئىي يېشىمى . ۋۇجۇدى ئەمگەك ۋە پاكلىقتىن پۈتكەن بۇ ئالىيجاناب دېھقان ئۆز يۇرتىنىڭ تەبىئىتىنىڭمۇ ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنىڭمۇ ۋىجدانەن ئىگىسى . ئۇنىڭ ھەممە غايە ۋە ئىستىكى ئۇلار بىلەن بىللە . شۇڭا ، ئۇ ئۆز يۇرتىنىڭ بۇنداق يېڭى ھاياتبەخش گۈزەللىكىدىن چەكسىز ئۈمىد ۋە ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدۇ . دەل مۇشۇ ھاياتىي تۇيغۇدىن ئۇنىڭ شادلىقى خۇددى «قىيان تۇسى»دە چاپچىپ تاشىدۇ . مانا بۇ ھەقىقىي يېزا ناخشىسى ، سەھرا ۋە دالا كۈيى ، ئەركىن ۋە خۇشال دېھقانىنىڭ چىن قەلب ساداسىدۇر .

«خىزىرغا ئۇستاز» ، «يولىمىزغا چىراغ» بولىدىغان ئاتىلار توغرىسىدا بىزدە بەكمۇ ئاز يېزىلدى . ۋەھالەنكى ، ئۇ ئانىلارغا ئوخشاشلا ئەدەبىياتىمىزنىڭ دائىمىي ۋە مۇقەددەس تېمىلىرىنىڭ بىرى ئىدى . ھەبىبۇللا رەجەپ «ئاتىلار» ناملىق شېئىرىدا بۇ تېمىغا ۋىجدانەن ياندىشىپ ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ھايات چۈشەنچىسى بىلەن ئۆزگىچە تۇرمۇش تەسىراتى ئاساسىدا يېڭى ئىجادىي نۇقتىدىن



ئېچىپ بەردى . ئۇ ئاتىلارنىڭ خىسلىتى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ زۆرۈر ماھىيەتلىك مەزمۇنلىرى بىلەن باغلاپ ، ئۇلارنى ھەممە ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنىڭ مۇقەددەس تېپى ۋە سىمۋولىغا ئايلاندۇردى :

غەيۇر ھېسلار ھۆكۈمراندۇر ئېڭىدا ،
مۇشكۈللەردە يىمىرىلمەس تاغ ئۇلار .
خاسىيەتلىك كىتابى ھەم تۇرمۇشنىڭ ،
سۆزلىرىدە ھەقىقەتنىڭ نۇرى بار .
كۆك ئاسمانچە بار كۆڭلىنىڭ كەڭلىكى ،
چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلىرى ھېكمەتنىڭ
قان ئۇقچىغان تومۇرىدا ھەر دائىم ،
ياڭراپ تۇرار كۈي ـ سازلىرى مېھنەتنىڭ .
قۇياش ئۇلار مۇرۇۋۋەتنىڭ كۆكىدە ،
ئالار دۇنيا ئاتىلاردىن ئىسسىقلىق .
يول كۆرسەتەر ئېزىپ قالساق گاھىدا ،
يوق كۆڭلىدە ئەسلا قىڭغىر ـ قىيسىقلىق .

راست ، ئاتىلار ھەقىقەتەن مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ ، ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ، چىدام ـ غەيرەتنىڭ ، كەڭلىك ۋە سېخىيلىقنىڭ ، پاكلىق ۋە ئالىيجانابلىقنىڭ سۇنماس قۇياشى ، ئۇلارسىز ھايات كۆكەرمەيدۇ ، مۆجىزە ۋە ھېكمەتلەر تۇغۇلمايدۇ ، تىلسىماتلار سىرى ئېچىلمايدۇ . ئاتىلارسىز ئەۋلادلار قەلبىگە ۋىجدان ۋە ئەقىدە نۇرى قۇيۇلۇپ ، غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىق شولىسى چېچىلمايدۇ . ئاتا — ئىنسانىي كامىللىق پەللىسىگە يەتكەن خىزىر سۈپەت سىيما . ئۇنىڭ قەلبىدە دۇنيانىڭ غېمى ، ئۆزىنىڭ ھەممە ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك ۋارىسى بولغان پۈتۈن ئەۋلادىنىڭ ھاياتىي تەشۋىشى . ئۇ ئۆزىدە بار ھەممە نەرسىنى كېيىنكىلەرگە بېرىپ ،

ئۇلاردىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايدىغان بۈيۈك ساخاۋەت ئىگىسى ، ئىككى دۇنيالىق مۇھەببەت ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدىغان مېھرى ئاتەش نۇرانە ئىنساندۇر . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھاياتىدىكى ئۇلۇغلۇقى ۋە تۆھپىسى ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل ۋە ۋىجدان كۆكىدە مەڭگۈ پارلايدۇ . ئاپتورنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرى ئەنە شۇ ئومۇمي ھەقىقەتنىڭ ئىخچام شېئىرىي ئىزھارى :

پەزىلەتنىڭ مەكتىپىدۇر ئاتىلار ،
ئىنسانلارغا قەدىر بەرگەن ، نۇر بەرگەن .
شان ، تۆھپىسى ئاسمىنىدا تارىخنىڭ ،
چاقنار مەڭگۈ قۇياش كەبى نۇر تۆككەن .

ئەكبەر نىياز پەتتارى — شېئىرىي تەسەۋۋۇردا كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ كېتىۋاتقان ياش شائىرلارنىڭ بىرى . ئۇنىڭ پاكلىق ۋە ئالىيجانابلىق مەدھىيىلەنگەن «ئاقلىق لىرىكىسى» ، ھاياتقا يېڭىدىن كۆز ئاچقان ئۈمىدۋار ۋە ئىرادىلىك ئەۋلادنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «خىتاب» ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كۆڭۈلسىز ھايات سەرگۈزەشتىلىرىدىن يېڭىچە ئەقىل ۋە ئىرادە تاپقان ئۈمىدۋار قىزنىڭ روھىي كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلەنگەن «چۈش ئىلكىدە تولغىنىدۇ قىز» ناملىق شېئىرلىرى بىزنىڭ يۇقىرىقى سۆزىمىزنىڭ جانلىق دەلىلىدۇر . بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى شېئىرى مەزمۇنىنىڭ يېڭى ۋە ئىجادىيلىقى ، شېئىرىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئىخچام ۋە نەپىسلىكى بىلەن ئوقۇرمەنگە ئۆزگىچە بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ . شېرىن ئۇيقۇدا چۈشەكەۋاتقان گۈل سۈپەت قىز ، تۈگىلۈكتىن ماراۋاتقان تولۇن ئاينىڭ كۈمۈش نۇرلىرى ئۇنىڭ يۈزىگە شولا تاشلىماقتا . لېكىن ، ئۇ بۇ ئۇيقۇسىدىن لەززەت تېپىپ ھۇزۇرلىنىۋاتقىنى يوق . ئەكسىچە ، ئۇ ئەنسىز چۈش ئىچىدە ئۆزىنىڭ بەخت ۋە ئازاب ، خۇشاللىق ۋە مۇڭ



بىلەن پۈتكەن ھايات مۇقەددىمىسى بىلەن ئۇچرىشىۋاتىدۇ .

قىز يۈزىدە ئوينار كۈمۈش نۇر ،
تاپتىمىكىن چۈشىدە شادلىق .
ئۇ بەختىدىن ئالدىمۇ ھۇزۇر ،
لەۋلىرىنى تامشىيدۇ تاتلىق .

بۇ مىسرالار قىزنىڭ غۇبارسىز مۇھەببىتىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرى ، ئۇنىڭ بەخت ۋە شادلىق تۇيغىسىدىن مەست بولۇپ ، ئۆزىنى مەزگىلسىز ئىشقىي لەززەت قۇچىقىغا تاشلىغان بەختلىك سائەتلىرىنىڭ تەسۋىرى . بۇ ئۇنتۇلماس كۈنلەر ئۇنىڭ چۈشىدە جانلىنىپ ، قىزنى قايتىدىن خۇشاللىق ۋە شادلىق قاينىمىغا تاشلاۋاتىدۇ .

قىز يۈزىنى قاپلىدى غەزەپ ،
كۆزلىرىدە مارجان كەبى ياش .
ئەقىدىسى گۈلىنى چەيلەپ ،
رەنجىتتىمۇ ئۇنى بىر بەڭۋاش .
قىز يۈزىنى قاپلىغاچ غەزەپ ،
تولغىنىدۇ ئاچچىق ئەلەملىك .
شادلىق نېسىپ بولمىدى پەقەت ،
پەقەت نېسىپ بولدى بىردەملىك .

بۇ مىسرالار ھايات سىرلىرىنى تېخى چۈشىنىپ يەتمىگەن پاك ۋە ساددا قىزنىڭ ئۆتكۈنچى مۇھەببىتىنىڭ دەرد - ھەسرەتلىك داۋامىنىڭ ئازابلىق تەسۋىرى . ئەسلىدە قىز ھايات يولىدا ئۆزىدەك پاك ۋە سادىق بىرىگە ئەمەس ، بەلكى بىردەملىك ئىشقىي لەززەت ئۈچۈن ھەرقانداق پەسلىك ۋە قارامliqتىن يانمايدىغان بىر نامەردكە

ئۇچرىغان . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھەممە ئۈمىد ۋە ئىشەنچى دەپسەندە قىلىنىپ ئۆمۈرلۈك دەرد ـ ئەلەمگە قالغان . قىز قەلبىنى بىردەملىك ئەسىر قىلغان لەززەت ۋە خۇشاللىق ئۇنىڭ باغرىنى لەختە ـ لەختە قان قىلغان . شۇڭا ، ئۇ ئۇھىدىمۇ ، چۇشىدىمۇ يىغلايدۇ . غايە ۋە ئۈمىد چىرىغى ئۆچكەن نۇرسىز قەلبىنى چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئاچچىق تۇتۇنى ئازابلايدۇ . ئەمدى ئۇ ئۆمۈر بويى مۇشۇنداق ئازاب ۋە خورلۇقتا قالسۇنمۇ ؟ ياق ، ئۇ ئۆزىنىڭ بەختسىز ھايات تارىخىنى ئەقىل ۋە ۋىجدان كۈچى بىلەن قايتا تونۇپ ، ئۆزىنىڭ ھايات تراگېدىيىسىنى پەيدا قىلغان ئاشۇ شەپقەتسىز مۇھىت بىلەن چۈشكۈنلۈك ۋەھىمىسى ئىچىدىن قايتىپ چىقىشى كېرەك .

گىرەلىشىپ مۇھەببەت ، نەپرەت ،
ئۆتۈپ كەتتى شۇ تەقلىدتە تۈن .
سەھەر ئانا چاقىردى ، پەقەت ،
قىز چۈشلەردىن قۇتۇلدى پۈتۈن .

بۇ يەردە ئانىنىڭ سەھەردە قىزنى ئويغىتىشى — يېڭى ھايات دەۋىتىنىڭ بىر خىل سىموۋوللۇق ئىپادىسى بولۇپ ، ئۇ قىزنى ئەلەملىك ئۆتمۈش بىلەن ئازابلىق چۈش ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان مۇقەددەس مەنىۋى كۈچ . ئۇ ئەمدى ۋۇجۇدىدىكى ھەممە ئەلەم داغلىرىدىن تازىلىنىپ ، بورۇنقى پاك ۋە سەبىيلىكچە دۇنياغا قايتا كۆز ئاچالايدۇ . خۇددى ئاپتورنىڭ ئۈمىد قىلغىنىدەك ، ئۆز ھاياتىنىڭ يېڭى نۇرانە سەھىپىسىنى ئېچىپ ، ئۆزى ئارزۇ قىلغان غايىۋى بەخت بىلەن قۇچاقلىشىدۇ . شېئىر ئىخچام ، ھېسسىياتلىق ، ئىبرەتلىك تۈسى قويۇق بولۇپ ، ناھايىتى زور ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي تەربىيە قىممىتىگە ئىگە .

شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە يول بىلەن



كىرىپ كەلگەن ياش شائىر ئەكبەر داۋۇتنىڭ يېقىنقى چاغلاردىكى شېئىرلىرى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ، پىكىرلىرىنىڭ يېڭىلىقى ، شېئىرىي تۇيغۇلارغا باي ۋە مۇرەككەپلىكى بىلەن ئوقۇرمەنىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ . ئۇ ئەسەرلىرىدە ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ نازۇك ۋە ئىنچىكە تەرەپلىرىنى ئۆزىنىڭ لىرىك شەخسىي زېمىنىدا ئومۇملاشتۇرۇپ ، ئوقۇرمەننى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان مۇرەككەپ شېئىرىي مۇھىت يارىتىدۇ . ئۆزىنىڭ ھەجمىگە كۆرە ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر شېئىرىي مەزمۇننى سىغدۇرغان «كارىز سونېتلىرى» ناملىق لىرىك ئەسىرى ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق ئىجادىي ئالاھىدىلىكىنىڭ بەدىئىي مېۋىسىدۇر . سونېت جەمئىي بەش بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، ئۇنىڭ ھەربىر بۆلىكى ئاپتورنىڭ ئانا يۇرتىغا بولغان باللارچە ساپ مۇھەببىتىنىڭ بىر لىرىك لەۋھەسى . ئۇلاردا ئەكس ئەتكەن ھاياتىي مەنزىرىلەر شۇنچىلىك يارقىن ، پاك ۋە رەڭدار . ئۇلار ئادەتتىكى شېئىرىي كۆرۈنۈشلەر ئەمەس ، بەلكى ئانا يەر باغرىدىن ئېقىپ چىقىۋاتقان ھايات شەربىتىنىڭ خاسىيىتىدىن ھۆسن تاپقان خىسلەتلىك زېمىننىڭ ھەممە سېھرىي گۈزەللىكىنىڭ نۇرلۇق سۈرىتى . سونېتنىڭ بەشىنچى بۆلىكىنى ئاپتورنىڭ پۈتۈن ئەسىرىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن بەدىئىي پىكىرلىرى بىلەن تۇيغۇ ۋە ھېسسىياتلىرىنىڭ لىرىك ئومۇملاشتۇرۇلۇشى دېيىش كېرەك . ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ ئانا يۇرتىغا بولغان مۇھەببەت تۇيغۇسى بىلەن يانغان ئوتلۇق قەلبى پۈتۈن بايلىقى ۋە مۇرەككەپلىكى بويىچە تولۇق ئايان بولىدۇ :

تىنىقىم توختىسا ئېتىزلىق ئارا ،
باش بۇلاق بېشىغا قويغىن ئەي ئانا .
سېغىنساڭ بىر تاللا يالغۇز ئوغلۇڭنى ،
كارىزىم سۈيىدە تارا چېچىڭنى .
ھەر يازدا تېرىۋال ئېگىزدىن بۇغداي ،

تىكىپ قوي قەبرەمگە بىر ئالتۇن باشاق .
مەرسىيە ئۇچۇن سەن شېئىر ئىزدىمە ،
گۈگۈمدا ئوقۇيدۇ قۇشقاچلار قوشاق .
پەيشەنبە ئۇنتۇماي دان سەپكىن باغقا ،
باغدىكى گۈلزەپەر بولمىسۇن خاپا .
بۇلبۇلۇم ئۆگەتكەن كۈيۈمنى ئۇنتۇپ ،
باتناشتا بېغىمدىن كەتمىسۇن يانا .
غەيۋىتىم مەلەمدىن كەتسە ياتلىشىپ ،
قەبرەمدىن تۇزۇيدۇ قومۇش پۆپۈكى .
بىخەۋەر دوستلىرىم سورىسا مېنى ،
ئەكەتسۇن هويلامدىن يۇلغۇن چېچىكى .

مانا قاراڭ ، ئاپتور ئۇچۇن ئۆز خەلقىدىن ئۇلۇغ ، ئانا يۇرتىدىن مۇقەددەس هېچ نەرسە يوق . ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلارنىڭ هەممە نەرسىسى گۈزەل ۋە سۆيۈملۈك . ئۇنىڭ هەممە ئەقىل ، ۋىجدانى ، غۇرۇر - ئىپتىخارى ، ئەقىدە - ئېتىقادى ، ئارزۇ - ئارمىنى ئەنە شۇ تۇپراققا باغلانغان . ئۇلاردىن بىر نەپەس ئايرىلىش ئۇنىڭ ئۇچۇن ئازابلىق ئۆلۈم . ئۇلارنى ئۆمۈر بويى سۆيۈش ۋە قەدىرلەش ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىككى دۇنيالىق سائادەت . بۇنداق ۋىجدانىي قەسەم بىلەن جانلاندۇرۇلغان هاياجانلىق شېئىرىي پىكىرلەر پەقەت پۈتۈن ئەسلىي ۋەسلى بىلەن ئانا يۇرتىنىڭ ئوغلى بولغان ۋاپادار پەرزەنتىنىڭ يالقۇنلۇق قەلبىدىلا تۇغۇلۇشى مۇمكىن .

* * *

يۇقىرىقى مۇهاكىمىلىرىمىزدىن تۇغۇلىدىغان يەكۈن شۇنداق : مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ پارلاق نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان قەدىمىي تۇرپان ئۆزىنىڭ يالقۇنلۇق باغرىدا هەقىقىي هارارەتلىك



يېڭى ئىجادىي ئەدەبىياتنى ياراتماقتا . ئىشىنىمىزكى ، ئۆزىنىڭ ئون يىللىق هايات مۇساپىسىنى ناهايىتى زور نەتىجە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر ئىچىدە بېسىپ ئۆتكەن «تۇرپان» ژۇرنىلى ئەنە شۇ ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىپ مۇنبىرى ، كۆيۈمچان باغۋىنى سۈپىتىدە تېخىمۇ كۆپ جاپالىق ئىجادىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپ ، بۇ ئەدەبىياتنى يېڭى بىر بەدىئىي سەۋىيىگە كۆتۈرىدۇ .

1987 - يىلى 11 - ئاي

## شېئىرىيەت — يۈكسەك بەدىئىي سەنئەت

ئۇكام مۇھەممەتجان :

خەتلىرىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم . مېنى ئەسلىگىنىڭىز ۋە ماڭا ئىشەنگىنىڭىز ئۈچۈن كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت . خەتلىرىڭىزگە ئۇزۇنغىچە جاۋاب بېرەلمىدىم . بۇنىڭ سەۋەبى ئېھتىمال ئۆزىڭىزگىمۇ ئايان : سىز خېتىڭىزدە ئىلمىي ۋەزنى شۇنچىلىك ئېغىر ۋە سىرلىق بولغان ، ئادەتتىكى ئەنئەنىۋى ئىلمىي پىكىرلەرگە ئادەتلىنىپ قالغان ماڭا ئوخشاش بىر ئاددىي ئوقۇرمەن ھۆددىسىدىن چىقىشى مۇمكىن بولمىغان بەكمۇ قىيىن ۋە مۇرەككەپ سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپسىز . ئەسلەپ كۆرۈڭ : «شېئىرىيەت دېگەن نېمە ؟ سىزنىڭچە ، ياخشى شېئىرلار قانداق بولۇشى كېرەك ؟» دېگەن سوئالىڭىزغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىم مۇمكىن ؟ ئەسلىدە بۇ تەكتىگە يەتكىلى بولمايدىغان يېڭىچە ئەقىل ۋە ئىجادىي ئىلمىي ھېكمەتلەرنىڭ پايانسىز دېڭىزى . «گۈڭگا شېئىر ۋە گۈڭگا شائىرلار ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرىڭىز قانداق ؟» دېگەن سوئالىڭىزچۇ ، تېخى . ھازىر گۈڭگا شېئىر ئىجادىيىتىگە بېرىلگەن بىرمۇنچە ياش شائىرلار تىنىمسىز ئىجاد قىلىۋاتىدۇ . ئۇلارنى ياخشى چۈشىنىدىغان بىر قىسىم جۇرئەتلىك ئوبزورچىلار ئۆزىنىڭ يېڭىچە نەزەرىيىۋى قاراشلىرى بىلەن بۇ خىل شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى تۇرغۇزۇۋاتىدۇ . مۇشۇنداق بىر چاغدا ئۆزىڭىزنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكىر ۋە كۆزقاراشلىرىڭىزنى ھېچقانداق بويىماي توپتوغرا ئوتتۇرىغا قويۇش سىزگە ئاسان توختامدۇ ؟ مەن مۇشۇلارنى قايتا ـ قايتا ئويلاندىم . ئويلىغانسېرى بىرەر ئىلمىي ئىشقا تۇتۇنغان چېغىڭىزدا سىزدە تەبىئىي پەيدا بولىدىغان بۇرچ ۋە



مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئالدىدا شۇنچىلىك قىينالدىم . لېكىن ، مەن ئاخىرىدا يەنىلا قويغان سوئاللىرىڭىزغا ئەقلىي قۇۋۋىتىم يار بەرگەن دائىرىدە جاۋاب بېرىپ ، بۇ ھەقتىكى پىكىر ، چۈشەنچىلىرىمنى سىز بىلەن ئورتاقلىشىش قارارىغا كەلدىم .

مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ غەرب شېئىرىيەت ئېستېتىكىسىنىڭ ئاللىقاچان ئىستېمالدىن قالغان بىر يۈرۈش كونا نەرسىلىرى ئەدەبىيات ساھەيىمىزگە ئېقىپ كىرىپ ، بىزنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى پىكىر ـ چۈشەنچىلىرىمىزنى بىرمۇنچە قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى . ئۇلارنىڭ رېئال ھاياتنى ساختا ، شەپقەتسىز ، ھېچقانداق ئىستىقبالى بولمىغان بىمەنە ۋەقە ۋە كۆرۈنۈشلەرنىڭ خۇنۇك يىغىندىسى دەپ قارايدىغان ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى رېئال ئوبيېكتىپ مەنبەدىن ، پىكىر ۋە تەسەۋۋۇرنى ئالەمنىڭ كەڭلىك ۋە بىپايانلىقىدىن ئايرىپ ، ھەممىدە ئۆزلىرىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ غەلىتە ئوي ـ خىياللىرىنى مەركەز قىلىدىغان نەزەرىيىۋى تەشەببۇسى شېئىرىيەت ئىلمىي تەتقىقاتچىلىقىمىزدا بىر مەزگىل سەھنىگە كۆتۈرۈلۈپ ، ئەنئەنىۋى مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئىجادىي ئىستىقبالىنى گۇمان ۋە ئەندىشە تۇمانلىرى بىلەن خىرەلەشتۈردى . بىزنىڭ مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى مەنىۋى پەزىلەتلىرىنى تېخى ئەقلەن ھېس قىلىپ يېتىشكە ئۈلگۈرمىگەن بەزى قەلەمكەشلىرىمىز يۇقىرىقى ناتوغرا نۇقتىئىنەزەرلەرگە ئەسىر بولۇپ ، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ توپ ئىلمىي ـ نەزەرىيىۋى پرىنسىپلىرىنى ئاغدۇرۇپ ، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ توپ ماھىيىتىدىن مەھرۇم بولغان ، ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە بىر خىل يېڭى شېئىرىيەت ئالەمنى ياراتماقچى بولدى . ئۇلار قانداقتۇر شېئىرىيەت ھېچنېمە ئەمەس ، ئۇ شائىرنىڭ ئۆزلۈكىدىن تۇغۇلىدىغان سىرلىق بىر ئالەم ، پىكىر ، غايە ، ئىدېئال دېگەنلەر

ئۇنىڭغا يات. ئۇ ھېچقانداق ئىجتىمائىي بۇرچ ۋە ئەقلىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈزىگە يۈكلىمەيدۇ. شېئىر — شائىر سۇبيېكتىپىدا تەبىئىي مەۋجۇت بولىدىغان بىر خىل ئەركىن خىيالىي تۇيغۇ. شۇڭا، ئۇ شېئىرىي تەپەككۇرنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغىدىغان ھەرقانداق شەكىل ۋە فورما چەكلىمىلىرىنى رەت قىلىدۇ، دېگەندەك غەلىتە نۇقتىئىنەزەرلەرنى تەرغىب قىلىپ، مىڭ يىللاردىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، خەلقىمىزنىڭ مىللىي روھ ۋە مىللىي ئېڭىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل بەدىئىي خاتىرىسى بولغان ئەنئەنىۋى مىللىي شېئىرىيىتىمىزگە مەنىۋى خىرىس قىلدى. ئۇلار شېئىرىيەتنىڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي مەزمۇن بىرلىكى بىلەن شائىرنىڭ ئەسىرىدە ئەكس ئېتىدىغان بەدىئىي غايىۋى مەقسىتىنى يوققا چىقىرىپ، شېئىرىيەتنىڭ لىرىك مەزمۇنىنى مۇقىم تۇرغۇنلۇققا ئىگە بولغان مۇناسىپ بەدىئىي شەكىلدىن ئايرىپ، شېئىرىيىتىمىزنى سېھرىي ئاھاڭدارلىققا ئىگە قىلىدىغان ۋەزىن، تۇراق، قاپىيىگە ئوخشاش ئەنئەنىۋى گۈزەللىكلەرنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلدى. راستىنى ئېيتسام، مەن بۇ كىشىلەرنىڭ شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ ئاددىتىكى ئىپتىدائىي بەدىئىي تەلىپى بولغان بۇ نەرسىلەردىن شۇنچىلىك ياتسىراپ، ئۇلارنى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ بەدىئىي مىزانلىرى ئىچىدىن ئۆچۈرۈپ تۈگەتمەكچى بولغانلىقىنىڭ ھەقىقىي سىرىنى تا ھازىرغىچە چۈشىنىپ يېتەلمىدىم. سىز ئويلاپ كۆرۈڭ: تۇراق، قاپىيە، ۋەزىن دېگەن بۇ نەرسىلەر نوقۇل ھالدىكى ئاددىي شەكىل ھادىسىلىرىمۇ؟ ياق، ئۇلار شېئىرىي مەزمۇننى مۇستەھكەم مەنتىقىلىق بىرلىككە ئىگە قىلىپ تۇرىدىغان يېقىلماس بىر پۈتۈن بەدىئىي گەۋدە، شائىرنىڭ بەدىئىي پىكرىنى بىر خىل ھېسسىي گۈزەللىك تۇيغۇسى ئىچىدە نۇرلاندۇرۇپ بېرىدىغان بەكمۇ ئاددىي، لېكىن ئېرىشمەك بەكمۇ تەس بولغان ئالاھىدە بىر خىل سەلتەنەتلىك بەدىئىي سەھنە. مېنىڭ بىلىشىمچە، شېئىرىيەت



كىشى ئەقلىنى تەۋرىتىپ، ئۇنىڭ ھېس - تۇيغۇسىنى قوزغىتالايدىغان تىپىك ھاياتىي مەزمۇن بىلەن بىللە رىتىملىق بەدىئىي تۇس ۋە مۇزىكىلىق ئىچكى ساداغا ئىگە بولمىسا، ئۇ ھەقىقىي ئىجادىي بەدىئىي سەنئەت بولالمايدۇ. قەدىمكى گرېكلارنىڭ لىرىكا (شېئىرىيەت) دېگەن بۇ نامنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ جازىبىدار، ئەڭ جاراڭلىق سېھرىي ساداغا ئىگە بولغان تارىلىق مۇزىكىسى لىرادىن ئالغانلىقى بۇ نۇقتىنى بەلگىلىك دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

بىلىشىمچە، بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا گۈڭگا شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ پەيدا بولغىنىغا يىگىرمە يىلدىن ئاشتى. لېكىن، ئۇ يۇقىرىقىدەك ناتوغرا ئىجادىيەت تەشەببۇسلىرىنىڭ ھەيۋە ۋە بېسىمى ئالدىدا تىز پۈكۈپ، جاپالىق ئىجادىي ئىزدىنىشتىن تۇغۇلىدىغان ھەقىقىي بەدىئىي گۈڭگالىققا، يەنى لىرىك ئوبرازلار لىباسىغا ئورالغان ئۆزگىچە بىر خىل بەدىئىي گۈزەللىككە ئېرىشەلمىدى. ئۇنىڭدىنمۇ ئازابلىق بولغىنى شۇكى، ئەنئەنىۋى مىللىي شېئىرىيىتىمىزنى مەزمۇن ۋە شەكىل يېقىدىن ئۇزۇل - كېسىل يېڭىلاپ، ئۇنى تېخى ئېچىلمىغان يېڭىچە بىر تەپەككۇر دۇنياسىغا باشلاپ كىرىشنى مەقسەت قىلغان بۇ ئەركىن شېئىرىيەت شۇنچىلىك ئۇزۇن ئىجادىيەت مۇساپىلىرىنى بېسىپمۇ، تا ھازىرغىچە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئورتاق ئېتىراپىغا ئېرىشىپ مۇئەييەن بەدىئىي ئېستېتىك قىممەت ياراتقان، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ھەقىقىي بىر تالانتلىق شائىرنى يېتىشتۈرۈپ چىقالمىدى.

كائىنات غول كارۋان، يەر شارى ئارقىسىدا سوكۇلدار
ھالسىرىغان تۆگىدەك.
مەن كولدۇرمىسى، بارىمەن ئۇنلەپ.
يىلاندەك سۆرەلمە يىللارنىڭ،
كۆچمەن قۇملاردا تاشلىنىپ ياتقان،

بوغۇم ـ بوغۇم قاسىراقلىرىدا .
ۋەھىيدەك ، موللا تاپقاننىڭ بېشارىتىدەك ،
ھازاز ۇلنىڭ كۆلەڭگىسىدەك .

بۇ قۇرلار بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان ئاتالمىش گۈڭگا شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرىنىڭ بىرىنىڭ ئېلان قىلغان ئەسىرىنىڭ بىر پارچىسى . خوش ، بۇ قۇرلار نېمىسى بىلەن شېئىر ؟ ئۇنىڭدىكى شېئىرىي ھېكمەت ، شېئىرىي سەنئەت دېگەنلەر قېنى ؟ پۈتۈنلەي خىيالىي ، ئەپسانىۋى تۇس ئالغان ، مەۋھۇم ، غەلىتە مەنزىرىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇ قۇرلاردا شېئىرىيەتنىڭ گۈڭگا گۈزەللىكى بىلەن جانلاندۇرۇلغان بىرەر ھاياجانلىق شېئىرىي مەزمۇن بارمۇ زادى ؟ بۇ ھالدا بىز بۇ قۇرلارنى يەنە نېمىسى بىلەن شېئىر دەپ تەن ئالىمىز ؟ بۇ پارچىدا روھىيىتى تېخى يورۇمىغان ، ئۆزىنىمۇ تېخى تولۇق تونۇپ يەتمىگەن غەلىتە بىر شەخسنىڭ خۇنۇك تۇيغۇ ـ ھېسسىياتى بىلەن ھالسىز مەنىۋى ئىنتىلىشى يېزىلغان . بىز بۇ قۇرلارنى ئۆزگىچە ئىقتىدار ئىگىسى بولغان شائىر ئابدۇرېھىم ئابدۇللانىڭ خۇددى شۇنداق تېماتىك روھتا يېزىلغان ، ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە تەۋە بولغان تۆۋەندىكى مىسرالىرىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى :

نېمىدېگەن گۈزەل دۇنيا بۇ ،
بېزەپ كەلدى يۇلتۇز ، ئاي ، قۇياش .
كەملىرىگە رەڭ بېرىپ ئىنسان ،
ياساپ چىقتى بىر قىزغا ئوخشاش .
قانچە لەززەت ئاشۇ دۇنيادا ،
غېرىبانە بىر قېتىم ياشاش .
پايانىغا يەتمىدى كۆزۈم ،
ئۇپۇقلاردا قالدى نىگاھىم .



چىلىلىغاندا ئاسمان دىلبىرى ،
لاچىن بولسام ئىدى ئىلاھىم .
زارىقتۇرغان مەنزىللىرىمنىڭ
مىسرالىرىم ئەركىسى دائىم .
كۆيدۈرىدۇ قېنىمنى ئوتتا ،
دېڭىزلارنىڭ زەڭگەر دولقۇنى .
چىرايىمنى تاۋلايدۇ چوغدەك ،
گۈرۈلدىگەن قۇياش يالقۇنى .
قوۋۇرغامدىن ياسايدۇ قەپەس ،
ھەۋەسلەرنىڭ ئۇچقۇر ئالۋۇنى .
ئارزۇلىرىم شۇنچىلىك ئاچ كۆز ،
ۋۇجۇدۇمنى چىشلەيدۇ تالاپ .
تىنىقىمدا تىنچىماس بوران ،
ھالسىرايدۇ تاغلار قالتىراپ .
لېكىن نۇردا ياشىدىم يارقىن ،
قەلىمىمدە يۈرەك يالتىراپ .

بۇ نېمىدېگەن چوڭقۇر ئەقلىي ھېكمەت ، نېمىدېگەن ئۆتكۈر ھاياتىي پەلسەپە ! ئۇنىڭدىكى كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان جىلۋىگەر شېئىرىي گۈزەللىك بىلەن ھاياتتەك كەڭ ۋە ئويناق بولغان تەسەۋۋۇر پايانسىزلىقى سىزنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدۇ . ئۇنىڭدا لىرىك مەزمۇن شائىر ھېسسىياتىنىڭ يامرىغان كەلكۈندەك چاپچىغان ۋە كۆتۈرۈلگەن ھالىتىدە ئەكس ئېتىپ ، ئالاھىدە بىر خىل تۇتۇق بەرمەيدىغان نازۇك ھېس ـ تۇيغۇ ئېقىمى جەۋلان قىلىدۇ . خوش ، بىز دەسلەپتە كۆرۈپ ئۆتكەن ناباب پارچىدىن نەچچە ئوننى يىغسىڭىزمۇ سىزگە مۇشۇ شېئىرىي قۇرلارنىڭ بەدىئىي لەززىتىنى بېرەلەمدۇ ؟

بىزدە شېئىرىيىتىمىزدىكى ئەنئەنىۋى قاتمال پىكىر ۋە

تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن قول ئۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە قاتلاملىق تەسەۋۋۇر كەڭلىكىنى يارىتىپ، ھاياتتەك قايناق، ئۆز روھىدەك باي ۋە رەڭدار لىرىك ئەسەرلەرنى يارىتىپ، ئوقۇرمەن قەلبىدە ئۇزۇلمەس مەنىۋى دولقۇن پەيدا قىلىپ كېلىۋاتقان مۇھەممەت خېۋىر، ۋاھىتجان ئوسمان، ئەزىزى، ئۆمەر مەتىمىن، ئەكبەر نىياز پەتتارى، مۇتەللىپ مەنسۇر، دولقۇن روزى، چىمەنگۈل ئاۋۇت، رەيھانگۈل غېنى قاتارلىق بىرمۇنچە تالانتلىق ياش شائىرلار بار. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى بەدىئىي ئەقىدىسىگە باشتىن - ئاخىر سادىق بولدى. ھەرقانداق دەبدەبىلىك ئەدەبىي تەشەببۇسلارغا بېرىلمەي، ئۆزلىرىنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنىڭ ھەقىقىي لىرىك سۈرىتى بولغان بىرمۇنچە يېڭى ئىجادىي ئەسەرلەرنى ياراتتى. ۋەھالەنكى، ئەسلىدە مۇئەييەن بەدىئىي دىت ۋە ئىقتىدارغا ئىگە بولغان خېلى كۆپ ياش ئاپتورلار گۇڭگا شېئىر ئېقىمىغا كىرىپ شۇنچە يىل ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپمۇ ئوقۇرمەنلەرگە ئەستە قالغۇدەك بىرەر نەرسە بېرەلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدە؟ ھەقىقىي ئىجادىيەت ئالدى بىلەن سۆزلەرگە جان ۋە روھ ئاتا قىلىپ، مۇئەييەن بەدىئىي ئېنىقلىق بىلەن مەزمۇن روشەنلىكىگە ئېرىشىشتىن باشلىنىدۇ. شائىرنىڭ مەنىۋى روھىي ھالىتى، بەدىئىي ئېستېتىك ئىزدىنىشى رېئال ھاياتقا قانچىلىك ئۇيغۇن ۋە مۇناسىپ بولسا، ئۇ ئىجادىي كەڭلىككە شۇنچىلىك يېقىنلىشىدۇ. ئەكسىچە، شېئىرىي ئىپادىدىكى ھەرقانداق تۇتۇقلۇق ۋە خۇنۇكلۇك، رېئال ھاياتنىڭ قىزىقى ۋە ھېكمىتىدىن ئۆزىنىڭ قۇرۇق خىيال ۋە پىكىرلىرىنى ئەلا بىلىدىغان مەنىۋى قاششاقلىق ھەرقانداق ئىستېداتلىق شائىرنىمۇ ئەڭ ئاددىي ئىجادىيەت ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ.

شېئىرىيەت — ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن كىشىلەر مەنىۋى دۇنياسىنىڭ مەزمۇن ماھىيىتىنى باي تەسەۋۋۇر ۋاسىتىسى بىلەن ئوبرازلىق ئېچىپ بېرىدىغان ئەڭ نازۇك يۈكسەك بەدىئىي سەنئەت.



ئۇنىڭدا تەبىئەت ۋە جەمئىيەت، تارىخ بىلەن رېئاللىق، خىيال بىلەن تەسەۋۋۇر، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئومۇمىي ئورتاق ئېقىمى بىلەن كونكرېت شەخسنىڭ ئۆزىگە خاس ھايات يولى بىر پۈتۈن نەرسىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. شېئىردا ئالەمنىڭ چەكسىزلىكى بىلەن كىشىلەر مەنىۋىيىتىنىڭ پايانسىزلىقى روھىي ئۇيغۇنلۇققا ئېرىشىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ھەممە خىيال ۋە تەسەۋۋۇرى بەدىئىي يۈكسەكلىك پەللىسىگە يېتىدۇ. ئۇنىڭدا روھەن پاكلانغان ئالىيجاناب ئادەمنىڭ ھەممە مەنىۋى ئۇلۇغۋارلىقى ئايان بولىدۇ.

شېئىر — جەمئىيەت ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ نەزمىي كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس، ئۇ شائىرنىڭ ئەنە شۇ رېئاللىقنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان ئەڭ نازۇك، ئەڭ قايناق ھېس - تۇيغۇسىنىڭ بەدىئىي مەھسۇلى. شېئىر پەلسەپە ئەمەس، لېكىن ئۇ ئەقلىي ھېكمەت بىلەن ھاياتىي مەنتىقىنىڭ تەبىئىي ماكانى. شېئىر ئاددىي ھالدىكى تەسۋىرىي لەۋھە ئەمەس، ئۇ ئوبراز ۋە سۈرەتلەرنىڭ بىپايان زېمىنى. شېئىر — ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىدە ۋە ئېتىقادىنىڭ پارلىشى، چىنلىق، ئەزگۈلۈك ۋە گۈزەللىكنىڭ نۇرلىنىشى، ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي كامالەتكە يەتكەن ئۇلۇغۋار ئىنساننىڭ ھاياتقا بولغان مۇھەببەت ۋە ساداقىتىنىڭ لىرىك سادا بېرىشىدۇر. قىسقىسى، شېئىر ھايات گۈزەللىكىنىڭ ئۆزى، كىشىلەر مەنىۋى دۇنياسىنىڭ، يەنى ئۇلارنىڭ ئارزۇ، ئىنتىلىشى بىلەن قايغۇ ۋە تەشۋىشىنىڭ ھېچقانداق پەردازلانمىغان ھالدا ساپ لىرىكىغا كۆچۈرۈلۈشىدۇر.

شېئىر — يېڭى، ئىجادىي شېئىرىي پىكىر، ئويناق ۋە جىلۋىگەر ئوبرازلىق شېئىرىي تىل، مەزمۇنغا مۇناسىپ بولغان ئىخچام ۋە ھەرىكەتچان بەدىئىي شەكىلدىن تۇغۇلىدىغان، گۈزەللىك ۋە ئەزگۈلۈك ئالەمنى ئۇلۇغلاپ، نادانلىق، قاششاقلىق دۇنياسىنى نەپرەت ئوتىدا ئۆرتەيدىغان قۇدرەتلىك لىرىك يالقۇن. ئالىيجاناب غايە ۋە قايناق ھېسسىيات ئۇنىڭ جېنى. ئۇ شائىرنىڭ ئىجتىمائىي بۇرچى بىلەن ھاياتىي ۋىجدانىنىڭ ئوبرازلىق گەۋدىلىنىشى.

ھەقىقىي بەدىئىي شېئىر كەڭ ۋە چوڭقۇر لىرىك مەزمۇن ۋە يۈكسەك بەدىئىي گۈزەللىكى بىلەن ئوقۇرمەننىڭ روھى ۋە ئەقلىنى تەۋرىتىپ، ئۇنىڭ ئوي - پىكرىنى يېڭى بىر ھاياتىي ھېكمەت بىلەن بېيىتىدۇ. خوش، شېئىر ئۆزىگە خاس ئاشۇنداق مەنىۋى پەزىلەتلىرى بىلەن كىشىلەر قەلبىنى يورۇتىدىغان بىر مۇرەككەپ سېھىرلىك سەنئەت ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇ قانداق بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟ بۇنى بىزگە بەكمۇ ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان مۇنداق بىر قىزىق رىۋايەت بار:

نۇشىرۋان ئادىل زامانىسىدىكى ئىران شائىرلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدىن بىر دىۋان تۈزۈپ ۋەزىر ئارقىلىق ئۆز پادىشاھىغا ھەدىيە قىپتۇ. نۇشىرۋان ئادىل دىۋاننى ئوقۇپ تۈگىتىپ، ۋەزىرىنى چاقىرتىپ ئاچچىق غەزەپ بىلەن مۇنداق دەپتۇ: «مەن ئۇلارنىڭ يازغانلىرىنى ئوقۇدۇم. نېمىدېگەن تېتىقسىزلىق: ئاشىقنىڭ ئاھۇ زارىدىن چۆل - جەزىرىلەر ئوت بولۇپ يانارمىش. جانانىنىڭ كىرپىكى ئوق بولۇپ دەردمەن يىگىت قەلبىنى قان قىلارمىش. بۇ گەپلەرنىڭ قايسىسى راست؟ شائىرلىرىڭغا بېرىپ ئېيتقىن: بۇنىڭدىن كېيىن كىم مۇشۇنداق يالغان - ياۋىداق شېئىرلارنى يازىدىكەن، كاللىسى ئېلىنىپ، مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.»

بۇ گەپلەردىن خەۋەر تاپقان تالانتسىز بىر سەزگۈر شائىر مۇنداق بىر پارچە شېئىر يېزىپ، زور ئۈمىدلەر بىلەن پادىشاھقا تەقدىم قىپتۇ:

تاڭ ئاتسا يۇلتۇزلار ئۆچەر ئاسماندا،
خورازلار چىللىشار مازاندىراندا.[1]
ھەلەپتە[2] كەچقۇرۇن قۇياش پاتىدۇ،
ئادەملەر كېچىسى ئۇخلاپ ياتىدۇ.

---

[1][2] مازاندىران، ھەلەپ — ئىراننىڭ شەھەرلىرى.



ھەممىسى ئەقىلگە مۇۋاپىق راست نەرسىلەر يېزىلغان، قىلچىمۇ يالغىنى بولمىغان بۇ شېئىرنى ئوقۇپ چىققان پادىشاھ ۋەزىرىنى چاقىرتىپ ئەپسۇسلىنىپ مۇنداق دەپتۇ: «بېرىپ ھېلىقى شائىرلىرىڭغا ئېيت، ئۇلار بۇرۇنقى يالغانلىرىنى يېزىۋەرسۇن.» بۇ رىۋايەتتە شېئىرىيەتنىڭ تۈپ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ناھايىتى روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئۇنداق بولسا ئۇلار نېمىلەردىن ئىبارەت؟

ھەقىقىي بەدىئىي شېئىردا ھەممە نەرسە ساپ ئوبراز ۋە يارقىن سىمۋول تۈسىدە بايان قىلىنىدۇ. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، شائىر رېئال ھاياتتىكى ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ ئەسلىي ھالىتى ۋە قۇرۇلمىسى دائىرىسىدىن چىقىپ، تەسەۋۋۇر ۋە مۇبالىغە، خىيال ۋە فانتازىيە ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ ھايات ۋە تەبىئەتنى جانلاندۇرۇپ، ئۇنى كىشىگە تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر چىنلىق ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرىدىغان يېڭى بىر شېئىرىي يۈكسەكلىكتە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. پەقەت مۇشۇنداق بەدىئىي تەلەپلەرنى ئۆزىگە تولۇق مۇجەسسەملىگەن ئەسەرلەرلا شائىرلارنىڭ ئازابلىق بەدىئىي تولغىقىدىن تۇغۇلغان يېپيېڭى ئىجادىي شېئىر ھېسابلىنىدۇ. بىز مەشرەپنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

ئەي سەنەم ھەجرىڭ غەمىدە دىدە[1] گىريان[2] بولغۇسى،
كۆرمەسەم بىردەم يۈزۈڭنى يۈرەكىم قان بولغۇسى.
مەردۇمانى[3] كۆزلەرىڭ بىر كافىرى بىرەھىم ئېرۇر،
گەرچە تەرسا كۆرسە ھەم ئول دەم مۇسۇلمان بولغۇسى.
ئەنبەرىن زۇلفۇڭ تاراپ باقساڭ نىگارا، ھەر تەرەپ،

---

① دىدە — كۆز.
② گىريان — ياش تۆككۈچى.
③ مەردۇم — ئادەم.

جەمئىي كۆڭۈل بىر قاراپ يۈز مىڭ پەرىشان بولغۇسى .
قامەتىڭنى كۆرسەلەر مەھشەردە ئىنسانۇمەلەك ،
ھۆرۇ غۇلمانلار بولۇپ بارچەسى ھەيران بولغۇسى .
قەترەئى ئەشكىم[1] ئەگەر تامسە يۈزۈمگە ، مەشرەبا ،
تەشنەلىك ۋەقتىدە بىلسەڭ راھەتى جان بولغۇسى .

ئاپتور بۇ شېئىرىدا ئاي سۈپەت نۇرانە ھۆسن جامالى ۋە جان ئالغۇر ئوتلۇق خۇلق - مىجەزى بىلەن ھەممىنى كۆيدۈرۈپ ، ھېچكىمگە كۆڭۈل بەرمەي ئۆتكەن بىر شاھانە گۈزەلنىڭ بەكمۇ يارقىن بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىدۇ . ئۇ بۇنىڭدا بەدىئىي مۇبالىغە ئۇسۇلىنى ئىجادىي ھالدا ماھىرلىق بىلەن قوللىنىپ ، ئىشق ئوتى بىلەن قەلبىنى داغلاپ ، داۋاسىز تاشلاپ كەتكەن بۇ شەپقەتسىز جانانغا بولغان تەشنالىقى ۋە ئىنتىلىشىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ ، ئۆزىنىڭ ئازابلىق قەلب يارىسىنى ئاچىدۇ . ئۇ شېئىرىدا بۇ مەغرۇر ، ئىپتىخارلىق گۈزەلنى ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇغرىدىن - تۇغرا ماختىماي ، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەبىئىي ھېس - تۇيغۇسىنىڭ تاشقى ھەرىكەتلىك ھالەتلىرىنى جانلىق تەسۋىرلەپ ، ئۇنىڭ پاكلىقتىن پارلىغان سېھرىي گۈزەللىكىگە ئاشىقانە مەدھىيە ئوقۇيدۇ . شائىر قەلىمىدىكى تەڭدىشى يوق بۇ گۈزەل خۇشبۇي ھىدلىق سۇمبۇل چاچلىرىنى سىلكىپ ئەتراپقا بىر جىلۋىلىك باقسا مىڭلىغان ئاشىق پەرىشانلىقتىن ھالسىزلىنىپ ھوشىنى يوقىتىدۇ . قىيامەت مەيدانىغا يىغىلغان پەرىشتە ۋە ھۆر - غۇلمانلار ئۇنىڭ گۈل سۈپەت سەرۋى قامىتىنى كۆرسە ھەيرانلىقتىن ياقىسىنى تۇتۇپ تەڭرىدىن شەپقەت تىلەيدۇ . دۇنيادا ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى تونۇماي ئۆتكەن بىر جاھىل مۇرتەت ئۇنىڭ رەھىمسىز جادۇ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا بىردىن يۇمشاق ۋە سىپايە ھالەتكە قايتىپ ، ھاللالىققا بېرىلگەن تەقۋادار

① ئەشكىم — كۆز ياش .



مۇسۇلمانغا ئايلىنىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، شائىر بۇ شېئىرىدا ئىنسان گۈزەللىكى ۋە ئۇلۇغۋارلىقىنىڭ ئوبراز ۋە سۈرەتلەردىن پۈتكەن تىرىك نۇرانە ھەيكىلىنى تىكلەپ ، شېئىرىيەتتىكى بەدىئىي مۇبالىغىنىڭ كىشى ئەقلىنى لال قىلىدىغان ئاجايىپ گۈزەل لىرىك ئۈلگىسىنى ياراتقان .

يۇقىرىدا بىز شېئىرىيەت ۋە شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق . ئۇنداق بولسا ھەقىقىي ئىجادىي شېئىرىيەت قانداق بەدىئىي پەزىلەتلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك ؟

مېنىڭچە ، يېڭىلىق ۋە ئىجادىيلىقنى ھەقىقىي ئىجادىي شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بەدىئىي پەزىلىتى دېيىش كېرەك . چۈنكى ، شېئىرىيەتنىڭ ھەممە ھايات ئېنېرگىيىسى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ يېڭىلىقى ۋە ئىجادىيلىقىدىن كېلىدۇ . ئۇ ئەنە شۇنداق ھاياتىي كۈچىگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ مەنىۋى مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ ، ئوقۇرمەن قەلبىدىن يېڭى بەدىئىي ئەبەدىيلىك تاپىدۇ . ھەقىقىي يېڭى ئىجادىي شېئىرىيەت ھايات ۋە كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرى بىلەن كىشىلەر قەلبىنىڭ ئەڭ مەخپىي ، ئەڭ پىنھان ھالەتلىرىنى ئېچىپ ، ئۇنى ئۆزىگە خاس گۈزەللىك پەللىسىدە گەۋدىلەندۈرۈپ ، ئوقۇرمەننى قايناق ھېس - تۇيغۇلارنىڭ يېڭى مۇھىتى بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ ، ئۇنىڭ روھى ۋە ئەقلىنى يېڭى ھاياتىي مەنىلەر بىلەن بېيىتىدۇ . بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، ھەقىقىي يېڭى ئىجادىي شېئىرىيەت ئاددىي ھالدىكى يارىتىش ئەمەس ، بەلكى ئۇ شائىرنىڭ ئازابلىق ئىجادىي ئىزدىنىشىدىن تۇغۇلىدىغان يېڭىچە ئىختىرا ۋە كەشپىياتتۇر . تالانتلىق ياش شائىر ۋاھىتجان ئوسماننىڭ مۇنۇ شېئىرىنى كۆرۈپ باقايلى :

ئۆز باغرىغا جۇغلىسام دەيدۇ ،
ئېلىپ دەردنى مىڭىنىڭ باغرىدىن .

ئىككى ئالەم غېمىنى يەيدۇ ،
بىتەمەننا پۇچۇق زاغرىدىن .
بىر جېنىغا مىڭ ئاشىق ئۈچۈن ،
مىڭ ھىجراندا ئېقىپ يىغلايدۇ .
خىيالىدا جىمى ئادەملەر ،
يۇلتۇز كەبى يېنىپ پارلايدۇ .
ئۇنىڭ قەلبى باھار ۋادىسى ،
زىمىستاننى چالار نەي قىلىپ .
بۇ دۇنيانىڭ گۈلگۈنى ئۈچۈن ،
ئازابلارنى ئىچەر مەي قىلىپ .
تۈنۈگۈندىن ئەتىسى ئۈچۈن ،
شائىر بۈگۈن ئىلغار ئۆزىنى .
ئاۋۋال شائىر تۇغىدۇ سەھەر ،
ئاندىن قۇياش ئاچار يۈزىنى .

قاراڭ ، بۇ قۇرلار قەلبى سەنئەتتەك پاك ، شېئىردەك ھارارەتلىك بولغان ھەقىقىي شائىرنىڭ ، يەنى ئۆزىنىڭ ھايات قىسمىتى بىلەن ئەقىل ۋە ۋىجدانىنى ئۆز خەلقىنىڭ غايىۋى تەقدىرى بىلەن مۇستەھكەم باغلىغان خىسلەتلىك بىر ئىنساننىڭ ھاياتتەك كەڭ ۋە باي بولغان قۇدرەتلىك مەنىۋى دۇنياسىنىڭ ئوبرازلىق بەدىئىي تەسۋىرى ئەمەسمۇ ؟ راست ، بىزنىڭ نەزىرىمىزدىكى ھەقىقىي شائىر ئۆتكۈنچى ھەۋەس ۋە قىزىقىش كۈچى بىلەن شېئىرىيەتكە ياندىشقان ئادەتتىكى ئەقىدىسىز نەزمىكەشلەردىن ئەمەس . ئۇ ئىنسان مەنىۋىيىتىگە تەۋە بولغان ھەممە نەرسىنى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئەقىل ۋە ئەقىدە كۈچى بىلەن سەنئەت شەكلىدە قايتا يارىتىپ ، ھاياتنىڭ تۇرمۇش قاينىملىرىغا يوشۇرۇنغان يېڭى سىر ، ھېكمەتلىرىنى بەدىئىي يول بىلەن ئوبرازلىق ئېچىپ بېرەلەيدىغان ، تەۋرەنمەس غايە ۋە ئېتىقادقا ئىگە بولغان ئالاھىدە



تەقلىدتىكى بۈيۈك بىر ئىنسان . ئۇنىڭ «باھار ۋادىسى»دەك كەڭ تەمەسىز قەلبى شۇنچىلىك گۈزەل ۋە ئوتلۇق . ئۇنىڭغا بەختسىز دەردمەنلەرنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىمۇ ، ئىككى ئالەمنىڭ تۈگىمەس غەم - ئەندىشىسىمۇ ، ھىجرانلىق ئاشىقلارنىڭ ئازابلىق دەرد - ئەلىمىمۇ ، تۇرمۇشتا «يۇلتۇز كەبى پارلاپ» ، ھاياتقا يېڭىچە رەڭ ۋە مەنە بېرىۋاتقان مۇھەببەتلىك ئادەملەرنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىززەت - ھۆرمىتىمۇ دائىمىي ھەمراھ . ئۇ ھەقىقەتەن ھېچكىمدىن ھېچ نەرسە كۈتمەيدىغان ، ئۆزىنىڭ ئەقىل ۋە ۋىجدانىغا تايىنىپ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى يارىتىدىغان ، ھاياتنىڭ ھەرقانداق ئازاب ۋە كېلىشمەسلىكلىرى ئالدىدىمۇ قەددىنى تىك تۇتۇپ يىراقلارغا نەزەر سالالايدىغان ئىرادىلىك بىر شەخس . ئۇ تۇرمۇشتا ئاسان نەزەرگە چۈشمەيدىغان ، ھەرقانداق ھاياتىي ئامەتتىن يىراق بولغان ئاددىي بىر ئادەم . لېكىن ، ئۇ سەھەر باغرىغا سۈبھىنى باشلاپ كېلىپ مۇقەددەس قۇياشنىڭ نۇرلۇق يۈزىنى ئاچالايدىغان ئۇلۇغۋار مەنىۋى قۇدرەت ئىگىسى . مانا بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ھەممە مەنىۋى بۈيۈكلۈكىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ ، ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي كامىللىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئىجادكار شائىرنىڭ كىشى قەلبىگە مەڭگۈ ئورناپ قالىدىغان يېڭى لىرىك ئوبرازى . ئورنى كەلگەندە مەن سىزگە مۇنداق بىر ئىشنى ئېيتىپ ئۆتەي : مەن يېقىنقى يىللار ئىچىدە شېئىر ۋە شائىر تېماتىكىسىنى مۇنداق يېڭىچە تەسەۋۋۇر كەڭلىكى بىلەن ئىجادىي ئوبراز ۋە بەدىئىي سۈرەتلەر ۋاستىسىدە بۇنچىلىك چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن بىرەر شېئىرىي ئەسەرنى ئۇچراتمىغانىدىم . شۇڭا ، مەن بۇ شېئىرنى ئوقۇپ تۈگىتىپ ، يېڭىدىن يېڭى تەسىراتلار ئېقىمىغا ئەسىر بولۇپ ، ئۇنىڭ «ئاۋۋال شائىر تۇغىدۇ سەھەر ، ئاندىن قۇياش ئاچار يۈزىنى» دېگەن ئاجايىپ مىسرالىرىنى كۆڭلۈمدە تەكرارلىغىنىمچە ئۇزاققىچە ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ قالدىم .

ئەمدى بىز شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ئوت يۈرەك شائىر

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا بېغىشلانغان تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ كۆرەيلى :

شېئىرلىرىڭ ئالدىمدا ، كۆز ياشلىرىم تۆكۈلدى ،
پاجىئەڭگە پاك قەلبىم ئوت بوپ ياندى ، ئۆكۈندى .
ۋەزىنسىزدۇر بۈيۈك تاغ قارشىسىدا ۋەزنىڭنىڭ ،
قامىتىڭدىن ئېگىمدا كۆن قىسىنىپ مۆكۈندى .
ئەرك ئۈچۈن قانلىرىڭ زەر تۇپراققا تۆكۈلدى ،
مەردلىكىڭگە ئالەمنىڭ سۈناماس بېلى پۈكۈلدى .
چالۋاقىشىپ جاللاتلار كەسكەن بىلەن بېشىڭنى ،
بۈيۈكلۈكۈڭ ئالدىدا مەڭگۈ تەسلىم يۈكۈندى .

شائىر ئوسمانجان ساۋۇت بۇ شېئىرىدا ئۆزىنىڭ شائىرنىڭ ئىجادىيىتى ۋە جاسارىتى ئارقىلىق ياراتقان بۈيۈك تۆھپىسىگە بولغان مەدھىيە ۋە تېۋىنىشىنى پۈتۈنلەي يېڭىچە يول بىلەن ئېچىپ بەرگەن . ئۇ ئۆزىنىڭ شائىرغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى تەبىئىي شەكىللەنگەن چىن ۋە سەمىمىي ھېسسىياتى بىلەن نۇرلاندۇرۇپ ، شائىرنى يېتىش بەكمۇ تەس بولغان مەنىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن . ئۇ شېئىرىدا شائىر ھاياتىدىكى ئېچىنىشلىق قىسمەت بىلەن شىددەتلىك تراگېدىيە بويلاپ ئىلگىرىلەپ ، تېخىمۇ قايناق تېماتىك مەزمۇن چوڭقۇرلۇقىغا شۇڭغۇپ ، رەزىللىك ۋە قاباھەت بىلەن ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ شەپقەتسىز ئېلىشىشىنىڭ يارقىن شېئىرىي مەنزىرىسىنى ياراتقان . ئۇ رەھىمسىز تارىخنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن قاقشىغان . كور تەقدىرنىڭ قاراملىقى ۋە شەپقەتسىزلىكىدىن زارلىغان . شۇنداق قىلىپ ، شائىر ئېچىنىش ۋە ئازاب ، جاسارەت ۋە مەردلىك تۇيغۇلىرى بىلەن جانلاندۇرۇلغان ئاجايىپ ھەيۋەتلىك شېئىرىي مۇھىتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ، شائىرنىڭ نۇرانە مەنىۋى ھەيكىلىنى



تىكلىگەن .

ھەقىقىي يېڭى ، ئىجادىي شېئىرىيەتنىڭ لىرىك مەزمۇنى كەڭ ۋە رەڭدار بولىدۇ . شائىر بىرەر تېما ئۈستىدە قەلەم تەۋرەتكىنىدە ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك خىيال ۋە تەسەۋۋۇر كۈچىگە تايىنىپ جەمئىيەت ۋە تەبىئەتنىڭ ئۆزى ئۇچرىشىپ كۆرمىگەن سىرلىق ۋە مۇرەككەپ بۇلۇڭلىرىغا كىرىپ ، ئۇنىڭدىن تىپىك ۋە ماھىيەتلىك ھاياتىي مەزمۇنلارنى تېپىپ ، رېئاللىقنىڭ تېخىمۇ كەڭ ۋە مۇكەممەل بولغان يېڭى لىرىك مەنزىرىسىنى يارىتىدۇ . بۇنداق كەڭ بەدىئىي مەزمۇن ئۆزىنىڭ چەكسىزلىكى ۋە كۆپ قاتلاملىقى بىلەن ئوقۇرمەننى يېڭى ھاياتىي پىكىر ۋە يېڭى ئەقلىي ئىزدىنىشنىڭ بىپايان زېمىنى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەرنىڭ ئوقۇرمەننىڭ روھى ۋە ئەقلىگە سىڭگەن يېڭى ئىككىنچى ھاياتى باشلىنىدۇ . بىز تالانتلىق ئۆزبېك شائىرى رەئۇف فەرفىنىڭ «شائىر» ناملىق مۇنۇ شېئىرىنى ئوقۇپ كۆرەيلى :

شائىر شۇنىڭ ئۈچۈن تۇزەرمۇ دىۋان ،
بولمىسا بۇ مۇڭلۇق تىزمىلار نېچۈن ؟
كىمنى شائىر بىلىپ تەن ئالار جاھان ،
بىز كىمنى شائىر دەپ ئاتايمىز بۈگۈن ؟
كىمدۇ ئۇ جاپاكەش ئادەملەر ئارا ،
بارلىغىن ئاتىغان ئاددىي قەلەمگە .
كىمدۇ ئۇ غەم ئارا ۋە ماتەم ئارا ،
ھېكمەت چېچىۋاتقان پۈتۈن ئالەمگە ؟
نى ئەللەر ، ۋەتەنلەر گۈلخاندا يانغان ،
شائىر كۆز ئالدىدىن ئۆتىدۇ بىر - بىر .
بارچىنىڭ دەردىنى ئۆزىگە ئېلىپ ،
مەجنۇندەك يۈرىدۇ شۇڭا ھەر شائىر .
تېخى بوغۇزلاردا بوغۇلار نەپەس ،

كونا يارىلاردىن تامچىلايدۇ قان .
شائىرنى كۆيلەتكەن تەبىئەت ئەمەس ،
شائىرنى سۆزلەتكەن ھەزرىتى ئىنسان .

تەسەۋۋۇرىدا كۆرسىتىلىشىچە ، ئىنسان ھەقىقەت باسقۇچىغا يەتكەندە ئادالەت بىلەن مەنىۋى ئەخلاقىي كامالەتنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە چىقىدۇ . ئۇ ئىنسانىي خورلۇق گىردابىغا ئىتتىرىدىغان نەپسى بالاسى بىلەن ئۇنى مەنىۋى قۇللۇق زەنجىرىگە باغلايدىغان تەمە ۋەسۋەسىسىنى ئۆلتۈرۈپ ، پاك ۋە ئالىيجاناب ئادەم سۈپىتىدە قەد كۆتۈرىدۇ . بۇنداق ئادەم ھەقىقەت ۋە ئادالەت بىلەن خەلقنىڭ ھاياتىي تەقدىرى ئۈستىدە بىر ئۆمۈر ئازابلىق ئىزدىنىپ ئۆتۈشنى ئۆزىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچى ھېسابلايدۇ . ھاياتقا ساختا رەڭ بېرىشنى ، يالغان ۋە ۋاپاسىزلىقتىن تۆرەلگەن قۇرۇق نەزمىكەشلىكنى نومۇس ھېسابلايدۇ . يۇقىرىدا بىز كۆرۈپ ئۆتكەن شائىر مەنىۋى تەرەپتىن پاكلىنىپ ، ھەقىقەت ۋە ئادالەت يۈكسەكلىكىگە يەتكەن مۇشۇنداق بىر ئادەمنىڭ يېڭى ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەر مۇھىتىدا يېڭىچە مەنىۋى قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشىدۇر . ئۇنىڭ قەلبى ئالەمدەك كەڭ ۋە پايانسىز ، مەنىۋىيىتى ھاياتتەك باي ۋە رەڭدار بولۇپ ، خۇددى شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىدەك بۈيۈك ۋە مۇقەددەس . ئۇ ئىلھام يانغىنىدا كۆيىدۇ ، زوق ۋە ئازابتىن جېنى سىرقىرايدۇ . ئۇ بارلىقىنى ئاددىي قەلەمگە ئاتاپ ، پۈتۈن ئالەمگە ھېكمەت دۇردانىلىرىنى چاچىدۇ . شۇڭا ، ئۇنىڭ ھەسرەتتىن نەپسى بوغۇلۇپ ، ئازاب يارىلىرىدىن قانلار تامچىلايدۇ . ئۇ ئىنساندا بولىدىغان ھەممە ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنى ئۆزىگە يىغقان ، پاكلىق ۋە ئۇلۇغۋارلىقنىڭ ساھىبى بولغان ئاددىي بىر كىشى . لېكىن ، ئۇ شائىر دېگەن بۈيۈك نامغا ئەڭ مۇناسىپ بولغان ، «ھەزرىتى ئىنسان» ھەققىدە ئۆمۈر بويى تەشۋىش چېكىپ ئۆتىدىغان مۆھتەرەم ئىلھام ئىگىسى .

شېئىرنىڭ بەدىئىي مەزمۇنى شۇنچىلىك كەڭ ۋە چوڭقۇر



بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئىنسان بىلەن تەبىئەت ، ئىشەنچ بىلەن ئېتىقاد ، ۋىجدان بىلەن ئادالەت ، ئەقلىي ھېكمەت بىلەن ھاياتىي پەلسەپە بىر پۈتۈن نەرسىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ . ئۇنىڭدىن ئۆمۈر بويى ئازابلىق ئىلھام ۋە ئوتلۇق پىكىر يالقۇنىدا كۆيۈپ ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەلەم ۋە تەشۋىشى بىلەن ياشايدىغان ، ھاياتتىكى ھەممە كىشى تەن ئالىدىغان ئاددىي ، لېكىن ئۇلۇغۋار بىر شائىرنىڭ ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي يۈكسەكلىكىگە تەۋە بولغان ھەممە مەنىۋى سۈپەتلەر تېپىلىدۇ .

لىرىك ئوبراز ۋە لىرىك رەڭدارلىققا باي بولۇش ھەقىقىي ئىجادىي شېئىرىيەتنىڭ يەنە بىر قىممەتلىك بەدىئىي پەزىلىتى . شېئىرىي تەپەككۇردا رېئال تۇرمۇش ۋە ئەنئەنىۋى بىلىش ئادەتلىرىدە ئەقىلدىن تاشقىرى بولۇپ كۆرۈنىدىغان غەلىتە ۋەقە ۋە ھادىسىلەرمۇ ئوبرازلار مەنتىقىسىدە مۇئەييەن ئەقلىي ئۇيغۇنلۇق بىلەن بەدىئىي چىنلىق مۇقەررەرلىكىگە ئىگە بولىدۇ . ئوبرازلىق تەپەككۇر شائىرنى چەكسىز ئىجادىي ئەركىنلىك ۋە پىكىر ئازادلىقىغا ئىگە قىلىپ ، ئۇنى خىيال ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ يېڭى بىپايان ئالىمى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ رېئال ھايات كۆرۈنۈشلىرى بىلەن كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ ، ئەنئەنىۋى پىكىر ۋە چۈشەنچىلەر چەمبىرىكىنى بۇزۇپ ، ئۆز ئەسىرىنىڭ مەزمۇنىغا مۇناسىپ بولغان يېڭى بىر ئوبرازلىق بەدىئىي مۇھىتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ . ئۇنىڭدا ئەسەردىكى ھەممە نەرسە ، ھەممە شەيئى ، ھادىسىلەر ئەسلىدىكى ھالەت ۋە كۆرۈنۈشىدە ئەمەس ، بىر خىل تىرىك ئوبراز ۋە جانلىق سۈرەت تۈسىدە ئايان بولىدۇ . مەشرەپنىڭ مۇنۇ قۇرلىرىنى ئوقۇپ كۆرەيلى :

ئىشتىكەچ يەتتى دوزاخ ۋەھمىدىن كۆڭلۈم قاچان قورقار ،
كى ، ئاشىق چەشمەئىدىن ياش ئاقسا دوزاخ بولغۇسى دەريا .

كى ، دوزاخ يىغلاپ ئەيتۇر : «ئال بۇ قولۇڭنى ئۇشبۇھىن يارەب ،
كى ، بىزدە قالمىدى تاقەت بۇ ئىشق ئوتىدىن ئەسلا .»
كەل ، دىلبەر ، بۇ هالەتتە بىرەي جانىم ئالۇر بولساڭ ،
غەزەپ بىرلە باشىم چۇلغاپ ، قولۇمنى دەرمەهەل باغلا .

بۇ قۇرلاردا شېئىرىي مەنزىرىلەر مۇبالىغە يولى بىلەن ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ ، كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان ئاجايىپ جانلىق بەدىئىي سۈرەتلەر تۈركۈمى يارىتىلغان : يار ۋەسلىگە تەشنا ئەلەملىك ئاشىق ئەجەل دوزىخىنىڭ هەرقانداق ۋەھىمىسىگە پەرۋا قىلمايدۇ . چۈنكى ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن هەسرەت ياشلىرى تۆكۈلسە ، ئوتلۇق دوزاخ كەلكۈنلۈك دەرياغا ئايلىنىدۇ . ئۇ دوزاخقا كىرسە ، ئىشق ئوتى ئازابىدىن تاقىتىنى يوقاتقان بۇ ئاتەش ماكان ئازابقا چىدىماي نالە قىلىپ ، تەڭرىدىن بۇ قۇلىنى ئېلىپ كېتىشنى تىلەيدۇ . بۇ هالدا هېلىقى شەپقەتسىز دىلبەر بۇ بەختسىز ئاشىقنىڭ جېنىنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالامدۇ ؟ ياق ، چۈنكى ئۇنىمۇ ئەلەملىك ئاشىقنىڭ دوزاخنى قاقشاتقان قۇدرەتلىك يالقۇنىدا كۆيۈپ تۈگىشىش ۋەھىمىسى كۈتۈپ تۇرىدۇ . مانا بۇ دەرد ـ هەسرەتتىن ۋۇجۇدى يانغان هەقىقىي هەسرەتلىك ئاشىقنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلغان شېئىرىي سۈرىتى .

هەقىقىي ئىجادىي شېئىرىيەت شېئىرىي ئاهاڭدارلىق بىلەن مۇزىكىلىق ئىچكى ساداغا ئىگە بولىدۇ . ئۆتكەندە شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان بەزى بۇرادەرلەر شېئىرىيەتكە بەدىئىي گۈزەللىك بېغىشلايدىغان بەزى مۇھىم ئامىللارنى ئىنكار قىلىپ : «شېئىردا ۋەزىن ، قاپىيە ، تۇراق دېگەنلەر مۇھىم ئەمەس . شېئىرىي ئاهاڭدارلىق تەلىپى تېخىمۇ شۇنداق» دېيىشتى . مېنىڭچە ، بۇ شېئىرىيەتنى ئەڭ ياخشى بىر بەدىئىي پەزىلىتىدىن مەھرۇم قىلىپ ، ئۇنىڭ مۇزىكىلىق ئىچكى ساداda گەۋدىلىنىدىغان بەدىئىي گۈزەللىكىنى ئىنكار قىلىدىغان



ناتوغرا قاراشتۇر . بىزنىڭ مىللىي شېئىرىيىتىمىز ئەزەلدىن مۇزىكا بىلەن تۇغۇلۇپ ، مۇزىكا بىلەن ياشاپ كەلگەن . شېئىرىيىتىمىزدىكى ۋەزىن ، تۇراق ۋە قاپىيە گۈزەللىكىدىن پەيدا بولغان تەبىئىي مۇزىكىلىق سادا شېئىرىيىتىمىزگە تېخىمۇ زور بەدىئىي يارقىنلىق بېغىشلاپ ، ئۇنى يېڭى هاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغان . شۇڭا ، ئۇ ئەزەلدىن شېئىرىيىتىمىزدە هەقىقىي ئىجادىي شېئىرىيەتنىڭ بىر مۇھىم بەدىئىي مىزانى بولۇپ كەلگەن . بىز مەشرەپنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى ئوقۇپ كۆرەيلى :

كەل ، ئەي دىلبەر ، يۈزۈڭ ئاچقىن ، تەسەددۇقتۇر بۇ جان ئەمدى ،
پىراقىڭدا ئادا بولدى ، كۆيۈپ بۇ ئۇستىخان ئەمدى .
نېچۈك ئەيلەي ، بۇرادەرلەر ، بولۇپمەن زارۇ سەرگەردان ،
داۋاسىز دەردكە ئۇچراپمەن ، ئۆلەرمەن بىگۇمان ئەمدى .
جاهاندا هېچ كىشى بارمۇ جۇدالىقتىن ئادا بولغان ،
يېتىپتۇ هەلقۇمە جانىم ، ماڭا يوق مېهرىبان ئەمدى .
نېچۈك تاقەت قىلاي دىلبەر ، سېنىڭسىز مەن بۇ دۇنيادا ،
چىقار كۆكسۈمدىن ئاهىم هەم تۇرالماس ئاسمان ئەمدى .

بۇ نېمە ؟ شېئىرمۇ ياكى ئوقۇرمەن تېخى ئىشتمىگەن سېهرىي سادامۇ ؟ ئۇ دۇتارنىڭ مۇڭ تۆكۈشى ، تەمبۇرنىڭ زارلىنىشىمۇ ياكى قالۇننىڭ هەسرەتلىك ئۆكسۈشىمۇ ؟ ياق ، بۇ شېئىرىي تىلنىڭ مۇزىكىغا كۆچۈرۈلۈشى ، ئىنساننىڭ شادلىقى ۋە مەنىۋى پاكلىقى بىلەن ئۇنىڭ قايغۇ ـ هەسرىتىنىڭ مۇزىكىلىق ئىچكى سادا بىلەن ئىنسان روهىيەت ئالىمىدە ئەركىن پەرۋاز قىلىشى .

غەزەل مۇئەييەن بەهر چەكلىمىسى دائىرىسىدە يارىتىلغاچقا ، ئۇنىڭدىكى بەدىئىي ئۇيغۇنلۇق بىلەن مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەت نىسبەتەن ئېنىق ۋە روشەن بولىدۇ . ئۇنداق بولسا باشقا خىلدىكى شېئىرلاردىچۇ ؟ بىز شائىر ئابدۇرېهىم ئابدۇللانىڭ تۆۋەندىكى

قۇرلىرىغا نەزەر ئاغدۇرۇپ كۆرەيلى :

ئەجەب سېغىندىم ،
كىندىكىمنىڭ قېنى سىڭگەن ،
چىلان رەڭلىك ئىپار توپاڭنى .
ئەجەب سېغىندىم ،
مەرىشىپ ، مۆرىشىپ ،
ھىجران بىلەن قايتقان پاداڭنى
ئىسىت !
قولياغلىقىمدا سۈرتۈپتىكەنمەن ،
چاڭ توزىتىپ قايتقاندا پاداڭ ،
يۈزلىرىمگە قونغان ئۇ چاڭنى .

شېئىرنىڭ لىرىك مەزمۇنى «بەخت ئىزدەپ» چەت ئەلگە كەتكەن ۋەتەنپەرۋەر قېرىندىشىمىزنىڭ ھەسرەتلىك روھىي كەچۈرمىشى . ۋەتەنسىزلىك ئازابىدا قەلبى مۇجۇلغان بۇ بەختسىز ئادەم ۋەتەن ۋىسالىغا ھەسرەتلىك تەلپۈنىدۇ . لېكىن ، ئۇ يەنىلا ۋەتەن ۋەسلىگە يېتەلمەي «خىيال بىلەن ۋىسال قۇچۇپ» قېلىۋېرىدۇ . ئاپتور شېئىرنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسىنى ئۆز لىرىك پېرسوناژىنىڭ مۇشۇنداق مۇرەككەپ ۋە دولقۇنلۇق روھىي ھالىتىگە ماس ھالدا تەشكىللەپ ، مىسرالار سانى ئوخشاشمايدىغان يېرىم ئەركىن شېئىرىي تۈزۈلۈشنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ، ئۆز لىرىك پېرسوناژىنىڭ ئەلەملىك روھىي دۇنياسىنى ئىنچىكىلىققا ئىگە بولغان سەكرەتمىلىك شېئىرىي تەسۋىر يولى بىلەن روشەن ئېچىپ بەرگەن . كىشىنى قايىل قىلىدىغىنى شۇكى ، ئاپتور مۇشۇنداق شېئىرىي قۇرۇلمىدىمۇ مۇناسىپ ۋەزىن ، تۇراق ۋە قاپىيە گۈزەللىكىگە ئېرىشىپ ، ئەسىرىنى مۇزىكىلىق رىتىم ۋە ساداغا ئىگە قىلىپ ، مۇڭلۇق ۋە ھەسرەتلىك لىرىك ئېقىمنى بارلىققا



كەلتۈرگەن .

مۇئەييەن بەدىئىي ئىخچاملىق ئىجادىي شېئىرىيەتنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى . يىغىقچىلىق سەنئىتى — ماھىيەتتە قىسقارتىش سەنئىتى . يەنە ئۇ پۈتۈن بىر دەۋر ۋەسۋەسىلىرى بىلەن پۈتۈن بىر رېئال ھايات تەشۋىشلىرىنى ئەڭ ئىخچام ۋە ئەڭ يىغىنچاق ئەدەبىي سەھىپىدە ئەڭ يۈكسەك بەدىئىي روشەنلىكتە ئوبرازلىق ئېچىپ بېرىش سەنئىتى . ئەدەبىياتتىكى بەدىئىي ئىخچاملىق تەلىپى نوقۇل ھالدا قىسقا يېزىش دېگەنلىك ئەمەس . چۈنكى ، ھەرقانداق بىر ئەسەرنىڭ ھەجمى ئۇنىڭ مەزمۇن جۇغلانمىسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ . شېئىرىي ئەسەرلەردە تېخىمۇ شۇنداق . شېئىرىيەتتىكى بەدىئىي ئىخچاملىق تەلىپى دەل شېئىرىيەتنىڭ ماھىيىتى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزگىچە ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىدىن كەلگەن . ئەسلىي شېئىر تۇيۇقسىز يانغان چاقماق ، بىر لەھزە يورۇق بېرىپ ئۆچىدىغان يالقۇن . مۇنداق تۇتۇق بەرمەيدىغان قىسقا بىر جەريان شېئىردىمۇ خۇددى ئىلھامنىڭ پارتلاپ تېشىشىدەك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىخچام سەھىپىدە ئەكس ئېتىشى لازىم . مانا بۇ شېئىرىيەتتىكى بەدىئىي ئىخچاملىق تەلىپىنىڭ بەدىئىي مەنتىقىلىق ئاساسى . شېئىردا بەدىئىي ئىخچاملىققا ئېرىشىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىجادىي ئۇسۇلى قايسى؟ شېئىرىي بايان ، شېئىرىي تەسۋىرلەرنى لىرىك ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئۆتكۈزۈپ ، ئۇلارنى تىپىك لىرىك ئوبرازلار تۈسىگە ئىگە قىلىپ ، ئەڭ قىسقا شېئىرىي سەھىپىگە يىغىش ، شېئىرىي پىكىرلەرنى قايتا - قايتا تاۋلاپ ، ئۇلارنى جۇلالىق جاۋاھىر دانىسىدەك نۇرلاندۇرۇشتۇر .

تۆۋەندە ئاز ، لېكىن ساز يازىدىغان تالانتلىق شائىر باتۇر روزىنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى ئوقۇپ كۆرەيلى :

دەردلەر كەلكۈن قەلبىمدە ،
توختاپ قالدى تۈيغۇمدا زامان .

ئەرزىم يەتسۇن تەڭرىمگە ،
ئاچ كۆزۈڭنى قايتا ئانجان .
قانداق پاتتىڭ قەبرەڭگە ،
تۇرساڭ بىر جاھان .
ھار كەلمەسمۇ تەڭرىمگە ،
سەندىن ئالسا جان .
شەربەت ئىزدەپ كەتتىڭمۇ ،
شەربەت تامسا ئاغزىڭدىن ئانام .
جەننەت ئىزدەپ كەتتىڭمۇ ،
جەننەت تاپسام باغرىڭدىن ئانام .

نېمىدېگەن تاۋلانغان شېئىرىي پىكىر ! مېنىڭچە ، بۇنداق شېئىرلارغا ھەرقانداق شەرھىي ۋە تەۋسىپ ئارتۇقچە . بۇ شېئىر ئۆزىدە بار ھەممە نەرسىنى لىرىك ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەن سىزگە شۇنداق پاكىز چۇشەندۇرۇپ تۇرۇپتۇ . مېنىڭ خېلى يىللار بۇرۇن تالانتلىق ئۆزبېك شائىرى خۇرشىد دەۋراننىڭ مۇقامغا بېغىشلانغان ، ھاياتىي ھېكمەتكە تويۇنۇپ ، ئەقلىي مۆجىزە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بىر كۇپلېتلىق مۇنداق بىر شېئىرىنى ئوقۇغانلىقىم ئېسىمدە :

تىللا ئۇزۇك كۆزىدە زەھەرسەن ،
تېتىدىم ، تەمىڭنى بىلىمەن .
باغرىمغا پاتقان خەنجەرسەن ،
تارتىپ ئالسا ئۆلىمەن .

مانا بۇ بۇيۇك سەنئەت ئابىدىسى بولغان بىر پۈتۈن مۇقامنىڭ ئاجايىپ يۇكسەك ئىجادىي ئوبرازلاشتۇرۇلغان بەكمۇ ئىخچام لىرىك تەسۋىرى . ئۇنىڭدىكى ھەربىر مىسرا قۇيما چويۇندەك ئېغىر ۋە ۋەزىنلىك ، پىروكاتلانغان پولاتتەك ساپ ۋە مۇستەھكەم .



مىسرالاردىكى مەنە چوڭقۇرلۇقىنى دېمەمسىز تېخى ! شائىر مۇقامنىڭ ئالتۇن ئۇزۇك كۆزىدە ساقلانغان ئەجەل ئوغىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۇنى تېتىپ تەمىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ . ئۇنىڭ ئوتلۇق خەنجەر بولۇپ باغرىغا پاتقىنىدىن بىر خىل ھاياتىي لەززەت ھېس قىلىدۇ . مۇبادا بۇ ئازابلىق ئەجەل تىغى تارتىپ ئېلىنسا شائىر ھەسرەت بىلەن جان بېرىدۇ . ئاپتور شېئىردا بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ئىككى خىل ھېس - تۇيغۇنى ماھىرلىق بىلەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ، ئۇنىڭغا ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېڭى ، ئىجادىي شېئىرىي مەنە بېرىپ ، مۇقامنىڭ ماھىيىتىنى بەكمۇ يۇكسەك بەدىئىي ئىخچاملىق سەۋىيىسىدە ئېچىپ بەرگەن .

يۇقىرىدا مەن ھەقىقىي ئىجادىي شېئىرىيەتنىڭ ئۆزۈم مۇھىم دەپ بىلگەن بەدىئىي پەزىلەتلىرىنى شېئىرىيەتتىكى يېڭىلىق ۋە ئىجادىيلىق ، شېئىرىي مەزمۇندىكى كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق ، شېئىرىي ئوبراز ۋە لىرىك رەڭدارلىق ، شېئىرىي ئاھاڭدارلىق ۋە مۇزىكىلىق ئىچكى سادا ، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى بەدىئىي ئىخچاملىق قاتارلىق ماھىيەتلىك تەرەپلەر بويىچە قىسقىچە مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتتۇم . بۇ مەزمۇنلار نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولغان ئايرىم ۋە ئالاھىدە مەزمۇنلار بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ تالانتلىق شائىرنىڭ قەلىمىدىن تۇغۇلغان ھەربىر ئىجادىي ئەسەردە ئۆزئارا ئورگانىك بىرلىككە ئىگە بولۇپ ، بىر پۈتۈن بەدىئىي گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ .

ئۇكام مۇھەممەتجان !

ئەدەبىياتتا شېئىرىيەت ھەققىدىكى گەپ ئەزەلدىن تۈگىگەن ئەمەس . يەنىمۇ كۆپ گەپلەرنى قىلىشىم مۇمكىن ئىدى . لېكىن ، سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى ئويلاپ گەپلىرىمنى مۇشۇ يەردە توختاتتىم . بىلىمەن ، مېنىڭ بۇ يازغانلىرىم سىز ئۇچۇن يېڭىلىق بولالىشى ناتايىن . لېكىن ، بىر نەرسىگە ئىشەنچىم كامىلكى ، مۇبادا سىز

شېئىرىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ قالسىڭىز ، مېنىڭ بۇ ھالسىز يازمىلىرىم سىز ئۈچۈن ئاددىي بىر پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ .

خوش ئۇكام ، سالامەت بولۇڭ ، خالىسىڭىز شېئىرىيەت ھەققىدە يەنىمۇ سۆزلىشىپ تۇرايلى .

2006 - يىلى 8 - ئاي



## تارىخىي بىئوگرافىك رومان ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېڭى بەدىئىي ئىزدىنىش

مەن شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تەۋەررۇك» ناملىق رومانىنى ھاياجانلىق قىزىقىش تۇيغۇسى ئىچىدە ئوقۇپ تۈگەتتىم . قەلبىمدە يېڭى بىر ئىجادىي ئەسەر بىلەن ئۇچراشقان ھەرقانداق بىر تەلەپچان ئوقۇرمەندە بولىدىغان يېڭىدىن يېڭى پىكىر ۋە تەسىراتلار ئېقىمى پەيدا بولدى .

راستىنى ئېيتسام ، مەن ئون ئىككى مۇقام بىلەن بەكمۇ كېچىكىپ تونۇشتۇم . گەرچە ئۆز ۋاقتىدا ئون ئىككى مۇقام مۇھاكىمە قىلىنغان بىرمۇنچە ماقالە ۋە كىتابلارنى ئوقۇغان ۋە ئون ئىككى مۇقامنىڭ رادىئو ۋە تېلېۋىزورلاردا بېرىلگەن مۇزىكىلىق بۆلەكلىرىنى قويماي ئاڭلاپ تۇرغان بولساممۇ ، لېكىن مېنىڭدە بۇ ھەقتە يەنىلا بىرەر سىستېمىلىق تونۇش ۋە چۈشەنچە يوق ئىدى . كېيىنچە ئون ئىككى مۇقامنىڭ قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسى نەشر قىلىندى . مەن ئۇنى تۇيۇقسىز بىر بىباھا گۆھەرگە يولۇقۇپ قالغان ئادەملىك سەيياھتەك چەكسىز خۇشاللىق ۋە تەشنالىق تۇيغۇسى ئىچىدە ئاڭلاپ تۈگەتتىم . ۋۇجۇدۇم قانداقتۇر بىر غايىبانە قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچتىن سېھىرلىنىپ قالغاندەك ، پىكىر - خىياللىرىم ئۈچۈپ ئۇن - تىنسىز ئولتۇرۇپ قالدىم . دۇنيادا مۇنداقمۇ كەڭ كارامەتلەر دۇنياسى ، مۇنداقمۇ پايانسىز پىكىر ، ھېكمەتلەر ئالىمى بولىدىكەن ئەمەسمۇ ! مەن بۇرۇن ئون ئىككى مۇقامنى خەلقىمىزنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ساددا سەنئەت ئىنتىلىشىدىن بارلىققا كەلگەن ناخشا - كۈيلەرنىڭ تەبىئىي بىرىكىشىدىن تۇغۇلغان ئاددىيتىكى بىر ناخشا - مۇزىكا قۇرۇلمىسى

دەپ ئويلىغانىكەنمەن . ياق ! ئەسلىدە ئۇ يۈكسەك ئىلمىي ۋە ئەقلىي تەپەككۇردىن تۆرىلىپ ، خەلقىمىزنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان پارلاپ كەلگەن ھەممە مەنىۋى پەزىلەتلىرىنى ئۆزىگە يىغقان ، مەڭگۈ تەكتىگە يەتكىلى بولمايدىغان بۈيۈك بىر مۇزىكىلىق قامۇس ؛ ئەنئەنىۋى مىللىي كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ خەلقىمىز قەلبىدە ئۈزۈلمەي كۆتۈرۈلۈپ كەلگەن مۇزىكىلىق دولقۇنى بىلەن يۈكسەك ئىجادىي سەنئىتىمىزنىڭ تەبىئىي بىرىكىشىدىن يانغان ، روھىمىزنىمۇ ، پىكىر ۋە ئەقلىمىزنىمۇ يورۇتالايدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى يالقۇن ئىكەن . مەن مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ ، خەلقىمىزنىڭ بۇ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىنى تالانت ۋە ساداقەت بىلەن نۇرلاندۇرۇپ ، يېگانە ۋۇجۇدىدا پاك ساقلاپ ، ئۇنى دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈپ كەلگەن مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئەسكە ئالدىم . راستىنى ئېيتقاندا ، تۇردى ئاخۇن ئاكا ئاددىي ھالدا ئون ئىككى مۇقامىمىزنىلا ساقلاپ قالغان ئادەم ئەمەس ، بەلكى ئۇ ئەقىل ۋە ۋىجدانىمىزدىن پۈتكەن مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ مەڭگۈ تەكرارلانغىلى ۋە قايتا يارىتىلغىلى بولمايدىغان بىر پۈتۈن شانلىق تارىخىنى ساقلاپ قالغان تەڭدىشى بولمىغان بۈيۈك تۆھپىكاردۇر . كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى ، بىزنىڭ ئۆز خەلقىمىزنىڭ قەلب ساداسى بولۇشى لازىم بولغان مىللىي ئەدەبىياتىمىزدا ، بىزدىن ئايرىلغىنىغا يېرىم ئەسىردىن ئاشقان ، ئۆزىدە بار بولغان ھەممە نەرسىسىنى ئۆز خەلقىگە بېرىپ ، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلماي ، ئۈن - تىنسىز ئۇ دۇنياغا كەتكەن پاك ۋە ئالىيجاناب بۇ ئادەم توغرىسىدا ئەستە قالغۇدەك بىرەر پارچە خاتىرە ياكى ئەسلىمە بولسىمۇ يېزىلمىغانىدى .

مەرھۇمنىڭ مۇبارەك نامى ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان مۇشۇنداق ئۆكۈنۈشلۈك بىر چاغدا ، يازغۇچى ۋە شائىر غەيرەت ئابدۇللا بۇ چوڭ مۇشەققەتلىك تېمىنى دادىل قەلەمگە ئېلىپ ، «تەۋەررۇك» ناملىق تارىخىي بىئوگرافىك رومانىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ، بۇ



تۆھپىكار ئۇستازنىڭ ھايات تارىخىنى تىرىلدۈرۈپ ، ئۇنى ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرى يارىتقان يېڭى سەنئەت باھارىغا باشلاپ كىردى . مەرھۇم ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئەقلىي قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ ساقلاپ كەلگەن خىسلەتلىك ئون ئىككى مۇقامنىڭ بۈگۈنكى كۈندە دۇنيانىڭ ئەڭ شۆھرەتلىك سەھنىلىرىدە جەۋلان قىلىپ ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىغا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈپ روھەن شادلاندى . شۇنداق قىلىپ ، «تەۋەررۇك» ناملىق تارىخىي بىئوگرافىك رومان بىلەن بىزنىڭ ھاياتىي كۈچكە تولۇپ كېلىۋاتقان زامانىۋى مىللىي ئەدەبىياتىمىز ئۆزىنىڭ يەنە بىر مۇقەددەس تارىخىي بۇرچىنى ۋىجدانەن ئادا قىلىپ ، بىر ئۇلۇغ سەنئەتكارنىڭ شۆھرەتلىك نامىنى ئەبەدىيلەشتۈردى . ئۆز مىللىي ئەدەبىياتىنى ھەقىقىي سۆيىدىغان ۋە قەدىرلەيدىغان ھەرقانداق بىر تەلەپچان ئوقۇرمەن بۇنىڭدىن تەبىئىي سۆيۈنۈش ۋە ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدۇ ، ئەلۋەتتە !

«تەۋەررۇك» گەرچە رېئال تارىخىي شەخس ھاياتىغا بېغىشلانغان ، توقۇلما چەكلىمىسىگە ئىگە بولغان تارىخىي بىئوگرافىك رومان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئىپادىلىگەن بەدىئىي مەزمۇنى شۇنچىلىك كەڭ ۋە چوڭقۇر . ئاپتورنىڭ رومانىدىكى ئىجادىي مەقسىتى مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئالاھىدە ھايات يولىنى ، ئۇنىڭ مۇقام سادالىرى ئىچىدە ئۆتكۈزگەن ئۆزگىچە تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ، بىر بۈيۈك خەلق سەنئەتكارىنىڭ ھۆججەتلىك بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىش بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئەسىرىدە بۇ بەدىئىي مەقسەتتىن زور دەرىجىدە ھالقىپ ، تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ مۇقام سەنئىتى ساھەسىدىكى ئىزدىنىش ۋە يېتىلىش جەريانىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەممە نەرسىنى قەلەمگە ئالغان . ئۇ تۇردى ئاخۇن ئاكا دەۋرىنىڭ مۇزىكا رېئاللىقىنى يىراق تارىخىي دەۋرلەرگە باغلاپ ، كۈسەن ، قاراخانىيلار ، سەئىدىيە خانلىقلىرىنىڭ تارىخىي ، ئىجتىمائىي ھاياتى ، جۈملىدىن قىدىرخان

ۋە ئامانىساخاننىڭ مۇقام سەنئىتى مەكتىپى دەۋرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ سەنئەت پائالىيىتىنى مۇشۇنداق بىر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئېقىمى بىلەن تارىخىي بىرلىككە ئىگە قىلىپ، ئۇنىڭ سەنئەت ھاياتىنىڭ تارىخىي ئىجتىمائىي قىممىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن. ئاپتور ئەسىرىنىڭ بەدىئىي راۋاجىغا مۇناسىپ بولغان تارىخىي، ئىلمىي بايانلىرى بىلەن ھېكمەتكە تويۇنغان بەدىئىي پەلسەپىۋى مۇھاكىمىلىرى ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ ھۇسەيىنخان تەجەللىيگە ئوخشاش ئوقۇمۇشلۇق زاتلىرىنىڭ مەنىلىك سۆھبەت ۋە مۇنازىرىلىرى ئارقىلىق ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىجادىي تارىخىنى، ئۇنىڭ ئۆسۈش ۋە مۇكەممەللىشىش جەريانىنى، شۇنداقلا ئون ئىككى مۇقامنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى بىلەن مۇزىكىلىق مەنىسىنى روشەن يورۇتۇپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاپتور ئۆز ئەسىرىنى ئون ئىككى مۇقامنىڭ سىستېمىلىق ئىلمىي مۇجەسسىمى بىلەن مۇقامنى يارىتىپ ۋايىغا يەتكۈزگەن بۇ مۇقەددەس ئانا زېمىننىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي، مەدەنىي مەنزىرىسىنىڭ رەڭدار سۈرىتىگە ئايلاندۇرغان. ئۇ روماندا قانداق قىلىپ بۇنداق زور ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلىدى؟ ئاپتور ئىجادىيەتتە ئۆزىگە خاس يول تۇتۇپ، رېئاللىقنىڭ ھۆججەتلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغان ئومۇمىي مۇقىم ھالەتلىرى بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، ئون ئىككى مۇقام بىلەن تۇردى ئاخۇن ئاكىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەممە ماھىيەتلىك ۋەقە - ھادىسىلەرگە ئوخشاش نەزىرىنى ئاغدۇرغان. ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى، ئۇ ئەدىبلىرىمىز ئۇزاقتىن بۇيان يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالماي كەلگەن بۇ كەڭ، مۇرەككەپ تېمىغا ئالاھىدە ئىشەنچ ۋە بۈرچ تۇيغۇسى بىلەن ياندىشىپ، ئۇزاق مەزگىللىك ئىجادىي تەييارلىق باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى بىلىم ۋە چۈشەنچىلىرى دائىرىسىدىن چىقىپ، تىنىمسىز ئۆگىنىپ ۋە ئىزدىنىپ،



ئوقۇرمەنلەرگە تېخى مەلۇم بولمىغان بىرمۇنچە يېڭى، ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنىڭ سىرىنى يېشىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پىكىر ۋە تەسەۋۋۇردا تېخىمۇ ئەركىن ۋە ئازادە بولۇپ، تارىخىي چىنلىق بىلەن رېئال ھايات زىددىيەت - توقۇنۇشلىرىنىڭ تېما مەزمۇنى تەلەپ قىلغان ھەممە نازۇك، ئىنچىكە ساھەلىرىگە كىرىپ، ئەسىرىنىڭ بەدىئىي مەزمۇنىنى ئىجادىي بېيىتىپ، ئوقۇرمەنلەرنى تېخىمۇ كەڭ بىلىش ۋە چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.

«تەۋەررۇك» — ئۆز بەدىئىي تەلىپىگە مۇناسىپ ھالدا زور بىر تۈركۈم پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلغان يىرىك ئەسەر. ئۇنىڭدا ئۆز دەۋر تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىگە يىغقان، ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە پىكرى ۋە چۈشەنچىسى ئارقىلىق رومانىنىڭ بەدىئىي مەزمۇنىنى تەبىئىي ھالدا گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان بىر توپ ئۆزگىچە ئادەملەرنىڭ جانلىق بەدىئىي ئوبرازلىرى ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلار پىسخىك خاراكتېرىدە ئورتاق بىر ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇھىتىدىن كەلگەن ئومۇمىيلىقىمۇ، شەخس ھاياتىنىڭ خاسلىقىدىن بارلىققا كېلىدىغان روشەن ئالاھىدىلىكىمۇ ئىگە. ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ئىش - ھەرىكىتىنىڭ زامان ۋە ماكانى ئېنىق بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى ئىخچام ۋە يىغىنچاق بەدىئىي سەھنىدە، يەنى ئەجدادلىرىدىن تارتىپ ئازاب - ئوقۇبەت بىلەن راھەت - پاراغەتتە بىللە بولۇپ كەلگەن ئانا ماكانى قەدىمىي قەشقەر تەۋەسىدە مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ زۇلمەتلىك ھايات چەمبىرىكى دائىرىسىدە ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ تاسادىپىيلىقلارغا تولغان زىددىيەتلىك تۇرمۇش سەرگۈزەشتلىرى ئەينى دەۋر سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان جانلىق بىر ھاياتىي ھېكايە. بۇ ھېكايىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك تەرەپلەردىكى خاسلىقى ۋە ئۆزگىچىلىكى بىلەن سىزنى ئەينى دەۋر ھاياتىنىڭ سىز تېخى ھېس قىلىپ يەتمىگەن يېڭى بىر ماھىيەتلىك بەدىئىي لەۋھەسى

بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ .

«تەۋەررۇك» رومانىدا ئەسەرنىڭ بەدىئىي تەلىپىدىن تۇغۇلغان بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى گۇرۇپپا پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلغان . ئۇلار زامانىسىنىڭ تەڭدىشى يوق ئەللامىسى ، كۆپ تىللىق شائىر ھۇسەيىنخان تەجەللىي ، زامانىۋى ئاڭغا ئىگە مەرىپەتپەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىر داموللا ، بىلىم دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە پىكىر - مۇلاھىزىلىرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان شائىر سابىراخۇن خەلپەت (ناقىس) ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ھەقىقىي ۋارىسى ، مۇقام ئاشىقى تۇردى ئاخۇن ، ئاجىز ۋە يېتىم - يېسىرلارغا خەيرخاھلىق قىلىشنى ساۋاب بىلىدىغان ئاق كۆڭۈل ، مەرد ، باي ئايكېپەكخان ، كونا ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ بېسىم ۋە زورلۇقى ئاستىدىمۇ ئۆز بەختىنى ئىزدەپ تاپقان ئىرادىلىك قىز سېپىنىگۇل ، ئازادلىقتىن كېيىن ئالەمشۇمۇل مۇزىكىلىق قامۇسىمىز ئون ئىككى مۇقامنى قۇتقۇزۇۋېلىشتىن ئىبارەت بۈيۈك تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئىشقا ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن زېھنىي قۇۋۋىتىنى بېغىشلىغان ئاتاقلىق يازغۇچى ، شائىر ۋە دراماتورگ سەيپىدىن ئەزىزى ، داڭلىق خەلق سەنئەتكارى قاسىمجان قەمبىرى ، ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر مۇزىكىشۇناسلىرىدىن ۋەن تۇڭشۇ ، لىيەن شياۋمى خانىم قاتارلىق رېئال ھاياتتا ياشاپ ئۆتكەن ، ئاپتورنىڭ بەدىئىي تەسۋىرى ئارقىلىق تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇلغان چىن بەدىئىي ئوبرازلار ، يەنە بىرى تەركىدۇنياچىلىققا بېرىلگەن ، جاھانكەزدى دەرۋىش كېرەمقۇلى ، ۋاپا ۋە ساداقەتنىڭ كەم تېپىلىدىغان ئۆلگىسى قورقۇمسىز يىگىت ھەيدەر ، شۇنچە رەزىل تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىدە ياشاپ تۇرۇپمۇ ئۆزىنىڭ قەلب پاكلىقىنى يوقاتمىغان ئەلەس گۈندىپاي ، ئۆزىنىڭ ئىرادە ۋە ئارزۇسىنى ھەممە نەرسىدىن ئەلا بىلىدىغان قەھرلىك خوجايىن ئايپاشا خېنىمغا ئوخشاش ئاپتورنىڭ خىيال ۋە تەسەۋۋۇرىدىن تۇغۇلۇپ ، ئۇنىڭ ماھارەتلىك قەلىمىدە تاۋلىنىپ



ۋايىغا يەتكەن يېڭى ئىجادىي بەدىئىي ئوبرازلاردىن ئىبارەت . بۇ ئوبرازلار بىر خىل ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇھىتىدا ياشاۋاتقان ، ئوخشاش ئىجتىمائىي قاتلام ۋە تەبىقىگە مەنسۇپ كىشىلەر بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار ھايات قارىشى ، تۇرمۇش ئادىتى ، پىكىر - چۈشەنچىسى ، خۇلقى - مىجەزى يېقىدىن بىر - بىرىدىن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ . ئۇلار خاراكتېرىدىكى ئەنە شۇنداق خاسلىق ۋە ئۆزگىچىلىكى بىلەن جەمئىيەتتىكى رېئال ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ماھىيەتلىك بىر تەرىپىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ .

ئاپتور رومانىدا ئۆزىنىڭ بەدىئىي غايىۋى مەقسىتىنىڭ جانلىق تىپى بولغان رېئال تارىخىي شەخس تۇردى ئاخۇن ئاكا ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئالاھىدە كۈچ چىقارغان . ئۇ تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ مۇزىكىغا بولغان ھەۋەس - ئىشتىياقىنى قوزغاتقان ئەنئەنىۋى ئائىلە سەنئەت مۇھىتىدىن تارتىپ ، ئۇنىڭ ئون ئىككى مۇقامنىڭ ھەقىقىي ۋارىسى بولۇپ يېتىشكەندىن كېيىنكى ھايات پائالىيەتلىرىنىڭ ئەينەنلىكىنى ساقلىغان ھالدا چىنلىق بىلەن بايان قىلىپ ، تۇردى ئاخۇن ئاكا ئوبرازىنى تارىخىي يىلتىزىمۇ ، رېئاللىق ئاساسىمۇ بولغان ھاياتىي تىرىك ئادەم دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن .

تۇردى ئاخۇن ئاكا ئۆز يۇرتىنىڭ ساددا ، لېكىن مەنىلىك سەنئەت مۇھىتى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ھەقىقىي خەلق سازەندىسى . لېكىن ، ئۇ مۇزىكا سەنئىتىگە ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچىنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان ساددا قىزغىنلىق بىلەن ياندىشقان ئادەتتىكى چالغۇچىلاردىن ئەمەس . ئون ئىككى مۇقام تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئائىلە نەسەبنامىسى . مۇقامغا ۋارىسلىق قىلىش ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلگەن تارىخىي ئەنئەنىسى . بۇ نەرسىلەر كىچىككىدىنلا تۇردى ئاخۇننىڭ باللىق قەلبىگە ئورۇنلىشىپ ، ئۇنىڭدا ئۆزگىچە بىر خىل غايە ۋە ئىشەنچ تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرگەن . ئۇ مۇقام سەنئىتىنىڭ ئىلمىي تەلەپلىرىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ ، مۇقامچىلىقنىڭ ئاڭلىق ماھارەت

باسقۇچىغا كۆتۈرۈلۈش ئۈچۈن ياشلىق ھاياتىنىڭ ئەڭ ياخشى مەزگىللىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇ مەدرىسىگە كىرىپ ئوقۇپ، ئەسلىدىكى بىلىم ئاساسىنى تېخىمۇ بېيىتىپ ۋە مۇستەھكەملەپ، ئۆز يۇرتىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق ئادەملىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. سابىر ئاخۇن خەلپەت (ناقىس)كە ئوخشاش مۇتەپەككۇر شائىرلاردىن تەلىم ئېلىپ، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ لۇتفىي، نەۋائىي، مەشرەپ، زەلىلىيگە ئوخشاش ئاتاقلىق ۋەكىللىرىنىڭ نەچچە مىڭ مىسرا غەزەل ۋە نەزملىرىنى ياد بىلىدىغان ئىجتىھاتلىق مۇخلىس بولۇپ يېتىشكەن. مانا بۇلار ئۆز زامانىسىنىڭ يۇزلىگەن سازەندە ۋە مۇقامچىلىرىنىڭ ئىچىدىن پەقەت تۇردى ئاخۇن ئاكىلا ئون ئىككى مۇقامنى مۇكەممەل ئۆزلەشتۇرۇپ، ئۇنى ئەسلىي ھالىتىدە پاكىز ساقلاپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا تولۇقى بىلەن يەتكۈزۈپ بېرەلىگەنلىكىنىڭ مەنىۋى ئاساسى.

روماندىن مەلۇم بولۇشچە، تۇردى ئاخۇن ئاكا ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، باشقىلارنى قەدىرلەپ ھۆرمەت قىلىدىغان باغرى يۇمشاق بىر ئادەم. لېكىن، ئۇ دائىم ساتار چېلىپ، مۇقام توۋلاپ، ئۆلىمالارنىڭ پەند - نەسىھەتلىرىگە بېرىلىپ، ھەممىگە رەھىم - شەپقەتلىك كۆز بىلەن قاراشقا ئادەتلەنگەن مىجەزى بوش ئادەملەردىن ئەمەس. ئۇ مېھرىمۇ، قەھرىمۇ بولغان، ئاجىز، بىچارىلەرگە مۇھەببەت بىلەن قۇچاق ئېچىپ، رەزىل مۇناپىقلارغا نەپرەت بىلەن تىكىلەلەيدىغان، ئۇلارنىڭ زوراۋانلىقى ئالدىدا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئادالەتنى قوغداپ، ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويالايدىغان جاسارەتلىك بىر ئادەم. ئۇنىڭ مەدرىسىدە پالاقتا بېسىلغان ئوپاللىق ساۋاقدىشىنى قوغداپ ھېلىم سوپى بىلەن ئېلىشىشى، ئۇستازى كېرەمقۇلنى تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يامۇلنىڭ مىرشاپبېگى جۇمەگە تاشلىنىپ گۇناھكار سۈپىتىدە تۈرمىدە يېتىشقا ئوخشاش بىر قاتار



ۋەقەلەر تۇردى ئاخۇندا تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن قەھرىمانلىق شىجائىتى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىنسانىي خاراكتېرىنىڭ تىپىك ھاياتىي كۆرۈنۈشلەردە كونكرېت گەۋدىلىنىشىدۇر.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى يۇرتىمىزدا ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر كەسكىنلىشىپ، زامانىنىڭ خورلۇق ۋە زوراۋانلىقىدىن قەلبى مۇجۇلغان غەزەپلىك دەردمەنلەر بىر سەپ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، ھاياتتىكى ھەممە تەڭسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىكلەرنىڭ يىلتىزى بولغان مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئاغدۇرۇش يولىغا قاراپ ماڭغان مۇرەككەپ چاغلار ئىدى. ئۇنداقتا ئاپتور جەمئىيەتنىڭ ھەممە قاتلام تەبىقىسى بىلەن ئارىلىشىپ، ھاياتنىڭ قاينىمىدا ياشايدىغان بۇ سازەندە پېرسوناژنى نېمىشقا ئاشۇنداق سىياسىي سىنىپىي كۇرەش پائالىيەتلىرىنىڭ بىرەرىگە قاتناشتۇرمىدى؟ مېنىڭچە، ئاپتور ئۆز پېرسوناژلىرىنى بۇنداق رېئاللىقتىن ئاڭلىق ھالدا قاچۇردى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدى؟ بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي: ئۇ روماندا قانداقتۇر ئۆزىنى سىياسىي كۇرەشكە ئاتىغان بىر غايىۋى قەھرىماننىڭ ياكى ھەم مۇزىكانت، ھەم سىياسىي پائالىيەتچى بولغان خاراكتېر ئېنىقلىقى يوق تۇراقسىز بىر ئادەمنىڭ بەدىئىي قىياپىتىنى نامايان قىلماقچى ئەمەس، بەلكى ئۇ پۈتۈن بارلىقىنى ئانا سەنئەتكە بېغىشلىغان، پۈتۈن ئەقلىي ۋە زېھنىي كۈچىنى مۇقام ۋارىسلىقىغا ئاتىغان، ھايات ئەقىدىسى خۇددى مۇزىكىدەك پاك ۋە مۇقەددەس بولغان ئاددىي بىر خەلق سەنئەتكارىنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى ياراتماقچى. بۇ ھالدا ئۆز پېرسوناژىنى دەۋر قەھرىمانلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە سىياسىي كۇرەش قاينىمىغا تاشلاپ، ئۇنىڭ سىنىپىي ئېڭى بىلەن ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى سىناپ كۆرەلەمدۇ؟ مۇبادا، ئاشۇنداق قىلىنسا، ئۇنىڭ مۇزىكا بىلەن تۇغۇلۇپ، مۇزىكا بىلەن ئۆرە تۇرۇۋاتقان بۇ سەنئەتكار پېرسوناژى ياساپ چىقىلغان ساختا تۇرمۇش

كۆرۈنۈشلىرى ئارىسىدا تۇنجۇقۇپ ئۆلمەمدۇ؟ ئۆزىنىڭ ھايات تەقدىرىنى ئۆزى سۆيگەن سەنئەتكە بېغىشلىغان تۇردى ئاخۇن ئاكىدەك بىر ئېتىقادلىق مۇقامچىنىڭ خاراكتېر مەنتىقىسى ھامان شۇنداق بولىدۇ. ئۇ زورلۇق ۋە ئادالەتسىزلىكنىڭ ئەڭ مۇدھىش ھەيۋىسىگە دۇچ كەلگەن چاغلاردىمۇ ئۆزىنىڭ ھەممە غەزەپ - نەپرىتىنى پەقەت يۇقىرىقىدەك ساددا قارشىلىق كۆرسىتىش يولى بىلەنلا ئىپادىلەيدۇ، باشقا ھەرقانداق غەيرىي قەھرىمانلىق يوللىرىغا ماڭمايدۇ. مۇبادا ئۇ مۇشۇنداق قىلماي، دەۋر قەھرىمانى سۈپىتىدە كۈرەش سەھنىسىگە چىقىپ زاماندىن ئۆچ ئېلىش يولىغا قاراپ ماڭسا، ئۇنىڭ شەخسىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن خاراكتېر مەنتىقىسى بۇزۇلۇپ، ئوبرازى خىرەلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئون ئىككى مۇقامنىڭ بىز ئۈمىد قىلغاندەك ساددا، سۆيۈملۈك ۋارىسى بولالماي قالىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يازغۇچى غەيرەت ئابدۇللانىڭ تۇردى ئاخۇن ئاكا ئوبرازىنى يارىتىشتا ئۆزگىچە ئىجادىي يول تۇتۇپ، ئۆز پېرسوناژىنى ھەرقانداق ئارتۇقچە پائالىيەتلەرگە ئارىلاشتۇرماي، ئۇنى ئۆزىنىڭ خاراكتېر مەنتىقىسى يول قويغان تۇرمۇش بىرلىكى دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلدۇرۇپ، بىر خەلق مۇقامچىسىنىڭ ھەممە كىشىنىڭ قەلبىنى مۇھەببەت ۋە خۇرسەنچىلىك بىلەن ئىللىتالايدىغان كەڭ ۋە پاك روھىي دۇنياسىنى ئوبرازلىق ئېچىپ بەرگەنلىكىنى بىر ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەت دېمەي بولمايدۇ.

بەدىئىي خاراكتېرى ئىختىيارىي بېكىتىلىپ، تېماتىك مەزمۇنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان ئادەتتىكى بەدىئىي رومان ئەركىن تەپەككۇردىن تۇغۇلغان مۇكەممەل بەدىئىي ھېكايە ئارقىلىق ھاياتنىڭ باي ۋە رەڭدارلىقى بىلەن ئىنسان تەقدىرىنىڭ سىرلىق ۋە مۇرەككەپلىكىنى ئوبرازلىق ئېچىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدا ئاپتور خىيال ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ بىپايان ئالىمىدە ئەركىن پەرۋاز قىلىپ، ئۆزى خالىغان تۇرمۇش مەنزىرىلىرىنى يارىتالايدۇ. يەنى،



گوركىينىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، ئاپتور ئوقۇرمەننى ئىشەندۈرەلىسىلا، خالىغىنىچە «يالغان ئېيتىش» ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. ئەمما، رېئال تارىخىي شەخسنىڭ بىر پۈتۈن ھايات يولىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدىغان بىئوگرافىك رومانلاردىچۇ؟ بۇنىڭغا ئاپتورنىڭ تارىخىي چىنلىق بىلەن ھاياتىي رېئاللىق چەكلىمىسى دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزگىچە بىر خىل ئىجادىي يول بىلەن ئالاھىدە بەدىئىي ماھارەتكە تايىنىپ ئاشۇ شەخس ھاياتىنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا ئوخشايدىغان، ھېچقانداق توقۇلما قىلىنمىغان ئەسلىي ھالىتىنى يورۇتۇپ بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئادەتتىكى ئىجادىي تېمىدىكى رومان ئىجادىيىتىگە قارىغاندا، تارىخىي بىئوگرافىك رومان ئىجادىيىتىدە بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ تەسلىكى مانا مۇشۇ يەردە.

«تەۋەررۈك» — بىزدىن ئايرىلغىنىغا ئەمدىلا يىگىرمە ئەسىر بولغان، بىزگە ئەڭ يېقىن بىر دەۋردە ياشىغان شۆھرەتلىك بىر خەلق سەنئەتكارىنىڭ مۇرەككەپ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى. ئۇ ئىجادىي بەدىئىي پروزا تەركىبى بىلەن خاتىرە ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزئارا ئورگانىك بىرلەشتۈرگەن، بەدىئىي ۋەزنىنى ئېگىلەش بەكمۇ تەس بولغان يىرىك تارىخىي بىئوگرافىك رومان. كىشىنى قايىل قىلىدىغىنى شۇكى، ئاپتور مۇشۇنداق كەڭ، بىرنەچچە دەۋرلىك ھايات مۇساپىسىگە سوزۇلغان مۇرەككەپ تۇرمۇش مەنزىرىلىرىنى يورۇتۇشقا بېغىشلانغان بۇ يىرىك ئەسەردە، ئۆزىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق يېتىلدۈرگەن ئىقتىدار ۋە ماھارىتىگە تايىنىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىي بىئوگرافىك رومان ئىجادىيىتىدە ھازىرغىچە يېتەلمىگەن بەدىئىي پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. ئۇ رومانىدىكى ھەممە ۋەقە، ھادىسىلەرنى، پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى باش پېرسوناژ تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ تەبىئىي شەكىللەنگەن ھايات

يولىنى مەركەز قىلغان هالدا تەشكىللەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئەسىرنىڭ بەدىئىي مەزمۇنىغا مۇناسىپ بولغان مۇقىم ۋە ئازادە بەدىئىي گەۋدە تۈزگەن. ئەسىردىكى هەربىر پېرسوناژنى زىددىيەتلەر توقۇنۇشىنىڭ مەركىزى بىلەن ۋەقەلەر ئېقىمىنىڭ قاينىمىغا قويۇپ، قەلبىنىڭ ئەڭ تىنچ، پىنهان هالەتلىرىگە يوشۇرۇنغان ئىچكى مەنىۋى كۈچىنى تەۋرىتىپ، ئۇلارنىڭ هەرىكەتچان هالەتتىكى جانلىق بەدىئىي ئوبرازلىرىنى ياراتقان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پىكىر - چۈشەنچىلىرىدىكى خاسلىقى، خۇلق - مىجەزلىرىدىكى ئۆزگىچىلىكى، ۋەقە، هادىسىلەرگە بولغان قاراشلىرىنىڭ ئالاهىدىلىكى بىلەن تۇردى ئاخۇن ئاكا ئوبرازىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا يېڭى هاياتىي كۈچ قوشقان.

يازغۇچى غەيرەت ئابدۇللا يەنە بۇ ئەسىردە ئىچكى مەنىگە تويۇنغان، دەۋر تۈسىگە ئىگە، ساددا، ئوبرازلىق تىل بىلەن ماهارەتلىك قەلەمدە هەممىگە قادىر بولالايدىغان هەر خىل بەدىئىي ئىپادە قىلىش ۋاستىلىرىدىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، ۋەقە ۋە خاراكتېرلارنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، دولقۇنلۇق بەدىئىي ئېقىمنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ تەسۋىرلىرىدىن تۇغۇلغان مەنزىرە ۋە بايانلار بىلەن جانلانغان ۋەقە، تەپسىلات، دىئالوگلاردىن ئايان بولىدىغان پېرسوناژلارنىڭ زىددىيەتلىك دۇنيالىرى ئوقۇرمەن قەلبىنى تىترىتىدىغان بەدىئىي ئىستېتىك قۇۋۋەتكە ئىگە بولغان. رومانىنىڭ تۇردى ئاخۇن بىلەن سېپىنىگۇلنىڭ مۇهەببەت سەرگۈزەشتىلىرىگە بېغىشلانغان بۆلىكى، كېرەمقۇلنىڭ مۇشەققەتلىك هايات كەچۈرمىشلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن قىسمى ۋە تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ تەجەللىي قەبرىسى ئالدىدا پۈتۈن بىر كېچە بوزلاپ هەسرەتلىك كۈيلەپ ئۆتكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن سەهىپىلىرىگە قايتا نەزىرىڭىزنى ئاغدۇرۇپ كۆرۈڭ، بۇ نېمىدېگەن رەڭدار، تىپىك هاياتىي مەنزىرە، نېمىدېگەن يۈكسەك ئېتىقاد ۋە ساداقەت - هە!... يەنە سىز ئۆز دەۋرىنىڭ ئىمان ۋە ئېتىقادىدىن قەلبى پاكلانغان



هۈسەيىنخان تەجەللىي، ئابدۇقادىر داموللا، سابىر ئاخۇن خەلپەت (ناقىس)، شەمشىدىن داموللا، كېرەمقۇلغا ئوخشاش ئالىم - شائىرلارنىڭ مەنىلىك سۆهبەتلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەپ كۆرۈڭ، ئۇلارنىڭ سۆهبەتتىكى پىكىر - مۇلاهىزىلىرى بىلىم ۋە مەرىپەت بۇلىقى، ئەقىل ۋە تەپەككۇر كەلكۈنى، بەدىئىي تىل مەنىدارلىقىنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىنى، گۈزەللىك ۋە پاساهەتنىڭ پايانسىز گۈلشىنى ئەمەسمۇ؟...

«ئۇلۇغ ئىگەمنىڭ بىر قەترە خۇندىن ئاپىرىدە قىلغان بەندىسىگە شۇنچە كارامەت، شۇنچە چوڭ ئىستېدات، شۇنچە تاتلىق ۋە لەزىز زۇۋان پاساهىتى ئاتا قىلغىنىغا، ئۇنىڭ كىچىككىنە دىل - كۆكسىگە شۇنچىلىك چەكسىز مۇڭ ۋە هېسسىيات، ئوتلۇق كۈي - ئاهاڭلار خەزىنىسىنى سىغدۇرۇپ كېتەلىگىنىگە هەيرانۇهەسمەن». بۇ — «تەۋەررۇك» روماندا تەسۋىرلەنگەن ئىلمىي سۆهبەتلەرنىڭ دائىملىق قاتناشقۇچىسى، زامانىسىنىڭ كەم تېپىلىدىغان ئاجايىپ بىلىمدانى ئەمەت ئەئلەم ئاخۇنۇمنىڭ تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئورۇندىشىدىكى ئون ئىككى مۇقام كۈيلىرىنى ئاڭلاپ، هەيرانلىق هېسسىياتىنى باسالماي ئېيتقان يۈرەك سۆزى. هەقىقەتەن بىر مۆجىزە، هەقىقەتەن كىشىنى هەيران قالدۇرىدىغان بىر ئەقلىي كارامەت!

مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا، يەنى نام - شەرىپى ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان، ئاسان نەزەرگە چۈشمەيدىغان بۇ ئاددىي بىر جاپاكەش ئادەم 2690 مىسرالىق 260 كۈي - ئاهاڭنى يېگانە ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈپ، ئۇنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە پاك ساقلاپ، چەكسىز خۇشاللىق ۋە سۆيۈنۈش تۇيغۇسى ئىچىدە ئۆز خەلقىگە تاپشۇرۇپ، رازىمەنلىك بىلەن خاتىرجەم كۆز يۇمدى. ئالاهىدە سېھرىي ئىقتىدار ۋە ئەقىل كۈچىگە ئىگە بولغان خىزىر سۈپەت بۇ ئۇلۇغ ئىنساننىڭ مۇسىبەتلىك خاتىرىسى خۇددى ئۆزى ساقلاپ قالغان ئون ئىككى مۇقامغا ئوخشاشلا بىزنىڭ مەڭگۈلۈك

مەنىۋى مىراسىمىز بولۇپ قالدى. تالانتلىق يازغۇچى غەيرەت ئابدۇللا «تەۋەررۈك» رومانى بىلەن ئەنە شۇ ئۇلۇغ ئىنساننىڭ بۈيۈك خاتىرىسىگە سەلتەنەتلىك بىر بەدىئىي مۇنار تىكلىدى. ئىشىنىمىزكى، ئۇن ئىككى مۇقام ۋە ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك شەيداسى بولۇپ ئۆتكەن بۇ تۆھپىكار سەنئەتكارىمىزنى چىن قەلبىدىن سۆيىدىغان ئىجتىھاتلىق ئەدىبلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىي ئىزدىنىشلىرى بىلەن بۇ بەدىئىي مۇنار تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ نۇرانە قەد كۆتۈرىدۇ.

2008 - يىلى 9 - ئاي



# مەنىۋى يۈكسەكلىكىمىزنىڭ يېرىم ئەسىرلىك بەدىئىي ساداسى

(شائىر رەخىم قاسىم ئىجادىيىتى ھەققىدە مۇھاكىمە)

ھەربىر خەلقنىڭ مەنىۋى مۇقەددەسلىككە ئىگە بولغان ئۆز كىشىلىرى قەلبىنى غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىق نۇرى بىلەن يورۇتۇپ، ھاياتنى قايتا قۇرۇشقا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدىغان شانلىق تارىخى بولغىنىدەك، تۇرمۇشتىكى ھەربىر رېئال شەخسنىڭمۇ ئۆزىنىڭ ئەقلى ۋە خاراكتېرىدىن تۇغۇلىدىغان، پەقەت ئۆزىگىلا خاس بولغان ئالاھىدە ھايات تارىخى بولىدۇ. لېكىن، بۇ تارىخ، بۇ مۇرەككەپ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى شۇ شەخس ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەرقانچە قەدىرلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھايات تەقدىرىنىڭ كىشى ئىرادىسىگە بېقىنمايدىغان شىددەتلىك بوران - چاپقۇنلىرىدا ئاستا - ئاستا ئۆچۈپ تۈگەيدۇ. مۇبادا ئۆزگىچە ھاياتىي مەنىگە ئىگە بولغان، شەخس تۇرمۇشىنىڭ ئالاھىدە بىر دەۋرىدە تۇغۇلىدىغان بۇ قىممەتلىك تارىخ مەنىۋى قۇدرەتتىن پۈتۈلگەن ھاياتىي مەتبۇئات بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلسىچۇ؟ ئېنىقكى، بۇنداق تارىخنىڭ ئۆچۈشى ۋە ئۇنتۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس. قەدىرلىك بۇرادىرىم رەخىم قاسىم ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللىق ئىجادىي ئەمگىكى ۋە ئۆزىگە خاس پىكىر - تەپەككۇرى بىلەن ئۆز ئوقۇرمەنلىرى قەلبىدىن ئەنە شۇنداق مەنىۋى ئەبەدىيلىك تاپقان تالانتلىق شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ بېشىدا ئېلان قىلىنغان بىر ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ ھايات ۋە شېئىرىيەتكە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىنى ئوقۇرمەن قەلبىدىن كۆتۈرۈلمەيدىغان مۇنداق ئوبرازلىق لىرىك مىسرالار بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەنىدى:

قىزىرىپ ئاتقان ھەر چىرايلىق تاڭ ،
دىلىمغا ناخشا بولۇپ قۇيۇلىدۇ .
يازمەن كۈنلەر بويى ، تۈنلەر بويى ،
نەچچىلەپ دەپتەرلىرىم بويىلىدۇ .
ئوقۇيمەن لېكىن ھايات شېئىرىمدىن ،
مىڭ ھەسسە گۈزەل بولۇپ تۇيۇلىدۇ .
چۆكىمەن خىياللارنىڭ قايىنىمىغا ،
دىلىمدا تالاي ئارمان تۇغۇلىدۇ .
ئىخ... ھايات ساڭا تويماي ئۆتۈپ كەتتىم .
بولىسىدى شۇنداق ئۇلۇغ قۇدرەت مەندە ،
ھەربىر تاڭ قەلبىمدە بولسا داستان ،
ئۆلسەممۇ ناخشىلىرىم قالسا سەندە .

شائىر ئۇزاققا سوزۇلغان باي ۋە مۇرەككەپ ئىجادىيەت يولى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇ قەلب قۇرلىرىدا ئەكس ئەتتۇرگەن ئۆمۈرلۈك ھاياتىي ئارزۇسىغا يېتىپ ، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ئىشەنچ ۋە ئىرادىدىن تۇغۇلىدىغان تەڭداشسىز مەنىۋى لەززىتىنى ھەقىقىي ھېس قىلىپ يەتتى . ئۇ تىنىمسىز ئىزدىنىپ ۋە ئىجاد قىلىپ قانچىلىغان ھايات دەپتەرلىرىنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇر جەۋھەرلىرى بىلەن تولدۇردى . ئۇ خەلقىمىز ھاياتىنىڭ ھەربىر نەپەس ۋە تىنىقىدىن كۈچ ۋە ئىلھام ئېلىپ ، تاڭ نۇرلىرىدەك گۈزەل جىلۋىگەر مىسرالاردىن تۈزۈلگەن ، خەلقىمىزنىڭ ئۆمۈرلۈك مىللىي روھى بىلەن بىللە ياشايدىغان نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ پۈتۈن بىر دەۋرلىك تەرەققىيات تارىخىنى يارىتىش ئىشىغا مۇناسىپ ئىجادىي تۆھپە قوشتى . ئۇ ھازىرغىچە ئۆز ئوقۇرمەنلىرىگە يەتتە يۈز پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ، يىگىرمە پارچىدىن ئوشۇق باللادا ۋە داستانلارنى تەقدىم قىلىپ ،



ئۆزىنىڭ مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئۆمۈرلۈك ئاشىقى بولغان ھەقىقىي مول ھوسۇللۇق شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى . ھاياتىنىڭ پورۇقلاپ قايناپ تۇرغان ئوتلۇق بىر مەزگىلى ، يەنى شېئىرىي تەپەككۇرىنىڭ تازا قىيامىغا يەتكەن ئالاھىدە بىر دەۋرى سىياسىي ، ئىجتىمائىي ھايات تۇراقسىزلىقى ئىچىدە بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ئەلەملىك بىر شائىر ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇنى ھەقىقەتەن زور ئىجادىي تۆھپە دېمەي مۇمكىن ئەمەس .

رەخىم قاسىم شېئىرىيىتىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل دائىرىسى كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇپ ، ئۇنىڭدا بەدىئىي شەكلى مۇقىم ۋە تۇراقلىق بولغان ، بەدىئىي مۇرەككەپلىكى بىلەن كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتمۇ ، پىكىرنى ئەركىن ۋە ئازادە يورۇتۇپ بېرىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدىغان ئەركىن شېئىرىيەتمۇ ، مەنىۋى پاكلىق ۋە روھىي يۈكسەكلىك ئۇلۇغلانغان ، قىزغىنلىق ۋە سەمىمىيلىكتىن تۇغۇلىدىغان يالقۇنلۇق مەدھىيىمۇ ، رەزىللىك ۋە مەنىۋى خۇنۇكلۇك ھادىسىلىرىنى تەبىئىي نەپرەتنىڭ قۇدرەتلىك بەدىئىي ئېقىمىغا غەرق قىلىپ تۈگىتىدىغان غەزەپلىك كۆلكە ۋە شەپقەتسىز پاش قىلىشمۇ بار . ئۇلارغا ۋەتەن مۇھەببىتى ، ئانا يۇرت سۆيگۈسى ، ئەركىن ۋە ئازاد ئەمگەك تەنتەنىسى ، دەۋر تۆھپىكارلىرىغا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسى ، ئىنقىلابىي تارىخنىڭ ئىپتىخارلىق ئەسلىمىسى ، يېزا مۇھەببىتى ۋە دېھقان قەدىر - قىممىتى ، خەلقلەر دوستلۇقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ يېڭى تەنتەنىسى ، شېئىر ۋە شائىر مۇلاھىزىسى ، يەر - زېمىنغا بولغان تەبىئىي تېۋىنىش تۇيغۇسى ، مۇھەببەت ، ۋاپا ، ئىشەنچ ۋە جاسارەت ، غايە ۋە ئېتىقادقا ئوخشاش ناھايىتى كەڭ بەدىئىي مەزمۇنلار سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ ، ئۇلاردىن خەلقىمىزنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھالىتى بىلەن مەنىۋى روھىي قىياپىتىگە تەۋە بولغان ھەممە ماھىيەتلىك زۆرۈر نەرسىلەر تېپىلىدۇ . شۇڭا ، رەخىم قاسىم شېئىرىيىتىنى ئۆز ئىزچىللىقى بىلەن ئوقۇپ چىققان

ھەرقانداق بىر ئوقۇرمەن شۇ دەۋر تۇرمۇش مەنزىرىلىرى بىلەن قايتا ئۇچرىشىپ، ئۆز ئەقلى ۋە ئەمگىكىگە تايىنىپ ئاشۇنداق بىر تارىخىي دەۋرنى ياراتقان ساددا ۋە سەمىمىي ئادەملەر بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندەك بولىدۇ.

رەخىم قاسىم ئۇزاق يىللىق ئىجادىي ئىزدىنىشى بىلەن ئۆزىنىڭ ئالاھىدە بەدىئىي ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۇرگەن شائىر. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتكەن، رېئال تۇرمۇش تەسىراتلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ھېس - تۇيغۇ ئېقىمى شۇنچىلىك قايناق ۋە ۋەزمىن. ئۇ گاھ شائىرنىڭ قۇدرەتلىك قەلب ساداسى سۈپىتىدە بىردىن تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلۈپ ئۆركەشلىك قاينام ھالىتىدە پارلىسا، گاھ قىرغاق سۆيۈپ ياتقان شىددەتلىك دولقۇندەك ئاستا - ئاستا پەسىيىپ، تىنچ ھەرىكەتلىك ھالىتىگە قايتىپ، ئوقۇرمەن كۆتمىگەن بىر خىل سېھىرلىك بەدىئىي دولقۇننى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ باي، لىرىك مەزمۇن بىلەن رەڭدار سەنئەت جۇلاسىغا تويۇنغان ئىجادىي شېئىرىيىتى گۈزەل ۋە مۇھەببەتلىك ھاياتىمىزنىڭ ئۆزىدەك ساددىلىق ۋە ئېنىقلىقىمۇ، تۇتۇق بەرمەيدىغان پىكىر ۋە ھېس - تۇيغۇلار ئالىمى بولغان كىشىلەر قەلبىدەك چوڭقۇرلۇق ۋە مۇرەككەپلىكىمۇ ئىگە.

رەخىم قاسىم شېئىرىيىتىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇر ئېقىمى ھەرىكەتچان ۋە ئۆتكۈر بولۇپ، ئۇ رېئال تۇرمۇشنىڭ ئادەتتىكى ۋەقە - ھادىسىلىرى بىلەن تاشقى فورمال كۆرۈنۈشلىرى دائىرىسىدە چەكلىنىپ قالماي، ھاياتنىڭ قايناپ تۇرغان يادروسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان ھەرىكەتلىك باغرىدىن كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق تاپىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ شېئىرىيىتى مول تۇرمۇش جۇغلانمىسى بىلەن كەڭ رېئاللىق ئاساسىغا ئىگە بولۇپ، ھەربىر ئەسىرى ئوقۇرمەنلەر روھى ئۇچۇن ئورتاق بولغان مۇئەييەن بىر ئىجتىمائىي مەزمۇن بىلەن ئۆز بەدىئىي قىممىتىنى گەۋدىلەندۇرىدۇ. ئۇنىڭدا ساختا تۇرمۇش تەسىراتلىرى بىلەن ئۇقۇم



ۋە چۈشەنچىلەر يىغىندىسىدىن تۇغۇلىدىغان ھارارەتسىز پىكىرلەر، سىياسىي كۆچىنىش ۋە ئەدەبىي زورۇقۇشتىن بارلىققا كەلگەن، ھېچقانداق بەدىئىي تەسىر كۈچى بولمىغان يالىڭاچ ماختاش ۋە مەدھىيىلەر ئۇچرىمايدۇ. سىياسىي ھەممىگە سايە تاشلاپ تۇرىدىغان ئاشۇنداق ئالاھىدە بىر تارىخىي دەۋر بىلەن تومۇرداش بولغان رەخىم قاسىم شېئىرىيىتىنىڭ ھازىرمۇ بىز بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ، مەزمۇن بايلىقى ۋە بەدىئىي رەڭدارلىقى بىلەن يېڭى تەرەققىيات دەۋرى ئەدەبىي مۇھىتىدىمۇ ئوخشاشلا قەدىرلىنىۋاتقانلىقىنىڭ بەدىئىي سىرى مانا مۇشۇ يەردە.

رەخىم قاسىم شېئىرىيىتى ئالاھىدە بەدىئىي ماھارەتتىن بارلىققا كېلىدىغان، ھەربىر ئەسەردە ئۆزگىچە بىر خىل رەڭدە جىلۋىلىنىدىغان بىر پۈتۈن بەدىئىي مۇكەممەللىككە ئىگە. ئۇنىڭدا ئىجادىي شېئىرىيەتتە بولىدىغان ھەممە بەدىئىي پەزىلەتلەر تولۇق تېپىلىدۇ. ئۇنىڭدا شېئىرىي قىممەتكە ئىگە بولغان، ئاسان نەزەرگە چۈشمەيدىغان كىچىككىنە نەرسىمۇ ئوبرازلار مەنتىقىسى بىلەن ئەسلىي ھالىتىگە ئوخشىمايدىغان يۇكسەك ئورۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، رېئاللىقنىڭ تېخىمۇ جەلپكار يېڭى لىرىك مەنزىرىسى يارىتىلىدۇ. ئۇنىڭدا ھاياتتىكى ھەرقانداق نەرسە ۋە ھادىسە ئوبراز ۋە سۈرەتلەر بىلەن نۇرلاندۇرۇلۇپ، رەڭدار لىرىك لىباسلارغا ئورىلىپ، يېڭى سەلتەنەتلىك بەدىئىي قىياپەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. بىز شائىرنىڭ «كۈمۈش يوللار» داستانىدىن ئېلىنغان تۆۋەندىكى قۇرلىرىنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

مەن ساڭا قايىلمەن يالقۇنلۇق ياشلىق،
سەن گويا يۈرەكنى تىترەتكەن غەزەل.
رومانتىك خىيالدىن قاناتلار تاقاپ،
ئۇچىسەن، ئۇچۇشۇڭ شۇ قەدەر گۈزەل.
روھىڭدا مۇجەسسەم ساداقەت، ۋاپا،

سەندە بار چاقنىغان چوغدەك مۇھەببەت .
رەقىبكە تەڭلەنگەن خەنجەرسەن گويا ،
سەندە بار قەھرىتان سوغۇقتەك نەپرەت .

مانا بۇ رەخىم قاسىمنىڭ بۇنىڭدىن يىگىرمە يەتتە يىل بۇرۇن يازغان ، كىشى ھاياتىنىڭ ئالتۇن پەسلى ھېسابلىنىدىغان ، ئەقىل ۋە ئىرادە كۈچى بىلەن ھەممىنى يارىتالايدىغان قۇدرەتلىك ياشلىققا بەرگەن شېئىرىي تەبىرى . بۇ قۇرلاردىكى ھەممە نەرسە رەڭدار سۈرەت ، سېھرىي ئوبراز تۈسىدە جانلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ . ھېچقانداق فورما ۋە شەكىلگە ئىگە بولمىغان ، ئېڭىمىزدا پەقەت ئادەتتىكى بىر ئۇقۇم تۈسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر ھاياتىي تۇيغۇسىز كۆرەلەيدىغان ۋە ھېس قىلالايدىغان بىر تىرىك لىرىك مەنزىرىگە ئايلىنىدۇ . مانا بۇ — شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى ماھارەت ، پىكىر ۋە تۇيغۇلارنى قاناتلاندۇرالايدىغان بەدىئىي ئۇستىلىق .

رەخىم قاسىم شېئىرىيىتىدە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ، بۇنىڭدىن ئەللىك تۆت يىل بۇرۇن ئېلان قىلىنغان «خوش» ناملىق لىرىك شېئىرى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . بۇ ئەسەر ئۇنىڭ ئەينى يىللاردىكى تۇرمۇش قارىشىنى ، ئەخلاقىي چۈشەنچىسىنى ، ئارزۇ ۋە ئىنتىلىش قىزغىنلىقىدىن تۇغۇلغان ئۆزگىچە غايىۋى دۇنياسىنى ، ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارى بىلەن بەدىئىي دىتىنى ئەڭ ياخشى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرەلەيدىغان ھەقىقىي ئىجادىي ئەسەردۇر . شېئىر ياشلىق تەنتەكلىكىدىن ئويغانغان ، غايىسىز مۇھەببەتتىن قول ئۈزۈپ ، يېڭىچە ھايات يولىغا كىرگەن ئىرادىلىك يىگىتنىڭ ئۆز سۆيگىنىدىن خوشلىشىش ئالدىدىكى ئۆكۈنۈشلۈك قەلب سۆزى تۈسىدە داۋاملىشىدۇ :



تىرىق… تىرىق…
چەكمىگىن دېرىزەمنى ،
سۇنۇق كۆزنەكتىن گۈلمۇ تاشلىما !
بەربىر ئالدىڭغا چىقمايمەن ، جېنىم ،
سۆيگۈ ئوتىدا كۆزۈك ياشلىما !
يېتەر ،
يېتەر كۆپ زامان ،
رايىڭغا بېقىپ ،
تەنتەك ئىشقىڭدا كۆيۈپ ئۆچكىنىم ،
ئامرىقىم چىقار دەپ ،
ھەر تۈن كوچاڭدىن ،
بەڭۋاش ناخشىلارنى ئېيتىپ ئۆتكىنىم .

مانا بۇ سىرلىق ھاياتنىڭ ئالۋۇندەك تۇتۇق بەرمەيدىغان ئۆتكۈنچى تەسىراتلىرىغا ئەسىر بولۇپ كۆڭلىرىنى مەنىسىز ئۆتكۈزۈۋەتكەن لىرىك پېرسوناژنىڭ ئەلەم ۋە پۇشايمانغا تولغان ئازابلىق قەلبىنىڭ ئوبرازلىق شېئىرىي تەسۋىرى . راست ، ئۇ ياشلىقىنىڭ قالتىس چاغلىرىنى «قاناتسىز تىلەك»لەر بىلەن باغلىنىپ ، «سوغۇق سۆيۈشلەر»نىڭ بىردەملىك لەززەت تەشنالىقىغا تېگىشىۋېتىدۇ . بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ پەقەت «تەنتەك ئىشق»نىڭ ئادەمنى قىينايدىغان ئاچچىق ھەسرىتىگىلا ئېرىشىدۇ . بۇ ئەلەملىك يەكۈن ئاخىر ئۇنى ئەتراپىدا نۇرلىنىۋاتقان يېڭى ھايات رېئاللىقىغا باشلاپ كېلىدۇ . بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان بۇنداق ئىككى خىل رېئاللىق لىرىك پېرسوناژ روھىيىتىدە ئەقلىي تەۋرىنىش پەيدا قىلىپ ، ئۇنىڭ شەخس ھاياتىنىڭ قىممىتى ھەققىدىكى ھەممە ئەنئەنىۋى قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان دېھقان قېرىنداشلىرىنىڭ ئىللىق باغرىغا قايتىپ ، ھاياتنى يېڭىدىن باشلاش ئىرادىسىگە كېلىدۇ .

ئاخىرىدا ئۇ ئايرىلىش ئازابىدىن قەلبى ئۆرتىنىۋاتقان ھەسرەتلىك مەشۇقىنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش يېڭى ھايات يولىغا كىرىشىگە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ :

ئەگەر ،
بارغۇڭ كەلسە مېنىڭ كەينىمدىن ،
بارارسەن ،
كەتمىنىڭ ،
ئورغىقىڭ بىلەن .
ئايدىڭ كېچىدە سەيلىگە ئەمەس ،
چېلىشقا !
ئىدراكىڭ ،
غەيرىتىڭ بىلەن .

«خوش» — ھاياتنىڭ قىممىتى ، شەخس تۇرمۇشىنىڭ مەنىسى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى ئىستىقبالىنىڭ يېڭىدىن نۇرلىنىشى ھەققىدىكى يېقىملىق ناخشا ، ئۆز دەۋرى كىشىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەت ۋە چۈشەنچىلەر ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ ، يېڭىچە ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەر زېمىنىغا قەدەم قويۇپ ، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ئېقىمىغا ئۆزىنى بېغىشلىغانلىقى ھەققىدىكى جاسارەتلىك كۈي . سىياسىي ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ قېلىپلاشتۇرۇلغان دەۋەت ۋە تەسىراتىدىن ئەمەس ، ھاياتنىڭ سىر - ھېكمەتلىرىنىڭ تەبىئىي قاينىمىدىن تۇغۇلغان ، تېماتىك مەزمۇن ئوبرازلاشتۇرۇلغان لىرىك ھېس - تۇيغۇلار ۋاستىسىدە شۇنچىلىك يارقىن يورۇتۇپ بېرىلگەن بۇنداق بىر ئىجادىي شېئىرنىڭ 1950 - يىللارنىڭ دەسلەپىدىكى ھالىسىز شېئىرىي مۇھىتىمىزدا بارلىققا كېلىشىنى بۆسۈش خاراكتېرلىك بىر ئەدەبىي ھادىسە دېسەك ئەرزىيدۇ ، ئەلۋەتتە .

رەخىم قاسىم شېئىر ئىجادىيىتىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك



تېمىسىدىكى ئىجادىي ئەسەرلەر زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ . بۇنداق ئەسەرلەر ئىچىدە تېماتىك مەزمۇننىڭ يېڭىلىقى ، لىرىك تەسۋىرلىرىنىڭ رەڭدارلىقى ، ھېسسىياتىنىڭ پاكىز ۋە سۇزۇكلۇكى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان «تەڭرىتاغ قەسىدىسى» بىلەن «ئانا يۇرتۇم» ناملىق شېئىرلىرى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ . شائىر «تەڭرىتاغ قەسىدىسى» ناملىق شېئىرىدا ئوقۇرمەنلەر ئېڭىدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ، تېخىچە شېئىرىي قەلەمگە ئېلىنمىغان ھەممە گۈزەل ، سەلتەنەتلىك سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تەڭرىتاغنىڭ شېئىرىي شەرھى سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ ، ئۇنى ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ لىرىك سىمۋولى دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن :

سەن گويا مەنزىلگە ئۇچقان بىر سۇمۇرغ ،
سۈرئىتىڭ چاقماقتۇر ، قۇدرىتىڭ بوران .
ئىرادەڭ پولاتتۇر ، مېھرىڭ مىسلى چوغ ،
زەپەر ئاسمىنىدا قىلىسەن جەۋلان .
ھەر دىلنىڭ مەپتۇنى ئايدەك رۇخسارىڭ ،
ئەسلىتەر ھۆر - پەرى ھۆسنى تۇرقىنى .
ئەمەسمۇ سۇمبۇلدەك تال - تال چاچلىرىڭ ،
تارىم ۋە ئىلىنىڭ سانسىز ئېقىنى .
ئەمەسمۇ دولقۇنلۇق سايرام ، تەڭرىكۆل ،
كۆكسۈڭدە زۇمرەتتەك چاقنىغان مارجان .
ئەمەسمۇ ئەتىكىڭدە رەڭدار كەشتەگۈل ،
يېشىل تاغ ، بوستان باغ ، چەكسىز كۆك ئورمان .

ھەقىقەتەن تەڭرىتاغ بىز ئۇچۇن قايتا پۈتۈلمەيدىغان ئۆچمەس مۇقەددەس قامۇس . ئۇنىڭدا «تارىمنى ماكان» تۇتۇپ ، «مىڭئۆيىنى قۇرۇپ چىققان» ئىجادكار ئەجدادىمىزنىڭ قەدەم ئىزلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەسىرلىك كۈرەش تارىخى ، «مەنىۋى دۇنيا»غا

تەڭداشسىز روھىي گۈزەللىك ئاتا قىلغان پارلاق مەدەنىيىتى بىلەن ئۇلارنىڭ تەبىئەتنى ئۆز ئانىسىدەك سۆيۈپ، ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىق سۇمبات ۋە لاتاپەت بىلەن ياساندۇرغان بۈيۈك ئەمگىكىنىڭ ئۆچمەس ئىزنالىرى بار. تەڭرىتاغ — زەپەر ئاسمىنىدا تىنىمسىز قانات قېقىۋاتقان تالماس بۈركۈت، ئانا يەرنى باغرىغا تېڭىپ پەپىلەپ كېلىۋاتقان مۇقەددەس قورغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشەنچ ۋە ئىرادە كۈچىگە تايىنىپ كۈتكىنىنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشەلەيدىغان، تەڭرىنىڭ نەزىرى چۈشكەن بىر ئارزۇلۇق ئوغۇل. ئۇ بىزنىڭ مىللىي روھ، مىللىي ئەقىل - پاراسىتىمىز بىلەن يىمىرىلمەس مەنىۋى قۇدرىتىمىزنىڭ ئەبەدىي پارلىشى. ئاپتور شېئىرىدا تارىخ بىلەن رېئاللىقنى، تەبىئەت بىلەن ئىنسان روھىيىتىنى، ئۆزىنىڭ شائىرانە ھېس - تۇيغۇلىرى بىلەن خەلقىنىڭ غايىۋى ئىنتىلىشىنى ماھىرلىق بىلەن باغلاپ، تەڭرىتاغنىڭ بۈيۈك لىرىك سۈرىتىنى سىزىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنى بارلىقى بىلەن سۆيىدىغان، ئۆزىنىڭ ھەممە ئەقىل، ۋىجدانى بىلەن ئۇنى ئۇلۇغلايدىغان شائىرانە ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن.

ئانا يۇرت — ھاياتىدىكى ھەرقانداق بىر ئادەم ئۈچۈن ئوخشاشلا ئەزىز ۋە قىممەتلىك. بىز ھەممىمىز ئاشۇ خىسلەتلىك زېمىندا ئالەمگە كۆز ئېچىپ، بۇ سىرلىق دۇنياغا بىرىنچى قېتىم ھەيرانلىق ئىچىدە كۈلۈمسىرەپ قارىدۇق. باللىق ۋە ئۆسمۈرلۈكىمىزنىڭ قانچىلىغان قىزىق، ئۇنتۇلماس خاتىرىلىرى ئەنە شۇ تۇپراققا سىڭىپ كەتتى. خەلقىمىزنىڭ ئەسىرلىك ئەنئەنىسى بولغان ئەقىل ۋە ۋىجدان، ئىشەنچ ۋە ئىرادە دېگەنلەر ئەنە شۇ ئانا يۇرتنىڭ مۇھەببىتى بىلەن قەلبىمىزگە ئېقىپ كىرىپ، ئىنسانىي غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىقنىڭ مەڭگۈلۈك مەنىۋى دولقۇنىنى ياراتتى. شۇڭا، بىز ئۇنى سۆيۈش ۋە قەدىرلەشنى، ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، ئىشقىدا يېنىشنى ئۆزىمىزنىڭ ئۆمۈرلۈك ۋىجدانىي بۇرجى دەپ بىلىمىز.

شائىر رەخىم قاسىم «ئانا يۇرتۇم» ناملىق شېئىرىدا ئۇنىڭ



ھەممىگە مەلۇم بولغان ئورتاق ئومۇمىي سۈپەتلىرىنى ئەمەس، بەلكى كىشىلەر ئاسان ھېس قىلىپ يېتەلمەيدىغان سېھرىي پەزىلەتلىرىنى، ئۇنىڭ «تىلسىملىق مۆجىزات» بولۇپ تۇيۇلىدىغان، پەقەت شائىرنىڭ ھېسسىياتلىق قەلىمىدىلا ئەسلىي ھالىتىدە ئايان بولىدىغان، چەكسىز مەنىۋى قۇدرىتى بىلەن تەڭداشسىز تەبىئىي گۈزەللىكىنى ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇغان ھالدا بىر خىل ئاشىقانە تۇيغۇدا مەدھىيىلىگەن. ئۇ ئۆز ئانىسىدەك «ئەزىز ۋە مۆھتەرەم» بولغان مېھرى ئاتەش يۇرتى بىلەن تەشنالىق ئىچىدە قايتا دىدارلاشقىنىدا، ئۇنىڭ باغرىدا قىيغىتىپ يايراپ ئۆتكەن سەبىي باللىق دەۋرلىرىگە قايتىدۇ. يېشىللىققا پۈركەنگەن قامەتلىك تاغلىرىنى مېھرى بىلەن قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ «ساي - سالالىرىغا» مەجنۇنلارچە يۈزىنى ياقىدۇ. ئانا يۇرتىنىڭ جەننەتتەك رۇخسارىغا مەھلىيا بولۇپ گۈل - گىياھ قاپلىغان دۆڭ ۋە ئېدىرلاردا شادلىنىپ ئۈزىدۇ. شائىرنىڭ ئۇرغۇپ تېشىۋاتقان سۆزۈك بۇلاقتەك قايناق ھېسسىياتى ئاخىر بېرىپ تەبىئىي ھالدا ئۆزىنىڭ ئىككى دۇنيالىق تەقدىرى بىلەن ھاياتىي بارلىقى ھېسابلىنىدىغان، ئەبەدىيلىككە ئىگە بولغان ۋەتەن مۇھەببىتى ئېقىنىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئانا يۇرتىغا بولغان مۇھەببەت ۋە تېۋىنىشى تېخىمۇ مەنىۋى كەڭلىككە، ئەقىل ۋە ۋىجداننىڭ يېڭى روھىي پايانسىزلىقىغا ئېرىشىپ، خىسلەت ۋە ھېكمەتكە تويۇنغان مۇقەددەس ئانا يۇرتنىڭ ھەممە گۈزەللىك ۋە ئۇلۇغۋارلىقى سەھەر قۇياشىدەك نۇرلىنىپ پارلايدۇ:

بىلمىدىم، ئېسىمنى تاپتىم قايسى كۈن،
ئاھ، يۇرتۇم تۇيۇلدۇڭ مۆجىزات بولۇپ.
تۇمەن خىل رەڭ بەرسە بولۇق نۇردا كۈن،
چاقنىدىڭ ئەقىل لال تىلسىمات بولۇپ.
كېچىسى ئاي، يۇلتۇز كۆيۈپ تەلپۈنۈپ،

گۈزەل رۇخسارىڭدىن ئۈزەلمىسە كۆز .
شامالدا بۇلۇتلار لەرزان يەلپۈنۈپ ،
شادلىق ياشلىرىنى تۆكتى باھار ، كۈز .
قار — ئاپئاق كۆڭلىكىڭ ، سەن توي قىلغان قىز ،
تاجىڭ ھەسەن - ھۈسەن ، سەن مەغرۇر بىر شاھ .
بارچە قايىل بولۇپ پۈكەر ساڭا تىز ،
گۈزەللىك بابىدا سەن مىسلى ئىلاھ .

مۇھەببەت — ھاياتتىكى ھەممە كىشى ئۈچۈن ئورتاق بولغان ئەڭ يۈكسەك ئالىيجاناب تۇيغۇ . ئۇ شەخسنىڭ ھاياتىي تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ . مۇھەببەت — ئۆمۈرلۈك مەقسەت ۋە ئارزۇنىڭ غايىۋىلىشىشى ، ئىشەنچ ۋە ئىرادە بىلەن نۇرلانغان پاك قەلبنىڭ ۋاپا ۋە ساداقەت يالقۇنىدا يېنىپ پارلىشىدۇر .

شائىر رەخىم قاسىم شېئىرىيىتىمىزدە مۇھەببەت ھەققىدە ئەڭ كۆپ يازغان ئاپتورلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇنىڭ بىز مۇھاكىمە قىلماقچى بولۇۋاتقان شېئىرى «مۇھەببەت» — كىشىلىك مۇھەببەتنى كۈيلەنگەن ، ئىشق ئوتىدا كۆيۈۋاتقان ھەسرەتلىك قەلبنىڭ ئازابلىق نىداسى بىلەن ۋىسال تاپقان سۆيگۈنىڭ شادلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن لىرىك لەۋھە ئەمەس . ئۇ «ھەر كۆڭۈلنىڭ سۇبھى - تاڭى» ھېسابلىنىدىغان مۇقەددەس مۇھەببەتكە ئوقۇلغان ئوتلۇق مەدھىيە . ئاپتور شېئىرىدا مۇھەببەتنىڭ كۈچى ۋە قەدىر - قىممىتىنى تۇرمۇشىمىزدا مۇئەييەن قىممەت ۋە ئورۇنغا ئىگە بولغان پۇل ، ھوقۇق ، ئىمتىياز ۋە دەرىجىلەرنىڭ تەسىر كۈچىگە سېلىشتۇرۇپ ، مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي مەزمۇنى ، ماھىيىتىنى يېڭى ھاياتىي نۇقتىدىن ئېچىپ بېرىپ ، كىشىلەرنى ھايات ۋە مۇھەببەتنى سۆيۈپ ۋە قەدىرلەپ ، ۋاپا ۋە ساداقەتنىڭ يېڭى مەنىۋى پەللىسىگە كۆتۈرۈلۈشكە دەۋەت قىلىدۇ . تۆۋەندىكىلەر مۇھەببەتنىڭ شائىر



قەلبىدە ئەكس ئەتكەن مەدھىيىلىك ئىجادىي تەسۋىرى :

تەپتىڭنى قۇياشقا ئەيلىسەم قىياس ،
يالقۇنۇڭ ئالدىدا بەك ئاجىز بىراق .
ياز چېغى ئۆرلەيدۇ ھارارىتى راست ،
قىشتا ئۇ پىلىلداپ يانغان جىنچىراغ .
...
مۇھەببەت سەن شۇنچە ئۇلۇغ ۋە گۈزەل ،
بەختىيار ھاياتنىڭ قېنى - جېنىسەن .
پۈتتى ئەل ھەققىڭدە كۆپ داستان - غەزەل ،
يازغانغا تۈگىمەس ئۆلمەس تېما سەن .

شائىرنىڭ ئۆز دەۋرىدە ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغىغان «ياشىسۇن قولى گۈل ئىشچاننىڭ قولى» ناملىق سىكىلى ئايرىم ۋە مۇستەقىل بەدىئىي مەزمۇنغا ئىگە بولغان بەش پارچە ئىجادىي شېئىردىن تۈزۈلگەن . ئۇلاردا ئاسمانغا بوي سوزغان ھەيۋەتلىك بىنالار بىلەن كوچىلارنى گۈزەللىك سەلتەنىتىگە پۈركەۋاتقان بىناكار قىز ، يىراقتىكى جاپاكەش يېزىسىغا «يېڭىدىن زىننەت» بېرىۋاتقان ھۈنەرۋەن بوۋاي ، «تەر تۆكۈپ شان قۇچقان» قولى گۈل تېخنىك ئۇستا ، ئەقىل - پاراستى بىلەن بىمارلارغا قايتا ھايات بېرىۋاتقان مېھرىبان دوختۇر ، مىننەتسىز ئەجرى بىلەن باللار دىلىنى ئىلىم بىلەن نۇرلاندۇرۇۋاتقان پېشقەدەم مۇئەللىم قاتارلىق بەش تىپىك پېرسوناژنىڭ شېئىرىي ئوبرازى يارىتىلغان . ئۇ ئۆزىنىڭ غەيرەت - شىجائىتىگە تايىنىپ ، ئۆز دەۋرداشلىرىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىۋاتقان تۆھپىكار پېرسوناژلىرىغا بېغىشلانغان لىرىك مەدھىيىلىرىنىڭ ھەربىرىنى «شۇڭلاشقا ئېيتىمەن : ياشىسۇن مېھنەت ، ياشىسۇن قولى گۈل ئىشچاننىڭ قولى» دېگەن شېئىرىي نەقرات بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ ، سىكىلنى مۇناسىپ مەزمۇن

ئىزچىللىقى بىلەن مەنە بىر پۈتۈنلۈكىگە ئىگە قىلىپ، ئۇنىڭ بەدىئىي تەسىر كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان.

«ياشىسۇن قولى گۈل ئىشچاننىڭ قولى»ناملىق بۇ سېكىل ئەركىن ۋە ئازاد ھاياتنىڭ شادلىق تەنتەنىسى بىلەن ھاياتقا يېڭى رەڭ، يېڭى مەنە بېرىپ، ئۇنى گۈزەللىكنىڭ تېخىمۇ پارلاق ئىستىقباللىق زېمىنىغا باشلاپ كىرىۋاتقان ئۇلۇغۋار ئەمگەككە ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتىي تەقدىرىنى ئۇنىڭغا باغلىغان ھەممە ئاددىي ئەمگەكچىلەرگە ئوقۇلغان ئەڭ قىزغىن سەمىمىي مەدھىيە، شۇڭا ئۇ بىزنى ھازىرمۇ ئۆز دەۋرى ئوقۇرمەنلىرىگە ئوخشاشلا ھاياجانلاندۇرىدۇ. ئاپتور سېكىلنى خاتىمە ئورنىدىكى شېئىرىي ھېكمەت تۈسىگە ئىگە مۇنداق ئاجايىپ پىكىرلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان:

ئەي شائىر،
بولمىسا شۇ ئالتۇن قوللار،
كۆلەمدۇ ئىستىقبال، كۆلەمدۇ ئارمان،
ھەممە قول ئاق پەلەي ئىچىدە يايراپ؟
ھەممە قول ئېگىلسە ئىچىگە قاراپ،
ئېيتقىنا نەدىدۇر بىزگە بۇ زامان؟
ئەجەبا،
قارايغان قاداقلىق قوللار
شېئىرغا سىغمىسا، چۈشۈرسە نۇقسان؟
شېئىر — گۈزەللىكنىڭ بەلگىسى بولسا،
بۇلاردا گۈزەللىك كېتىپتۇ قايان؟

رەخىم قاسىم باللادا ۋە داستان ئىجادىيىتىدىمۇ مۇئەييەن مەزمۇن كەڭلىكى بىلەن شېئىرىي رەڭدارلىققا ئېرىشىپ، ئۆز دەۋر رېئاللىقىنى ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر ئېچىپ بەردى. ئۇ «دوستلۇق



سىمۋولى» ناملىق باللادىسىدا يېزا كىشىلىرىنىڭ ئۆز قېرىندىشىغا ئايلىنىپ كەتكەن مېھرىبان بىر دوختۇرنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدا قۇربان بولغان ئاددىي بىر يېزا يىگىتىنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى ياراتسا، «يول ئۈستىدە» ناملىق باللادىسىدا بىر ھەربىي شوپۇرنىڭ كۆيۈمى ۋە ۋاپادارلىقى بىلەن ئۆمۈرلۈك غەم ۋە ئەلەمدىن خالاس بولغان بىر دېھقان بوۋاينىڭ يېزا سەھىرىدەك پاك ۋە يورۇق قەلب سۈرىتىنى سىزىپ بەرگەن. بۇ ئەسەرلەر ئاددىي ھالدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە ـ خەلق دوستلۇقى مەدھىيىسى ئەمەس، بەلكى ھاياتىي ئەبەدىيلىككە ئىگە بولغان ئىنسانىي مۇھەببەت ناخشىسىدۇر.

شائىر رەخىم قاسىم يىرىك شېئىرىي ئەسىرى «يۇلتۇزلۇق كېچە» داستانىدا ئەينى يىللار تارىخىمىزنىڭ ۋىجدانىي شاھىتى، خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى مۇرەككەپ ئىنقىلابىي كۈرەش سەرگۈزەشتىلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرسە، ۋەقەلەر ئېقىمىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە تارتىدىغان «كۈمۈش يوللار» داستانىدا بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇر تۆمۈريول ئىشچىلىرىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ لىرىك مەنزىرىسىنى سىزىپ بەرگەن. خىيال ۋە فانتازىيىنىڭ ئىنسانىي ھۆرمەت ۋە ئېتىقاد يالقۇنىدا يېنىشىدىن تۇغۇلغان «شائىر» ناملىق داستانىدا بولسا، خەلقىمىز قەلبىدىكى ئىككى بۈيۈك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن نىمشېھىتنى روھەن تىرىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەقلىي ھېكمەتتىن پۈتكەن شېئىرىي سۆھبىتى ئارقىلىق ئۆز نەزىرىدىكى ھەقىقىي شائىرنىڭ — ئەقىل ۋە ۋىجدان يالقۇنى بىلەن كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بىر ئۆمۈر يورۇتۇپ ئۆتكەن بۈيۈك بىر ئىنساننىڭ بەدىئىي غايىۋى ئوبرازىنى ياراتقان.

تەگسىز ئوي ـ خىياللارغا چۆمگەن مۇھەببەتلىك بىر قەلب ئىگىسى، ئاددىي، لېكىن ئۇلۇغ بىر ئادەم كوكاتلىق يېزا يولىدا

سالماق قەدەملەر بىلەن كەلمەكتە . ئۇنىڭ ھەممىنى كۆرۈپ ئۇلگۇرگەن ، بىرلا نەزەر بىلەن ھەممىنى ئەقلىي پىكىر ئالىمىگە يىغالايدىغان ئويچان كۆزلىرى بىردىن ياندىكى كۆرۈمسىز دېھقان كەپىسىگە چۈشتى . ئۇ رېڭى ئۆچكەن ، ياماقلىق پالاس ئۈستىدە ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان بىر ئوغۇلنى قۇچىقىغا ئالدى . شۇ چاغدا تۇرمۇشنىڭ ھەممە مۇشەققەتلىك يۈكىنى كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭدىن ئازاب ۋە شادلىق تېپىپ كەلگەن جاپاكەش ئانا پەيدا بولدى . بالىسىنى مۇھەببەت بىلەن پەپىلەپ تۇرغان بۇ ئادەم كىم؟ ئانا ئۆز قېرىندىشىدەك مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ، ئاددىي سالاپىتى بىلەن ئۆزىدە ھۆرمەت ئويغىتىۋاتقان ، تونۇشىدەك يېقىن ، لېكىن ناتونۇش تۇيغۇ بېرىۋاتقان بۇ بۈيۈك ئادەمنىڭ كىملىكىنى ئىزدەپ تەگسىز خىياللارغا چۆمىدۇ . شۇ چاغدا تۇرمۇشنىڭ بۇ سىرلىق ھېكمىتىگە بەند بولۇپ تۇرغان ئانىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىسى — تۇرمۇشنىڭ ھەممە ئەلەم ۋە خۇشاللىقىنى بىللە كۆرۈپ ئۆتكەن قەدىرلىك ئادىمى پەيدا بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن باللادىنىڭ ئوقۇرمەن كۈتمىگەن ئاجايىپ ھاياجانلىق دىئالوگى بىلەن ئۇنى ئوي - خىياللار ئېقىمىغا غەرق قىلغان سىرلىق يېشىمى ئايان بولىدۇ .

— ھە ، كەلدى تونۇشلا ئادەم ،
بىلمىدىم…
كىم ئىكەن ئۇ «كەلگەن مېھمان» ؟
— نېمىشقا بولمىدىم بۇنداق ھەسسىنەم ،
بىلەمسەن ئۇ كەلگەن…
— كىم ئىكەن ؟
— ئەخمەتجان !

يىللار ئۆتىدۇ . ئېتىزلار ، باغلار ياشىرىپ ، گۈل -



گىياھلارغا پۈركىنىدۇ . ھايات يېڭىلىنىپ مىليونلىغان كىشىلەر ھەقىقىي بەخت - سائادەت بىلەن ئۇچرىشىدۇ . يېزىنىڭ قېرى ، ياش ھەممە كىشىسى ئۆز ۋاقتىدا ھېچكىمنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان بۇ كۆرۈمسىز مۇبارەك جايغا كېلىپ ، ئۇ ئاددىي ، سۆيۈملۈك ئىنساننى چىن كۆڭلىدىن ياد ئېتىدۇ :

ھېلىمۇ ئۇ ئايال سۆزلەيدۇ شۇنداق :
بۇ يەرگە كىم كەلگەن ؟
بىلەمسەن قاچان ؟
مۇشۇ ئۆي ئورنىمىز كەپە ئىدى بىر چاغ ،
شۇ يەرگە كەلگەنتى بىزنىڭ ئەخمەتجان .

بۇ شائىر رەخىم قاسىمنىڭ 1957 - يىلى بىز بىلەن يۈز كۆرۈشكەن ، خەلقىمىزنىڭ دوستى ۋە رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۈيۈك ئىنسانىي پەزىلىتىگە بېغىشلانغان «كەپىدە» ناملىق باللادىسىنىڭ قىسقىچە بەدىئىي بايانى .

رەخىم قاسىمنىڭ ئۇيغۇر داستانچىلىقىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان يىرىك شېئىرىي ئەسىرى «چولپان»نىڭ ئۆز ۋاقتىدا بىزنى قانچىلىك ھاياجانلاندۇرغانلىقى ھازىرمۇ ئېسىمىزدە . ئاپتور داستاننى ئۆزىنىڭ شائىر سۈپىتىدىكى ئىجادىي بۇرچى بىلەن ئەسىرىدىكى بەدىئىي غايىۋى مەقسىتىنى روشەن يورۇتۇپ بېرىدىغان مۇنداق لىرىك مىسرالار بىلەن باشلىغان :

چولپان دەپ ئاتايدۇ تاڭدا - ئۇپۇقتا ،
كۈمۈش رەڭ نۇر چاچقان ئوماق يۇلتۇزنى .
ھە… ئۇنىڭ يىپەكتەك تال - تال شولىسى ،
ئوينىتىپ ئۆتمىگەن قايسى جۈپ كۆزنى .
ئاسماندا بىر تال ئۇ ، يەردە مىليونچە ،

بەختتىن - بەختكە قاراپ يول تۇتقان .
قوزغىتىپ ئىلھامىم ، كۈيلەتكەن شۇنچە ،
يېزىنىڭ شوخ قىزى — قەلبى ئوت چولپان .

ئاپتور داستاندا شېئىرىيەتنىڭ ھەممە بەدىئىي ۋاستىلىرىنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىپ ، ئەسىرىدىكى قەلبىنى تەۋرەتكەن بەدىئىي ماۋزۇسىنىڭ لىرىك يادروسىغا كىرىدۇ . داستاندا چولپان ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەر بىلەن كونىلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكنىڭ ھۇجۇم ۋە بوھتانلىرىنى يېمىرىپ ، بارلىقىنى دېھقان قېرىنداشلىرىنىڭ بەختىيار كېلەچىكىنى يارىتىشتەك ئۇلۇغ ئىشقا بېغىشلايدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستى بىلەن ئالاھىدە تەشكىلاتچانلىق ئىقتىدارىغا تايىنىپ ، يۇرتىنىڭ ئەسلىي قىياپىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ كونىچە پىكىر چۈشەنچىلىرىنى ئۆزگەرتىپ ، يېپيېڭى ئەركىن تۇرمۇش ئەندىزىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ .
ئاپتور ئۆز پېرسوناژىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىپ مەنىۋى پاكلىق يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلۈشكىچە بولغان بىر پۈتۈن ھاياتىنى ئەينى دەۋر تۇرمۇشىنىڭ تىپىك ۋەقە ، ھادىسىلىرى بىلەن باغلاپ ، ئىجادىي شېئىرىيەتنىڭ رەڭدار بەدىئىي مۇھىتىدا ئېچىپ بەرگەن . شۇنداق قىلىپ ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتكەن ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي تەقدىرىنى ئۆزى يارىتالايدىغان ، ھاياتنىڭ سىرلىق ھېكمەتلىرى ئالدىدا ھېچقانداق ھېيىقماي «مەن كىم» دېيەلەيدىغان جاسارەتلىك دېھقان قىزىنىڭ لىرىك بەدىئىي ئوبرازىنى ياراتقان :

بەختسىز ئانىنىڭ بەختىيار قىزى ،
ناخشىدەك ئۆمۈرنىڭ خۇشخۇي كۈيى ئۇ .
كەڭ دالا — مەخمەلدەك يېشىل ئېتىزنىڭ ،
ئەتىردەك پۇراقلىق قىزىلگۈلى ئۇ .



بۇ مىسرالارنى ئوقۇپ چىققان ھەرقانداق بىر ئوقۇرمەن بۇنىڭدىن ئەللىك ئىككى يىل بۇرۇن مۇشۇنداق يېڭى بەدىئىي پىكىرگە تويۇنغان ئوبرازلىق تىل بىلەن شېئىر يازالايدىغان ھەقىقىي بىر شائىرنىڭ بولغانلىقىدىن تەبىئىي غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدۇ .
ئويلاپ كۆرسەم ، مەن شائىر رەخىم قاسىم ئەسەرلىرىنى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئۇزمەي ئوقۇپ كەپتىمەن . ئاددىي ھالدىكى ئەمەلىي تەسىراتىم شۇكى ، ئۇ بىزنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ كەم تېپىلىدىغان تالانتلىق شائىرى ، مەرھۇم ئاكىمىز ئابدۇكېرىم خوجىدىن كېيىن يېتىلگەن تاۋلانغان شېئىر تەرجىمانى ، ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىي ئەسلىمىنىڭ يىراق ، جاپالىق ئىجادىي مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن ئىقتىدارلىق تۆھپىكارى . ئۇنىڭ ئۆز دەۋرى ھاياتىنىڭ لىرىك مەنزىرىسى بولغان كۆپ قىرلىق بەدىئىي ئىجادىيىتى بىلەن ئۆزىگە خاس رەڭ ۋە ساداغا ئىگە بولغان ئۇزاق يىللىق مۇرەككەپ ئىجادىيەت يولى بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ھازىرمۇ ئوخشاشلا ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ئۇنۇملۈك تەتقىقات تېمىسىدۇر .

2009 - يىلى 6 - ئاي

# «ھىجران مۇڭلىرى»دىن كۆتۈرۈلگەن ھەسرەتلىك سادا

شائىر ۋە تەتقىقاتچى ھېيتەم ھۈسەيىن ئىجادىيەت ئىشىغا ھەرقاچان پاك قەلب ، سەممىمي تىلەك بىلەن ياندىشىپ كېلىۋاتقان ، ئىزدىنىش روھىغا باي تەلەپچان ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان سەنئەت مائارىپى يېتەكچىلىكى ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشكىلاتچىلىقىغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتچانلىقى ئېغىر ، مۇرەككەپ ۋەزىپىلەر بىلەن بەند بولۇپ كەلگەنلىكىگە قارىماي ، ئۆزى سۆيگەن ۋە ھەۋەس قىلغان ئەدەبىي ئىلمىي يېزىقچىلىقتىن قول ئۈزمەي ، ئۆز ئوقۇرمەنلىرىگە «ھىجران» ، «گۈل ئوغرىسى» ، «تىياتىر ۋە تىياتىر ئارتىسلىقى» ، «تىياتىر سەنئىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ناملىق كىتابلىرىنى تەقدىم قىلىپ جامائەتچىلىك ئىچىدە ئالاھىدە تەسىر قوزغىدى . يېقىندا ئۇنىڭ مىللىي مەدەنىي تۇرمۇشىمىزغا يېڭىچە ئىجادىي نۇقتىدىن ياندىشىپ ، ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ ئۆزى شاھىت بولغان بەزى زور ماھىيەتلىك ھادىسىلىرى بىلەن بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان بىر قىسىم تۆھپىكار ۋەكىللىرى ھەققىدە بىرمۇنچە يېڭى پىكىر ۋە مۇلاھىزىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەشىنچى كىتابى «ھىجران مۇڭلىرى» ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى . مەن ئۇنىڭ ئۆزگىچە ئوبرازلىق بەدىئىي ماۋزۇ بىلەن ناملانغان بۇ يېڭى ئىجادىي كىتابىنى چوڭقۇر مەنۋى ئازاب بىلەن تەبىئىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل ئېغىر ۋە مۇرەككەپ روھىي ھالەت ئىچىدە ئوقۇپ تۈگەتتىم . مەن بۇ كىتابنىڭ ھەقىقەتەن بىر پاك ، سەممىمي قەلبتىن ئۇرغۇپ چىققان ، ھېچقانداق روھىي تەسەللىسى



بولمىغان ئازابلىق دەرد ـ ئەلەمنىڭ كىشى قەلبىنى ئېزىدىغان ھەسرەتلىك بەدىئىي ساداسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتىم . كىتاب ماڭا باي ۋە رەڭدار مىللىي سەنئىتىمىزنىڭ قىيىن ۋە مۇرەككەپ تەرەققىيات مۇساپىسى بىلەن بۇرۇندىن ماڭا تونۇش بولغان ، لېكىن ھايات قىممىتىنى تولۇق ھېس قىلىپ يېتىشكە ئۈلگۈرمىگەن بىر قىسىم تۆھپىكار ئەدىب ۋە سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ جاپالىق ئىجادىيەت يولىنى ئىلمىي ھالدا يېڭىدىن تونۇتتى . ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ئەقلىي تالانتى ، مەنىۋى كۈچى بىلەن ھايات ئىرادىسى ، ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىگە بولغان تەبىئىي چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن ھەرقانداق بېسىم ۋە كېلىشمەسلىكلەر ئالدىدىمۇ پاكلىقى بىلەن پارلاپ تۇرىدىغان مۇقەددەس ھاياتىي ئېتىقادى كۆز ئالدىمدا قايتا نۇرلانغاندەك بولدى .

«ھىجران مۇڭلىرى»نىڭ تېماتىك مەزمۇنى باي ۋە رەڭدار ، بەدىئىي ئىلمىي تەپەككۇر يوللىرى كەڭ ۋە راۋان ، ئەدەبىي شەكىل قۇرۇلمىسىنىڭ تۇراقلىقلىقى روشەن بولۇپ ، ئۇنىڭدىكى ھەربىر پارچە ئەسەر ئۆز خاسلىقى بىلەن ئوقۇرمەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ . ئۇنىڭدا ھەسرەتلىك لىرىك مەزمۇنغا تويۇنغان ، ھەر خىل بەدىئىي شەكىللەردە يارىتىلغان شېئىرىي مەرسىيىلەرنىڭ ، ئەدەبىي تۈسى قويۇق بولغان بەدىئىي نەسر خاسلىقىغا ئىگە ئەسلىمە ۋە خاتىرىلەرنىڭ ، ئۆزىنىڭ پىكىر ۋە تەپەككۇر ئىنچىكىلىكى بىلەن كىشى ئەقلىنى تەۋرىتىدىغان ھەر خىل مەزمۇندىكى يېڭىچە ئىلمىي مۇھاكىمىلەرنىڭ بولغانلىقى ئوقۇرمەننى قىزىقتۇرىدۇ .

«ھىجران مۇڭلىرى» جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىي تۇرمۇشىدا بارلىققا كەلگەن ھەربىر ئىجادىي ئىزدىنىشتىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدىغان تەلەپچان ئوقۇرمەنلەر تۈركۈمىنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى . ئۇلار كىتابنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىي تەرەپلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن سالماقلىق ماقالىلەرنى

ئېلان قىلىپ، ئادەتتىكى بۇرادەرلىك يىغىلىشلىرىدا بىرمۇنچە قىزغىن، سەممىي پىكىرلەرنى بايان قىلىپ، بىر مەزگىل بەلگىلىك دائىرىدىكى «ھىجران مۇڭلىرى» قىزغىنلىقى ھالىتىنى شەكىللەندۈردى. مېنىڭچە، بۇنىڭغا كىتابنىڭ يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتۈلگەن ئومۇمىي ئىجادىي پەزىلەتلىرىدىن باشقا، مۇھىمى ئاپتورنىڭ ئوقۇرمەنلەرنى ئۇزاقتىن بۇيان تەقەززا قىلىپ كەلگەن ھاياتبەخش بىر ئىجادىي تېمىنى كىتابنىڭ مەزمۇن يادروسى قىلىپ تاللىۋالغانلىقى سەۋەب بولدى.

ھاياتتا ئۆز روھى ۋە ئىرادىسى بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋاتقان ھەرقانداق بىر ئىجتىھاتلىق ئادەم ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىدىن دائىملىق مەنىۋى ئىلھام ۋە روھىي مەدەت ئېلىپ، كۆڭلىرىنى خۇشال ۋە مەنىلىك ئۆتكۈزۈشنى بىلىدىغان پاراسەتلىك ئادەمدۇر. بۇنداق ئادەم ھاياتىغا دائىم ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان ئەقلىي ھېكمەتلەرنىڭ پۈتمەس خەزىنىسى بولغان ئەدەبىيات - سەنئەتنى پۈتۈن بارلىقى بىلەن سۆيىدۇ. ئۇنىڭ ئىجادىي تۆھپىكارلىرىنى ئۆز ئەقىدىسىدەك قەدىرلەپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىي ھاياتىدىن غۇرۇر ۋە شادلىق ھېس قىلىپ، ئۆلۈم ۋە ئايرىلىشتىن ئەلەملىك ھەسرەت قايىنىمىغا چۆمىدۇ. ھاياتلىقنىڭ مۇشۇنداق ئورتاق مەنتىقىسىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرگەن ھەرقانداق بىر تەلەپچان ئاپتور ئۆز ئوقۇرمەنلىرىنىڭ مۇرەككەپ روھىي ھالىتىنى ئۆز ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ئۇنى دادىل قەلەمگە ئالالىسا، ئۇ ھايات رېئاللىقى بىلەن نۇرلانغان تېخىمۇ يېڭى ئىجادىي كەڭلىككە ئېرىشىپ، ئوقۇرمەن ئۈچۈن ھەقىقىي مەنىۋى ئوزۇق بولالايدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى شۇنچە ئەركىن يارىتالايدۇ.

بىزنىڭ مىللىي مەدەنىي ھاياتىمىزنىڭ يېقىنقى بىر مەزگىللى پىكىر ئەركىنلىكى بىلەن تەپەككۇر ئازادلىقىنىڭ بىپايان زېمىنىغا ھەقىقىي قەدەم قويۇپ، ئۆزىنىڭ پارلاق كېلەچىكىنى يارىتىۋاتقان ئىستىقباللىق ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا مىسلى



كۆرۈلمىگەن يېڭى بىر گۈللىنىش دەۋرى بولدى. خەلقىمىزنىڭ ئەقىل ۋە ۋىجدانىدىن تۇغۇلۇپ دەۋر تەرەققىيات ئېقىمىدىن نۇرلانغان بۇ قىممەتلىك مەنىۋى ئالىمىمىز ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئېلىمىز ۋە دۇنياغا يۈزلىنىپ، يېڭى ئىجادىي يۈكسەكلىك پەللىسىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. لېكىن، بىز بۇ يەردە شۇنداق بىر ئاچچىق ھەقىقەتنىمۇ ئېيتماي تۇرالمايمىزكى، بىزنىڭ مىللىي ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز بۇ يىللاردا بەكمۇ ئەلەملىك بولغان ئېغىر مۇسىبەتلىك ھالەتلەرنىمۇ باشتىن كەچۈردى؛ ئۆزىنىڭ جاپالىق ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت دۇنياسىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ، ھەقىقىي شان - شەرەپ مۇنبىرىگە كۆتۈرۈلگەن بىر قىسىم تالانتلىق ئەدىب ۋە سەنئەتكارلىرىمىز كەينى - كەينىدىن كۆز يۇمۇپ، بىزنى مەڭگۈلۈك ھىجران ئازابىغا تاشلاپ كەتتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى تېخىمۇ يېڭى مەنىۋى قىممەت تېپىپ، خەلقىنىڭ ئۇلارغا بولغان ئەسلەش ۋە سېغىنىشى ھەسرەتلىك تەشنالىققا ئايلاندى. خەلقنىڭ تۇيغۇ ۋە ئىنتىلىشىدىكى بۇ خىل رېئال روھىي ھالەتنى ئەقلەن ھېس قىلىپ يەتكەن ئىجادكار ئاپتورىمىز ھېيتەم ھۇسەيىن بۇ مۇرەككەپ، جاپالىق تېمىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياندىشىپ، ئۇ مەرھۇملارغا يېڭىدىن جان ۋە روھ ئاتا قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى، تۆھپىسىنى مەڭگۈلەشتۈرۈپ، ئۇلارغا روھەن ئارام ۋە ئەمىنلىك بېغىشلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ مىللىي ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ ئۆتكەنكى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ دەسلەپكى بەدىئىي ئابىدىسىنى تىكلەپ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى يېڭى تەرەققىياتىغا يەنە بىر زور ئەمەلىي تۆھپە قوشۇش مەقسىتىگە يەتتى.

«ھىجران مۇڭلىرى» كىتابىغا ئاساسىي تېماتىك مەزمۇننى كونكرېت گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئون بەش مەرسىيە بىلەن يەتتە پارچە بەدىئىي ئەسلىمە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ،

ئۇلاردا ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ بىزدىن جىسمانەن ئايرىلغان ياسىن ھاجى خۇدابەردى، قەمبەرخانىم، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابلىز نازىرى، تېيىپجان ئېلىيوف، سىراجىدىن زىپەر، ئەمەت ئۆمەر، پاتەم قۇربان، ھاجى راخمان، زوردۇن سابىر، غىياسىدىن بارات، داۋۇت ئاۋۇت قاتارلىق ئوتتۇزدىن ئارتۇق ئاتاقلىق ۋەكىلىنىڭ مۇبارەك ناملىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە تىلغا ئېلىنىپ، ئاپتور ئەڭ ياخشى چۈشىنىدىغان، تالانت، ئەخلاق ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت تەرەپلەردە ئۆزىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئون بەش تۆھپىكار ئەدىب ۋە سەنئەتكارنىڭ ئىجادىيەت يولى ۋە ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى بىلەن كەسپىي ئەخلاق ۋە پسىخىك خاراكتېرىدىكى خاسلىقى ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن.

ئاپتور رېئال ھايات تەسىراتلىرىدىن تۇغۇلۇپ ئازابلىق مۇھەببەت تۇيغۇسىغا تويۇنغان، ساددا ئوبرازلىق بەدىئىي تىل بىلەن جانلاندۇرۇلغان ئىجادىي مەرسىيىلىرىدە ئابستراكت ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەر بىلەن ۋەزنىسىز ماختاش ۋە مەدھىيىلەر چەمبىرىكىدىن چىقىپ، ھەممە نەرسىنى ئۆزىنىڭ تەبىئىي ھېس ـ تۇيغۇسىدىن ئېلىپ، شېئىرىي پىكىرلىرىنى ئىجادىي لىرىكا ۋاسىتىسىدە ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. ئاپتورنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانىغا بولغان ئىجادىي مۇناسىۋىتى شۇنچىلىك چىن ۋە سەمىمىي، ھۆرمەت ۋە مۇھەببىتى شۇنچىلىك پاك ۋە قايناق بولۇپ، ئۇنى ئۆز مەرسىيىسىدە ئەڭ گۈزەل، ئەڭ يارقىن بەدىئىي سۈپەتلەر بىلەن ئۇلۇغلاپ، ئەقلىي ۋە ئەخلاق يۈكسەكلىكىنىڭ نۇرانە تېپى دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇرمەنگە قانداق بىر بۈيۈك ئىنساننىڭ ئوتلۇق مېھرىدىن جۇدا بولغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ ماتەملىك قەلبىنى دولقۇنلۇق ھەسرەت ئېقىمى بىلەن تولدۇرغان. بىز ئۇنىڭ «مەرھۇملار شەنىگە» ناملىق مەرسىيىسىدىكى تۆۋەندىكى مىسرالىرىنى ئوقۇپ كۆرەيلى:



مۇسىبەت پەيتىدە ماتەم تۇتۇپ باش ئەگدى خانتەڭرى،
چىدالماي ئاھ ئۇرۇپ ئاقتى ئىلى، تارىم، زەرەپشانلار.
تەئەججۈپ ئىلكىدە ھەيران، سورايدۇ باغ ئارا بۇلبۇل،
قېنى شائىر، قېنى سازچى، قېنى رەققاس، غەزەلخانلار؟

ئاپتور بۇ مىسرالىرىدا سىمۋوللاشتۇرۇلغان بەدىئىي تىل بىلەن خەلقىمىزنىڭ مىللىي ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ گۈللەنگەن يېڭى دەۋرىنى ياراتقان ئىجادكار پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن پەيدا بولغان ئاممىۋى ماتەملىك كەيپىياتنى بەكمۇ ئېغىر ھەسرەتلىك شېئىرىي مۇھىتتا ئېچىپ بەرگەن. ئەمدى بىز ئۇنىڭ ئەقلىي مۆجىزە ھېسابلىنىدىغان تالانتلىق كومپوزىتورىمىز قۇربان ئىبراھىمغا بېغىشلانغان مۇنۇ شېئىرىي قۇرلىرىنى ئوقۇپ كۆرەيلى:

كىم سېنى «توڭ» دەيدۇ، سەن دولقۇنلىغان ئىللىق ئېقىن،
سەن گويا گۈلدۈرماما، ئوتلۇق چېچەك، يانغان چېقىن.
كىم سېنى «توڭ» دەيدۇ، باغرىڭ خۇددى ياز، گۈلگۈن باھار،
كۆيلىرىڭ شاۋقۇنلىرىدىن بىر ئەزىم دەريا ئاقار.

قاراڭ، بۇ مىسرالاردىكى شېئىرىي ئوخشىتىش، شېئىرىي مۇبالىغە دېگەنلىرىمىز قانچىلىك لىرىك يارقىنلىقتا كۆتۈرۈلگەن ـ ھە! مېنىڭچە، بۇ قۇرلارغا ھەرقانداق شەرھى ۋە چۈشەندۈرۈشلەر پۈتۈنلەي ئارتۇقچە. راست، مۇبادا مەرھۇم كومپوزىتورىمىزنىڭ دولقۇنلۇق «ئىللىق ئېقىن»دەك ئوتلۇق قەلبى، گۈلدۈرماما ساداسىدەك شىددەتلىك ھايات نەرسى، «ئوتلۇق چېچەك»تەك نازۇك، «يانغان چېقىن»دەك نۇرلۇق ئىلھام ئېقىمى بولمىغىنىدا «ئەزىم دەريا» شاۋقۇنلىرىدەك قۇدرەتلىك ھاياتىي سادا بېرىدىغان «تاڭ سەيلىسى»، «تاشۋاي»، «مېنىڭ راۋابىم»غا ئوخشاش مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان بۈيۈك سەنئەت ئابىدىلىرىنى يارىتالارمىدى؟

تىلسىز ھەرىكەت سەنئىتىگە تىل بېرىپ ،
ئاتا قىلدىڭ ئۇڭا كۆركەم نەۋباھار .
سەنئەت ئۈچۈن شامدەك تۈگەل ياندىڭسەن ،
ئەل قەلبىدە قوزغاپ يۈكسەك ئىپتىخار .

ئاپتورنىڭ ئاتاقلىق ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى ھاجى راخمانغا بېغىشلانغان مەرسىيىسىدىن ئېلىنغان بۇ مىسرالاردا ئەكس ئەتكەن لىرىك ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ بەدىئىي قۇدرىتىگە قاراڭ : «تىلسىز ھەرىكەت سەنئىتىگە» تىل بېرىپ ، ئۇنىڭ نەۋباھارىنى ياراتقان بۇ مەشھۇر سەنئەتكارىمىزنىڭ مىللىي سەنئىتىمىز تەرەققىياتىغا قوشقان ئىجادىي تۆھپىسىنى بۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق ئوبرازلىق بەدىئىي تىل ۋە يېڭى ئىجادىي شېئىرىي پىكىرلەر بىلەن يورۇتۇپ بېرەلىشىمىز مۇمكىن ؟

ئەمدى بىز ئاپتورنىڭ تالانتلىق كومپوزىتور غىياسىدىن بارات بىلەن سېھرىي ئىقتىدار ئىگىسى بولغان ئاجايىپ مۇزىكانت داۋۇت ئاۋۇتلارنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلانغان ، تېماتىك مەزمۇن ئورتاقلىقىغا ئىگە بولغان تۆۋەندىكى مىسرالىرىغا نەزەر ئاغدۇرۇپ كۆرەيلى :

ماتەمدە ئانا يەر ، سۈكۈتتە ئاسمان ،
يىغلىدى ھەسرەتتە ساڭا بارچە جان .
يىغلىدۇق جىمىكى سەنئەتكار ساڭا ،
يېشىمىز يىپىدىن ئۈزۈلگەن مارجان .

تاغلار سورار ، دەريالار سورار ،
قايان كەتتىڭ ئەي مېھىر قۇياش ؟
ساتار يىغلار ، سەنئەتكار يىغلار ،
ياقا يىرتىپ يىغلار قىرى - ياش .



نىمىدىگەن ئېغىر ئەلەملىك روھىي كەيپىيات . ئەل سۆيگەن بۇ ئىككى ۋاپادار سەنئەتكارنىڭ قۇياشتەك ھارارەتلىك باغرى سوۋۇپ ، سېھرىي ماھارەتتىن پۈتۈلگەن خىسلەتلىك بارماقلىرى ھەرىكەتتىن توختىغان . تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ ئاچچىق جۇدالىقتىن ھەممە كىشىنىڭ باغرى قان . ئۇلار چەكسىز ھەسرەت قايىنىمىدا بوغۇلۇپ ساداسىز ياش تۆكمەكتە . مۇقەددەس تاغ ، دەريالار ئازابتىن تولغىنىپ ، بىپايان ئاسمان ئانا يەرگە ئېغىر ئۆكسۈشتىن سىلكىنىپ باقماقتا . ھەسرەتلىك تەبىئەت ھىجرانلىق مۇھەببەتتىن كۆيۈۋاتقان ئىنسانلار قەلبىدەك مۇسىبەت يالقۇنىنىڭ شىددەتلىك تەپتىدە ئۆرتەنمەكتە . مانا بۇ مۇھەببەتلىك قەلبتىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان ئەلەملىك مەرسىيە ساداسى . مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان بىر مۇقەددەس مۇڭلۇق كۈي !

«ھىجران مۇڭلىرى» كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن بەدىئىي ئەسلىمىلەر يۇقىرىدا مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتۈلگەن مەرسىيىلەر بىلەن مەزمۇنداش بولۇپ ، ئاپتور بۇ ئەسەرلىرىدىمۇ ئوخشاشلا ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ بىر قىسىم مەشھۇر ۋەكىللىرىنىڭ ئىجادىي تۆھپىسى بىلەن ئالىيجاناب پەزىلەتلىرىنى رېئال تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئاساسىدا چوڭقۇر ئېچىپ بېرىپ ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئوبرازلىرىنى ياراتقان . ئاپتور بۇ ئەسلىمىلىرىدە ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ مەنىۋى قىياپىتى بىلەن پسىخىك خاراكتېرىنى ئوبرازلىق يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان ، ئۇلارنىڭ كەسپىي ئىجادچانلىقى بىلەن ئەخلاقىي پاكلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تىپىك تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنى نۇقتىلىق تەسۋىرلەپ ، ئۇلارنىڭ مىللىي ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز تەرەققىياتىغا قوشقان ئەمەلىي تۆھپىسىنى مەركەزلىك گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن . ئۇلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىمىزدا تۇتقان ئورنىنى مۇناسىپ ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن ھايات يولى بىلەن ئۆمۈرلۈك ئەقلىي ئىزدىنىش نەتىجىلىرىنى دەل ۋە توغرا باھالىغان .

مىنىڭچە ، ئەسلىمە ئاپتورى ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىجادىي مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئەنئەنىۋى ئەسلىمە يېزىقچىلىقىنىڭ قېلىپلاشقان بەزى شەكىللىرىدىن قول ئۈزۈپ ، ئۆزىگە خاس ئىجادىي يول تۇتقان . ئۇ ئەسلىمىلىرىدە تېماتىك مەزمۇن ئۆزگىچىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ ، ئەسىرىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىغا ھىجران ۋە سېغىنىش ئازابىنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان بەدىئىي بۆلەكلەرنى مۇناسىپ ھالدا كىرىشتۈرۈپ ، ئەسلىمىلىرىنىڭ مۇسىبەتلىك تۈسىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان . ئاپتور ئەسلىمىلىرىدىكى پېرسوناژلار تەسۋىرىدە ئوقۇرمەندە مۇئەييەن تۇيغۇ ۋە تەسىرات ئويغىتالمايدىغان چوڭ ۋە ئالاھىدە ۋەقە ، ھادىسىلەر كەينىدىن ئەگەشمەي ، ئادىي ، لېكىن ماھىيەتلىك ھايات بىرلىكلىرىگە نەزەر ئاغدۇرۇپ ، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەڭ نازۇك سىرلىق كۆرۈنۈشلىرى بىلەن كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ مۇرەككەپ زىددىيەتلىك ھالەتلىرى ئىچىدە ئېچىپ بېرىشكە ھەرىكەت قىلغان .

شائىر تېيىپجان ئېلىيوف ئەدەبىياتىمىز تەرەققىياتىغا غايەت زور ئىجادىي تۆھپە قوشقان ، ھەرقانداق ئېغىر ۋە مۇرەككەپ ھالەتلەردىمۇ ئوخشاشلا غەيرەت ۋە شىجائەت بىلەن ئىجاد قىلىپ ، شېئىرىيىتىمىز تەرەققىياتىنى دەۋردىن – دەۋرگە ئۇلاپ كەلگەن بۈيۈك تۆھپىكار . ئۇنىڭ ئۆز دەۋرى رېئاللىقىدىن تۇغۇلغان باي ۋە رەڭدار شېئىرىيىتى خەلقىمىزنىڭ ئاشۇ ئالاھىدە بىر تارىخىي دەۋردىكى مۇرەككەپ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ مۆكەممەل بەدىئىي خاتىرىسى .

ئاپتور تېيىپجان ئېلىيوف ھەققىدىكى بەدىئىي خاتىرىسىدە شائىر ھاياتىنىڭ ھەممىگە مەلۇم بولغان ئومۇمىي ھالەتلىرىنى ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىجادىيىتىنىڭ ئايرىم ، ئالاھىدە تەرەپلىرىنى قەلەمگە ئالغان . ئۆزىنىڭ شائىر بىلەن بولغان ئۇزاق يىللىق مۇناسىۋىتىدە تەبىئىي شەكىللەنگەن رېئال ھېكايىلەر



تىزمىسىدىكى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان قىزىقارلىق تېپىك ۋەقەلەرنى قويۇق بەدىئىي رەڭدە بايان قىلىپ ، ئۇنىڭ ئۆزگىچە پىكىر چوڭقۇرلۇقى بىلەن تەپەككۇر كەڭلىكىگە ئىگە بولغان ئالاھىدە تەقلىدتىكى بىر تالانتلىق شائىر ، ھاياتىنىڭ مۇشەققەت ۋە كۆڭۈلسىزلىكلىرىدىن ھەسرەتلىك مۇڭلىنىپ ، ئۇنىڭ قىزىقى ۋە خۇشاللىقلىرىدىن شادلىنىپ كۈلەلەيدىغان ئاددىي بىر ئىنسان ئىكەنلىكىدەك تۈپ خاراكتېرىنى روشەن يورۇتۇپ بەرگەن . ئەسلىمىنى ئوقۇپ چىققان ھەرقانداق بىر ئوقۇرمەن شائىرنى ئۆزىنىڭ تەلەپچان ئۇستازى ۋە كۆيۈمچان دوستى سۈپىتىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ . شۇڭا ، ئاپتورنىڭ بۇ ئەسىرىنى تېماتىك مەزمۇنىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى ، ھايات دەلىللىرىنىڭ باي ۋە رەڭدارلىقى ، بەدىئىي تۈسىنىڭ قويۇق ۋە يارقىنلىقى بىلەن تېيىپجان ھەققىدە ھازىرغىچە يېزىلغان ئەسلىمىلەرنىڭ ئەڭ سەرخىلى دېيىشكە بولىدۇ . مانا ، ئاپتورنىڭ شائىر مۇسىبىتىگە بېغىشلانغان ھاياجانلىق قۇرلىرى :

«شۇ تاپتا ئەل گويا دېڭىزدەك ئۆركەشلەپ ، ئۇرۇمچىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى قەبرىگاھقا قاراپ ئاقماقتا ئىدى . مېنىڭ كۆز ئالدىمدا گويا ھاردۇق يەتكەن خەلق شائىرى ، ئەلنىڭ ئوتلۇق غەزەلخانى ، رېئال تۇرمۇشنىڭ ، ئاۋام قەلبىنىڭ باتۇر كۈيچىسى تېيىپجان ئاكا يىغلاش ئورنىغا كۈلۈپ ، يەنىلا شۇنداق تەمكىن ، شۇنداق بەردەم ھالدا ئەلنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى . بىراق ، مېڭىپ ئەمەس ، بەلكى ئارامبەخش بۆشۈكىدە ، گۈلگە پۈركەنگەن جىنازىسىدا ، ياق ، ياق ، دېھقان ھارۋىسىدا راھەتلىنىپ ياتقان پېتى كېتىۋاتاتتى . ئۇ گويا يەنىلا ئۆزى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان خەلق كۈيىنى — مۇڭلۇق ھارۋىكەش ناخشىسىنى بىزگە تونۇشلۇق يېقىملىق ، بوم ئاۋازى بىلەن لەرزان ياڭراتماقتا ئىدى .» ئاپتور شائىرنىڭ ھەممە مەنىۋى ئىجادىي سۈپەتلىرى بەكمۇ ئىنچام ئومۇملاشتۇرۇلغان بۇ بەدىئىي پارچىسىدا خەلقنىڭ ئۆز ۋاپادار

ئوغلىغا بولغان ئىززەت - ھۆرمىتى بىلەن شائىر ھاياتىنىڭ مەزمۇن ماھىيىتىنى ئۆزگىچە بىر بەدىئىي تۇستە گەۋدىلەندۇرۇپ بەرگەن . خەلقنىڭ رېئال تۇرمۇش قاينىمىدىن تۇغۇلۇپ ، ئۇنىڭ مۇرەككەپ ھايات دولقۇنلىرىدا تاۋلانغان بۇ شۆھرەتلىك شائىرنى ئۆزى بىر ئۆمۈر مۇھەببەت بىلەن تەلپۈنۈپ باش قويۇپ ئۆتكەن ئانا خەلقىنىڭ مۇقەددەس ھارارەتلىك باغرىغا قايتۇرغان .

ئاپتور كىتابىدا دراماتورگ ، رېژىسسور ، مەشھۇر كومېدىيىلىك ئارتىس ئەمەت ئۆمەرنىڭ خاتىرىسىگە ئىككى پارچە ئەسلىمىسىنى بېغىشلاپ ، ئۆزىنىڭ مەرھۇمغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە سېغىنىشىنى ئەكس ئەتتۇرگەن . پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇيغۇر يېڭى زامان تىياتىرىنى يارىتىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشقا بېغىشلىغان بۇ تۆھپىكار سەنئەتكارنىڭ مۇرەككەپ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى چەكسىز مۇھەببەت ۋە قايىللىق بىلەن بايان قىلىپ ، ئۇنىڭ تىياتىر سەنئىتىدىكى كەم تېپىلىدىغان ئاجايىپ تالانتى بىلەن تەقدىرنىڭ ھەرقانداق بېسىم ۋە خورلۇقلىرىغا پەرۋا قىلماي ، كۈنلىرىنى كۈلكە ۋە چاقچاق بىلەن خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن ئۆزگىچە مىجەز - خاراكتېرىنى بەكمۇ جانلىق ۋە قىزىقارلىق تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ئاساسىدا ئېچىپ بەرگەن .

«خەلق ئۇنى ھېلىمۇ ئارىمىزدا باردەك ، ھېلىمۇ تېرەن پىكىرلىك ، يۇمۇرلۇق چاقچاقلىرى بىلەن دوست - يارەنلىرىنى كۈلدۈرۈۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا··· ئۇنىڭ يېرىم ئەسىرلىك سەنئەت پائالىيىتى ۋە مەنىلىك ئىش ئىزلىرى ئەل ئاغزىدا داستان بولماقتا . ئۇنىڭ ھازىرقى زامان تىياتىرچىلىقى ۋە كومېدىيە سەنئىتىگە قوشقان ئۆچمەس تۆھپىسى ، خۇشچاقچاق ، ھازىر جاۋاب ، مەنگە باي يۇمۇرلىرى ، خەلققە تۇتقان سەمىمىي ، قىزغىن مۇئامىلىسى ۋە تەقدىر جۇدۇنلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ، دەرد - ئەلەمنى مەنسىتمەيدىغان قەيسىرانە روھى··· بۇگۈنكى كۈن-



دىمۇ ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىنماقتا .» مېنىڭچە ، ئەمەت ئۆمەرنى سەمىمىي ھۆرمەت بىلەن بىر ئۆمۈر قەدىرلەپ ئۆتكەن پاك ۋە ھالال ئادەملا ئۇنىڭ سەنئەت ھاياتى بىلەن كىشىلىك تۇرمۇش ئادىتىگە مۇشۇنداق توغرا ۋە مۇكەممەل ئىلمىي باھا بېرەلەيدۇ .

ئورنى كەلگەندە ئاپتورنىڭ ئاتاقلىق مۇزىكانت ۋە كومپوزىتور ئابدۇللا ھامۇتقا بېغىشلانغان ، بەكمۇ سەمىمىي تۇيغۇدا يېزىلغان «ئۇنتۇلماس كۈنلەر ، ئۇيقۇسىز تۈنلەر» ناملىق بەدىئىي خاتىرىسى ھەققىدىمۇ قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەي بولمايدۇ . چۈنكى ، بۇ ئەسلىمە مىللىي سەنئىتىمىزنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى يېڭى گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى ئومۇمىي نۇقتىدىن بايان قىلىپ بەرگەنلىكى ، ئابدۇللا ھامۇتنىڭ كەسپىي تالانتى بىلەن سەنئەتكارلىق ئەخلاقىنى ئەنە شۇنداق ئاممىۋى سەنئەت پائالىيىتىنىڭ مەركىزىگە قويۇپ ، نىسبەتەن كەڭ بەدىئىي سەھنىدە تەسۋىرلەپ بەرگەنلىكى بىلەن باشقا ئەسلىمىلىرىدىن ئالاھىدە پەرق قىلىدۇ . ھەقىقەتەنمۇ بۇ ئەسلىمىدە ئابدۇللا ھامۇتنىڭ سەنئەت پائالىيىتى بىلەن خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە تەۋە بولغان ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ . ئۇنىڭدا بۇ مەرھۇم تۆھپىكارىمىزنىڭ كەسپىي ماھارىتى ، ئىجادىي ئىزدىنىش نۇقتىسى ، كىشىلىك ئەخلاقى ۋە مۇناسىۋەت مىزانىغا ئائىت تەسىرلىك ۋەقە ، ھادىسىلەر ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسۇلدا بايان قىلىنىپ ، ئۇنىڭ تۇزلۇك ۋە ئاق كۆڭۈللۈكىگە يوشۇرۇنغان ئالىيجانابلىقى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلىدۇ . ئاپتور ئۆز پېرسوناژىنىڭ سەنئەت ھاياتىنى ئوبرازلىق گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدىغان ھەربىر بەدىئىي دېتال ۋە تەپسىلاتنى شۇنچىلىك مۇھەببەت ۋە قىزغىنلىق بىلەن تەسۋىرلەيدۇكى ، ئەسەرنىڭ ئەلەم ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن جانلاندۇرۇلغان ھەربىر سەھىپىسىدىن ئابدۇللا ھامۇتنىڭ غايىۋى سىيماسى بىلەن مەنىۋى قىياپىتى پارلاپ ، كىشىنى نالە - پىغانى بىلەن مۇڭلاندۇرۇپ ، شوخلۇق ۋە خۇشاللىقى بىلەن

شادلاندۇرالايدىغان ھاياتبەخش ساداسى ئاڭلىنىدۇ:

«ئۇ ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى، مەيلى ئۆز يۇرتى كوچانىڭ بولسۇن، قەشقەرنىڭ ياكى ئاتۇشنىڭ بولسۇن، ئۆز پۇرىقى ۋە ئالاھىدىلىكى بىلەن بىر - بىرىگە ئۇلاپ، گۈلىنى گۈلىگە كەلتۈرۈپ ئورۇندىغىنىدا، ‹ئون ئىككى مۇقام›دىن ئارىيەلەرنى، ھەتتا ئۆزبېك خەلق ناخشىلىرىنىمۇ ئەينەن پۇراق ۋە تەلەپپۇز بىلەن يۈرەككە تەگكۈزۈپ ئېيتقىنىدا... ھەمدە شۇنچە كۆپ ئۆزگىرىشلىك، رەڭگارەڭ، مۇرەككەپ مېلودىيەلەرنىڭ ئەڭ نازۇك ئەگىتمىلىرىنىمۇ تولۇق، ھېسسىياتلىق ئىپادىلەپ بۇلبۇلدەك خەندان ئورغىنىدا، ھاياجىنىنى باسالماي قالغان سورۇن ئەھلى ئىختىيارسىز ھالدا ‹ياپىرىم! ئاتاڭغا رەھمەت!› دەپ توۋلاپ كېتەتتى.» راستىنى ئېيتسام، مەن ئەسلىمىنىڭ رېئال تۇرمۇش تەسىراتلىرىدىن تۇغۇلغان بۇ چىن ۋە ساددا قۇرلىرىنى ئوقۇۋېتىپ بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىمىزدە ئۆزىنىڭ كەسپداش دوستىغا مۇشۇنداق پاك مۇھەببەت بىلەن ياندىشىپ، ئۇنىڭ تالانت ۋە مۇۋەپپەقىيىتىدىن ھەر قاچان خۇشاللىق ۋە روھىي ئازادىلىك تاپالايدىغان ئالىيجاناب كىشىلىرىمىزنىڭ ھېلىمۇ بارلىقىدىن چەكسىز سۆيۈنۈش ھېس قىلدىم.

ئاپتورنىڭ يۇقىرىدا مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتۈلگەن مەرسىيە ۋە ئەسلىمىلىرى بىلەن جامائەتچىلىك ئىچىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىيالىغانلىقى ئۇنىڭ زامانداش ئوقۇرمەنلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا ھېچقانداق سىر ئەمەس. ھېيتەم ھۇسەيىن ئۇزاق مۇددەت سەنئەت ۋە سەنئەت مائارىپى ساھەسىدە ئىشلەپ، ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ دائىملىق مەدەنىي ئوقۇرمەنى بولۇپ، مىللىي ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، ئۇنىڭدىكى مۇئەييەن ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولغان يېڭى ئىجادىي مەزمۇنلارنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتكەن. شۇڭا، ئۇ بۇ ئەسەرلىرىنىڭ تېماتىك نۇقتىسىنى دەل ۋە توغرا تاللاپ،



ئۇلارنىڭ بەدىئىي مەزمۇنىنى ئوقۇرمەنلەرگە يېڭىلىق ۋە ئىجادىيلىق تۇيغۇسى بېرىدىغان، تېخى قەلەمگە ئېلىنمىغان تىپىك ۋە قىزىقارلىق تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدە جانلىق ئېچىپ بېرىشكە ھەرىكەت قىلغان.

ھېيتەم ھۇسەيىن ئەدەبىيات سېپىگە 1964 - يىلى شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن كىرىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرغىچە تۆت يۈز شېئىرى، بىر داستانى، ئوندىن ئوشۇق ئەدەبىي ئەسلىمىسى نەشر قىلىنغان. ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئىككى رومان، تۆت پوۋېست، سەككىز دراما، يەتمىشتىن ئوشۇق ھېكايە ۋە شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن. ئۇزاق مۇددەت ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەرجىمە پائالىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىش ئۇنىڭ بەدىئىي پىكىر ۋە بەدىئىي تەپەككۇرىنى تاۋلاپ، ئوبرازلىق بەدىئىي تىل سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنى مۇئەييەن ئەدەبىي يېزىقچىلىق ماھارىتىگە ئېرىشتۈرگەن.

ئاپتورنىڭ بۇ ئەسەرلىرىدىكى بەدىئىي پېرسوناژلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزى بىلەن بىللە ياشاپ ئۆتكەن رېئال تارىخىي شەخسلەر بولۇپ، ئاپتور ئۇلارنى سەمىمىي مۇھەببەت بىلەن سۆيگەن، ئۇلارنى ھامان ئۆزىدىن يۇكسەك ۋە ئالىيجاناب بىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ يارقىن مەنىۋى سۈپەتلەرنى ئىزدىگەن. ئۇلارنىڭ كەسپىي ھاياتىدىكى ھەرقانداق ئامەت ۋە مۇۋەپپەقىيىتىدىن مىللىي ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ پارلاق كەلگۈسىنى كۆرۈپ يېتەلىگەن. ئۇلارنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي غايىۋى مەقسىتىنىڭ جانلىق تىپى ھېسابلاپ، ئۆزىنىڭ ھەممە ئەقىل ۋە ماھارىتىنى ئۇلارنىڭ ھاياتىي تەسۋىرىگە بېغىشلاپ، ئۇلارنى ئۆز ئارزۇسىدىكى ئاددىي، لېكىن بۈيۈك بىر ئىنساننىڭ مەنىۋى ئابىدىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. يۇقىرىقى بىر قاتار بەدىئىي، ئەقلىي ئامىللار ئۇنى ئىجادىيەتتە كەڭلىك ۋە ئازادىلىككە

ئېرىشتۈرۈپ، ئۇنى پىكىر ئازادلىقى بىلەن تەپەككۇر ئەركىنلىكىنىڭ بىپايان ئالەمىگە باشلاپ كىرگەن.

بىزنىڭ مىللىي سەنئەت سېپىمىز مىللىي ئەقىل ۋە ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ بىپايان زېمىنى، يارىتىش ۋە كەشىپ قىلىشنىڭ يېڭى سەلتەنەتلىك مۇنبىرى بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدا تالانتلىق ئاكتىيور، ناخشىچى، رېژىسسور، مۇزىكانت ۋە كومپوزىتورلار بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان، ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئىجادىي ئىزدىنىشى ۋە ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بەدىئىي ئىلمىي ھالدا يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان تالانتلىق قەلەم ئىگىلىرىمۇ بولۇشى لازىم. مەن بۇرادىرىم ھېيتەم ھۈسەيىن ۋە ئۇنىڭ «ھىجران مۇڭلىرى» كىتابىنىڭ بۇ ياخشى ئارزۇنىڭ ئىشقا ئېشىشىدىكى بىر ئەمەلىي باشلىنىش بولۇپ قېلىشىنى تىلەيمەن.

2008 - يىلى 12 - ئاي



# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە مۇھاكىمە

(ئەدەبىي ئوبزورلار)

**ئاپتورى:** مۇھەممەت پولات
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** بارىجان زەپەر
**مەسئۇل كوررېكتورى:** ۋەلى زەيدۇن
**مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى:** ئەكبەر سالىھ
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991—2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 13
**نەشرى:** 2009 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى
**باسمىسى:** 2009 - يىلى 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
**تىراژى:** 1—3000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978—7—228—12917—1
**باھاسى:** 33.00 يۈەن